(تاللانغان ھېكايىلەر)

# قۇتلۇق كېچە

مىللەتلەر نەشرىياتى

# قۇتلۇقپىي

(تاللانغان ھېكايىلەر)

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

روزىمەھەممەت جۇمە نەشرگە تەييارلىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

民族出版社
藏书之章

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

مەزكۇر توپلامغا يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ تولىسى ئىجادىيەتتە ياخشى مېۋە بېرىشكە باشلىغان بىر قىسىم ئۇمىدلىك ياش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى "تارىم مۇكاپاتى"غا، بەزىلىرى "ئالتۇن چاغ" مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، يەنە بەزىلىرى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىپ خەنزۇچە ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ توپلامنى تۈزۈشتە سۈپەتلىك ۋە ساغلام ئەسەرلەرنى تاللاشقا تىرىشتۇق. بۇ جەھەتتە يېقىندىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىندى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلۈشتە ئەسەرلەر باشقىدىن تەھرىرلىنىپ ئىخچاملاندى، بەدىئىيلىكى كۈچەيتىلدى.

توپلام تۈزۈشتىكى تەجرىبىمىزنىڭ كەم، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن سادىر قىلىپ قويغان نۇقسانلار ئۈستىدە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمىز.

1991 - يىل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تۇل خوتۇن ........................ ئۆمەرجان ساۋۇت ( 1 )
بۇ چۈش ئەمەس........................مەمتىمىن ھوشۇر ( 12 )
مۈڭگۈز ........................ توختى ئايۇپ ( 47 )
قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى......زوردۇن سابىر ( 93 )
سادا ........................ زۇلپىقار (121)
ئىمامنىڭ خوتۇنى ........................ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى (143)
يېڭى قوشنا ........................ نۇرمەھەممەت توختى (166)
ھاڭگىرت كۆلى ........................ خالىدە ئىسرايىل (210)
قۇتلۇق كېچە ........................تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر (250)
ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ........................ ئەنۋەر غوپۇر (286)
گۈزەل قىرغاق ........................ ماخمۇت مەھەممەت (315)
سىزنى سۆيەتتىم ........................ياسىن نىياز (335)
ھالاكەت ........................ پەرھات تۇرسۇن (369)

ئۆمەرجان ساۋۇت

# تۇل خوتۇن

روزىخان ئانا تۈگمەنچىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇ تۈگمەننىڭ تاقىلدىغۇچى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مىرزاخۇنغا قاراپ ئاغزىنى نەچچە رەت ئۆمەللىدىيۇ، يەنىلا گەپ قىلالمىدى. قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئۇن قاچىلانغان خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرىنى ئېتىشكە باشلىدى. لېكىن چىگىگەن ئىزمىلارنى يېشىۋېتىپ يەنە باشقىدىن چىگەتتى. ئۇ چاي قاينىغۇدەك ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا ئەنە شۇ تىنىمسىز ھەرىكەتلەرنى تەكرارلىدى.

”دېسەممىكىن. مەيلى، دەي ئەمدى“ دەپ بىر قارارغا كەلدى ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈز-كۆزلىرىدىكى قورۇقلارغا سىڭىشىپ كەتكەن ئۇن توزۇندىلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، ئاندىن قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا كۆزلىرىنى تۈگمەنچىگە ئۈمىد بىلەن تىكتى:

— ئۇكام مىرزاخۇن، — دەپ گەپ باشلىدى موماي ئىشەنچىسىز ھالدا، — سىلىنى نېمە دەر-نېمە ئەمەس دەپ ئېغىز ئاچالمىدىم... ھېلىقى سار يېگۈر مېكىيانلارمۇ تۇغماس بولۇپ كەتتى... — بۇ چاغدا مىرزاخۇن قىلىۋاتقان ئىشىنى تۈگەتكەنىدى، — بۈگۈن ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپلا كەپتىمەن. ئەمدى... ئەمدى، يەنە شۇ يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ كۆشىيىپ تۇرىدىغان بولدۇم، ئۇكام بۇ نۆۋەتمۇ

خاپا بولماي، خەتلەپ قويسىلا بوپتىكەن. بۈگۈن ــ ئەتە قولۇمغا پۇل كىرسە...ھە، مەنمۇ مۇنــداق قىلىنــلىق قىلىــپ تۇرماســمەن. مىرزىم قېتىم، ئۇكام، ئاۋۋالقىسى بىلەن قوشۇپ خەتلەپ قويسىلا، ئۇنىداق قىلماي... خۇدايىم ساۋابىنى بېرەر.

مىرزاخۇن بېشىدىكى كونا ئاق تۇمىقىنى ئېلىــپ قاقتى ۋە بىرھازا بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۈگــمەنــنىڭ ئىچىدىكى قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردىن مەكتەپ باللىرى ئىشلىتىدىغان بىر تىترەت دەپتەر ئېلىــپ چىــقتى ۋە زوكزىــيىــپ ئولتۇرۇپ دەپتەرنى تىزىغا قويدى. بارمىقىــنى ھۆلــدەپ دەپــتەرنى ۋاراقلاشقا باشلىــدى. ”ئارا مەھەلــلە“ دېــگەن ۋاراقــنى ئېچــىــپ، ”روزىــخان يۇسۇپ“ دېگەن ئىسمىنىڭ ئۇستىگە قاغىنىڭ تۇمشۇقىچىلىــك ئۇزۇن-لۇقتىكى قېرىنداش قەلىمىنى تىرىــدى. ئانــدىن قەلەمــنىڭ ئۇچىــنى سولغا سىلجىتىپ ”تۆت مو ئالتە پۇڭ“ دېگەن خەتــلەرنىڭ ئارقىسىغا ”ئىككى مو يەتتە پۇڭ“ دەپ يازدى. ئاشۇ مەشغۇلاتلاردىــن كېــيىن ئۇ بېشىنى يەنە بىر نۆۋەت قاشلىۋېتىپ چىرايىدىن يا رازىــلىق، يا خاپىلىق ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولمايــدىــغان بىر ھالەتــتە روزىخان ئانىغا كۆكلىدىكىنى چىقاردى:

ــ ئەمسە، يېزىپ قويۇشنىغۇ قويدۇم. ئەمــمازە، ۋاقــتى ئۆتۈپ كېتىپ قالمىسۇن! بىر ئامال قىلىپ پاتــراق بېرىــۋېــتەلا... مەنمۇ ئۇنچىۋالا گىرىلاردىن ئەمەس، ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ ھەممىمىزگە پۇل لازىم بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يىل كەسپىي تۈگــمەنچى دەپ ئايرىپ قويۇپ يەرنىمۇ ئازراق بېرىپ قويدى بۇ خەق، بالا ــ چاقىلار بىلەن قىينىلىپ قالىدىــغانــدەك تۇرىــمەن. بۇنــداق دېــسەم كۆڭۈللىرىگە كېلىــپ قالــمىســۇن يەنە. بەزى خــېلى قول ئىــلكىدە

بارلارمۇ مېنى بوزەك قىلىپ، تۇگـمەن غەلـلـىسىنى تا شۇ كەمگىچە بەرمەي يۈرىدۇ.

روزىخان ئانا مىرزاخۇننى بۇنچىلىك ئادەمگەرچـىلىك قىلار دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئۇنىـڭغا تەكـرار ـ تەكرار مىننـەتـدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، مىرزاخۇننىڭ ھېلىقى گەپلىرىـنى قۇۋۋەتـلەپ كەتتى:

ـــ شۇنداق، ئۇكام، شۇنـداق، ـــ دەيـتـتى موماي ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ، ـــ ۋاي شۇنداق بولمامدىغان!... مەن بىرىنۋېتىمەن ئۇكام، سىلىمۇ ئۇنىڭغىچە مەھەللە تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالاملا تېخـى! مەنمۇ مۇنداقلا ئۆتىمەسمەن! مەن بىرىنۋېتىمەن...

ـــ راست، ناھىيىدىن ئادەم چىقىپتىمىش دېـگەن گەپـنى ئاڭلاپ قالدىم، ـــ مىرزاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ دەپـتەرنى ئىشىكـنىڭ ئارقى ـ سىدىكى قوزۇققا ئىلدى، ـــ بۇ تۇنۇگۇن چۈشتە بولغان گەپ. ماۋۇ... ھېلىقى ئاقتامدىكى كەنجىخاچامـنىڭ ئوغـلى قۇۋەك ئازراق قوناقـنى كۆتۈرۈپ كەپتىكەن، ئولتۇرۇپ شۇ گەپنى قىلدى.

ـــ تاڭەي، ـــ دېدى ئانا بۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ بىـخەۋەرلـىكـىنى بىلدۈرۈپ، ـــ كەلسىمۇ كەلگەندۇ. ئۆلۈشكۈن خەلىچىخاننىڭ ئۆيىگە كىرىسىن سوراپ بارسام، يوچۇن ـ يوچۇن ئۇچەيـلەن سابىراخۇننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، كىبىراخۇننىڭ ئۆيىگە مېڭىپتىكەن. قۇۋەك شۇلارنى دېدىمىكىن؟

تۇگمەننىڭ ئاراش ئىشىـكـىدىن يېڭـى كۆتۈرۈلـگەن قۇياشنىڭ شولىسى چۈشتى. شولا سىزىقىدا ئۇن توزۇنـدىـلىرىـنىڭ ئۇششـاق زەررىچىلىرى چىمىرلايتـتى. تۇگـمەنـنىڭ ئىـچـى سوغۇق ئىـدى. ئانىنىڭ دولىسـىـنى سوغۇق قورۇشـقا باشـلىـدى. ئۇ، يان مورىـلىق

www.uyghurkitap.com

ئوچاقنىڭ ئالدىغا سىلجىدى ۋە ئوچاقنىڭ سىرتىدا تۇتۇن چىقىرىپ تۇرغان قوي قىغىنى كۆل ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن لاخشىگىر بىلەن ئوتنى چۇخچىلىدى. ئوت بىرئاز يېلىنجىدى. مىرزاخۇن چۈگۈننى چوغ ئۈستىگە باسۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كەشتىلەنگەن خالتىسىدىن موخۇركا ئېلىپ ئورىدى. روزىخان ئانا سۈس يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— چىققان بىلەنغۇ بىزدەكلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ”ھالىڭ نېچۈك“ دەپ سوراپ قويمايدىكەن. ”بېيىغانلارنى يۆلەيمىز“ دەپ شۇلارنىڭ ئۆيىگە پاتەھە ئوقۇپ قويۇپلا كېتىدىكەنغۇ ئۇلار.

— ئۇلارنىڭ بىرسىنى ياش بالىكەن دەيدۇ، يەنە بىرسى ئوتتۇرا ياشلىق ئايالمىش. ئۇلارنىڭ تونۇگۇن ئاشىۋاقتى بىلەن ئايدۇمبەل تەرەپتىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەنلەر باركەن.

تۈگمەننىڭ ئىچى سەل يېلىنغاندەك بولدى. ئوچاقتىن ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئۆي ئىچىنى قاڭسىق قوي قىغىنىڭ ھىدى قاپلىدى. ئوچاقتىكى كونا مىس چۈگۈندىن شىڭىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

مىرزاخۇن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاغزىدىن بۇلۇتتەك قويۇق ئىس چىقاردى.

— ئۇلار كېلىپلا بەزى كىشىلەرگە ئاشلىق، بەزىلەرگە لاتا-پىتە خەتلىدى، بىزگىمۇ ئالتە مىتىر چىپەرقۇت، 120 جىڭ قوناق خەتلىدى دەيدىغۇ؟ قۇۋەكنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ...

— شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ.

— سىلىگىمۇ خەتلەپ قويارمۇ؟

— قانداق قىلاركىن. ھال-كۈنۈمىزغۇ قەدىر-ئەھۋال ئۆتتۇۋا-

تىدۇ. كەنجىخانىغا خەتلىگەن يەردە مېنى ئايرىپ قويماس. ئۇزاقى يىلى قىشتا ئۈچ مېتىر كاجى بەرگەندە بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغانىدى، ئەمما ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىكەن. بۇ قېتىم بىرسىمىز دېسىمۇ ئالماسمەن، ئۇكام. شۇ يىلى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كونا قوتاننىڭ ئورنىغا چامغۇر تېرىغانىدىم. چامغۇر تازا ئۈنگىلى تۇرغاندا ھېلىقى ئابلىزاخۇن دېگەن كاززاپ "سىز تۇل خوتۇن بولغاندىن كېيىن جېنىڭىزغا چۇشلۇق تېرىڭ. نېمانچە ئاچكۆزلۈك قىلىسىز، ئۇ يەرگە مەن قىچا چېچىپ قوياي، خىجالىتىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتسىڭىز، ئىشىڭىز ھەل ئەمەسمۇ؟" دەپ ھېلىقى يەرنىمۇ تارتىۋالدى. بىر كۈنى "سوپۇن ئالاي دېۋىدىم، بەش موچەن ئۆتنە قىلىپ تۇرۇڭ" دېسەم، "بېرىپ ھۆكۈمەتكە دەڭ، قۇتقۇزۇش بەرسۇن" دېمەسمۇ ھېلىقى زەڭگى! غىققىدە بولۇپ ئارقامغا ياندىم... بولمىسا، ھېلىقى يەردىن ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ تاغار چامغۇر ئالاتتىم دېسىلە. ساتسام پۇل دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!؟

— ئۇغۇ ئەزەلدىن رەھىمسىز بىرنېمە بولىدىغان.

— سابىراخۇننىڭ تۆگىلىرىنى زىغىرىمغا قويۇۋەتكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ ناھىيىدىن چىققانلارغا پىكىرىمنى قويارمەن. شۇ توغرۇلۇق ھوشۇرەمگە پىكىر قىلسام، گېپىمنى تىڭشىماق ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى: "سىز، تولىمۇ دادخور بولۇپ كېتىپسىز. بېيىغانلارنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن ئۇنداق ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە سۆز-چۆچەك تارقىتىپ يۈرمەڭ. سىزگە ھۆكۈمەت قاراۋاتىدۇغۇ؟" دەپ بىرمۇنچە كايىدى، كۆرسىلە. بولمىسا زىغىرىم تازا ئوخشىغان. زىغىر پىشاي دەپ قالغاندا سابىراخۇننىڭ تۆت تۆگىسى كېلىپ بىر كېچە يەپتۇ. ماڭا تۆت چارەكچە بىرنېمە قالدى. بولمىسا 150 كويلۇق بىرنېمە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ساتاتتىم دېسلە.

موماي توختىماي سۆزلەيتتى.

مىرزاخۇن يەنە تاماكا يۆگىدى.

— ھېلىقى تەخەيگىزە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دەيتتى روزىخان ئانا، — بۇ ۋاقىتچە راسا چوڭ ئىشەك بولاتتى دېسسلە، ئۇكام. خەۋەرلىرىدە باردۇر، بۇلتۇر 1 - ئايدا ئىمىن دېگەن خولىگادەن "بۇغدىيىمنى يېزەپ قىلىۋەتتى" دەپ ئىككى قۇلىقىنى تۆۋىدىن كېسىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن 50 كويغا ماڭا بېرىدىك دېۋىدى، مەن ئۇنىمىغان، شۇنىڭغا غومى بار چېغى! بۇ توغرۇلۇق ھېممەت شۇجىغا ئەرز قىلسام: "بىز سۈرۈشتە قىلىلى" دەپ قويۇپ جىمپىلا كەتتى. قوشتامدىكى سىڭلىمنىڭ ئېرى تالىشىپ "ماڭا 80 كويغا بەرسلە، مەن ئىشەك قىلىۋالاي" دېسە، بەرمەپتىكەنمەن. مانا ئەمدى مىلىڭ پۇشايمان! سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپمىدىكىن، ئۇزاق قالماي ئۆلۈۋالدى كۆرسىلە، ھېلىقى تەخەي... ئۇكام مىرزاخۇن، مەن سۆزلەپلا كېتىپتىمەن. كۆڭلۈڭ بىرمەھەل بوپتۇ. مەن ياناي، سىلىنىمۇ تازا ئاۋارە قىلدىم.

— ياقەي، تازا ئوبدان مۇڭدىشىۋالدۇق. بىردەم تەخىر قىلسىلا، ماۋۇ چاي قاينىسۇن...

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت شۇنداق دېگەنلىرىگە.

مىرزاخۇن روزىخاننىڭ خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئىشەككە ئارتتى.

— ئۆيدە نان قالماپتىكەن، قۇرۇقلا قايتىدىغان بوللا.

— ياقەي، ئۇكام، خۇداغا ئامانەت. بالىلىرى بىلەن تەڭ قېرىغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئىنگەكىم.

روزىخان ئانا ئېشىكنى تۈگمەن ئېرىقىنىڭ قىرىغا تارتىپ مىندى ـ دە، ئېشەكنىڭ بېشىنى سۇ يالاپ كەتكەن تۈگمەن يولىغا بۇرىدى ۋە قاغجىراپ كەتكەن ئۆتۈك بىلەن سۇر ئېشەكنىڭ بېقىنىغا تەپتى.

كۈن ئاشۋاقتى بولغانىدى. يول ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت مۇز توڭلىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە تىك چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىدا ئېرىشكە باشلىغانىدى. تاقىلانغان ئېشەكنىڭ پۇتى مۇز ئۈستىگە چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن كورس، كورس قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. ئانا كېتىۋېتىپ خۇرجۇننىڭ ئىزمىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ قالغان قوناق ئۇنىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى چىمدىم ئېلىپ ئالقىنىغا تۆكتى ۋە بارماقلىرى بىلەن مىجىپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىر ـ لىدى: "يېرىكرەك چىقىپ قالغانمۇ، نېمە؟ خېلى ئوبدان قۇرۇتقاندەك قىلىۋېدىم." ئانىنىڭ خىيالى ئەمدى قانداقتۇر سېرىق مېكىيانغا بۇرالدى. "شۇ مېكىياننى ساتمىسام بولغانىكەن... كاللام نەگە كېتىۋې ـ دىكىن، پۇلىنىمۇ تېخىچە تېپىۋالالمىدىم. يەپ كەتمەس ئىش قىلىپ... بىكار سېتىۋېتىپتىمەن شۇ مېكىياننى. كۈن ئاشۇرماي تۇغۇپ بېرىدىغان ئوبدانمۇ توخۇدى..."

روزىخان ئانا ئۆزى بىلەن ئۆزى ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ كېتىۋ ـ ۋاتقاندا ئالدىدىن ئېشەكلەرنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، خىيالى چېچىلىپ كەتتى.

تۆت ئېشەككە چوڭ قىل تاغارلاردا تىكمە بۇغداي ئارتىلغانىدى. ئېشەكلەرنىڭ تىقىملىرى ئېگىلگەنىدى. ئىنجىقلاپ قەدەم تاشلىشاتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن هور چىقاتتى.

— روزىخاچامكەنغۇ بۇ، — دېدى ئات ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇر ـ

www.uyghurkitap.com

غان ئېگىز بويلۇق، چىرايى قارامتۇل بىر كىشى قامچىسىنى مايلاپ پارقىرىتىلغان ئۆتۈكىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

روزىخان ئانا بېشىنى كۆتۈردى-دە ئۇنى تونۇدى. لېكىن نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ قاما تۇمىقى بىلەن يېشىل كۆزەينىكى ئانىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. "كۆزەينەك تاقىۋالغىنى نېمىسى، بۇ ئابلىزا-خۇنىڭ؟..." دەپ ئويلىدى ئۇ.

— تۇگمەنگە ماڭغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە. تۇگمەنگە... تۇگمەن بېسىق ئەمەستۇ؟

— بېسىق ئەمەسكەن. باش توخۇ بىلەن قويۇۋېدىم، كۆن قىزىلىدا چىقىپ بولدى.

— جىقراق تارتماي، ئۇن دېگەننى...

— بارى شۇكەن. سىڭلىم چىقارتقان قوناقتى. بۇغداي ئۇنى بىلەن قېتىش-قۇداش قىلاي دەپ تارتىپ چىقتىم.

— ھىم، ھە، بوپتۇ.

ئۇلار ئايرىلىشتى. تۆت چامدام نېرىغا ئۆتكەن روزىخان ئانا ئېشىكىنى توختاتتى ۋە ئارقىسىغا قايرىلىپ ئابلىزاخۇنغا تىۋىلدى. ئۇنىڭ ناھىيەدىن چىققانلارنىڭ كەتكەن-كەتمىگەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ قالدى. چۈنكى، ئابلىزاخۇنىڭ بايا، ئۆزىنىڭ يوغان-يوغان تۆت تاغىرى بىلەن ئانىنىڭ ئاستىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە خۇرجۇنىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ "ھىم، ھە، بوپتۇ" دېگىنىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال ناھىيەدىن چىققانلار ئېسىگە كەلگەنىدى.

— ناھىيەدىن ئادەم چىقىپتۇ دېگەندەك قىلىۋىدى، كەتكەنمىدۇيا بارمىدۇ؟ سىلى كۆرەلىلىمۇ؟

— چوقۇر بىر خوتۇن بىلەن سىپرىق تۈك بىر بالا بىللە يۈرىدىغۇ؟

— ئۇنداقتا، باركەن دېسلە؟

— ھەئە. بار! لاتا ـ پەستەيۇ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك خەتلەپ يۈرگۈ-دەكمىشقۇ ئۇ خەق! چاپسانراق بېرىپ سىلىمۇ تېگىشلىكلىرىنى ئېلىۋالسىلا، لاتا ـ پەتىدىن قۇرۇق قالمىسىلا يەنە!

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىيلەن ئۆز يوللىرىغا چۈشتى.

ئانىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ، ئۇن ـ ئۇنبەش قەدەم نېرىغا بېرىپ كىشى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇ، ئۇش، گەپ قىلمىسامىغۇ بولغان! چېچەك چىققۇر ئاغزىمغا مىلىك لەنەت! نېمىدەپ سۆزلەيمەن ھە شۇ زەڭگىگە. تېخى "خەق" دەيدۇ؟ سەنمۇ تۆت كۈن ئاۋۋال بەش بالاڭنى ئاران بېقىپ يۈرگەن گادايى ئەمەسمىدىڭ! سېنى يۆلىگەن، يەرنىڭ بەلىنىنى، كالىنىڭ ئوبدىنىنى بەرگەن ئاشۇلار ئەمەسمىدى؟ ھىم، ماقۇلە، ئەمدى بۇ كۈنلەرگە كېلىپ ـ زە "خەق" بوپ قاپتۇما؟ ھۇ ئۇيالمايـ-دىغان تۇزكور زەڭگى. خۇدايىم تېنىمىنى ساق قىلسا، يېرىمىنى قايتۇرۇۋالسام...قېنى، كۆرىمىز. قايسىمىز ئوبدان كۈن كۆرىدىكەنمىز!

ئېشەك بىر خىل رىتىمدا يورغىلايتتى. قويۇق ئۆسكەن جىغانـ-لىقتىن تۇيۇقسىز بىر سېغىزخان ئۇچۇپ چىقتى ـ دە، نېرىراقتىكى تېرەككە قونۇپ سايراشقا باشلىدى. شىمالدىن ئەتىيازنىڭ تولۇق ئېرىتكۈچى شاملى يوللاردىكى پاخال ـ غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ ئويمانلارغا تاشلايتتى. سېغىزخان يەنە سايراپ كەتتى. بۇ چاغدا روزىخان ئانا "قارا زەڭگى"نى تىللاشتىن توختاپ، يەنە

ناهيىدىن چىققانلارنى ئېسىگە ئالدى: "ۋاللاھۇ ئەلەم، ئۇڭلۇق ئايالدۇ، — دەپ پەرەز قىلدى ئۇ، — بۇ ۋاقىتچە كېتىپتۇ قالىدىغاندۇ،... پارتىيە — ھەقىقەت. نېمىلا بولمىسۇن، ئىككىلىك خەت يازدۇرۇپ شۇلارغا تۇتاي... زادى..."

كېيىن مومايىنىڭ خىيالى بىئەجەل ئۆلگەن تەخەي، ئابلىزاخۇن تارتىۋالغان چامغۇر ئېتىزى، تۆگىلەرنىڭ زىغىرنى بەزەپ قىلىۋەتكەنلىكى ھەم كونا ئاشۇرماي تۇغۇپ بېرىدىغان مېكىيان... قاتارلىقلارغا يۆتكەلدى. ھەتتا ئانىنىڭ كاللىسىدا بۇ خىياللار بىرقانچە قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ تەكرارلاندى.

— خەت تۇتاي، — دەيتتى ئۇ. لېكىن ئېشەك ماڭمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇ تۆپەيلى ئېشەكتىنمۇ چۈشۈۋالدى. "ئىككىلىك خەت" دەپ ئويلايتتى-دە، ئېشەكنى ئەستىن چىقىرىپ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇ "سەن مەن بىلەن قېرىشماقچىمىدىڭ" دەپ جەھلى بىلەن ئېشەككە تاياق سالاتتى. ئېشەك ئانىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ سوكۇلداشقا باشلايتتى. بۇنداق چاغدا ئانا تېرىكەتتى.

— قويغىنا، سەندەك ناكەسكە ئىچ ئاغرىتقۇچە... يەنىلا مىنىپ ماڭغىنىم تۈزۈككەن.

يەنە ئېشەككە مىندى.

"چوقۇم ئۇڭلۇق ئايال، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى ئانا... — ئوبدانمۇ توختۇدى. ھېلىقى... 'خەق' دەيدۇ!... قۇتقۇزۇش بەرسە ئالمايمەن، ئالماي... زىغىر تېرىيمەن... نەمچۈك گاچا بولغان بىلەن ئىشنى پۇختا قىلىدىغان ئوغۇل، رەھمەتلىكنىڭ كونا پەشمىتىنى بۇزدۇرۇپ تامبال قىلدۇرۇپ بېرەرمەن، يەرنى شۇنىڭغا

ھەيدىتتىپ... زىغىردىن بەش مو تېرىسام... چامغۇردىن قېنى...

ئانا بارماقلىرىنى پۈكلۈپ كەلگۈسى مەھسۇلاتلارنى پۇلغا سۇندۇر-غان ھالدا مەھەللىگە يېقىنلاشتى.

"زادى شۇلارغا خەت سۇنۇپ بەرگىنىم تۈزۈك! ئەمدى "تۇل خوتۇن" دەيدىغانلار چىقىپ باقسۇنا! شۇلارنىڭ ئالدىدا..."

روزىخان ئانا ئۆز مەھەللىسىگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى كۆۋ-رۈككە يېقىنلاشقاندا ئېشەكتىن چۈشۈۋالدى ۋە ئېشەكنى يېنىك ئىتتىرىپ قويدى.

"...شۇ توخۇنى ساتمىسام بولغانىكەن..."



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

مەمتىمىن ھوشۇر

# بۇ چۇش ئەمەس

## 1

كېچىدە يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوتنى ھەممە ئادەم كۆردى. دەسلەپتە، شامال تۇتەپ كۆيگەن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلىۋىدى، ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. قورقۇنچقا چۈشكەن ئادەملەر چۇۋۇلدىشىپ كوچىغا چىقىشتى. ئاياللار چىرقىرىشىپ كېتىشتى.

— ھوي خوتۇنلار، نېمىگە ۋارقىرىشىسەن؟ ئاناڭ ئۆلۈۋاتقىنى يوق، ھېلىقى توختەكىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ، توختەكىنىڭ!...

يۇقىرىدىن ئاتلىق چېپىپ كەلگەن بىرسى ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ توختىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋېتىپتۇ!

— توختىنىڭ ئۆيى!؟

— ئەجەبمۇ ئۆيىتى ـ دە...

— ۋاي بىچارە، قانچە جاپالار بىلەن سېلىۋېدى ـ ھە!

— قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ؟...

## 2

شۇ كۆنى كەچكە يېقىن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيىگە گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى باستۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۇلار هويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراشتى:

— توختەك! هاي توختەك!...

توختى پېشايۋانغا چىقىشىغىلا ئۈچەيلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ كېتىشتى. توختىنىڭ ئۇلارنىڭ هەربىرىگە تېتىغۇچىلىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇ قول ياندۇرمىدى. ئۇلارنىڭ تۆپە-تۆپىلەپ ئاتقان مۇشتىغا ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمىدى. ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، ئازاب ۋە ئاغرىق هېس قىلمايدىغان تۈۋرۈككە مۇشت ئېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى-دە، نېمىشقىدۇ ئۆزلىرىمۇ توختاپ قېلىشتى. توختىنىڭ يېرىلغان قاپىقىدىن ئاققان قان مەڭزىنى بويلاپ كۆكلىكىگە ئېقىۋاتاتتى.

— تۈفى... ئىت، يوقال بۇ يەردىن!

— ئۆزۈڭچە بىزنى ساڭا قىز بېرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟!

— نەدىن كەلگەن بولساڭ خوتۇننىمۇ شۇ يەردىن ئال!

— مۇشۇ سالغان سارايلىرىڭغا شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتتىڭما؟ بۇ نېمەڭ...

توختى ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. غۇۋا ئۇپۇققا توپلانغان بۇلۇتلار ئۈستىدە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى، ئاسماندا ئايمۇ پەيدا بولغانىدى. لېكىن توختىنىڭ كۆز ئالدىدىن باشقا بىر مەنزىرىلەر

ئۆتەتتى.

ئەنە، جەنۇبنىڭ تاشلىق يوللىرى... ئۇ ئوغرىلىقچە چۈشۈۋالغان ھېلىقى ماشىنا... ئاقسۇ بازىرىدا ئاچ يۈرگەن كۈنلەر... ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ئاتىدارچىلىق قىلغان مېھرىبان ئاشپەز... ئۇ قانداق قىلىپ شۇنچە كەڭ جاھاننىڭ ئاشۇ بىر چېتىدىن مۇشۇ كىچىككىنە يېزىغا كېلىپ توختاپ قېلىشىدىكىنە!؟... ئۇ ھاياتلىق، ياخشى تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىزدىگەنىدى...

توختى ئېسىنى يىققاندا گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ھويلىدىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. توختى ئىچ-ئىچىدىن ئېسىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەستە توختىتىۋالدى. خورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوت يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ غەزەپمۇ، پۇشايمانمۇ، ھەسرەتمۇ ياكى ۋىجداننىڭ قىساس ئېلىشقا ئۈندىشىمۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا توختى گۈلشەن بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەنىدى.

— كېتەيلى، كېتەيلى! — دېگەنىدى قىز ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرۇپ، — يىراقلارغا كېتەيلى... ئاكىلىرىمنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندا، بىر-ئىككى ئاي كۆزدىن يىراقراق تۇرۇپ تۇرۇڭ...

— گۈلشەن، مەن سىزنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. يۈرۈڭ، كەتسەك ھازىرلا بىللە كېتەيلى. نېمىدەپ ۋەدىلەشكەنتۇق؟... سىزنى ئۇلار باشقا بىرسىگە زورلاپ بېرىۋېتىدۇ...

— قورقىمەن، مەھەللىگە ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەمدىم؟ ئاكىلىرىمنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟...

تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاكىلىرى گۈلشەننى ئامبار ئۆيگە سولاپ

قويۇشتى. ئىشىكتە داتلىشىپ كەتكەن، يىرىم سائەت ھەپىلەشمىگۈچە ئاچقىلى بولمايدىغان يوغان قارا قۇلۇپ پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

توختى شۇلارنى ئويلاپ تىت-تىت بولدى. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئالدى-كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى... تۇنجى قېتىم ئۇنى سۆيۈپ شەلپەردەك قىزىرىپ قېچىپ كەتكەن، يوشۇرۇن كۆز بېقىشلارنى ئاتا قىلغان، ئايدىڭ كېچىلەردىكى پىچىرلاشلاردا بىللە بولغان ۋاپادار قىز بۈگۈنكى مەيۇس، قورقۇنچاق گۈلشەنگە زادىلا ئوخشىمايتتى... توختى ئاسماننىڭ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن، ئىنسان قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان جىمى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىدىن قورقمايتتى، پەقەت "گۈلشەن ئاجىزلىق قىلارمۇ؟ ۋەدىسىدىن يېنىۋالارمۇ؟..." دېگەن ئەندىشىلەرلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىككە سالاتتى.

## 3

دۆڭلۈكتە كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت تىللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ قاراڭغۇلۇقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالمايتتى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان يالقۇن ئۆز ئەتراپىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن بولۇپ، يىراق ئېگىزلىقلارمۇ ساغۇچ شولىغا كۆمۈلگەنىدى. ئاسماندىكى تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ خىرەلىشىپ ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەرلەر دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. كىمنىڭدۇ بوشاپ كەتكەن كالىسى بىلەن بىرنەچچە ئىت يورۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. بالىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭى، ئاياللارنىڭ چۇۋۇلداشلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى.

— بۇ ھەقچان ھېلىقى ئۈچ لۈكچەكنىڭ قىلغان ئىشى.

ئوتتۇرا ياش بىر ئايال كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشانغان ئايال ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قايسى ئۈچىنى دەيسەن، سىڭلىم؟

— قايسى بولاتتى، ھېلىقى ئاۋۇت، ساۋۇت... يەنە بىرسىنىڭ ئېتى نېمىدى، خۇدايىم!... ھە، داۋۇت، شۇ خەقنىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— توۋا، بىر ئادەمنى شۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟!

— مۇساپىر بولسىمۇ ئادەم ـ دە، ئۇ!

— سىڭلىڭنى بەرمىسەڭ بەرمە، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكىنىڭ نېمىسى؟!

— ھېلىقى ئۈچىنىمۇ ساقچىلار ئىزدەپ يۈرگۈدەك...

شۇ چاغدا يولدا مەھەللە ئىمامىنىڭ ئېگىز، سۆلەتلىك گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئاياللار ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى.

— ھەي مەزلۇملار، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدىغا تىرەپ، سەل ئېگىشىپ تۇرۇپ، — ئۇقمىغاندىن كېيىن، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈۋەرمەڭلار. ئۆينى توختىنىڭ ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتتى.

خوتۇنلار ئىمامنى ئورۇۋېلىشتى.

— نېمە دەيدىغاندىلا، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئۆزى ئوت قويۇۋېتەمدۇ؟

— قازايى تەقدىر، — دېدى ئىمام بىر توپ مېكىيانىنىڭ ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان خورازدەك گەۋدىسىنى رۇسلاپ، — توختى بايامالا

مېنىڭ قېشىمغا كىرىپتىكەن... ئۆزۈممۇ ئەمدىلا خۇپتەندىن يېنىپ تۇراتتىم، دەرۋازىنى بىرسى شاراقشىتقاندەك قىلىپ قالدى. "كىمكىن، چىقىپ بېقىڭلارچۇ" دەپ بالىلارنى چاقىرىۋېدىم، توختىنى باشلاپ كىرىشتى. قارىسام، چىرايى ئۆمسەلا. "ھە، نېمە گەپ؟" — دېۋىدىم، بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى. گۈلشەننىڭ ھېلىقى بىغەرەز ئاكىلىرى ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەن ئوخشايدۇ. ئۇرۇپ باش - كۆزىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. توختى مەندىن: "ئىمام دادا، بىرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشمۇ گۇناھمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "يوقسۇ ئوغلۇم، ئاشىقلىق ئوتىنىمۇ خۇدا سالىدۇ" دېدىم. ئۇ: "مېنىڭ مۇشۇ يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قېلىشىممۇ گۇناھمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ رىسقىنى نەگە چاچقان بولسا، شۇ كىشى ئاشۇ يەردىن رىسقىنى تېپىپ يەيدۇ" دەپ جاۋاب قىلدىم. توختى يىغلىۋەتتى. "خۇدا گۈلشەننىڭ ئوتىنى يۈرىكىمگە ساپتىكەن. مۇشۇ مەھەللىنى ئەگىپ كېتەلمىدىم. تىرىشتىم - تىرماشتىم، پۇل تاپتىم، شۇنچە چىرايلىق ئۆيلەرنى ياساتتىم. يولىنى قىلىپ قىزغا ئەلچىلەرنى كىرگۈزدۈم... نېمە گۇناھىمىز بارلىقىنى ئۇقمايمەن، مانا خەۋەرلىرى باردۇ؟ گۈلشەننى قاماپ قويۇشتى. مېنى ئۇرۇپ قىلمىغان ھاقارىتى قالمىدى... ئىمام دادا، ئاڭلاپ قويسىلا، تاقىتىم چېكىگە يەتتى، جامائەت توختىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ قالمىسۇن. مۇشۇ مەھەللىدىن زادى كەتسەملا بولامدۇ؟ كېتىمەن، ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىمەن. قالغان ئىشنى خۇداغا قويدۇم..." دېدى. يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەندەك قىلىۋېدى، ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتتى. كۆزلىرى بىر قىسىملا. ھەي مۇشۇ بالا ئەقلىدىن ئېزىپ قالمىغىيدى، دېگەن بىر

www.uyghurkitap.com

شەك كۆڭلۈمدىن كەچتى. كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ، دېگەندەك ئاز ئۆتمەيلا "ۋاي ئوت كەتتى!" دېگەن چۇقاننى ئاڭلىدىم.

— تۇۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ئاياللار، — توختى ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپتۇ.

— توختى ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ مەھەللىدىن كېتىپتۇ..

— توختى ساراڭ بوپتۇ!...

بۇ گەپ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا تېزلا تارىدى. كۆپچىلىك توختىغا كەلگەن پاجىئەگە ئېچىنىشتى. لېكىن، بەش بارماق تەڭ بولمايدۇ، بىر تۈپ دەرەختىن بىر ـ بىرىگە ئوپمۇئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. توختىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە مەھەللىدىكى ئايرىم كىشىلەر خۇشالمۇ ئىدى.

— خوي ئوبدان بولدى، — دېيىشتى ئۇلار، — يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى، دەپ سەن توختەككە ئۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سېلىشنى كىم قويىدى.

— ئۇنىڭ بۇ تۆت تام ئىچىدە ئولتۇرغۇدەك ئۇرۇق ـ ئەۋلاد، خوتۇن، بالا ـ چاقىسى بولسىمۇ كاشكى...

راست ئۇنىڭ، ھېچنېمىسى يوق. توختى بۇ مەھەللىدە پەيدا بولغاندا تېخى 15 ـ 16 ياشلاردىكى بالا ئىدى، ئۇنى كوچىدىن چاقىرىپ ئەكىرىپ، تۇنجى قېتىم ئىسسىق چاي بەرگەن كىشى — ئەترەتنىڭ ماخوسىغا قارايدىغان مەرۇپ بوۋاي بولدى. بوۋاي قۇلىقى يۇمشاق، ئايىغى ئىتتىك، چىرايى يىللىق بۇ بالىغا ئامراق بولۇپ قالدى. بالا بوۋايغا ياردەملىشىپ بېدە توغرايتتى، ئاتلارغا يەم بېرەتتى، ھارۋا قاتاتتى؛ كېچىلىرى ماخونىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلايتتى.

— مەرۇپكا، ئەجەب ئوبدان ئوغۇلدىن بىرنى تېپىۋاپسەنا؟ — دېيىشەتتى ھارۋىكەشلەر.

— ھە، خۇدايىم بەردى، — دەيتتى بوۋاي توختىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

مەرۇپكا ياشلىقىدا ھارۋىكەشلىك قىلىپ يۇرت كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقا، بۇ مۇساپىر بالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى، ماخو ھارۋىكەشلەرنىڭ ۋاق - چۇقىدىن خالىي بولۇپ قالغان بەزى كۈنلىرى ئۇ قوزۇقتىكى ھېچقانداق نەقىشسىز، سىداملا ياسالغان دۇتىرىنى ئېلىپ كونا پەدىلەرگە چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى.

— مانا ماۋۇ ئېيتىقىنىم "لەيلۇن"، ئەمدى ئاڭلايدىغىنىڭ "خانلەيلۇن"، — دەپ چۈشەندۈرەتتى بوۋاي بالىغا.

توختى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىسا مۇڭلىناتتى، ئېڭىكىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن تىرەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتەتتى. لېكىن ئۇ قايسى "لەيلۇن"، قايسى "خانلەيلۇن" ئىكەنلىكىنى زادىلا ئايرىيالمايتتى. ئۇنىڭغا بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقاندەك ياكى بىرى يەنە بىرسىنىڭ داۋامىدەك تۇيۇلاتتى.

— ھەي... ئوغلۇم! — دەپ دۇتىرىنى توختىتاتتى مەرۇپكام بەزىدە، — بىرچاغلاردا مېنىڭمۇ بالا - چاقام، ئۆي - ماكانىم بولىدىغان، تەقدىر ھەممىدىن ئايرىپ، ئاخىرىدا مەن قېرىنى تىكەندەك يالغۇزلا قويدى... بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر! قارا، خۇدايىمنىڭ يەنە سېنى ماڭا يەتكۈزۈپ، ھەمراھ قىلىپ قويغىنىنى... — دەيتتى.

بالا بوۋاينىڭ سۆزىدىن رازى بولۇپ كۈلۈپ قوياتتى. بوۋاي:

— ئۇنداق ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرما، يامان بولىدۇ، يەنە بىر كۈلۈۋەتكىنە... ھە مانا، تېخى بەختىڭ ئالدىڭدا بالام... — دەيتتى.

ئككى يلدن كېين بۇ مېهربان ئادەم ئالەمدن ئۆتتى. بوۋاينڭ بر پارچە كگزى، كونا يوتقان - كۆرپسى ۋە هېلقى كچككنە هۇجرسى بلەن دۇترى توختغا قالدى. توختمۇ بۇ چاغدا قاۋۇل، كېلشكەن يگت بولۇپ قالغاندى، ئەترەتتە كملا ئشقا بۇيرۇسا ئۇ ياق دېمەي يۈگۈرەيتتى.

— توختى ئاتلارنى بېقپ كەل.

— توختى هارۋا قات.

— توختى بالام، تۆگمەنگە ئۆگۈت ئاپردشپ بەرسەڭ.

— توختى، ئازراق كېسكمز بار ئدى، تۆكۈشۈپ بەرسەڭ.

— توختى، پالانچنڭ توي ئشى باركەن، يۈگۈر - يېتمگە هە - هۇ دېيشۋەت!...

ۋاي - ۋۇي! بۇ مەهەللدە توختى قلمغان ئش قالغانمۇ دەيسلەر؟ ئۇ هېچكمدن ئوشۇقچە هەق تەلەپ قلمايتتى. قولغا برنەرسە بەرمەي، قورسقنى تويغۇزۇپ قويسا شۇنڭغمۇ رەهمەت دەيتتى. ئېهتمال پەلەكمۇ ئاشۇنداق چۆرگلەۋېرپ، توختنڭ كۆنمۇ ئاشۇ مەدكارچلقتن نېرى بارمغان بولسا بۇگۈنكى پاجئەلەر بولماسمدكن. ئەمما، شۇ ئاردا كشلەر ئويلمغان ئۆزگرشلەر يۈز بېرپ قالدى. ئەترەتنڭ يەرلرى ئەزالارغا كۆتۈرە بېرلدى.

ماخودكى ئات - هارۋلار تەقسم قلنۋاتقاندا، توختى نېمە ئشلار بولۇۋاتقانلقنى تازا ئاڭقرپ كېتەلمگەندەك بر چەتتە تامغا يۆلنپ قاراپ تۇراتتى، تۇيۇقسز ئەترەت باشلقى سايمنڭ كۆزى ئۇنڭغا چۈشۈپ قالدى:

— هوي ئاغنلەر! — دېدى ئۇ، — مۇنۇ توختاخۇنغمۇ بر

نېمە بېرەرمىز؟

— توختىغا نېمىمۇ بېرەرمىز، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولمىسا؟!

توغرا، توختى بۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمى بۇ يەرنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىمۇ يوق.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى سايىم، — مەرۇپكام رەھمەتلىك مۇشۇ ماخوغا يىگىرمە نەچچە يىل قارىغانتى، توختىنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. شۇ بوۋاينىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئاۋۇ كونا ئۆكۈز هارۋىنى بەرمەيلىمۇ؟

— بوپتۇلا، — دېيىشتى يەنە بىرنەچچەيلەن، — توختىمۇ مەھەللىمىزنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر تىرىكچىلىك لازىم-دە!

— هاي توختاخۇن، قېنى سەن؟... ماڭ، بوينۇڭنى قىسىپ تۇرماي ئاۋۇ هارۋىنىڭ قېشىغا بار.

توختى ماخونىڭ چۆلدەرەپ قالغان يوغان هويلىسىدا غېرىبسىنىپ تۇرغان هېلقى ئۆكۈز هارۋىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىككى كۈن خىيال سۈردى: ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟... بۇ كېلەڭسىز هارۋىغا قاتىدىغان ئۆكۈز قېنى، ئۇ ئۆكۈزنى سېتىۋالىدىغان پۇل نەدە تۇرۇپتۇ؟...

بىرەيلەننىڭ:

— توختى ئۇكام، ئولتۇرۇشلۇق ئىسسىقتىنمۇ، سوغۇقتىنمۇ؟ — دېگەن ئاۋازى توختىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ هارۋىكەشى قادىرنى كۆردى. ئىلگىرى بۇ ئادەم كۆپرەك مۇشۇ ئۆكۈز هارۋىنى هەيدەيتتى. قادىر هارۋىكەش بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئالقىنىغا ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويۇپ يەنە كىيىۋالدى-

دە، يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ موخورىكا يۆگىگەچ توختىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، — ئاپتاپ ئېزىپ قويۇۋاتامدۇ ئۇكا، يا يۇرتۇڭ ئېسىڭگە چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ؟

— خىيال ئاكا، خىيال...

— ياش تۇرۇپ ساڭا نېمە خىيال. قارا، بىنەمىنىڭ قارلىرى كېتەي دەپ قاپتۇ. بۇ قېتىم يەنە بىر بوران چىقسا قارغۇجمۇ يېتىپ كېلىدۇ. قىش كەتتى دېگەن شۇ... خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا...

— سىلەرغۇ كۆتۈرە ئالغان يېرىڭلارنى تېرارسىلەر، مەن بۇ قۇرۇق ھارۋا بىلەن نېمە ئىش قىلارمەن؟

— راست ئېيتتىڭ، بۇنىڭ ئۆكۈزىنى ماڭا تەقسىم قىلىپ، ھارۋىسىنى ساڭا بەرگىنىنى دېمەمسەن... مۇنداق قىلىلى ئۇكا، يە سەن ماڭا ھارۋاڭنى بەر، يە مەن ساڭا ئۆكۈزنى ئۆتۈنەي.

— ئۇنداق قىلمايلى.

— قېنى، سەنمۇ ئالتە شەھەرلىك ئوغۇل بالىغۇ، تۆت ئوشۇق تېپىپ كېلەي "دەتتىكام"لا دېيىشۈپتىمىزمۇيە؟!

— ئۇنداقمۇ قىلمايلى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ قورسىقىڭدىكى گېپىڭنى بىر دەپباققىنە.

— ئۆكۈز ھارۋىنى ھويلىڭىزدا بىكار ياتقان ئېشەك ھارۋىغا تېگىشەيلى.

— ئېشەك ھارۋىغا؟! — قادىر دوپپىسىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ گەدىنىنى تاتىلىدى، — ئۇنىڭدا كەم زىيان تارتار، سەنمۇ، مەنمۇ؟....

— پايدا - زييىنىنى ھېسابلىشپ نەگە بارىمىز؟ سىزنىڭمۇ ئۆكۈزىڭىز بىكار ياتمىسۇن، مەنمۇ ئېشەك ھارۋا بىلەن چامىم يەتكۈچە مىدىراپ بىرنېمە قىلىپ باقاي. ئۇزۇن - قىسقا يېرى بولسا كېيىن تەڭشۇالايمىزمۇ.

— بوپتۇ، چىدىغانغا چىقارغان، ئەكەل قولۇڭنى...

قادىر ئېشەك ھارۋىسىنى ئېشكى بىلەنلا يېرىۋەتتى. توختى يەنە ئۆتنە - يېرىم قىلىپ يوغان چېلەكتىن ئىككىنى سېتىۋالدى. زامان - زامانلاردىن تارتىپ بۇ يېزىدىن ھېچكىم شەھەرگە سۈت ئەكىرىپ سېتىپ باقمىغانىدى. توختى مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىدى. دەسلەپتە، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىمۇئۆي كىرىپ سۈت يىغدى. كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئۆزى يېڭى سېغىۋېلىنغان سۈتلەرنى ماخوغا ئەكىلىپ توختىغا ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

توختى باشقا يېزىلارنىڭ سۈتچىلىرىدىن بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرىرەك ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى - دە، سۈتنى بېسىپ "خۇدا!" دەپ يولغا چۈشەتتى. مەھەللىدىن شەھەرگە قاراپ سوزۇلغان يول دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەھەرچى تورغايلار چۇرۇقلىشاتتى. دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاللىقلاردا بۇلبۇللارنىڭ كەپىلىرى كۆرۈنەتتى. دەريا دولقۇنلىرىدا ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالىناتتى... توختى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى مەرۇپ بوۋاي ئېيتقان لەيلۇنغىمۇ، خانلەيلۇنغىمۇ ئوخشىمايتتى. ناخشىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئۇدۇل كەلگەن بېيتلارنى سېلىپ ئېيتىۋېرەتتى. لېكىن، كۆز ئالدىغا بولسا ماخونىڭ ئارقا تېمى يېنىدا ئۆسكەن يوغان بىر توپ ئۈجمە كېلەتتى... توختى ئۈجمە تازا پىشىپ تۆكمە بولغان چاغدا گۈلشەننى ئەنە شۇ ئۈجمە

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندە تۈنجى قېتىم ئۇچراتقانىدى. ئۇ چاغدا توختى ئۈجمە ئۈستىدە بولۇپ، تۆۋەنگە بىر توپ قىز ئولاشقانىدى. ئۇلار: ”توختىكا، ئېغىتىپ بېرىڭا، ئېغىتىپ بېرىڭا!“ دەپ ۋارقىرىشاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇلارنىڭ يۈزىدە چىمىرلايتتى. گۈلشەن بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، ئاپتاپ چاققان كۆزلىرىنى سەل قىسىپ توختىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى... كېيىن بۇ قىزنى توختى كۆل بويىدا پات-پات ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولدى. بۇ كۆلنى دېھقانلار مال سۇغىرىش ئۈچۈن ياسىغانىدى. يۇقىرىدىكى كىچىك بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار شۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ توپلىناتتى. توختى ئاخشىمى-ئەتىسى بۇ يەرگە ئاتلارنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىقاتتى. بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يانغان قىزلار كۆل بويىدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆلكىلىرىدىن ھۈركىگەن ئاتلار سۇ ئىچىشتىن توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كىشنىشەتتى. گۈلشەننىڭ شولىسى كۆل سۈيىگە چۈشكەندە نازۇك تەۋرىنىپ، توختىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. نېمىشقىدۇ ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرگەندە تەڭلا قىزىرىشاتتى. قىزنىڭ كۆزىدە خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ كۆزىدىكى ھوشيارلىق، ھۈركىگەن كېيىكنىڭ كۆزىدىكى ھىتىرقاش، قوزىسىنى يالاۋاتقان قوينىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى... ھازىر گۈلشەن بويىغا يېتىپ، يېزا بويىچە ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالغا ئايلانغانىدى. بىراق، ئەمدى ئۇنى ئاكىلىرى تالا-تۈزلەرگە چىقارمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ توختى بىلەن قىزنىڭ ۋەدىلەشكەن چاغلىرى، خۇپىيانە ئۇچرىشىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىدى... شۇلارنى ئويلىغاندا توختى ئۆز-ئۆزىگە كۈلۈمسىرەيتتى-دە، ناخشىسىنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئېيتىپ، ئېشەكنى جىددەللەپ

ھەيدەيتتى. قىش كۈنلىرى دەريا ساھىلى تۇمانلىشىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە توختى ئىشەك ھارۋىسى بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گويا ئۇ ئۇ نىمىگىدۇ ئالدىرايدىغاندەك قىلاتتى... شۇنداق، ئۇنىڭ يېتىشكە ئالدىرايدىغان مەنزىللىرى ئازمۇ دەيسىلەر؟! ئۇ يولنى كۆپرەك تېپىپ كەمبەغەللەرچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتى، گۈلشەن ئۇچۇن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا، چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرۇپ، قىزنى بالدۇرراق ئېلىپ كېلىشكە ئالدىرايتتى...

توختى ئىككى يىل سۈت سېتىپلا پۇللۇق بولۇپ قالدى.

بۇ يېزىدا ئەتىدىن ـ كەچكىچە چوڭ يول ئۈستىدىكى ماگىزىننىڭ تېمىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىرنەچچەيلەن بار ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئەتىيازدا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، كۈزدە ئورىۋېلىشتىن باشقىسى ئىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ يىراقلارغا بارمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشەتتى. ئۇلار ئۇچۇن يەر يۈزىدە ئەڭ چىرايلىق يەرمۇ مۇشۇ يېزا، ئەڭ گۈزەل ئاسمانمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئىدى. ئېلىم ـ سېتىم ئىشىنى "ئالدامچىلىق" دەپ قارايتتى، سىرتلارغا ئىش ـ ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى "قەلەندەرچىلىك" دەپ بىلىشەتتى. ئۇلار تامغا سۈركىلىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە ئەڭ ئاۋۋال چاپىنىنىڭ دۈمبىسى يىرتىلاتتى. گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ يۆگەلگەن تاماكىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ چېكىشەتتى. بەزىدە ئۇلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ، ئالدىدىكى گازىر شاكاللىرىنى پۈۋلىۋېتىپ، ئۈچ بۇرجەك سىزىق سىزىپ بۆرە قاتار ئوينىشاتتى. توختىنىڭ ھال ـ ئەھۋالدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى دەسلەپتە ئەنە شۇلار

www.uyghurkitap.com

بايقىغانداك بولدى.

— قاراڭلار، ماۋۇ كارامەتنى! — دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر-بىرىنى نوقۇشۇپ، — توختى كاستۇم كىيىۋاپتۇ!

توختى يېپيېڭى كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ، هارۋىسنى هەيدەپ شەهەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ قاترىشىغا تەڭكەش بولۇپ، هارۋىدىكى قۇرۇق چېلەكلەر رىتىملىق داراڭلايتتى.

— كاستۇم كىيىپ ئېشەك هارۋىسى هەيدىگەنلىك ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىشتە.

— توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا، كاستۇم دېگىننىڭمۇ تايىنلىق نېمىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاستۇم تىكتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئەمدى ئۇنداق نېمىنى كىيىشتىنمۇ رايى قايتتى.

لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئاز ئۆتمەي توختى مەهەللە بويىچە بىرىنچى بولۇپ تېلېۋىزور سېتىۋالدى. ياز كۈنلىرى ئۇ تېلېۋىزورنى هويلىغا قارىتىپ، كىچىك هۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگىلا قويۇپ قوياتتى. كەچكە يېقىن ئۇششاق-چوڭ، قېرى-ياش بىر توپ ئادەم كىچىك بەندىڭلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماخوغا يۈگۈرۈشەتتى... يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن توختىنىڭ ئاستىدا قىپقىزىل بىر موتىسىكلىتمۇ پەيدا بولدى.

— ئاۋۇ قوشىدىن ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان كىم؟!

— ئۆمرىدە ئېشەك قۇلىقى تۇتۇپ باقمىغان بىرنېمىنىڭ...

— ئۇ نېمىسىگە شۇنچىۋالا تاراقشىپ كېتىۋاتىدۇ؟

— ئۇنى سەمىرىتكەن مەهەللىمىزنىڭ سۈتى.

— توغرا ئېيتتىڭ، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ مەهەللىسىنىڭ سۈتىنى

ئۆزىمىز ساتمايمىز؟...

ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە. قوشنىمىز بېيىپ كەتكىلى تۇرسا ھېچ بولمىغاندا بىر يېرىمىز ئېچىشقاندەك بولىدۇ، ئەگەر بىز كۆزىمىزگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان بىرسى بىزدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇرسا تېخىمۇ ئازاب ھېس قىلىمىز.... توختىنىڭ "تاراقلاپ" كېتىۋاتقىنىغا چىدىيالمىغان بىرنەچچەيلەن ئاخىر كەنت باشلىقى — ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقى — سايىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىشتى.

— ھوي سايىم، بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز؟

— قايسى سۈتنى؟

— مەھەللىنىڭ سۈتىنىچۇ؟

— ئەجەب خەقكەنسىلەر، — دەپ تېرىكتى سايىم، — ئۆزۈڭلەر بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىكەنسىلەر، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىكەنسىلەر...

— كۆرەلمىگىنىمىز ئەمەس، نەچچە ۋاقىتتىنبىرى توختىنى سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن، دەپ قويۇپ بەردۇق.

— بىردىن ئىشەك ھارۋا قىلىپ سىلەرمۇ ساتماسىلەر، كىم سىلەرنى تۇتۇۋاپتۇ؟!

— ۋاھ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ سايىم. بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە يېزىدا نەچچە ھارۋىدا ئەكىرىپ ساتقۇدەك شۇنچە جىق سۈت بارمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟

— سۈتنى ئۆزىمىز ساتىمىز.

— توختەك باشقا ئىش قىلسۇن.

— ئۇنىڭ ھارۋىسىنى بىزگە ئېلىپ بېرىسەن!

— خەقنىڭ ھارۋىسىدا نېمە ھەققىڭ بار؟

— نېمە دەپ خەقنىڭ بولىدىكەن؟ ئۆزىمىزنىڭ ھارۋىسى ئۇ. ئات-ھارۋىلارنى تەقسىم قىلغاندا يېپيېڭى بىر ئۆكۈز ھارۋىنى قارلاپ تۇرۇپ توختىغا بېرىۋەتكىنىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟... توختى ئۇنى غاچچىدە قادىرنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا تېگىشىۋالدى. تېگى بىزنىڭ مۈلكىمىز، دېگەن شۇ.

— ھوي خەق، ئىنساپ قىلىڭلار. توختى ئىچىپ بولالماي قېتىق قىلىپ، قۇرۇت سېلىۋېتىدىغان سۈتلىرىڭنى شەھەرگە ئەكىرىپ پۇل قىلىپ بېرىپ يامان قىلمىغاندۇ؟

— سايىم، ئۇ قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ گۈل چىقىرىپ قىلالايمىز. ھارۋىنى چىرايلىقچە ئېلىپ بەر، بولمىسا يولىنى توساپ ئۆزىمىز تارتىۋالىمىز... ئەترەتنىڭ ھارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن!؟...

سايىم ئۇزاق ئويلاندى-دە، كەچقۇرۇن كونا ماخوغا بېرىپ، توختىنى بىر چەتكە تارتىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ گېپىنى يىغىنچاقلاپ، پىنەكچە يۆگىگەن قەغەزگە موخۇركا سېلىپ تۇرۇپ، — بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ دېگىنە، ھال-كۈنىگىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغىنىغا ئارىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەت، سۈتىنى شۇلار ئۆزلىرى ساتسۇن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتكەنسەن، يەنە ئاچ قالماسسەن.

توختى يەرنى سىجاپ، بىرھازا ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقىنى ھارۋىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس،

مەھەللىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېخىچە ئارىغا ئالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى توك تۇگمەن، ماي تارتىش ماشىنىسى، كۆكۆل ئىچىش ئۆيى، ئاشخانا دېگەندەك ئاجايىپ پىلانلار بار ئىدى.

— ماقۇل، — دېدى توختى، — ھارۇننى راست ئۆزىڭىز بېرىۋې- دىڭىز، ئوتتۇردا سىز خىجالەت بولۇپ قالماڭ... مەن زادى مۇشۇ خەقنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئوقەت قىلاي!

توختىنىڭ قورسىقىدا يەنە باشقىچە بىر چوت سوقۇۋاتقىنىنى ياكى قىيدىغىنىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھارۇننى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، موتسىكلىت بىلەن تېلېۋىزورنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، پۇلنى بەلگە مەھكەم تۇگۇپ يېزىدىن كېتىپ قالدى.

توختى سوت سېتىپ يۈرۈپ بىر - ئىككى سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ شۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ شەھەر ئاتلاپ ئوقەت قىلىشقا تەۋەككۇل قىلدى. توختى سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىلىرىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ نۇرغۇن چوڭ شەھەر- لەرنى ئارىلىدى. ئۇ يەرلەردە ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالار، ۋاڭ - چۇڭغا تولغان بازار، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار بار ئىدى. لېكىن توختى نېمىشقىدۇ يىراقتا قالغان ھېلىقى خىلۋەت يېزىنى ئۇنتالمىدى. ئۇ چۈشىدىمۇ دەريا ياقىلاپ كەتكەن يوللارنى، داكىدەك نېپىز تۇمان ئىچىدە ياتقان تاللىقلارنى، مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۇيى تاتلىق بۇلاقلارنى، ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى قاپلىغان ھېلىقى كۆل ۋە لويلا كۆكاتلار بېسىپ كەتكەن ھويلىلارنى

كۆرەتتى. ئۇ يەردە ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان بىر قىز قالغانىدى. ئاشۇ ئاددىي يېزا قىزىدىكى سەمىمىيلىك، پاكلىقنى بۇ شەھەرلەردىكى پۇلنى كۆزلەپ قىلتاق قويۇپ يۈرگەن نايناقلارنىڭ جىلۋىسىگە زادىلا ئوخشاتمايتتى...

ئېھتىمال، گۈلشەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر توختىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى. بىراق، ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۇ يېزىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. توختى ئۈستىگە ئەت رەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا، پۇتىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان سۇپەتلىك شىبلىت كىيگەن بولۇپ، كالتە قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇتلىرى بىلەن ئۇ باشقىچە بىر سۆلەتكە كىرگەنىدى. ماگىزىن تېمىنى يۆلەپ قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. قىزلار بىر-بىرىنى نوقۇپ پىچىرلىشاتتى. توختى ئۇدۇل كەنت باشلىقى سايىمنىڭ ئۆيىگە باردى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ دېڭىزغىچە يېتىپ باردىم، دە؟! — دېدى سايىم توختىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — قېنى چاي ئىچ، مانا، جىگىرىڭ بار يىگىتكەنسەن. ئەل كۆرۈپسەن، يۇرت ئارىلاپسەن، "ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت" دېگەن شۇ. مېنى دېسەڭ، شۇ يېشىمغا كېلىپ تېخى سايرامنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقماپتىمەن.

— شۇنچە يەرلەرنى ئايلاندىم سايىمكا، — دېدى توختى ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — نېمىسىنى ئېيتىسىز، يەنە مەشەگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن... سىز ئۆز قېرىندىشىمنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، كۆڭلۈمدىكى گەپنى سىزگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟ پۇلنىغۇ تاپتىم، لېكىنزە، بۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇش جېنىمغا

پاتتى...ئەمدى...

توختى كىپىنىڭ ئاخىرىنى ئىيتالماي توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە دېمەكچىدىڭ؟ قورساقتا بار گەپنى دەۋەر. مېنىڭ ياردىمىم بىلەن پۈتتىدىغان ئىش بولسا مانا مەن تۇرۇۋېتىمەن.

— ئەمدى...مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ماڭىمۇ مەھەللە ئەتراپىدىن بىرەر ئۆيلۈك يەر كېسىپ بەرسەڭلار، پۇلىنى تۆلىسەم، تۆت تامنى سوقۇپ، ماۋۇ ئۆزەمنىڭ ئۆيىكەن، دەپ پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرسام.

— ياخشى گەپكەن، ئەمما يېزىنىڭ يەرلىرىنى سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ، دېگىنە، — دەپ ئويلىنىپ قالدى سايىم، — مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنى بىلسەنغۇ؟... ھە، ياراتساڭ شۇ يەردىن بەش - ئالتە پۇڭ يەر بېرەيلى. ئۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ، زىرائەت تېرىغىلىمۇ بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىچى قىزىرىپمۇ كەتمەس...

بۇ يېزىنىڭ ئۆيلىرى تولىسى دېگۈدەك ئاددىي توپا تام ئۆيلەر ئىدى. دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئېچىۋېرەتتى. بەزى ئۆيلەردە ھەتتا دېرىزىمۇ يوق بولۇپ، ياغاچ بىلەن شادىلانغان پەنجىرە ياكى ئۆگزىدىن ئېچىلغان تۈڭلۈكلا بولاتتى. توختى شەھەر كۆرۈپ، يۇرت ئارىلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئۆي سېلىش پىلانى باشقىچىرەك بولدى. ئۇ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ياغاچ - تاش، پىششىق خىشلارنى تەييارلىدى. ئۆيىنىڭ ياغاچچىلىق، تامچىلىق ئىشلىرىنى شەھەرنىڭ ئۇستىلىرىغا كۆتۈرە بەردى. شۇنداق قىلىپ، 3 - 4 ئايغا قالماي مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭ ئۈستىدە كېلىشكەن بىر ئىمارەت قەد كۆتۈردى. ئۇنىڭ

ئاستى ـ ئۈستى تاختايدىن ياسالغان بولۇپ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى توق زەڭگەر سىرلانغانىدى. بۇ ئۆينىڭ سۆلتىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇ مەھەللىدىكى سەدىر پومېشچىكنىڭ كونا ئۆيلىرىگىلا سېلىشتۇرۇشقا بولاتتى. ئەمما، باينىڭ ئۇ ئۆيلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر ئىسكەتتىن كەتكەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ قاپقاقلىرى سۇنۇپ چۈشكەن چوڭ ـ چوڭ دېرىزىلىرى، كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئۇلى، قىيسايغان چوڭ دەرۋازىسىلا ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

ــ توختىنىڭ ئۆيى قانچە تەڭگىگە پۈتكەندۇ؟

ــ 10 مىڭ سوم.

ــ 20 مىڭ سوم.

ــ 30 مىڭ سوم.

بۇنچىلىك سوملارنىڭ زادى قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بەزى دېھقانلار تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى.

ــ توختەك شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ؟

ــ سۈت سېتىپمۇ شۇنچىلىك بېيىپ كەتكىلى بولارمۇ؟

ــ ئوغرىلىق قىلامدۇ يە؟!

ــ يالغان گەپ قىلىپ گۇناھكار بولماڭلار ئاغىنىلەر، مال ـ ۋاردىنىمىز ئېغىلدا، تاپقان ـ تۈگكىنىمىز ساندۇقىمىزدا تىنچ تۇرۇپتىغۇ!...

ــ ئەمىسە، كېيىنكى سۈتچىلەر نېمىشقا ئۇنداق باي بولۇپ كېتەلمىدى؟

ــ ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇ ئۇرۇمچى، شاڭخەي دېگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپتۇ...بارمىغان يېرى قالماپتۇ. دۆڭ سودىدىلا نۇرغۇن

پايدا ئالغانمش...

توختىنىڭ مۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىشى گويا بەزىلەرگە ھاقارەتتەك بىلىنىدى. قىرىشقانىدەك بۇ ئۆي دۆڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە، كىملا ئۆيىدىن چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، خۇددى پېشانىسىگە ئەكىلىپ ئېسىپ قويغانىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى... سەدىر بايغۇ ئالىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر مەھەللىدە ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرنەچچەيلەن بار ئىدى. مۇنداق كاتتا ئۆينى ئەنە شۇلار سالغان بولسا ھېچكىم ئەجەبلەنمىگەن بولاتتى: قانداقلا بولمىسۇن ئەسلى باينىڭ ئەۋلادى، ماي ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بولىدۇ ـ دە!... لېكىن، توختى كىم؟ ئۇ بىر جېنىنى جان ئېتەلمەي كېلىپ، مۇشۇ يېزىدا توختاپ قالغان يېتىمەك!...

ئاياللار دېگەن ئاجايىپ خەقتە! ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى يەنە باشقىچىرەك ئىدى. بۇگۈنكى بۇ يېزا ئاياللىرى ئۆتمۈشنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار رادىئو، ئۇنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەنلەردىن بۇ ئالەمنىڭ تولىمۇ كەڭ، رەڭگارەڭلىكىنى، ئاجايىپ توق، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشكەنىدى، ئۆز ئەرلىرىنىڭمۇ ھەرىكەت قىلىشىنى، يېڭى، گۈزەل، باياشات دۇنيا يارىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ــ توختىنى قاراڭلار، ــ دېيىشەتتى خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە، ــ تۈنۈگۈنلا مەھەللىگە يالىڭاياغ كېلىۋىدى، تىرىشىپ، بىرنېمىلەر قىلىپ بېيىپلا كەتتى.

ــ سالغان ئۆيلىرىچۇ؟... بىركۈنى مەن ئوغرىلىقچە بېرىپ قاراپ باقتىم. ساراي دېگىنە، ساراي.

ــ ئۇ ئۆينى قايسى تەلەيلىك خېنىم تۇتاركىن؟

— كىم بولاتتى، گۈلشەنچۇ؟!...

## 4

ئوت يالقۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، ئاستا ــ ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. توختى ئېسىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، نېمىلەرگىدۇ پۈتىلىشىپ كېتىپ باراتتى... ئارقىسىدا قېلىۋاتقان ئاشۇ يېزىغا بىرچاغلاردا ئۇ مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا كىرىپ كەلگەنىدى، ھازىرمۇ قولىنى سىلىپلا يېنىپ چىقتى. ئۇ چاغدا توختى يوقسۇل ئىدى، ئەمما قەلبىدە ئۈمىد، كۆكلۈلۈك تۇرمۇش تېپىشقا ئىنتىلىش بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ھەسرەت چۇلغىغانىدى، ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۆچكەندەك قىلاتتى. ئۇ تىرىشتى ــ تىرماشتى، پۇل تاپتى، ئاخىردا نېمە بولدى!؟... بايلىقنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىگىنىگە ئۆزىمۇ ھەيرانىدى.

ئۇ پات ــ پات توختاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى، كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقان ئۆيگە ئەمەس، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى نىشانغا قارايتتى. ئۇ يەردە توختىنىڭ مەشۇقى گۈلشەن قاماقلىق قالغانىدى. توختى قىزغا ئېچىناتتى، قىزدا سەللا جۈرئەت بولسا ئىدى، توختى ئۇنى ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇ گوندىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولاتتى. خەير!...ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ يوللار ئۇنى نەگە ئېلىپ بارار؟ جەنۇب-تىكى ئېتىزلىرى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يىراق يېزىغىمۇ ياكى ئىمارەتلىرى بۇلۇتلارغا تاقاشقان چوڭ شەھەرلەرگىمۇ؟...ئۇ

يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟!

توختى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تەقدىر ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ئوقچىغا ئوخشايدۇ، بۇ ئوق ئۇچۇپ چىقتى، نەگە چۈشۈپ، قايسى نىشانغا تېگىشى پەقەت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگىلا ئايان.

## 5

گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىدى، بالىلارنىڭ دادىسى گۈلشەن 2 ـ 3 ياش ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، تۇل ئانا ئۇلارنى ناھايىتىمۇ جاپادا چوڭ قىلغانىدى. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە تۆت بالىسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، يامىقىنى ياماپ، ئاش ـ تامىقىنى ئېتەتتى. ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ "ئوغۇللىرىنى نومۇر جىقراق تېگىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭ" دەپ يالۋۇراتتى. چاي ـ تۇز، نورما ئاشلىق ئۈچۈن كاسىسىر، ئىسكىلاتچىلارنىڭ ئىشىكىدە سارغىياتتى... ئانا ئەنە شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈپ بىركۈنى تۇيۇقسىزلا يىقىلدى ـ دە، بىر ـ ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرى گۈلشەننىڭ بېشىغا قالدى.

گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەترەت باشلىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپ مەجبۇرىي ئىشقا ئەپچىقىدىغان كۈنلەر ياخشىراق ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئەمگەك نومۇرى يىغىلىپ يىل ئاخىرىغىچە خېلى بىرنېمە بولۇپ قالاتتى. يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى خارابلاشتى. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ ئىككى ياشتىنلا پەرقلەنگەچكىمىكىن، بىر ـ بىرىنىڭ گېپىگە ئانچە كىرىپ كېتىشمەيتتى، مىجەز ـ خۇيىمۇ ھەر تۈرلۈك ئىدى. ئۇلار كۆزدە خەقنىڭ تاپا-تەنىسى بىلەن ئۇرۇقنى يەرگە ئارانلا چۆكتۈرۈۋېلىشاتتى ـ دە، كېلەر يىلى يىغىم ـ تېرىم ۋاقتىغىچە ھەرقايىسى ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ، ئۆزى بىلگەن يولدا يۈرۈشەتتى.

چوڭى ئاۋۇت نەشىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئانچە ـ مۇنچە بامدات، جۈمە نامازلىرىغا چىقىپ قوياتتى، باشقا ۋاقىتلاردا ماگىزىننىڭ تېمىنى "يۆلەپ"، يېنىدىكىلەر بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

كىچىكى داۋۇت كۆپىنچە ئۆيدە تۇرمايتتى، ئۇنىڭ نەدە ئوتلاپ، نەلەردە تۈنەپ يۈرگىنىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى شۇ يەرلەردە ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپ، يەنە ئۆيگە قۇرۇق قوللا يېنىپ كېلەتتى. بەزى مەس كەلگەن چاغلىرىدا گۈلشەنگە ھال ئېيتىپ:

— مەندىن رەنجىمە سىڭلىم، دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن... بىز كىمنىڭ ئەۋلادى بىلەمسەن؟... مانا، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيسەن. سەدىر باينىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى بولىمىز، سەدىر باينىڭ! چوڭلاردىن سوراپباققىنا، بوۋىمىزنىڭ تاغدا مىڭلاپ قويى، شەھەردە بىرقانچە يەردە قورۇ ـ جايى بولغانىكەن... مېنى بىكار لەلەڭلەپ يۈرىدۇ، دەمسەن؟ ھۆكۈمەت مەكتەپ قىلىۋالغان جاينىڭ دەۋاسىنى قىلىپ يۈرىمەن. جاي قولىمىزغىلا قايتسا، بېيىپ كەتكىنىمىزنى ئاندىن كۆرۈسەن...

گۈلشەن مۇنداق گەپلەرنى ئۈنچىقماي تىڭشايتتى. داۋۇت شۇ

گەپلىرى بىلەن سىڭلىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغاندەك بولۇپ خارقىراپ ئۇخلاپ قالاتتى ۋە تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەتتى...ئۇ چوڭلاردىن "سەدىر باينىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بار" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى، ئەگەر ھېلىقى مەكتەپ قىلىنغان جاي قولغا كېلىپلا قالسا، داۋۇت بۇ ئۆيلەرنى چۇۋۇپ ھېلىقى ئالتۇنلارنى تاپماي قويمايتتى...

ئوتتۇرانچىسى ساۋۇت كەپتەر باقاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، پېشايۋاندا موخۇركىسىنى چەككەچ دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە قاراپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئاندىن ئۈزۈن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ، كەپتەر-لەرنى ھاۋاغا ئۆرلىتىپ ھۇزۇر ئالاتتى. ساۋۇت ئات-ھارۋا تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى. قولى بوش بولۇپ قالسىلا ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى تاتلاپ، ھارۋا-جابدۇقلىرىنى مايلايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ساۋۇت قالغان ئىككى ئەر قېرىندىشىغا قارىغاندا پەرقلىقرەك ئىدى. ئانچە-مۇنچە كۆمۈر-پۈمۈر توشۇپ، كىراكەشلىك قىلىپ، ئۆيىنىڭ چاي-تۇزىدىن خەۋەر ئالاتتى.

مۇنداق بىر ئۆيدە قازاننى ئۆكسۈتمەي قايىنىتىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇللۇكىنى گۈلشەنلا بىلەتتى. ئاكا-ئۇكىلار باشقا ئىشتاكېلىشەلـ-مىسمۇ، سىڭلىسىنى باشقۇرۇشقا كەلگەندە بىر پىكىردە ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى چىڭ تۇتۇش ئەرلەرنىڭ تالىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولغان مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىناتتى. گۈلشەن بولسا ياۋاش، تىرىشچان قىز ئىدى، ھەممىگە شۈكۈر قىلاتتى، "تاغدەك ئۈچ يۆلەنچۈكۈم بار" دەپ ئاكىلىرىدىن پەخىرلىنەتتى.

بۇ نامرات ئۆي ئاشۇ قىز بىلەن ئاۋات ئىدى. گۈلشەن ئۆي ئىچى، هويلا-ئاراملارنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتەتتى. پەس ئاۋازدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭنى تەكرارلىغىنىچە سۈپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يېرىدىن تارتىپ قازان بېشى، يازلىق ئوچاقلارغىچە سىغىز لايدا سۇۋاپ ئاقارتىپ چىقاتتى. ياز كۈنلىرى قىز هويلىغا گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى. ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىكىنە باغچىغا كىرىپ ئوتلارنى يۇلاتتى، بەلگە يەتمەيدىغان ئارقا تامدىن قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان دالىلارغا، كۆپكۆك ئېتىزلارغا، دولقۇندەك بولۇپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئېدىرلارغا قارايتتى. بۇ بىپايان كەڭلىك، رەڭگارەڭ تەبىئەت يېزا قىزىنىڭ قەلبىنى شادلىق بىلەن تولدۇراتتى...

گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى كىنو، تېلېۋىزورلاردا كۆزگە چېلىقىدىغان چولپانلارنىڭ ياكى شەھەرلەردىكى "پەرى"لەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ھېچقانداق زىبۇزىنەت، ئوپا-ئەڭلىكسىزمۇ چاقناپ تۇراتتى، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر ماكاندا ئۈسۈۋاتقان دالا گۈلىگە، يىراق ئورمانزارلىقنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشايتتى. بۇ ئاينىڭ نۇرى ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ توختىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققانىدى...قىزمۇ تىنىمسىز بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە ئۇ "بۇ يىگىت يېزىمىزغا قاچاندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟... بەلكىم، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزى ئۇنى مەن ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈرگەندۇ!" دەپ ئويلايتتى. قىزنىڭ نەزىرىدە توختى يەردە ماڭمايتتى، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. قىز ئۇنى كۆرمىسىمۇ قەدەم ئاۋازىدىن تونۇيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى قاچان، قەيەردە كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى غايىبانە ھېس قىلاتتى - دە، توختىنى تونۇتوغرا تېپىپ بارالايتتى...ئەمما، قىز بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى، ئاكىلىرىنىڭ توختىنى نېمە ئۈچۈن ياقتۇرمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەيتتى.

بىر كۈنى قىز ئاكىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە پىچىرلاشقىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئەمدى گۈلشەننى ئادەم تېپىلمىغاندەك ئاشۇ توختەككە بېرىمىزما؟!

— ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ تەپتارتماي گۈلشەنگە ئېغىز ئاچقىنىنى...

— نېمىسگە يوغان سۆزلەيدۇ ھوي ئۇ؟...

— شۇنى دەيمەنا، بىز كىم، ئۇ كىم؟...بىز دېگەن سەدىر باينىڭ ئەۋلادلىرى!

— شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ بار. توختىغا سىڭلىمىزنىڭمۇ ئازراق مەيلى بارمۇ، قانداق؟

— مۇشۇنداقراق گەپنى سىرتتا مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم...

— شۇنداقمۇ!؟...ئۇنداقتا، بۇ بۇزۇقنى ئۆيگە مەھكەم سولايلى، ئاۋۇ توختەكنى مەھەللىدىن سۈرۈپ چىقىرايلى.

— شۇنداق قىلايلى، بولمىسا، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈدىغان بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن!

## 6

دۆڭدە كۆتۈرۈلگەن يالقۇن گۈلشەن سولاقلىق ئۆيگىمۇ قىپقىزىل

شولا چاچقانىدى. سىرتتىن ئادەملەرنىڭ ئەنسىز ۋاڭ ــ چۇڭى، دۇكۇلدەپ ئۆتكەن ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلىناتتى. قىز ئۆينىڭ يۇقىرىسىدىكى پەنجىرىگە ياماشتى. ئارقىدىكى ھويلىدا قوشنا ئايال راھىلەخاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى.

ــ راھىلە ھەدە، ھوي راھىلە ھەدە! ــ دەپ ئۈنلۈك چاقىردى گۈلشەن.

راھىلەخان چۆچۈپ توختاپ، ئاستا مېڭىپ پەنجىرە يېنىغا يېقىنلاشتى.

ــ راھىلە ھەدە، نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ دۆڭدە بىرنەرسە كۆيۈۋاتامدۇ نېمە؟...

ــ ساڭا ئېيتىشقا ئاغزىم كۆيىدۇ، گۈلشەن...ئەمدى ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپسەن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ...

ــ نېمە!؟

ــ ئاكىلىرىڭ ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۆيگە ئاچچىقىدا توختى ئۆزى ئوت قويۇۋەتتىمۇ ياكى ئاكىلىرىڭنىڭ قىلغان ئىشىمۇ، بىلەلمىدىم. بەزىلەر تېخى توختى ساراڭ بولۇپ مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. كىمنىڭ گېپى راست، خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە...

گۈلشەننىڭ پەنجىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدا جان قالمىدى. ئۇ سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

## 7

ھەممە نېمە كۆيۈپ تۈگىمىدى. خىلۋەت يېزىنىڭ توخۇلىرى

يەنە بىر يېڭى تاڭـدىن خەۋەر بېرىـپ بەس ـ بەستە چىللاشقا باشـ لىدى. ئەمدىـلىكتە دۆڭـدىن پەقەت تۇتەپ كۆيگەن ئاچچىـق ئىسلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قويـلار ئېغىللىرىـدا تېپىرلاپ ئارامسىزلانغىلى تۇردى. موزايـلار ئۆز ئانـلىرىـنى ئىزدەپ مۆرىـشەتـتى. كىشلەر ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىـپ ھەر كۈندىكىـدەك تىرىكچىلىكنى باشلىۋەتتى.

ئاۋۇت ئويغىنىـپ ئۇياق ـ بۇيىقـىغا قارىدى ـ دە، يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتقان داۋۇتنى ئويغاتتى:

ــ داۋۇت، داۋۇت! قوپ، ئاۋۇ ئۆينى ئېچۋەت.

ــ قايسى ئۆينى؟

ــ ئامبار ئۆينى.

ــ نېمشقا؟

ــ گۈلشەن چىقىپ چاي قايناتسۇن.

داۋۇت ئامـبار ئۆيـىنىڭ قۇلۇپـىنى بىرھازا ھەپىـلىشىـپ ئاران ئاچـتى ـ دە، ئۆيگە كىرىـپ، بوسۇغىـدىـلا تۇرۇپ قالـدى. ئۆيـدە گۈلشەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ــ ھوي، ھوي، قوپۇڭلارچۇ. گۈلشەن يوق!

ــ نېمە دەيدىغانسەن؟!

ئاكا ـ ئۇكىلار ئامـبار ئۆيـگە يۈگۈرۈشـۈپ كىرىشـتى. يىللاردىن بېرى ئامبارنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان يوغان ئۇن ساندۇقى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى (بۇ ساندۇقنى قىـزنىڭ قانداق يۆتكىيەلىـ گىنىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.) ياغاچلىرى سۇنغان پەنجىرىـدىن تاڭنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى.

ــ قېچىپتۇ!

ــ نەدىن قاچىدۇ؟

www.uyghurkitap.com
كىتاب تۇر بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— كۆرمىدىڭمۇ، ئاۋۇ پەنجىرىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغىنىنى، — دېدى ئاۋۇت ۋە ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزنى كۆرۈپ قالدى، — ماۋۇ نېمە خەت؟

— ئوقۇغىنا.

— ھە، سەن ئوقى.

داۋۇت قەغەزنى قولىغا ئېلىپ يورۇققا تۇتۇپ دۇدۇقلاپ ئوقۇدى: "مەن كەتتىم... سىلەر مېنى كەچۈرمەيسىلەر... مەنمۇ سىلەرنىڭ توختىنى ئۇرۇپ... مەھەللىدىن قوغلىغىنىڭلارنى كەچۈرمەيمەن... يېقىندىن بېرى... ئاپام رەھمەتلىك تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بوپقالغانىدى... ماڭا شۇ يەر تىنچراق ئوخشايدۇ... ئاپامنىڭ قېشىغا كەتتىم..."

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ! — دېدى ئاۋۇت ھېچنېمە چۈشەنمەي.

— ئەكەلگىنە! — دەپ داۋۇتنىڭ قولىدىن خەتنى شارتتىدە تارتىۋالدى ساۋۇت.

— ھە، سەن بىر ئوبدانراق ئوقۇغىنا!

ساۋۇت قايتۇرۇپ ئوقۇدى.

— قەيەردىكى ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ، ئاپىمىز ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ئاۋۇت.

— ھە، شۇ، مەنمۇ ئۆلۈۋالىمەن، دېگەن سۆز!

ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ داڭقېتىپلا قالدى.

— يۈگۈر! — دەپ ۋارقىرىدى ئاۋۇت داۋۇتقا.

— نەگە يۈگۈرەيمەن؟!

راست ئۇ نەگە يۈگۈرەيدۇ؟ گۈلشەن نەگە باردۇ، ئۆزىنى ئېسىۋالامدۇ، دەرياغا تاشلامدۇ، بوغۇزلامدۇ؟ بۇنى كىم بىلىدۇ.

شۇ تاپتا، ئۆلۈۋېلىشنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقان ئاكا ـ ئۇكىلارنى قاتتىق قورقۇنچ باستى...

دەريا سۈيى بۇ پاك گەۋدىنى ئۆزىنىڭ لاتقىلىرى بىلەن بىللە يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى راۋا كۆرمىگەندەك، يېقىنلا بىر يەردىكى جىغانلىق ئارالغا چىقىرىپ قويدى. قىز ئوكىدا بولۇپ قالغانىدى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ چۇگۇلغان چاچلىرىنى تاراپ، يېنىنىك داۋالغۇتاتتى. سۇ قۇشلىرى ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلماقچى بولغاندەك شۇ ئەتراپنى ئەگىپ ئۇچۇشاتتى. سەھەردە ئويغانغان بىر بېلىقچى يىراق قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تورلىرىنى يىغماقتا ئىدى...

جەسەتنى بىرىنچى بولۇپ بېلىقچى سەلىم بوۋاي كۆردى. بوۋاي قىزنى سۇدىن سۆزۈپ ئېلىپ، پۇت ـ قولىنى تۈزلەپ قىرغاققا ياتقۇزدى ـ دە، يۈزىنى چاپىنى بىلەن يېپىپ قويۇپ، مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردى.

يولدا ئۇنىڭغا ساۋۇت ئۇچراپ، يىراقتىنلا ۋارقىرىدى.

ــ ھوي سەلىمكا!...مۇشۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ گۈلشەننى كۆر-گەندەك بولدۇڭمۇ؟

بوۋاي دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئاڭغىچە ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

ــ كۆردۈم.

ــ قەيەردە؟...تىرىكمۇ؟!

ــ خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 8

جامائەت قىزنىڭ جىنازىسىنى نامازدىگەردىن كېيىن ئېلىپ چىقىشتى. مەھەللىنىڭ قەبرىستانلىقى توختى ئۆي سالغان دۆڭنىڭ ئۇستىدىرەك بىر ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. شۇڭلاق بىسىپ كەتكەن سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدا يەنە يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى. بېلىگە يوغان ئاق پوتا باغلاشقان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئاۋۇتنىڭ كاللىسىدا "ھەي، ماۋۇ ھاماقەت قىزنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلا!...ئەمدى كىرىمىزنى كىم يۇيۇپ، ئاش ـ تامىقىمىزنى كىم ئېتەر؟" دېگەن ئەندىشە كېزەتتى. داۋۇت ئۆز ـ ئۆزىگە: "ئەخمەق! بىزنىڭ جاپارىمىزدىن بۇرۇنراق قوتۇلماق بولۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ ـ ھە؟...بوۋام كۆمگەن ئالتۇنلارنى تاپقاندا ئىش باشقىچە بولاتتى ئەمەسمۇ!..." دەپ پىچىرلايتتى. ساۋۇتنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇ تاتلاپ ئازابلىغاندەك قىلاتتى. كاشكى ئۇ سىڭلىسىغا ئاشۇ كەپتەرلىرىگە قارىغانچىلىك كۆيۈنگەن بولسا؟ ئۇنىڭ بېشىنى ھارۋىغا قاتىدىغان ئېتىنىڭ دۇمبىسىنى سىلىغانچىلىك مېھرى بىلەن سىلىغان بولسا؟...ساۋۇت شۇلارنى ئويلىغاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

ئەتىسى سەھەردە قەبرىستانلىقتا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى. مەھەللىدىكىلەر يىراقتىن بۇ كىشىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە ئۇنىڭ توختى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

توختى ئايەت ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا

گۈلشەننىڭ بىر جۈپ كۆزى پەيدا بولغاندەك بولدى: بۇ كۆز بىلەن قىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت تۇتاشتۇرغاندى، بۇ كۆز ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلارنى بايان قىلغانىدى، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا توختىدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتقانىدى... توختى دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن يىراقتا كۆكۈش بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان دەريا ساھىلىنى كۆردى. ئۇ يەردە سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر كېچىك بار ئىدى، توختى بىر يىللىرى گۈلشەننى ھاپاش قىلىپ ئاشۇ كېچىكتىن بىرقانچە قېتىم ئۆتكۈزگەن، ئۇلار ئۇ قاتتىكى ئارالدا زىرىقلارنى تېرىشكەنىدى. كېيىن، گۈلشەن ئۆيدىن نېرى بارالمايدىغان بوپقالغاندا، توختى ئۆزى يالغۇز ئۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم بارغان، زىرىقلىق ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇق-چىلىقتا گۈلشەننى سېغىنىپ، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرگەن، نېمىشقىدۇ، ھېلىقى كېچىكتىن قايتا-قايتا كېچىپ ئۆتكەنىدى... بۇ كېچىكنىڭ ئۆۋەن تەرىپىگە بارغاندا سۇ يىغىلىپ ئېقىپ خەتەرلىك قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى، قىز تۈنۈگۈن كېچە ئۇ يەرگە توختىنى ئىزدەپ بارغانمىدۇ ياكى ھايات بىلەن ئاشۇ خاتىرىلىك جايدا ۋىدالىشىشنى خالىغانمىدۇ؟

توختى يۈزىنى سىيپاپ، قوللىرىنى چۈشۈردى-دە، بىردىنلا ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. "نېمىشقا تۈنۈگۈن كېچە مەن شۇ يەرگە بارمىدىم؟...نېمىشقا ئىشكىلەرنى چېقىپ تاشلاپ بۇ قىزنى ئېلىپ كەتمىدىم؟...گۈلشەن، گۈلشەن! مۇنايىم، ئاجىز گۈلشەن!..." ئۇ نەمخۇش تۇپراقنى قۇچاقلايتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش توپىغا سىڭىپ، يۈز-كۆزىگە سۇگۇشۇپ لايغا ئايلانماقتا ئىدى...

توختى ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى. ئالدى

www.uyghurkitap.com

تەرەپتە ئۇ ئۆي سالغان دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى. توختى ئالدىرىماي مېڭىپ ھويلىسىغا كىردى، كۆز ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىمارەتنىڭ قارايغان تاملىرىلا تۇراتتى. توختى دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى كۆمۈر قويۇش ئۈچۈن سېلىنغان پاكار ئۆيگە بۇرۇلدى. بۇ يەردە تامچىلار ئىشلەتكەن لاي چېلەكلىرى، ئارغامچا، ئەپكەش، ياغاچ پۇزەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئارقا بۇلۇڭىغا باردى ـ دە، تورۇسقا قولىنى سوزۇپ، يوغان داستىخانغا پۇختا يۆگەپ ئېسىپ قويۇلغان دۇتارنى ئاۋايلاپ يېشىۋالدى. توختى بۇ ئۆيلەردىن ۋاز كەچكەن چاغدا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمىگەن، ئەمما مەرۇپ بوۋاينىڭ مۇشۇ كونا دۇتىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە يۈرىكى چىدىماي، دۇتارنى بۇ ئۆيگە ئەچىقىپ قويۇپ كەتكەنىدى. رەھمەتلىك بوۋاي جان ئۈزۈشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىمۇ قولىغا بۇ دۇتارنى ئېلىپ، توختىغا ئاجىز ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدى.

شۇ تاپتا توختى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ قېلىشىنى، ھېلىقى ماخودا مەرۇپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان كۈنلەرگە قايتىپ، ھەممە ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى خالايتتى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇتارنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسىپ، مەھەللىدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىغاندا، تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى يوقىتىپ، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى...

توختى ئايۇپ

# مۆڭگۈز

بوۋاي ھارۋىسىنى توختىتىپ، ئوتۇنىنى مۇشۇ يەردىن بېسىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يېرىپ ئۆتەلمىگۈسىز قويۇق، شاخلىرى بىر - بىرى بىلەن ھەم گىرەلىشىپ كەتكەن بۈك يۇلغۇنلۇق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ قاقشاللىرى ئۆچكە يۇلغۇنىنىڭكىدەك* ئەگرى - بۈگرى، پاخپاق، كېلەڭسىز ئەمەس، سۆگەت بادرىسىدەك تۈز ئىدى. بۇنداق قاقشال ئۆزى يېنىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە ھارۋىغا كۆپ سىغاتتى. قىزىل يۇلغۇن قاقشىلىنىڭ ئوچاقتا ياغدەك كۆيىدىغانلىقى، كۆلىنىڭ ئاز، چوغىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ئەكسىچە، ئۆچكە يۇلغۇن قاقشىلىنىڭ كۆيۈشى سۇس، چوغى خىرە، كۆلىنىڭ جىق چىقىدىغان- لىقى بوۋايغا ئايان ئىدى.

بوۋاي ھارۋىسىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشكەندە، ئاق تىكەن تۈۋىگە يېغىلىپ قالغان يۇپقا قار كۆن ئۆتۈكىنىڭ قېلىن چەمى ئاستىدا غىچىلداپ كەتتى. قارامتۇل، توپارەڭ يىلتىز، كۆتىچەكلەر ئەتراپىدا ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ ئاپئاق جىلۋىدارلىقى بىلەن چىراي- لىق! قاچانلاردا يېغىۋىدىكىن ئۇ قار؟ قىش شامىلى ئۇنى بىپايان

* ئۆچكە يۇلغۇنى — يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى.

جاڭگاللىقنىڭ ئوچۇق ئېتەكلىرىدىن ئاللىقاياقلارغا ئۆچۈرۈپ كەتكەن، پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى يىلتىزلارنىڭ، كۆتىچەكلەرنىڭ، ئاق تىكەن ۋە كۆك يانتاقلارنىڭ تۈۋىدە گويا نېمىدىندۇ ئۈركۈپ مۆكۈنۈۋالغان ئاق توشقاندەك چىرايلىق تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

جاڭگاللىقتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆزگە چېلىقىدىغان ئاق تىكەن، يانتاق، ئازغان، سېرىق بۇيىلار خۇددى ئاشۇ قىزىل يۇلغۇنلاردەك ئېگىز بوي تارتقانىدى. نېرىراقتا شاخلىرىنى ئاپئاق قىراۋ قاپلىغان توغراقلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەننىڭ ئاقۇش تۇمانى بىلەن تويۇنغان تىمتاسلىق ئىچىدە تېخىچىلا كېچىدىكى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغاندەك، ياق، بامدات نامىزىدىن يانغان ھامان ئۇدۇل ئېتىزلىققا بېرىپ، چەكسىز دالا بىلەن ئۈنسىز سىردىشىۋاتقان ئاق يەكتەكلىك، ئاق سەللىلىك بوۋايدەك تەگسىز خىيال ئىلكىدە ئىدى.

بوۋاي ھارۋىسىدىن چۈشكەن چاغدا، قۇياش كۆل رەڭ سۇس تۇمان ئوراپ تۇرغان چەكسىز كەڭ ئۇپۇقتىن ئەمدىلا بالقىپ چىقىۋاتاتتى. ئاھ، ئەجەب قۇتلۇق، نەقەدەر پاكىز ئۇنىڭ نۇرلىرى! بۇ پايانسىز جاڭگاللىق چەكسىز كەڭ زېمىننى بويلاپ تارىغان ئاشۇ تارام-تارام ئالتۇن نۇرلار بىلەن يۇيۇنۇپ، بوۋاينىڭ كۆزىگە تولىمۇ گۈزەل، تىلسىملىق، ئاجايىپ بىر خىلۋەت، ھەممەتلىك دۇنيادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. توغراق ھەم قىزىل يۇلغۇن شاخلىرىدىكى مامۇقتەك ئاپئاق قىراۋ ئاستا-ئاستا يالىلداپ تۇرغان پاكىز كرىستالغا ئايلىنىپ، تولغان ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇر جۇلاسىدەك بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى چاقتى...

www.uyghurkitap.com

قاياقتىندۇ چۇۋ-چۇۋ قىلىپ بوز تورغاي ئۇچۇپ كەلدى.
ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يۇمران تۈكلىرىمۇ، يارىشىملىق ئېگىز تاجىسىمۇ
مۇشۇ زېمىننىڭ ئاقۇش توپىسىغا ئوخشايتتى. ئەنە ئۇنىڭ كىچىككىنە
ۋۇجۇدىدا چۆل سەھرى بەخش ئەتكەن، كەڭ ئالەمگە سىغمايۋاتقان
جۇشقۇنلۇق، تېتىكلىك. ئۇ ھارۋىدىن تۆت قەدەمچە نېرىدا بوۋايغا
قارا قاتتەك چىرايلىق، دۈگىلەك، چېكىتتەك كۆزلىرىنى تىكىپ قاردىماقتا.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر جۈپ كۈچلۈك نۇر دەستىسى. بۇ نۇر ئىچىدە
چاقناۋاتقىنى ھەۋەس، قىزىقىش، ھەيرانلىق، بەختىيارلىق، شادىيا-
نىلىق... ئاھ قىش قەھرىتانىدىن يىللىقلىق، چۆلدىن بەخت،
شادىيانىلىقنى تېپىشنى بىلگەن جانىۋار! توغراقلىق ئارىسىدىن سىغىز-
خاننىڭ شاراقلىغىنى، تۆمۈر تۇمشۇقىنىڭ توك-توك قىلىپ توغراق
غولىنى چوقۇلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز يۇل-
غۇنلۇق ئارىسىدىن بىر جۈپ جەرەن بوۋاينىڭ ئالدىغىلا چىقىپ
قالدى. ئۇلار قىزلارنىڭكىدەك ئوماق كىرپىكلىرىدىن تارام-تارام
نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بوۋايغا
ھەيرانلىق، قورقۇش ئىچىدە چەكچىيىپ قاراپ قالدى-دە، قۇيرۇق-
لىرىنى ھوشيارلىق بىلەن سىلكىپ قويۇپ، تېزلا يۇلغۇنلۇق ئىچىگە
كىرىپ كېتىشتى. مانا، بۇ زېمىندە تۇنجى بولۇپ ئويغانغان ھايات-
لىق! بۇ يەردە، مەھەللىدىكىدەك تاڭ ھاۋاسىنى ئەنسىزلىك بىلەن
تىترىتىپ ھاۋشۇيدىغان ئىتلارنىڭمۇ، ھاڭرايدىغان ئېشەكلەرنىڭمۇ،
"ھايت-ھۇيت!" قىلىپ سۈرەن سالىدىغان پادىچىنىڭمۇ ئاۋازى يوق.
ھاۋاسىمۇ باشقىچە، قىڭغىر-سىڭغىر مۇرىلاردىن پۇرقۇپ چىقىپ
مەھەللە ئاسمىنىدا كۆككۆش پەردىدەك لەيلەپ يۈرىدىغان، نەپەسنى
بوغۇپ ئاچچىق بۇقسۇپ تۇرىدىغان ئىسمۇ پۇرىمايدۇ...

بوۋاي بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كېچە چوقاي يېنىدا كۈرەك جۇۋىسىنى پۈتلىرىغا ئورىۋالغىنىچە دۈگدىيىپ، كۆزلىرىنى مىت قىلماي يۈمماي ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن چاغدىكى تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئەمما ئۇنىڭ كېچىدىن بېرىكى دەھشەتلىك سوغۇقتىن مۇزلاپ، تاشتەك قېتىپ قالغان پۇت-قوللىرى تېخىچە ئەكسىگە كەلمىگەنىدى. پۇتلىرى يەرنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى، قوللىرى قولاشمايۋاتاتتى. نىھايەت، ئۇنىڭ كۆتمەك، يۇڭلۇق قېشى ئاستىدىكى چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزلىرى يەنىلا ھېچقانداق رىيازەت چەكمىگەندەك شوخ، غالىبانە نۇر ئىلكىدە چاقناپ تۇراتتى. شۇنداق، ئوتتۇنچىلارنىڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە ئامان-ئېسەن يېتىپ كېلەلىگەنلىكى قالتىس چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى.

بوۋاي قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاغزىدا ھورداپ ئىسسىتىۋاتقان چاغدا ساقال-بۇرۇتلىرىدا قېتىپ قالغان مۇز دانىچىلىرى ئېرىپ قوللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ئېرىگەن مۇزلارنى بۇرۇتلىرىدىن بارماقلىرى بىلەن سىرىپ چۈشۈردى. شۇ چاغدا كالپۇكىغا بەدەننى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق سۇ تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى. ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئېرىمىگەن مۇز دانىچىلىرى يەنە بار ئىدى. ئۇ خۇددى شاخلىرى بىلەن تەڭ يالڭاچلىنىپ قالغان ئازغان ئۇرۇقىدەك ساقاللىرى ئارىسىدا شاراقشىپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

"ئىنەكنى ھارۋىدىن چىقىراي" دەپ ئويلىدى ئۇ.

تاغىل ئىنەك... ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىلسىز ئەمما ۋاپادار، ئىشچان قېرىندىشى. ئۇ ھارۋا شوتىسىدا خوجايىنىنىڭ ئەمدى نېمە قىلىدىغان-

لىقىنى بىلەلىگەندەك، چوڭ ـ چوڭ قوڭۇر كۆزلىرىنى مۆلـدۈرلـىتىپ بوۋايغا تەلمۈرگىنىچە ئاستا پۇشۇلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنى بىر قەۋەت نېپىز قىراۋ قاپلىغان. كۆزلىرىنىڭ ئېگىدىكى ئۇزۇن، يىرىك تۈكلىرىدە دانە ـ دانە مۇز چوكىلىرى قېتىپ قالـغانـدى. قورسىقى ئىچىگە كۆرۈنەرلىك تارتىلىپ كەتكەن، ساغرىسىدىكى سارغۇچ تۈك-لىرىمۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ، تولغان گەۋدىسى بىر كېچىـدىلا كىچىكلەپ كەتـكەنـدەك كۆرۈنەتـتى. بوۋاي ئىنەكـنى ھارۋىـدىن چىـقاردى. بېشىدىكى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھارۋا شوتىسىغا باغـلاپ، ھارۋى-دىن بىر باغـلام قوناق شېخىنى ئەكىـلىـپ ئىـنەكـنىڭ ئالـدىـغا تاشلىدى...

"ئالـدى بىلەن باغـلىق تەيـيارلاش كېرەك، ـــ بوۋاي ھارۋىدىن پالتىسىنى ئالدى، ـــ توغراق تېلى قىيسام بولارمۇ ياكى ياۋا كەندىر ئورىسام بولارمۇ...؟" بوۋاي ئەتراپىغا قارىدى. بايا ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن قۇرۇق ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپـى بۈككـىدە توغراق تاللىرى بىلەن تولغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېگىز ئۆسكەن ياۋا كەندىرمۇ ئاز ئەمەس ئىـدى. بوۋاي نېـمىشقىـدۇ توغراق تېـلىنى تاللىـدى. ئۇ ئۈستىدىكى يىرتىق، كونا جۇۋىسـىنى سېلـىـپ ھارۋا ئۈسـتىگە تاش-لىۋېتىپ، توغراق تاللىرىنى قىيىشقا كىرىشتى.

ئىـنەك ئالـدىدىـكى قوناق شېخىـنى تۈمـشۇقى بىلەن تىلـغاپ، يۇمشاقلىرىـنى تىلى بىلەن يالـمىغىنـچە ئىشـتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. بوۋاي ھايال ئۆتـمەي ھارۋىـدىن بەش قەدەم نېرىدىـكى سۇ يالاپ تۈزلىۋەتـكەن ئوچۇقچىلىـققا ئىكـكى قۇچاق توغراق تېـلى ئەكىلىپ تاشلىدى ـ دە، بىر چەتتە كەلگۈن ئېقىتىپ كېلىپ، يىغىلىپ قالغان داغى ـ قاقشالـلارنى سۇنـدۇرۇپ تال يېنىـغا دۆۋىـلەپ ئوت ياقتى.

www.uyghurkitap.com

ئوتۇن دەسلەپتە كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ، ئاندىن چاراسلاپ كۆيۈشكە، ئەتراپقا ئىس ئارىلاش يالىقلىق تارقىتىشقا باشلىدى. بوۋاي قومساقىغۇ بوز توپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دەسلەپتە قوللىرىنى ئىسسىتتى. ئاندىن مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ، راھەتلىنىپ كېرىلدى، ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى قالدۇق مۇز دانىچىلىرى ئاستا-ئاستا ئېرىپ سۇس ھورغا ئايلانماقتا ئىدى. بوۋاي ۋۇجۇدى ئوت تەپتى-دىن ئېرىپ، بوششىپ، چاپىنىنىڭ پېشى سارغىيىپ، پۇراشقا باش-لىغاندىلا، ئاندىن پۇتىنىڭ تېخىچە مۇز دەسسەپ تۇرغاندىكىدەك سوغۇق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆتۈكىنى سېلىپ، بار-ماقلىرى ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەتكەن، پەيلىرى بۇرتۇپ، تېرە ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئورۇق پۇتىنى ئوتقا سۇندى ۋە تەردە ھۆل بولۇپ، چىرىپ كەتكەن كونا پايتىمىسىنى يېيىپ، ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ بۇرنىغا ھور ئارىلاش سېسىق، قاڭسىق پۇراق كېلىپ ئۇرۇلدى. بوۋاي ئۇنى ھوزۇرلىنىپ پۇراپ كەتتى...

بوۋاي يېتەرلىك ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆتۈكىنى كىيىپ، ئوتۇن چوغىنى بىر چەتكە تارتىۋېتىپ، توغراق تاللىرىنى قوقاسقا تىقىپ پۇچۇلاشقا باشلىدى. سوغۇقتا مۇزدەك قېتىپ قالغان تال قوقاستا پۇچۇلانغان ھامان، بۇرۇنقى چۈرۈك، نازۇكلۇقىنى يوقىتىپ، تاسمى-دەك شىرشىمىلىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆيۈپ كەت-مەسلىكى ھەم ئىسسىقلىق قات-قېتىغا تەكشى ئۆتۈشى زۆرۈر ئىدى. مۇنداق تالدا ئوتۇن باغلىسا، ئۇنى ھەرقانچە كۈچەپ تارتىپ تولغىغان بىلەنمۇ ئۈزۈلۈپ كەتمەيتتى.

تال قوۋزاقلىرى قوقاستا پىرسىلداپ ئېتىلىشقا، غولىدىكى سۈيى

ۋىژىلداپ قايناشقا باشلىدى. تالنىڭ ئۇششاق بەرگى كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن سۇس كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلدى. بوۋاينىڭ ئىككى قۇچاق تالنى پۇچۇلاپ بولۇشى ئۈچۈن بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىكلا ۋاقىت كەتتى.

"بامداتنى قازا قىلىۋەتكىنىم يامان بولدى، — دەپ ئويلىدى بوۋاي خۇرسىنىپ، — بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئەتە ئەتىگەندە تولۇقلاپ ئوقۇۋەتسەم خۇدا مەقبۇل كۆرەر. ئەمدى قايسى ئىشنى قىلسام بولار؟ بىر چۆگۈن چاي قاينىتىپ ناشتا قىلىۋالسامىكىن... — بوۋاي شۇ ھامان بۇ خىيالدىن يالتايدى، — تال سوۋۇپ مۇزلاپ قالدۇ ئەمەسمۇ، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ قىزىق ۋاقتىدا قاقشالنى چىپپىپ باغلىۋېتەي..." ئۇ بېلىدىكى پالتىسىنى ئېلىپ، بىسىنى تىرنىقىغا سىجاپ سىناپ كۆردى. دەستىسى قاغا جىگدىنىڭ ئەگرى نوتىسى بىلەن ساپلانغان پالتىنى ئۇ تۈنۈگۈن يىرىك بۇلەيگە بىلەپ ئۇستۇرىدەك ئىتتىكلىتىۋەتكەنىدى. بوۋاي "بىسمىللا..." دېدى ۋە يۇلغۇن ئارىسىدىكى قاقشاللارنى بىر چەتتىن ۋاچىلدىتىپ چىپپىپ يانغا تاشلاپ ماڭدى...

بوۋاينىڭ تاللاپ كېسىۋاتقىنى بىر يېرىم - ئىككى غۇلاچچە كېلىدىغان ئۇزۇن، تۈز قاقشاللار ئىدى. بۇنداق قاقشاللاردىن يالغۇز ئۇلاغلىق ھارۋىغا قانچىلىك بېسىش مۇمكىنچىلىكى ئۇنىڭغا ئايان، ئەمما بۈگۈن ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ قويماي كېسىۋەردى.

"خۇدا تىنچلىقنى بەرسە، ھېلىقى دەريا كېچىكى بويىدىكى ياغاچ توسقۇچىلارغا ئۇچراپ قالمىسام... — دېدى بوۋاي قاقشال كەسكەچ خىيال قىلىۋېتىپ، — ئىككى - ئۈچ ھارۋا قاقشالنىڭ پۇلى بىلەن ئۆينىڭ خېلى كۆپ ئىشلىرى جۆندىلىپ قالار دەيمەن. ھەي...

مۇشۇ كۈنـدە شەھەرگە كىرىدىـغان ئۇتۇنـنىڭ كۆپىيىـپ كەتكىنى.
ئۇتۇننى نەرخىدە ساتالـماي، كوچـمۇكوچا سازايـى قىلىپ يۈرمە-
سەملا بولاتتىغۇ. مۇشۇنداق قاقشالنىڭ بىر ھارۋىسىنى نەچچە پۇل-
دىنـمۇ ئالار؟ قىرىق-ئەللىك كويلاردىن ئالسىغۇ-ھە؟ ئۇ چاغدا
قالتىس چوڭ ئىش بولۇپ كېتەتتى، ئىككىلا قاتنىسام يۈز كويچە بىر
نېمە بولۇپ قالاتتى. ھازىرچە ناھايىتى زۆرۈرى، بالىنىڭ ئاپىسىنى
دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىش، ئەخمەتـنىڭ ئۆتۈكىنى چەمـلىتىش،
كېلىنـمـنىڭ تويلۇقـىدىن قەرز قالـغان ياغلىقـىنى ئېلىپ بېرىش،
ئايگۈلگە كىتاب، دەپتەر...يەنە تېخى كەجگەمگە ئارتىلىپ تۇرۇۋاتـ-
قان بىر كۆتۈرەم توقـىناق بار. يەر پۇلى، سۇ پۇلى، كادىـر پۇلى،
يول پۇلى، مەكـتەپ پۇلى... بۇلارنىڭ ھەمـمـىسـىگە پۇل تۆلەش
كېرەك. ئىـكـكى-ئۈچ ھارۋا قاقـشالـنىڭ پۇلى بۇلارنىڭ قايـسى
بىرىگە يېتەر؟ يەرلەرنى كۆتۈرىگە ئالغان دەسلەپكى يىللىرى خۇشالـ-
لىقتىن بېشىم ئاسـمانغا يەتـكەن، شۇنىڭ ھەممىتىدىن ئىككى-ئۈچ
يىلغىچە دۇمبىمىز خېلى ئاپـتاپ كۆرۈۋىـدى، ئەمما كېـيىن بۇنىڭغا
كۆز تەگدىمۇ، نېمىسى نېمە بولدى؟ كادىـرلارنىڭ سېلىق-ئالۋاڭ-
لىـرى يىلىكىمىزنى قۇرۇتۇۋەتكىـلى تۇردى. ھەي... دېھقانچىلىق...
ئەمدى ئۇنىڭ ھېچقانچە بەرىكىتى قالمىـدى، ئالتە ئاي ياز ئەر-
خوتۇن، ئوغۇل-كېلىن تۆتـىمىز ئېـتىزغا تۇمـشۇقـىمىزنى تىرەپ
كالىدەك ئىشلىدۇق، شۇنىڭغا يارىشا كۈزدە كىرىمىمىزمۇ يامان بولـ-
مىغانىدى. ئىشقىـلىپ ئاشـلىق بىلەن پاخـتا ساتـقان پۇل قوشۇلۇپ
ئىككى مىڭ كويچە بولۇپ قالغان ئىكەن. پۇل يانچۇقـىمىزغا كىرە-
كىرمەيلا، ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىكىلەر ئىشـكىمگە دەپـتىرىنى
ئېچىشىپ كېلىشتى. مۇددىئاسى ماڭا ئايان. ئەتىيازدا سۇلياۋ يوپۇق

بىلەن خىمىيۋى ئوغۇپ سىتىۋىلىش ئۈچۈن ئالغان قەرزنى سۆيلەپ
كەلگەن گەپ. بۇنىڭغۇ تۆلىمەي ئامال يوق، ئەممازە، يۈرىكىمنى
ئېچىشتۇرۇۋەتكىنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئالتۇنىدىن ئۆتە قىممەتلىكى.
ھۆكۈمەت ئۇنى ئازراق ئەرزان قىلسا بولمامدىغاندۇ. مۇشۇ كۈندە
ھەممە ئادەم دېھقاننى يۇنۇپ-شۇلۇشكە تۇرغانمىكىن؟ بولمىسا ئانچىكى
بىرنەرسىنى دېھقانغا شۇنچە پۇلغا زورلاپ ساتارمىدى؟ ئۇلار ئالى-
دىغىننى ئېلىپ ئەمدىلا كېتىۋىدى، يەر پۇلى دەپ بىرسى كەپتۇ،
ئاندىن كېيىن سۇ پۇلى دەپ... ئىككى مىڭ كوي كىرىم قىلىپتىمىز
دەپ خۇشال بولۇپ، خوتۇن-بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ كەت-
كىنىم نەدە قالدى؟ ئىككى مىڭ كوي قولۇمدىن ئاشۇنداق توزغاقتەك
بىر كۈندىلا توزۇپ كەتتى. ئەمما باشقىلارنىڭ مەندىن ئالىدىغىنى
تۈگىمىدى. كادىر پۇلى، مەكتەپ پۇلى، يول پۇلى... يەنە پۇل!
پۇل...! نېمە ئىلاج؟ بۇ پۇللارنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىساڭ قوشلاپ
ئالىدىغان جەرىمانىسى تەييار. ئالۋان-سەيسىنى تۆلەش ئۈچۈنمۇ،
ئۆيدىكىلەرنىڭ دەرد-ھالىغا يېتىش ئۈچۈنمۇ... ھەممىسى ئۈچۈن پۇل
كېرەك. دېھقاندا نەدىمۇ ئۇنچىلا كۆپ پۇل بولسۇن؟ ھىممەت-
شاپائىتى كەڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا! ھېلىمۇ بىزدەك كەمبەغەل،
ئاجىزلارنىڭ نېسۋىسى ئۈچۈن زېمىنىڭگە مۇنچىۋالا كەڭ جاڭگال-
لىقنى يارىتىپسەن. بۇ جاڭگاللىق شۇنچىلىك ئۇلۇغ، خىسلەتلىك
مۆجىزىگە ئىگىكى، پۈتۈن يۇرت ئەھلى نەچچە ئۆمۈر يونۇپ يېسىمۇ
تۈگىمەيدىغان ئالتۇن تاغقا ئوخشايدۇ. ئاھ، ئېسىت... ئەجرە قىلغان
ئېتىزدىن بەرىكەت قاچتى. ئەكسىچە، بۇ جاڭگاللىق ئۈچۈن پېشا-
نەمدىن بىر تامچە تەر ئاققۇزمىغان، توك قىلىپ كەتمەن چېپىپ
قويمىغان بولسامۇ مېنى ئۆز ئانامدەك بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. شىللەمنى

www.uyghurkitap.com

ئازراقلا موھتاجلىق باسقان ھامان ھارۋامنى قوشۇپلا ئۇدۇل مۇشۇ جاڭگاللغا كېلىمەن. ئوتۇنلارنى خالىغانچە ئالىمەن، ساتقان پۇلنى ئۆيگە خەج-خىراجەت قىلىمەن. ئاھ، دەردىمگە دەرمان ئانا يېرىم! بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردىم؟ ھېچ-نېمە..." بوۋاينىڭ بۇ خىياللىرى تولىمۇ ھەسرەتلىك ۋە ھاياجانلىق ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى تىرەنلەشكەنسېرى، ئۆزىنى خۇدانىڭ بۇ ئەزىز، ھەممەتلىك زېمىنى ئالدىدا ئېغىر گۇناھقا پاتقان پاسىق مەخلۇقتەك ھېس قىلدى. قاقشاللارنى باغلايمەن دەپ بىر مۇنچە ياش توغراق نوتىلىرىنى قىيىپ، تېخى ئۇنى ئوتتا پۇچىلىغىنى ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ كەتتى. "نېمە دېگۈلۈك؟ ئىنسانىنى خۇدا ئالدىدا گۇناھقا لايىق قىلىدىغان نەرسە — موھتاجلىق ئوخشايدۇ..."

بوۋاي يۈزىدىكى يۇندىدەك مەينەت ئاچچىق تەرلىرىنى كونا بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ كەينىگە قارىدى، كېسىلگەن قاقشاللار دۆۋە-دۆۋە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا ھەرقانچە كۆپ باسقاندىمۇ كېسىلگەن بۇ قاقشال ئىككى ھارۋىدىن كەم كەلمەيتتى.

"خۇدا بەرگەن بەرىكەتلىك رىسقى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈۋېتىپ، — بۇ قېتىم ھارۋامغا يېرىمنى بېسىپ كېتىمەن، قالغىنىنى خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر قېتىمدا ئېلىپ كېتەرمەن. بۇ يەردە ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىدىغان ھېچكىم يوق. ئوغرىلاردىن، دىلى بۇزۇقلاردىن خالىي دۇنيا پەقەتلا مۇشۇ يەر. بۇنداق دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى!"

بوۋاي پالتىسىنى بەلبېغىغا-دۇمبىسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئەمدى

ئوتۇنلارنى باغلاش ئۈچۈن گۈلخان ئالدىغا كەلدى. ئەتىگەندە ياققان ئوت ئۆچۈپ، بىر دۆۋە ئاقۇش كۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازغىنە چوغ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆچۈپ ئاجىزلىشىۋاتقىنىغا تەن بەرمىگەندەك، ھېلىمۇ قىپقىزىل يالىلداپ، كېچىدىكى بۆرىنىڭ كۆزىدەك قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بوۋاي ئازغىنە چوغنىڭ ئاخىرقى يارقىن تەپتىنى كۆرۈپ باشقىچە روھلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر قۇچاق قۇرۇق ئوتۇننى چوغ ئۈستىگە تاشلاپ، پۈچىلانغان تالنى كۆتۈردى ـ دە، كەينىگە ياندى.

ھارۋا يېنىدا تاغىل ئىنەك پۇتلىرىنى ئىچىگە پۈككىنىچە جىمجىت كۆشەپ ياتاتتى. ئۇ قوناق شېخىنىڭ يوغان، قاتتىق تۈپلىرىدىن باشقا ھەممىنى يەپ تۈگەتكەن. ئۇ خوجايىنىغا يوغان قوڭۇر كۆزلىرىنى ئۈنسىز تىكىپ پۇشۇلدىماقتا، كۆشىمەكتە. گويا "مۇشۇ ھالىمچە بىردەم يېتىۋالاي، ئارام ئېلىۋالاي" دەۋاتقاندەك.

"مەيلى، يات، سىرپەس خالىغىنىڭچە ئارام ئېلىۋال، ــ بوۋاينىڭ پاختىدەك يۇمشاق قەلب سەزگۈلىرى تىترەپ، دولقۇنلىنىپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز مېھرلىك ئىزگۈ مۇڭ ياڭراپ كەتتى، ــ سېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، تارتىۋاتقان جاپا ـ رىيازەتلىرىڭ ئازمۇ؟ ئاخشاممۇ ساڭا يەتكۈچە زۇلۇم سالدىم، مېنى ھارۋا بىلەن قوشۇپ، نە ـ نەلەردىن سۆرەپ كەلگىنىڭ ئاز كەلگەندەك، بىر مۇنچە يولنى ئوشۇق بېسىشقا مەجبۇر قىلدىم. ئىگەڭنى كەچۈر، شۇنداق قىلمايمۇ نېمە ئامال؟ ئاللىقاياقتىن كەلگەن بىر توپ بەڭگى، ھاراقكەشلەر چوڭ ھارۋا يولىنى دەريا كېچىكىدىن قامال قىلىۋېلىشقان، ئۇلار تېرىمىنىڭ ئوتۇن، ياغاچلىرىنى ھەقسىز مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشىلەر بولسىغۇ بەك ياخشى ئىدى، نەدىكىنى؟ تېرىمنىڭ ياغاچ-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئوغرىلىقچە كېسىپ، چەت ناھىيەلەرگە ئاپىرىپ ھايىنىغا ساتىدىغانمۇ، سېرىق بويا يىلتىزى كولايمىز دەپ، توقايلىقنى توڭگۇز-دەك ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنمۇ، جاڭگاللىڭ توشقان، جەرەن، قىرغاۋۇللىرىنى، دەريادىكى غاز، ئۆردەكلەرنى ئېتىپ، ئورۇق-جوتىنى قۇرۇتقىلى تۇرغانلارمۇ، بىزدەك ياۋاش، بىچارە دېھقاننى كۆرسە ئېشەك ئېتىپ مىنگىلى ئاران تۇرىدىغانلارمۇ دەل ئاشۇ تەلۋە-ئۇششۇقلار. شۇڭا ئۇلارغا قارامىنى كۆرسەتمەي، دېدىم. ئۆزۈڭ بىلسەن، ئۇلار بىلەن نەچچە قېتىم ئېلىشىپ قالغانمەن. لېكىن ئۇلار ”بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى“ دېگەچكە، قولىدا مىلتىقى، ئادەم باغلايدىغان تانىسى بولغاچقا، ھامان ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىدى، شۇڭا كېچە ئۇلار تۇرغان جايدىن ئەگىپ ئۆتىمەن دەپ، سېنى زورمۇزور دەر-يانىڭ يۇقىرىسىغا ھەيدەپ ماڭدىم. ھەي، ئېست...! ”سېنىڭ شورىغا تىرنىغىچە پېتىپ، ھاسىراپ، پۇشۇلداپ جان قاقشاتقىنىڭ...ئېگىز چاتقاللىقلار، قاقشال كۆتەكلەر، ئازگال - دۆڭلەر ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ئۇن ھارۋىنىڭ يۈكىنى سۆرەپ ماڭغىنىڭ...قېرىشقاندەك، قويۇق جاڭگاللىق ئىچىدە ئادىشىپ قېلىپ، دەريا بويىدا بىر كېچە چۆگىلەپ يۈرگەنلىرىمىز...قارىغىنا، ئۆزۈڭ شۇنچىۋالا ئۇلۇغ، كۈچلۈكسەنۇ، مەندىن بەتتەر مۆمىن، ياۋاشسەن. بولمىسا، مۇشۇ ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن، ئاللادىن رىسقىڭ ئۈچۈن سامانىنى تالاپ ئالارمىدىڭ؟ شۇ سەۋەنلىكىڭ ئۈچۈن نەسلىڭدىن - نەسلىڭگە ئۆكۈنۈپ، پۇشۇلداپ ئۆتەرمىدىڭ...؟“ بوۋاي ئىنەكنىڭ ھارغىن سىياقىغا قارىغانسېرى ئىچى شۇنچە سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدىن يەنە بىر باغ قوناق شېخى ئېلىپ، ئىنەكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى - دە، قاقشاللارنى باغلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

كۆن ئاشۋاقتى بولغانىدى. جاڭگال ئۈستىدىكى ئەتىگەنكى سۈس
ئاقۇچ تۇمان باھار كەلگۈنىدەك ئاللىقاياقلارغا ئېقىپ كەتكەن،
ئەمدى شاخلاردا قىراۋنىڭ ئاق كرىستاللىدەك يارقىن چاقنىشىمۇ
كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قۇياشنىڭ ئوچۇق ئاپتىپى بىلەن ئاستا-ئاستا
ئويغانغان قويۇق شاخلارغا سىڭىپ كەتكەنىدى. جاڭگاللىق ئۈستىدە
نەمخۇش، يىللىق شامال كېزەتتى. ئۇ چۆل شامىلىدەك ئاچچىق
ۋىژىلداپ، يۈزنى تاسما قامچىدەك چېقىپ ئۆتىدىغان قەھرىتاننىڭ
ۋەھىمىلىك شۇۋرغىنىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى مۇشۇ ھەمەت-
لىك، خىلۋەت ماكاننىڭ راھەتلىك تىنىقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان-
دەك، ئۇنىڭدىن جاڭگالنىڭ ئۆزگىچە ھىدى پۇراپ تۇراتتى. بوۋاي
قاقشاللارنى باغلاپ بولۇپ، ئېشىپ قالغان ئازغىنە تالنى قۇچاق-
لىغىنىچە گۈلخان يېنىغا كەلدى. ساقال-بۇرۇتلىرىغا قاقشال
قوۋزاقلىرى چاپلىشىپ قالغان، ئۆزى ھارغىن، ماغدۇرسىز كۆرۈنەتتى.
قاقشال تىلىپ يىرتىۋەتكەن قوللىرىدىن تەپچىپ چىققان قان قېتىپ
قارىيىپ قالغان، قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن كونا پاختىلىق
چاپىنىنىڭ ئالدى تىتىلىپ، پاختىلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى.
نىھايەت، كۆزلىرىدە باشقىچە ھال: تىلىم-تىلىم قورۇقلار، ئۆسكىلەڭ
قاش، چاڭ قونغان شالاڭ كىرپىكلەر ئارىسىدا شامالدا يالقۇنجاپ
تۇرغان ھارارەتلىك چوغنىڭ يارقىن نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
بۇ روشەن چاقنىشىدا ھارغىنلىق بىلەن كۆچتۈڭگۈرلۈك، ياۋاشلىق
بىلەن جەسۇرلۇق، ھەسرەت بىلەن شادىيانە ئۈمىد كۈچ ئېلىشىۋات-
قاندەك ئىدى. بوۋاي چوغ ئۈستىگە ئوتۇن تاشلىدى. ئاندىن
چوقايغا ئېسىقلىق كونا خۇرجۇندىن ئىستا قارىداپ قورسىقىنىڭ بىر
يېنى ئىچىگە پۈكۈلۈپ كەتكەن كونا مىس چۆگۈننى ئالدى-دە،

ئۇنىڭغا دەريادىن ئۆتتۇشىدە چوقۇپ ئېلىۋالغان يوغان بىر پارچە كۆمەل مۇزنى پالتىسى بىلەن چېپىپ پارچىلاپ سېلىشقا باشلىدى. ئاندىن چۆگۈننى چوغ ئۇستىگە قويۇپ، قورسىقى ئەتراپىغا يالىلداپ تۇرغان چوغلارنى دۆۋىلەپ قويدى. ھايال ئۆتمەي چۆگۈن شىڭىلداپ قايناشقا باشلىدى. بوۋاي خۇرجۇندىن گىرۋەكلىرى ئۇچۇپ كەتكەن، ئۇزۇن يىل تۇتۇلغانلىقتىن ئىچ-تېشى قارىداپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن كونا ياغاچ تاۋاقنى ئالدى-دە، قايناق چايدا ئۇچ قېتىم چايقىدى، ئاندىن ناننى دۆۋىلەپ سېلىپ، ئۇستىگە چاي قۇيدى...

"كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى شاھلىق ھۇزۇرىنى سۈرگىنى". قىزىق چاي...يۇمشاق نان...قورساق ئېچىپ، قارىچۇق كەينىگە تارتىپ كەتكەن چاغدا، بىر قېتىم تويۇۋېلىش قانداق راھەت! بوۋاي خۇرجۇن ئۇستىگە سېلىنغان داستىخان ئالدىدا داق يەردىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سول قولىغا ياغاچ تاۋاقنى ئالدى-دە، ئوڭ قولىدىكى ياغاچ قوشۇق بىلەن نانىنىڭ ئۇستىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، گەۋدىسىنى ئالدىغا ئەگدى، تاۋاق گىرۋىكىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان چاينى سۈمۈرۈۋېلىش ئۇچۇن بويىنىنى تاۋاققا سوزۇپ، ئېۋىگەن ناننى قوۋزىنى تولدۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. چوغ تەپتى، چاينىڭ قىزىق ھارارىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچىلىك راھەتلىك سېزىم ھېس قىلدىكى، چەكسىز لەززەتلىك يىلىلىق بىر ئېقىم ئىچىدە گويا خام قايماققا ئوخشاش ئېرىپ، بەدەنلىرى بوشاپ كەتكەندەك بولدى، يۇزلىرى دەسلەپتە بىر توپ چۇمۇلە ئۇياقتىن-بۇياققا چاپقاندەك تولىمۇ شېرىن قىچىشىپ كەتتى. بۇ سېزىم بوۋاينىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرى ئەمەس ئىدى. يۇزىنىڭ سوغۇقتىن

كۆكەرگەن، ئەسكى لاتىدەك پۈرلىشىپ، ئۈستىدىكى تۈكلىرى كىرپە تىكەنىدەك دىردىيىپ كەتكەن تېرىلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئىككى مەڭزى تونۇردىن يېڭىلا سۇيۇۋېلىنغان ناندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. "شاھلىق ھۆزۈرى" ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئايان قىلدى: بوۋاينىڭ يېشى كۆپ بولغاندىمۇ ئاتمىش بەشلەردىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى.

بوۋاينىڭ چېكىسىدىن، پېشانىسىدىن، دۈمبىسىدىن، مەيدىسىدىن شۇرقىراپ ئىسسىق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆيدىمۇ ھېچقاچان مۇنچىلىك راھەتلەنمىگەنىدى. بەدىنىنىڭ ئۇگە-ئۇگىلىرى ئېرىپ بوشاپ، كۆزلىرىگە شېرىن بىر ئۇيقۇ كەلدى. شۇ تاپتا مەيدىسىنى قاقلاپ، خۇرجۇنغا بېشىنى قويۇپلا بىر پەس ئۇخلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ۋاھ! بۇنداق ئۇيقۇنىڭ تاتلىقلىقىغا نېمىمۇ يېتەتتى! راست، بۇ يەردە كېسەلچان ئايالىنىڭ ئىڭراش-زارلىنىشلىرىمۇ، كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىدا ئېرىگە ھېلىقى ياغلىقنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ ۋارقىراش-جارقىراشلىرىمۇ، مەكتەپتىكى قىزىنىڭ "كىتاب-دەپتەر-لىرىم يوق" دەپ غەلۋە قىلىپ قۇلاق ئاغرىتىشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. "ئۇ پۇل...بۇ پۇل...!" دەپ كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئىدى. ئەكسىچە، بۇ پىنھان، خىلۋەت ماكاندا دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەتنىڭ جېدەل غوۋغاسىمۇ بولمىغان ئەبەدىي تىنچلىق، تىمتاسلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بوۋاينىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي، بىر يىل، ئىككى يىل، بولسا ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ يەردە ماكان تۇتۇپ ياشىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، ئادەم دېگەن موھتاجلىق، كەمبەغەللىك-نىڭ دەرد-ئەلىمىنى تارتمايدىغانلا ئىش بولسا، خۇدا ياراتقان زېمىننىڭ قەيىرىدىلا ياشىسا ئوخشاش ئىدى. ئۇ بىردىنلا، كېچە

www.uyghurkitap.com

ھارۋىدا كېلىۋېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىشىپ قالغان قاچاندۇ بىر چاغدا كۆرگەن چۈشىنى خىرە ـ شىرە ئېسىگە ئالدى... ئۇ ماۋۇ ئوتتۇن باسىدىغان، يالغۇز ئىنەك قوشقان ھارۋىدا ئەمەس، ئالدىغا چاپچىپ، ئويناپ تۇرغان ئېسىل ئارغىماق ئۈستىدە كېلىۋاتقۇدەك... ئارغىماق گاھ يەردە ماڭارمىش، گاھ ئاسماندا ئۇچارمىش... ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغانمىش، ئەتراپتا ئۇنىڭغا ھەۋەس، ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ قېلىشقان لەكمىڭ ـ لەكمىڭ خالايىق ناغرا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ "پادىشاھ! پادىشاھىمىز كەپتۇ...!" دەپ تەنتەنە قىلىۋاتقانمىش. ئۇ ئارغىماق ئۈستىدە ئىشەنچسىزلىك بىلەن ھودۇقۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: "پادىشاھ؟ مەن راستىنلا پادىشاھ بولۇپ قالغاندىمەنمۇ ـ ھە؟" دەپ پىچىرلىغۇدەك. ئۇ بىرچاغدا ئاجايىپ كۆركەم، سەلتەنەتلىك بىر شەھەرگە كېلىپ قالغانمىش. يول بويىدا يۇلغۇن، توغراق، سۆكسۆكلەر... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈرگەن مۇنار ـ قۇببىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ھەيۋەتلىك ساراي ـ قەسرلەر قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقناپ تۇرغانمىش. ئۇ ھەيرانلىق ـ تەئەججۇپ ئىلكىدە، يېنىدا كېلىۋاتقان ناتونۇش، مويسىپىت كىشىدىن سورىغۇدەك: "مۇنچىۋالا ھەيۋەتلىك ساراي، قەسرلەرنى سېلىشقا يەتكۇدەك ئالتۇنلار نەدىن كەلدى؟" مويسىپىت ئېپتىخارلىنىپ جاۋاب بەرگۇدەك: "نەدىن كېلەتتى؟ سىلىنىڭ بىر ئۆمۈر ئاققۇزغان پاك تەرلىرىدىن كەلگەن شاھىم..." "ئۇنداقتا بۇ ھەشەمەتلىك شەھەر مېنىڭ بولغان بولامدۇ؟" "ئەلۋەتتە سىلىنىڭ."

"بۇ يۇرتقا مېنىڭ پادىشاھ بولۇپ قالغىنىم راستمۇ؟"

"بەرھەق راست، بۇ خۇدانىڭ ئەمرى. ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگە-

كىگە، ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەن كىشىلەر—خۇداغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر. بۇ يەرگە ئەزەلدىن مۇشۇنداق كىشىلەر پادىشاھ بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ ئاۋاتلاشقان، روناق تاپقان...“

”دېگىنىڭ راست بولسا،—دېگۈدەك ئۇ مەمنۇنىيەت ۋە ئىشەنچ بىلەن كۆكسىنى كېرىپ،—بۇ يۇرتقا پادىشاھ بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئادەم مەن ئىكەنمەن...!“

....بوۋاي كۆرگەن چۈشنىڭ شېرىن لەززىتىدىن مەست بولۇپ، كۆزلىرىنى ئۆمرىدە ھېچقاچان ھېس قىلمىغان چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسى بىلەن يۇمدى. تەپەككۇر كۆزى ئالدىدا يەنىلا ئاخشام چۈشىدە كۆرگەن بىر-بىرىدىن گۈزەل، يارقىن شاھانە مەنزىرىلەر نامايان بولماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا ئاشۇ ئالتۇن قەسىردىكى شاھانە تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى ئاشۇ تەختنى چەكسىز مېھرىلىك، ئاتەشلىك سۆيگۈ بىلەن قۇچاق-لىغاندەك، داق يەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۈستىدىكى ئاچچىق شورلىرىنى سۇ يالاپ كەتكەن قۇمساڭغۇ يەرگە يۈزىنى يېقىپ كەتتى. شۇ چاغدا يەرنىڭ مۇقەددەس، ئۆلمەس يۈرىكىنىڭ ھەيۋەت دۈپۈلدەشلىرى چەكسىز بىر چوڭقۇرلۇقنىڭ ھارارەتلىك قاتلىمىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك، يىللىق، رىتىملىق نەپەسلىرى يۈزىگە ئۇرۇلۇۋات-قاندەك بولدى. بوۋاينى شۇ تاپتا ئىنسان ئەقلى سېزىشكە قادىر بولالمىغان چەكسىز قۇدرەتلىك ئىلاھى سېھرىي كۈچ ئىلكىگە ئال-غان، شۇڭا ئۇ تاشقى ئالەمدىكى ھەممىنى—ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئاتمىش بەشلەرگە ئۇلىشىپ قالغان، كۈچىدىن كېتىۋاتقان قاتاڭغۇر سىياقىنى، گەجگىسىدىن تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان موھتاج-

www.uyghurkitap.com

لىق، نامـراتلىقنى، خوتۇن ـ باللىرىنى، مۇنۇ بىردىنبىر ئەتىۋارلىق مۈلكى بولغان پىگىلو ھارۋىسى بىلەن تاغىل ئىنىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان بىر دۆۋە ئوت ئالدىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ كېچىدىكى شېرىن چۈشلىرىگە قايتقانىدى. ئەنە، شاھانە ئارغىماق...خۇشال تەنتەنە قىلىشىۋاتقان لەكمىك ـ لەكمىك ئادەم... ئەنە، بۈك يۇلغۇن، توغراقلار ئارىسىدا مۇنارلىرى كۆككە تاقاشقان ھالدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇن قەسىر...

بوۋاي ياتقان يېرىدىن يولۋاستەك چەبدەسلىك بىلەن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى پۇتىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا قىلىچتەك شىلتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇ يەرلەر—يۇلغۇن، توغراقلار، ئالتۇن قەسىرلەر، دەريالار... مېنىڭ!! مەن بۇ يەرگە پادىشاھ! خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن پادىشاھمەن...!

بوۋاي ئۆمرىدە بۈگۈن بىرىنچى قېتىم شۇنچىلىك قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئاۋازى قويۇق يۇلغۇنلار ئۈستىدىكى نەمخۇش، ساپ ھاۋانى تىترىتىپ، يىراقتىكى بۈك توغراقلىقلار ئارىسىدا بوغۇق، ئەمما كۈچلۈك سادا بەردى:

— پا...دىشاھ...مەن...!پا...دىشاھ...مەن...!

بوۋاينىڭ شىددەتلىك ئەكس سادادىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ۋارقىرىماقچى بولغانىدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى، گېلىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى يىرتىلغاندەك ئىدىق ئارىلاش پىژىلداپ ئېچىشىپ، قاتتىق يۆتىلىشكە باشلىدى. مەيدىسىنى قامالـلاپ، تۇرغان ئورنىدا ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ توختاۋسىز يۆتىلەتتى، يۈزلىرى چىڭقىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. يۆتەل ئارىسىدا

ھاسراپ ـ ھۆمۈدەيتتى. خىلىدىن كېيىن يۆتىلىمۇ توختاپ، ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى ـ دە، بايا ساراڭلارچە نېمىدەپ تۇۋلىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئەتراپقا قورقۇش، شۈبھە ئارىلاش بويىنىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. ئەتراپتا ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىرەر ئادەم تۇگۇل، ئەتىگەندىكى تورغايلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ھارۋا يېنىدا چالا قاجىلانغان قوناق شېخى ئۈستىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆشەپ ياتقان تاغىل ئىنەكلا پىيالىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىچە دادىسىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى چۈشىنەلمىگەن سەبى بالىنىڭ قىزىقىش، تېڭىرقاش، ھەيرانلىق ئىچىدىكى سوئاللىق تىكىلىشلىرىنى بايقاپ قالدى ـ دە، خىجىل بولۇپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

كۈن چۈش بولغان، ئەمدى ئالدىراش كېرەك ئىدى. بوۋاي ئىنەكنى ھارۋىغا قېتىپ، باغلاپ تەقمۇتەق قىلىپ قويۇلغان قاقشاللارنى ھارۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەڭشەپ، رەتلىك بېسىشقا باشلىدى. بوۋاي ئەمدى بايىقى شېرىن چۈشلىرىنى ئەستىن چىقارغان، ئۆزىنىڭ جاپاكەش، نامرات دېھقانلىقىغا قايتقانىدى. ئۆيىگە قايتىپ بارسا، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ قارشى ئالىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى كۆزىگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنى ئويلىغانسېرى دىلى غەش بولۇپ، ھەسرەت خامۇشلۇقى ئىچىدە ئوتتۇنلارنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بېسىۋەردى.

بوۋاي ئىچىدە بۇ قېتىم مۇشۇ بىر ھارۋا ئوتتۇننىڭ پۇلى بىلەن زادى ھەل قىلىمىسا بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ ھېسابلاۋېتىپ، ئوتتۇننى شۇنچىلىك كۆپ بېسىۋەتتىكى، بىرچاغدا ئېسىگە كېلىپ، ھارۋىغا قاراپ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. بۇنچىلىك كۆپ

ئوتۇننى يالغۇز ئىنەكىنىڭ سۆرەپ شەھەرگە ئاپىرالىشى زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

”نېمىشقىمۇ ئېشەكنى يانداپ قېتىپ كەلمىگەندىمەن؟ — دەپ ھەسرەت ئارىلاش پۇشايمان قىلىپ كەتتى ئۇ، — ئېشەك دېگەن ئۇ ھارام ئىپلاس شاش، يامان بولغىنى ئۇچۇنلا ئېغىلدا بىكار ئوت يەپ، راھەتتە ئېغىناپ ياتىدۇ. ماۋۇ ئىنەك بىچارە بولسا، ياۋاش، رايىش بولغىنى ئۇچۇنلا جاپادا...“

بوۋاي ھارۋا يېنىدا خېلىغىچە بېشىنى تاتىلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، تارتىنىش، قىيالماسلىق، ئىچ ئاغرىتىش ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇردى.

”ئەستا...قانداق قىلسام بولار؟ ئۈستىدىن بەش-ئالتە باغلامنى چۇشۇرۇۋېتەيمىكىن يا؟ ئۇنداق قىلسام قولغا كىرىدىغان پۇلمۇ شۇنچىلىك ئازىيىدىغان گەپ. بالىنىڭ ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل ئاز كېتەمدۇ، جىق كېتەمدۇ، كىم بىلىدۇ؟ ئەخمەتنىڭ ئۆتۈكىنى بۇ قېتىم چەملەتمەي تۇرايمىكىن يا، بىچارە بالا...ھاشارغا تولا قاتراپ ئۆتۈكىنىڭ چەمى چۇشۇپ قالغىنى بىلەن، ماڭا چىش يېرىپ گەپ قىلىپ باققىنى يوق. ئۆيىنىڭ ھالىنى بىلىدۇ-دە، ئۇ. يازدىغۇ ئاياغ يېرتىلىپ كەتسە يالىڭاياغ يۈرسىمۇ بولىۋېرىدۇ، قىشتا مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۆتۈكنى چەملىتىپ بەرمەي بولمايدۇ. ھەي...شۇ ئايگۈلنىڭ غەۋغاسى... بوپتۇ، كىتاب، دەپتەرنىڭ پۇلى ئۈچۈن ئۆلۈپ قالماسمەن. قىز بالا ئەمەسمۇ، ئوقۇسۇن...بوۋاي دۇمبىسىنى تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغان ئېغىر ھارۋا شوتىسى ئىچىدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغان ئىنەككە ئەيىبكارلارچە قاراپ، غەمكىن كۆڭلۇمسىرەپ قويىدى، — بۇ قېتىم ئىگەڭنى كەچۈر. تاش يۈرەكلىك

قىلىدىغان بولدۇم. ئۆيدىكى موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنىلا سېنى قاقشاتماي ئامالىم يوق. ھارۋىنى تارتالماي قالغان يەرلىرىڭگە مانا مەن بار. چاقنى مۇرىدەيمەن، سەن بىلەن تەڭ تارتىمەن، ئۆيگە ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىۋالساقلا، ئۇنىڭدىن نېرىسىغا ــ شەھەرگە ھېلىقى ئېشەك دېگەن ھارام مەلئۇننى ساڭا ياندايمەن...»

ئىنەك گويا بوۋاينىڭ يۈرەك ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بېشىنى سىلكىپ، ئۈستۈنكى قوڭۇر، ياپىلاق تۇمشۇقىنى ئۇزۇن، قىزغۇچ يىرىك تىلى بىلەن يالاپ قويدى. بۇ چاغدا تىلىنىڭ ياپىلاق ئىنچىكە ئۇچى بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە كىرىپ چىقتى. ئىنەك شۇ تاپتا ئۇزۇن قاقشال بېسىلغان ھارۋا شوتىسى ئىچىدە مۇشۈكتەك كىچىككىنە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئىتتىكلىكى، كۈچلۈك، چىداملىقلىقى بوۋايغا ئايان. يولدا ھېلىقى ياغاچ توسقۇچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ، كۈتۈلمىگەن پېشكەللىككە يولۇقمىسىلا، ئىنەكنىڭ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ بىر ھارۋا ئوتۇننى يېرىم كۈن كېچىكىپ بولسىمۇ ئۆيگىچە سۆرەپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى.

ئىككى چېتى بۈك يۇلغۇن، تىكەنلىك، يۇمشاق شور توپىلىق ئەگرى ـ بۈگرى كاتاڭلىق كونا ھارۋا يولى. ئېغىر ھارۋا ئىككى تەرەپكە كېلەڭسىز چايقىلىپ، قۇرتتەك ئاستا مىدىرلاپ كەلمەكتە. ئىنەكنىڭ پاتاڭلىرى ئۇزىراپ، قاتتىق كۆچەشتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالغان، ئۇ ئىنچىكە پۇتلىرىنى قاتتىق تىرەپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ، ھارۋىنى ئالغا سۆرەشكە ئۇرۇنماقتا. ھارۋا گويا ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، خالار ـ خالىماس ھالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالدىغا سۈرۈلدۇ. ئۇ ھەر

قېتىم كاتاڭغا قېقىلىپ چۈشكەندە، ئىنەك ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى تەرەپكە چايقىلىدۇ. ئىنەك بۇ چاغدا يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، ۋۇجۇدىدىكى جىمى چىدام، قەيسەرلىكىنى پۇتىغا يىغىپ، بارلىق كۈچى بىلەن يەرگە تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ.

بىر قەدەم...بىر قەدەم...

ئىنەك قاتتىق ھاسىراپ پۇشۇلدىغاندا بۇرنىدىن ئاپئاق ھور ئېتىلىپ چىقاتتى. بۇنى كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پورۇقلاپ قايناپ تېشىۋاتقان بىر دەريانىڭ سۈيى بارمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنەكنىڭ تۆۋەنكى كالپۇكىدىكى ئۇزۇن تۈكلەردە ئىنچىكە چوكا مۇزلار قېتىششقا باشلىغان، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئىسسىق ھور قانچىلىك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىققانسېرى مۇزلار تېخىمۇ ئاۋۇپ، پەسكە ئۇزىراپ ساڭگىلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسسىق ھور بارا ـ بارا ئىنەكنىڭ دۈمبىسىدىن، ساغرىسىدىن، ئاندىن پۇتۇن بەدىنىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بەدىنىنىڭ بىر قەۋەت شور توپا قونغان قىزغۇچ، قوڭۇر تۈكلىرى تەر بىلەن دەسلەپتە پارقىراپ، كېيىن پاتقاقتەك قارىيىپ كەتتى.

ھارۋىنىڭ سول تەرىپىدە بوۋاي ئىنەك بىلەن سوڭدىشىپ ئاستا چامداپ كېلىۋاتاتتى. يۈز ـ كۆز، ئۈستىباشلىرىغا قونغان قېلىن بىر قەۋەت ئاقۇچ شور توپا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سياقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنى بەئەينى ئەسكى تاملىق ئىچىدە تېخىچە ئۆرۈلمەي چوقچىيىپ تۇرۇپ قالغان كېسەكتەك دۆۋىسىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئەسلىدىكى ئاندا ـ ساندا قارىسى قالغان قويۇق ساقاللىرى قىراۋ باسقان شۋاقتەك پاخپىيىپ تۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ قارىچۇقى

مەدىرلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىنلا ھاياتلىقنىڭ ئۆلمەس بىر سىماسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

ئېگىز، بوك توغراقلىقلار ئارقىدا — خېلىلا يىراقتا، قىشنىڭ ئاقۇش كۆل رەڭ قويۇق تۇمانى ئارىسىدا قالغان، يول ئەتراپىدىكى يۇلغۇن، ئازغان، ئاق تىكەنلەر شالاڭلاپ، پاكارلاپ كېتىۋاتاتتى. يەنە ئازراقلا ماڭسا دەريا كېچىككە يېتىپ باراتتى. كۆن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قانداقلا بولمىسۇن دەريادىن ئۆتىۋېلىش كېرەك ئىدى.

"دەريا بويىدىكى ياغاچ توسقۇچىلار ھېلىمۇ بارمىدۇ - ھە؟ ئۇلار بولىدىغانلا بولسا، ھارۋامنى دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋالغان تەقدىردىمۇ، جاڭگال يۇلى تۆلىمەي قۇتۇلۇپ كېتەلىشىمدىن ئۈمىد يوق، ئۇلار 'قىرىق قاراقچى'نىڭ دەل ئۆزى. ئۇلار پېشانىسىدىن بىر تامچە تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ ئالدىغا تەييار كەلگەن ئولجا بىلەن نەپسىنى تويغۇزۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلار شۇنچە ئۇششۇقلۇق قىلىشقا پېتىنغۇدەك بۇ خۇدانىڭ زېمىنىگە بىر تال يۇلغۇن، بىر تۈپ توغراق تىكىپ قويۇشۇپتىكەنمۇ؟ ياكى دەريا سۈيىنى بىرەر قېتىم جاڭگاللىققا باشلاپ سۇغىرىپ قويۇپتىكەنمۇ؟ ھىم! ھۆكۈمەت ئادەملىرىمىش تېخى! نەرى ئوخشايدۇ ئۇنىڭغا...؟"

بوۋاي ئۆتكەن يىلى قىشتا مۇشۇ دەريا بويىدا ئۇلارنىڭ بىھۇدە سالغان زۇلۇمىنى ئويلاپ، قولىدىكى قامچىدەك تولغىنىپ كەتتى:

...كەچكۈز مەزگىلى ئىدى، دەريا كېچىكى تېخى مۇز تۇتمىغان، سۈيى تارتىلىپ كالىنىڭ قورسىقىغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بوۋاي قوشنىسىنىڭ بىر كالىسىنى لاپقۇتقا ئېلىپ ئىنىكىگە يانداپ قوشتى - دە، ئوتۇنغا كەلدى. قاقشال بېسىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ھارۋىسىنى دەريادىن ئەمدىلا ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىغا، دەريا

بويىدىكى گەمە ئىچىدىن ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ كىيىنىشكەن ئاللىقانداق ناتونۇش كىشىلەر ھارۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قاقشالنىڭ تېگىگە توغراق كۆتىكى بېسىلغانمۇ نېمە؟ — ئۆشنىسىگە مىلتىق ئاسقان بىرسى ھارۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، بوۋايغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

— يالغۇز جېنىمغا ھارۋىغا توغراق باسقۇدەك نەدە كۈچ ئۇكام؟ — بوۋاي تەشۋىش ئارىلاش، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — قاراپ بېقىڭ، ھەممىسى قاقشال، ماڭا لازىممۇ مۇشۇ.

— ئۆيدە قالامسىز، ساتامسىز؟

— ھەي، ئۇكام...شۇ بىر ئۆينىڭ دەردى...ساتاي دەپ شەھەرگىلا ئېلىپ ماڭدىم.

— خەير بوپتۇ، — مىلتىقلىق چىشىنىڭ ئارىسىدىن ”چىرت“ قىلىپ تۈكۈردى، — توغراق كەسمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ھارۋىڭىزنى قويۇپ بەردۇق. ئەمما بىزگە بەش كوي پۇل تۆلەپ ماڭىسىز.

بوۋاي چۆچۈپ كەتتى:

— بەش كوي؟ نېمىگە تۆلەيدىغان پۇل بۇ ئۇكام؟

— جاڭگال پۇلى.

— جاڭگال پۇلى؟! — بوۋاي ھاڭۋېقىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى، — بۇ ئاڭلاپ باقمىغانلا بىر گەپكەنغۇ!

— سىز ئاڭلىمىغان گەپلەر ساماندەك... — دېدى مىلتىقلىق مەسخىرە قىلىپ، — بۇرۇن ئاڭلىمىغان بولسىڭىز، ئەمدى ئاڭلاپ قېلىڭ. گەپ شۇ...جاڭگالدىن پەقەت قۇرۇق ئوتۇن ئېلىشىڭىزغىلا رۇخسەت. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالنىڭ خوراش پۇلىنى تۆلەيسىز.

— مۇنداق دەڭ...ئەمما شۇ تاپتا نەدىكى پۇلنى تۆلەرمەن

www.uyghurkitap.com

سىزگە، يانچۇقۇمدا پۇلۇم بولسا، ئوتۇن ساتىمەن دەپ مۇشۇ جاپانى تارتىپ يۈرەتتىممۇ. ئوبدان ئۇكام، بۇ قېتىم بىر كەڭچىلىك قىلىڭ. يەنە بىر قېتىمدا...

— بۇ بىر پرىنسىپ! — مىلتىقلىق ئۇنىڭ يېلىنىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك توڭلۇق بىلەن سىلكىدى، — پۇلنى تۆلىيەلمەمسىز؟ ئۇنداقتا قاقشالنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈۋالىمىز شۇ.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر خۇددى مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك، تۇشمۇتۇشتىن هارۋىغا يوپۇرۇلۇشۇپ كەلدى، بىرلىرى هارۋىغا يامىشىپ چىقىشقا، بىرلىرى ئوتۇن تارتقان ئارغامچىنى كېسىشكە باشلىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، قولىدىكى تاسما تىللىق قامچا بىلەن ئارغامچا كېسىۋاتقانىنىڭ گەجگىسىگە قارس قىلىپ بىرنى سالدى.

— توختاش! بۇ قىلغىنىڭنىڭ نەرى هۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشايدۇ؟ بۇلاڭچىلىق بۇ! بۇ خۇدانىڭ زېمىنى، ئوتۇن دېگەن خۇدانىڭ بايلىقى، ئۇنى ئىگىلىۋېلىشقا هېچقايسىڭنىڭ هەققى يوق!

پېشكەلچىلىك ئاشۇنداق باشلاندى. بوۋاي قولىغا ئۆتكۈر پالتىسىنى ئېلىۋالغاندى. "قايسىڭ هارۋىغا يېقىنلاشساڭ، بېشىڭنى قوشقاچنىڭ بويىندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن...!" دەپ هەيۋە قىلاتتى. يول توسقۇچىلار خۇددى گۆشى تاتلىق ئەمما ئۆزىدىن زور، كۈچلۈك هايۋاننى قورشىۋالغان چىل بۆرىلەردەك، هارۋا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. لېكىن يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمايتتى، بوۋاي بىر قولىدا قامچىنى، بىر قولىدا پالتىنى تۇتقىنىچە هارۋىنى قوزغاپ ماڭدى، هارۋا تېخى ئون قەدەمچە ماڭمايلا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز

بەردى. غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ چىرايى شور توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن مىلتىقلىق هارۋا چاقىغا قارىتىپ ۋاڭ قىلىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. بوۋاي دەسلەپتە هېچنېمىنى سەزمەي قالدى، پەقەت چاق كامىرىدىن ۋاشىلدىغان كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، هارۋا بىر تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا، چاقىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئوق چاقىنىڭ كالا كۆزىدەك چوڭلۇقتىكى يېرىنى كۆيدۈرۈپ تېشىپ چىقىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئاخىرى قاقشالىنىڭ هەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ هارۋىسىنى قۇرۇق هەيدەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى...

...بوۋاي هارۋىسىنى توختىتىپ، يول چېتىدىكى ئېگىز يۈلغۈنلۈق دۆڭگە يامىشىپ چىقتى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە مۇز تۇتقان دەريا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى. دەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تار كېچىك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، دەل كېچىك بويىدا ئاسمانغا تولغىنىپ كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر مىدىراپ يۈرۈشەتتى.

"يەنە شۇ قاراقچى، بۇلاڭچىلار... — بوۋاي دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى، — ئاجىزنى بوزەك قىلغىلى چىشىنى بىلەپ تۇرغان گەپ. قاقشالنى شۇنچە يىراقتىن نى - نى جەبىر - جاپادىن قورقماي ئەكىلىمەنۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قول باغلاپ تۇردىغان توخۇ يۈرەك ئەخمەقمىدىم مەن؟ ياق! بۇ قېتىم ئۇلارغا چىش كوچىلىغۇدەك ياغاچ چاغلىق نەرسەمنى تارتقۇزۇپ قويمايمەن. ئۇلار دەريا كېچىكىدە تەييار ئولجىنى ساقلاپ، چىشىنىڭ كىرىنى شوراپ ئولتۇرۇۋەرسۇن، مەن ئۇلار بىلمەيدىغان يول بىلەن ئايلىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ كېتىمەن..."

بوۋاي هارۋا يېنىغا كەلدى، ئىنەكنىڭ كۈچلۈك هاسىراشلىرى

تېخىچە توختىمىغانىدى، ئۇ ئاشۇ ھاسىراپ پۇشۇلداشلىرى بىلەن شۇتا ئىچىدە ئالدى ـ كەينىگە رىتىملىق تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئىنەكنى دەم ئالدۇرۇشقا ئارتۇقچە ۋاقىت يوق ئىدى، كۈن غەربكە ـــ جاڭگال ـ لىق ئۆستەڭگە قىيىلغان. چۈشتىكى نەمخۇش، يىللىق ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ، دەريا تەرەپتىن سوغۇق دەشت شامىلى ئۇرۇۋاتاتتى. سوغۇق شامالغۇ مەيلى ئىدى، ئەمما كۈن ئولتۇرغىچە دەريادىن ئۆتتۈۋالمىسا، قاراڭغۇدا مۇزنىڭ نەرىنىڭ قېلىن، نەرىنىڭ نېپىزلى ـ كىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بوۋاي ئىنەكنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە ـــ قاچاندۇ بىرچاغلاردا ھارۋا ماڭغان، كېيىنچە ئادەم زاتى ئاياغ باسمىغانلىقتىن شور توپا ئۆرلەپ كەتكەن كونا يولغا بۇرىدى. ھارۋا چاقى يامغۇردا كۆپۈپ كەتكەن بوش توپىغا غىرىچچە پېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۆستىگە يولدا بۇرۇن ئىز قالدۇرغان ھارۋا ئۇزۇن، كۆتەك چاقلىق ھارۋا بولغاچقا، بۇ ھارۋىنىڭ قىسقا ئوقلۇق رېزىنكە چاقى ئۇ كونا ئىزغا چۈشەلمەي، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىقىپ قالغان شورلۇق دۆمبەللەرگە قاپسىلىپ قېلىۋاتاتتى.

"غەيرەت قىل، يەنە ئازراق غەيرەت قىل... ـــ بوۋاي ئېغىر چاقنى مۇرىدەۋېتىپ پىچىرلىماقتا، ـــ بۇ قېتىم مۇشۇ ئوتۇنتى ئامان ـ ئېسەن سېتىۋېتىپ قايتىپ كەلسەملا سېنى توپىقىڭ بىلەن قوشۇپ، ئىسسىق ئېغىلدا ئىككى ھەپتە ئارام ئالدۇرىمەن، ئۇنىڭغىچە "بىر قېتىممۇ ساغماڭ قىزىم" دەپ كېلىنىمگە ئېيتىپ قويىمەن. يامان كۈن ـ لەرگە دەپ ساقلاپ قويغان يېرىم تاغار كۆنجۈرە بىلەن بىر چارەك قوناق ئۇنى بار. سېنى شۇ چاغدا كۈندە ئىككى ۋاق كۆنجۈرە بىلەن باقمىسام، قوناق ئۇنىدا بىر قېتىم ھەلەپ بەرمىسەم ھېساب ئەمەس. مۇشۇ قېتىم تارتقان جاپالىرىڭنىڭ ھەققىنى شۇ چاغدا قايتۇرمىسام،

www.uyghurkitap.com

خۇدا ئالدىدا لەئەت گەردى بولۇپ كېتەرمەن...

بوۋاي چاقىنى ئىتتىرىۋېرىپ هالىدىن كەتتى. پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلىقتىن دىرىلدەيتتى. پېشانىسىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇپ، يۈز ـ كۆزى قارا پاتقاقتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئىنەكنىڭ هالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يامان ئىدى، قاتتىق هاسىراپ ـ هۆمۈدەش-تىن ئاغزىدا ئاپئاق كۆۋۈك قايناپ، پەسكە شۆلگەي ساڭگىلاپ تۇراتتى. هارۋىنى جان ـ جەهلى بىلەن كۆچەپ تارتقانلىقتىن، سەچۈك بويۇن گۆشلىرى ئارىسىغا پېتىپ كىرىپ كەتكەن، كىكىردەك بېغىنىڭ گېلىنى قاتتىق سىقىشىدىن دېمى كېسىلىپ، نەپەس ئالالماي، خۇددى گال پىچاقتا بوغۇزلانغاندەك خارقىراپ قالغانىدى. كۆزلىرى قان تولغان پىيالىدەك قىزىرىپ، ئاشۇ دەهشەتلىك چەكچىيىشىدە هازىرلا پارتلاپ، ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بوۋاي هارۋىنىڭ بىر ئاش پىشىمغىچە تېخى بىر دۆمبەلىدىن ئايلىنىپ ئۆتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەگسىز بىر ۋەهىمىدىن يۈرىكى سىرقى-راپ، مېڭىسى ئايلىنىپ كەتتى. هارۋا بۇ مېڭىشىدا دەريا بويىغا يېرىم كېچىدىمۇ يېتىپ بارالمايتتى. ئىنەك ئەمدى بۇرۇنقى چىدام ۋە غەيرىتىنى يوقاتقان، ئۇ قېرىشقاندەك هارۋىنى بىرەر غۇلاچچە يەرگە تارتىپ بارا ـ بارمايلا توختاپ قالاتتى. بوۋاي قامچىسىنى هەيۋە بىلەن دىۋەيلەپ، ۋارقىرىغاندىن كېيىنلا بىر ـ ئىككى غۇلاچچە يەرگە بارات-تى ـ دە، يەنە توختاپ قالاتتى.

”چۇھ...! چۇھ دەيمەن...! هۇ ئۆلۈكىنى ئىت يېگۇر! ـــ بوۋاي خۇددى ئىنەكنى هازىرلا چەيلەپ ـ مىجىۋېتىدىغاندەك ئالدىغا دىۋىنىپ كەلدى، ـــ خەپ...! هېلى بىكار جۇمۇ سېنى...!“

ئىنەك قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بېشىنى نېرى چەتكە

ئېلىپ قاچتى. ئەمما جايىدىن مىت قىلىپ تەۋرەپ قويمىدى. بوۋاي ئىنەكىنىڭ باش - كۆزىگە غەزەپ بىلەن ئىككى قامچا سالدى. ئىنەك شۇ ئان قامچا ئازابىدىن ئاچچىق تولغىنىپ، خۇددى يۈرىكىگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك كۆچسىز ئىڭرىۋەتتى ۋە جان ئاچچىقىدا بار سالمىقى بىلەن ئالدىغا ئوخچۇپ، كۆتۈلمىگەندە ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرگە تىزلىنىپ قالدى. ھارۋا شۇ ھامان ئالدىغا سىلكىنىپ، قاقشالنىڭ ئېغىر سالمىقى ئىنەكنى يەرگە چاپلاپ قويدى. ئىنەك شوتا ئىچىدە جان تالىشىۋاتقاندەك تىنىمسىز تېپىچەكلەيتتى، ئىككى تەرەپكە يۇلقۇناتتى، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەيتتى...

"ۋاي ئىست، ئىنەك...!"بوۋاي ھەسرەتلىك بىر نىدا بىلەن ئاچچىق ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئېتىلىپ كېلىپ ھارۋا شوتىسىنى بار كۈچى بىلەن يۆلەشكە كىرىشتى. بوۋاينىڭ ئۇمۇرتقا سۆڭىكى قىرسىلداپ كەتتى، قاتتىق چىڭقىلىشتىن چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ ئېتىلىپ كەتكەندەك بولدى. شۇ ھامان ئىنەكنىڭ قاتتىق يۇلقۇنۇشى بىلەن تەڭ ئېغىر شوتا لەپپىدە كۆتۈرۈلدى...

ئەمما بوۋاي ئىنەكنىڭ تۇمشۇقىدىكى قاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى ياپلاق، قېلىن كالپۇكى بايىقى يەرگە تىرەجەشتىن ئېزىلىپ، يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن چىپىلداپ قان ئېقىپ تۇراتتى! ئۇ ئىنەكنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ، يۇڭلۇق ئېڭەكلىرىگە، كۆزلىرىگە يۈزىنى يېقىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى: "ۋاپادار قېرىنىدىشىم...نېمىشقىمۇ ئۇرغاندىمەن سېنى! مۇشۇ لەنىتى ئوتۇنىنى، ئازراق پۇلنى دەپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىبانلىقىمنى، يۇمشاق كۆڭۈللۈكۈمنى ئۇنتۇپ قالغان-

دىمەنسمۇ ـ ھە؟ مېنى مۇشۇنداق تاش يۈرەكلىككە، قاباھەتلىككە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە؟ يوقسۇزلۇقمۇ ياكى پۇلنىڭ ۋەسۋەسـ ـسىمۇ؟ مەن سېنى ئۇرغاندا نېمىشقا مېنى مۇشۇ ئۇچلۇق مۈڭگۈزلىرىڭ بىلەن ئۇسۇپ، بېقىنلىرىمنى تېشىۋەتمىدىڭ؟ نېمىشقا ۋاپاسىزلىقىـ ـنىڭ، قارا يۈرەكلىكىمنىڭ جازاسىنى بەرمىدىڭ؟ خۇدا مۇشۇ مۈڭـ ـگۈزلىرىڭنى بىكار ياراتمىغان بولغىيدى. ئۇنى، ئۆزۈڭنى دۈشـ ـمەندىن، زوراۋانلىقتىن ھىمايە قىلدىغان قورال ئورنىدا بەرگەن بولغىيدى. نېمىشقا ئۇنىڭ كۈچىنى كۆرسەتمىدىڭ؟ مۈڭگۈزلىرىڭ تۆمۈردىن قاتتىق، قىلىچتىن ئۆتكۈر، بوي ـ بەستىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك، قۇدرەتلىك. ئەمما كۆزلىرىڭ يېتىم، نارەسىدە بالىنىڭكىـ ـدەك مۆڭلۈق، جۇرئەتسىز، ھەسرەتلىك. نېمىشقا ئۇنىڭدا قەھرى ـ غەزەپنىڭ ئۆتكۈر چېقىندىشى يوق؟ بولمىسا مەندىن قىساس ئالاتـ ـتىڭ. ۋاپاغا جاپا قىلغىنىم ئۈچۈن كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىمنى بېرەتتىڭ! ياق، كۆزلىرىڭنى مۇڭ بىلەن پارقىراتما! شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەققىڭ بار ئىدى. ئېغىلغا سولاپ، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئاچ قويسام غىڭ قىلمايسەن، ھېلىقى ئېشەك دېگەن ھارامزەدىدەك ھاڭراپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يېمەيسەن. خالىسام ھەپتىدە بىرەر ـ ئىككى قېتىم كېپەكتە ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ قويىمەن. بولمىسا، سېسىپ، قارىداپ كەتكەن قوناق شېخىنى، ئېشەكتىن ئېشىپ قالغان سامانىنى يەپ ياتىسەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا كۈندە بېرىدىغىنىڭ ئاپئاق سۈت! كېلىنىم كۈندە ئىككى قېتىم ئەمچەكىڭنى رېزىنكىدەك سوزۇپ، يېلىـ ـنىڭدە بىر تامچە سۈت قويماي سېغىۋالىدۇ. خۇددى تومۇرۇڭدىن قانىنى، سۆڭەكىڭدىن يىلىكىڭنى شورىۋالغاندەك. ئەمما سەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈڭدە "غىڭ" قىلىپ باققان ئەمەس، يەنىلا كۆزلىرىڭنى

مۇڭلۇق پارقىرىتىپ، تۇۋرۇكلەرگە باغلانغىنىڭچە ئۇندىمەي، مىدىر قىلماي تۇرغىنىنىڭ تۇرغان. ماڭا كۆرسىتىدىغان ۋاپا، ھەممىتىنىڭ يالغۇز بولا ئەمەس، ياز بويى يەر تىرىسام ساپانىدىن، ئىتىزغا ئوغۇت توشۇسام ھارۋىدىن، خامان تەپسەم تۇلۇق سۆرەشتىن باش كۆتۈرەلمەيسەن. قىش كىرگەن ھامان مۇشۇنداق ئوتۇنچىلىقتىن... ئېيتقىنا بىچارە ئىنىكىم، دۇنيادىكى جىمى ھاياتلىق ئىچىدە سەن نېمانچە بەختسىز بولۇپ يارىلىپ قالغانسەن؟ سەن خۇداغا ئەرز - ھالىڭنى ئېيتىپمۇ باقمىدىڭمۇ؟ بىلىمەن...ئېيتىپ باقمىدىڭ، بىرەر قېتىممۇ ئېيتىپ باقمىدىڭ. ھەممىگە چىدىدىڭ، سۇكۇت قىلدىڭ. ھەممە دەرد - ھەسرەتلىرىڭنى، ئازابلىرىڭنى ھەربىر تىنىقىڭدا تارتقان "ئۇھ"لىرىڭ، پۇشۇلداشلىرىڭ بىلەن تۆكەتتىڭ. لېكىن بولارنىڭ ماڭا ئۇۋالى بولماسمۇ؟ خۇدادىن ھەر نامىزىمدا گۇناھلىرىمنى تىلىگىنىم نېمىسى؟ سېنى ياۋاش، تىلسىز كۆرۈپ زۇلۇم سالغىنىم نېمە بولدى؟ بۇنداق قاقشال دېگەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە؟ ئەرزىمەسلا بىرنەرسە! ئۇنىڭ ھەممىسىنى مەشەگىلا ئۆرۈۋېتىمەن، ئەمدى ھارۋىغا سېنى ئەمەس ئېشەكنى قاتىمەن..." بوۋاي سۆز - لىمەكتە، ئىنەك بىلەن ئەنە شۇنداق ئۇنسىز سىرداشماقتا. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توختار ئەمەس، ئەلەملىك، ھەسرەتلىك، ئاچچىق كۆز ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى كۆيدۈرۈپ، ساقاللىرىنى بويلاپ، يەرگە ــ شور توپا ئۈستىگە تاراملاپ چۈشمەكتە.

بوۋاي يىغلىماقتا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىنەكمۇ يىغلىماقتا.

بوۋاي خىيلىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. قۇياش بۇك جاڭ - گاللىق ئارىسىغا چۆككەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جاڭگال ئۈستىدە ــ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان تۇمانلار ئارىسىدا ئۆچۈ -

ۋاقتقان چوغنىڭ ھالسىز شولىسىدەك سۇس يالىلداپ تۇراتتى.

"ئىنەكنى ئارام ئالدۇرغاچ، ئازراق تويدۇرساممىكىن، ئۆزۈممۇ بىر پارچە نان يەۋالسامىكىن..." دەپ ئويلىدى بوۋاي. لېكىن ئىنەكنىڭ ئالدىغا ئېششىپ قالغان ئاخىرقى بىر باغ قوناق شېخىنى تاشلاپ بېرىشكە ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆڭلى چىدىمىدى. ئۇ قاقشالغا ئىلىقلىق خۇرجۇننى ئېلىپ، ئىچىدىكى نان ئوراقلىق داستىخاننى ئىنەكنىڭ ئالدىغا يېيىپ ئاچتى-دە، ناننى ئۇششاق پارچىلاپ ئىنەكنىڭ ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى.

"يە، ئىنىكىم، بولسا، داستىخاندىكى ناننىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىۋەتكىن. قورۇنما، ئەسلىدە بۇ دۇنيادا تارتقان جەبىر-جاپالىرىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاپئاق ناننى يېيىشكە تېگىشلىك ئىدىڭ. شاخ، سامانىنى سەن ئەمەس، ھېلىقى دەريا بويىدىكى تەييارغا ھەييار قاراقچى-بۇلاڭچىلارنىڭ يېيىشكە ياراتقان بولسا بەك ئادىللىق بولاتتى..."

ئىنەكنىڭ كالپۇكىدىكى قان توختاپ، يېرىلغان يارا ئېغىزىدا بىر قەۋەت قارامتۇل پەردە قېتىشىپ قالغانىدى. ئۇ، ناننى كىرپە تىكىنىدەك يىرىك تىلى بىلەن يالاپ، كۈچلۈك ئېغىز چىشلىرىدا قاراسلىتىپ چايناشقا باشلىدى. بوۋاي قورسىقىنىڭ ئاچلىق ئازابىدىن ۋاژىلداپ ئېچىشىۋاتقىنىنى سەزمەيتتى. ئۇ ئىنەكنىڭ ناننى ھۇزۇرلىنىپ چايناشلىرىنى، قولىدىكى نانغا بويۇنداپ، تىلىنى ئۇزۇن سوزۇشلىرىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. "كۆڭلى يېمىدىگەن ئاق بۇنىڭ؟ مانا، ئۇ مېنىڭ بايىقى تاش يۈرەكلىكىمنى زادىلا كۆڭلىگە ئالماپتۇ" دەپ ئويلىدى بوۋاي.

ئىنەك ھەش-پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ناننىڭ ھەممىسىنى

يەپ تۇگەتتى. بوۋاي خۇرجۇن ـ قاچىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، قاقـ
شالنى مەشەگە چۇشۇرۇۋېتىدىغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا قورسىقىنى ئاغـ
رىتىپ، قىيالماسلىق بىلەن قاراپ تۇرغان چاغدا، تۇيۇقسىز ھارۋا
ئالدى ـ كەينىگە چايقالغاندەك بولدى ـ دە، ئاستا قوزغىلىپ مېڭىپ
كەتتى.

”ۋاي ئىست، گالۋاڭلىقىم...— بوۋاي خۇشاللىقىدىن قولىدىكى
قۇرۇق خۇرجۇننى قاقشال ئارىسىغا ئالمان ـ تالمان قىستۇردى، —
ئىنەكنىڭ ئاچلىقتىن ھارۋىنى تارتالماي قالغانلىقىنى نېمشقا بالـ
دۇرراق بىلمىگەندىمەن؟ شۇكۇر، ئەلھەمدۇلىللا...! مانا ئەمدى
ياخشى بولدى...قاقشالنىمۇ چۇشۇرۇۋەتمەيدىغان بولدۇم. شۇنداق...
ئۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئازراق پۇل جايلىمسام، بالىنىڭ
ئانىسىنى قانداق داۋالىتىمەن؟ ئەخمەتنىڭ ئۆتۈكىنى نېمە بىلەن
چەملىتىمەن؟ قىزىمنىڭ كىتاب ـ دەپتەر دەۋاسىدىن قانداق قۇتۇلـ
مەن؟ قۇدرىتى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا...مۇشكۇل ئىشىمنى ئاسان قىلـ
غىن، ئۆيدىكى موھتاجلىقتىن قۇتۇلسام، كادىر پۇلى، يول پۇلى،
مەكتەپ پۇلى...دەپ بوسۇغامغا دۆۋرەپ كېلىدىغان كىشلەر يەنە
بار. ئۇلارنىڭ تىل ـ دەشنەملىرى زەھەردىن ئاچچىق، چىرايلىرى
زىمىستان قىشتىن سوغۇق، مېنى شۇلارنىڭ ئالدىدا خار قىلمىغىن،
چىرايىمنى سارغايتمىغىن، بويۇن قىستۇرمىغىن...“

ھارۋا ئىلگىرلەيتتى. بوۋاينىڭ قۇلىقىغا ئىنەكنىڭ كۆچلۈك
ھاسىراشلىرى، پاكار چاتقاللارنىڭ چاق ئاستىدا قاراسلاپ سۇنۇشـ
لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھارۋا جاڭگالنىڭ گۆردەك قاراڭغۇلۇقى
ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ باراتتى...

بوۋاي كۆندۈزدە خاتا مۆلچەرلىگەن ئىكەن، ھارۋا تۈن

www.uyghurkitap.com

يېرىمدىن ئاشقاندىلا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. ئاي دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جاڭگاللىق ئۈستىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ خىرە، ئاجىز نۇرىدا دەريا ئۈستىدىكى مۇز سامان يولىدەك گىرىمسەن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تۇمان قاپلىغان ئاسماندا يۇلتۇزلار خىرە-شىرە پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ، بوۋاينىڭ كۆزىگە سوغۇقتا غاللىداپ تىترەپ ھالىدىن كەتكەن بالىنىڭ تارام-تارام كۆز ياشلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئالەم تىمتاسلىققا چۆمگەن، گويا ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەندەك، زىمىستان قارا سوغۇق ئەمدى مۇشۇ ئۆلگەن دۇنياغا مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغاندەك ئىدى.

بوۋاي دەريا بويىغا كېلىشى بىلەنلا ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي قالدى. ئاچلىق، ھارغىنلىق ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تومۇرلىرى بويلاپ پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ دەريا بويىدىكى قۇرۇق چىملىق ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم يېتىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن بۇ خىيالىدىن تېزلا يالتايدى. ئۇ، دەريادىن تېزرەك ئۆتۈۋېلىپ، تاڭ سۈزۈلگىچە ھېلىقى قاراقچى، بۇلاڭچىلارنىڭ — بوۋاي ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى. كۆزىدىن يىراقلاپ كېتىش لازىم ئىدى. ئۇ بېلىدىن بەلبېغىنى يېشىپ ئېلىپ، ئۇنى تەڭمۇتەڭ تۆت پارچە قىلىپ يىرتتى. ئىنەكنىڭ مۇزدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئالدى، كەينى پۇتىنى ئالدىرىماي پۇختا قىلىپ ئورىدى. ئەمدىكى ئىش پەقەت خۇدانىڭ ئۇنىڭ مۇشكۈل ئىشىنى ئاسان قىلىشىلا، خەۋپ-خەتەردىن ساقلىشىلا قالغانىدى. ”تەۋەككۈل...يا، ئاتا-ئانامنىڭ روھى...“ ئاستا شىۋىرلىدى ئۇ يۈرىكىنىڭ تەشۋىشلىك دۈپۈلدىشىنى تەستە بېسىۋېلىپ ۋە ئىنەكنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ دەريانى توغرىسىغا

كېسىپ يەم بىلەن يۇرۇپ كەتتى. ئىنەك ھارۋىنى ئانچە كۆچىمەيلا سۆرەپ كېتىۋاتتى. مۇشۇنداق ئامان-ئېسەنچىلىك بولسىلا، ھارۋىنىڭ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ بولۇشى ئۈچۈن بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىكمۇ ۋاقىت كەتمەيتتى. ھارۋا ئاستا كېتىۋاتاتتى، چاق تېگىدە يۇپقا قارنىڭ ئاق كرىستالى ئەينەك پارچىسىدەك قىرسىلاپ يەنچىلمەكتە ئىدى. بوۋاي تەشۋىش، ساراسىمە ئىچىدە بەدەنلىرىنىڭ بايىقى ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئالدىدىن ئۈزمەيتتى. ئالدىدىكى كىچىككىنە قاراقۇرا نەرسىلەرنىمۇ "مۇز يېرىقلىرىمىكىن" دەپ سىپاپ كۆرەتتى. بىرچاغدا ھارۋىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن "چارس" قىلغان ۋەھىملىك ئاۋاز ئاڭلاندى. "ئاپلا؟ مۇز يېرىلدى..." بوۋاي ئالدىراپ ئىنەكنىڭ بېشىنى سول تەرەپكە تارتتى. شۇ ھامان بوۋاي دەسسەپ تۇرغان مۇزلۇق كۈچلۈك سىلكىنگەندەك بولدى-دە، ئارقا-ئارقىدىن ئاڭلانغان قارسىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇز ئۆيۈلۈپ، دەسلەپتە ھارۋا، ئاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىنەك بىلەن بوۋاي يېرىلغان مۇز ئارىسىدىن لۆمۈلدەپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قاپقارا سۇغا چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي شۇ ھامان خامۇش ئۈگىدەكتىن ئويغانغاندەك بولۇپ، باشقىچە سەگەكلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن مۇز گىرۋەكلىرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، بىر قولى بىلەن ئىنەكنىڭ بېشىدىكى چۇلۇۋۇرنى بار كۈچى بىلەن تارتىشقا باشلىدى. ئىنەك شوتا ئىچىدە بار كۈچى بىلەن تېپىچەكلەيتتى، يۇلقۇنۇپ، ھالاكەت ئېغىزىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئەمما ھارۋا مۇز ئارىسىغا بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي مۇز ئارىسىدا شالاپشىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بەدەنلىرىگە نەشتەردەك ئاچچىق سانجىلىشلىرىنىمۇ، بارماقلىرىنىڭ چوكا مۇزدەك قېتىپ قىلى-

ۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ خۇددى سۇدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيـ-
لەپ تۇرۇۋاتقان بىر پارچە ئۇيۇل مۇزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما
ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىچىدە تېخىمۇ سۇرلۇك
تۇس ئالغان بىر جۈپ قەھرلىك كۆزىدە كۈچلۈك، قەيسىرانە
يارقىن نۇر چېقىندايتتى. كۆز گۆھىرى بۇ نۇر ئىچىدە تولىمۇ خاتىر-
جەم، دۆگىلەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇۋاي سۇ ئىچىدە بىلىقتەك
تېز ھەرىكەتلىنىپ، بېلىدىكى شويىنغا قىستۇرۇۋالغان پالتىسىنى
ئالدى ـ دە، ھارۋا جابدۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاناشقا باشلىدى. سۇ
ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. ئۇنىڭ زەربىسىدىن پارچە مۇزلار قاراس-
لاپ سۇناتتى. ئىنەك شىددەتلىك ئېقىم ئىچىدە گاھ چۆكۈپ، گاھ
لەيلەپ، ماماتلىق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. بۇۋاي ھارۋا جابدۇقلىرىنى
ئاخىرى كېسىپ بولدى. ئىنەك ئاشۇ توختاۋسىز يۇلقۇنۇشى بىلەن
ھارۋا شوتىسىدىن بوشىنىپ چىقتى، ھايال ئۆتمەي ھارۋىغا كەپلە-
شىۋاتقان شىددەتلىك سۇ بارغانسېرى ئۆرلەپ كۆپۈپ، ئاخىرى
ھارۋىنى ئوتۇن بىلەن قوشۇپ مۇز ئاستىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى.
ھارۋا ئورنىدا ئەمدى سۈيى لۆمۈلدەپ قايناپ تۇرغان بىر پارچە
قاپقارا ئوچۇقچىلىقلا قالغانىدى. بۇۋاي ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، بەدىنى
مۇز پارچىلىرىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئىككى
قولى تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى پالتىنى بېلىگە قىستۇر-
غان ـ قىستۇرمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ پەقەت بارماقلىرىنىڭ ئىنەك-
نىڭ قۇيرۇقىنى مەھكەم قامالىغىنىچە، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەت-
كەنلىكىنىلا ھېس قىلاتتى. ئىنەك مۇز پارچىلىرىنى كۆكسى بىلەن
يېرىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئىنەكنىڭ پۈتۈن بەدىنى
سۇغا چۆكۈپ كەتكەن، پەقەت بېشىلا سۇدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ

تۇراتتى. بوۋاي پۇتىنىڭ سۇ ئاستىدا نېمىگىدۇ ئۇرۇلغىنىچە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقىنىنى خىرە-شىرە ھېس قىلدى. ئىنەك ئۇنى دەريانىڭ تېيىز، قۇمساڭغۇ يېرىگە سۆرەپ چىقتى...

ئەتىگەنكى قۇياش جاڭگال ئۈستىدىن، گويا بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك، نۇرانە بىر جىلۋە بىلەن كۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. بوۋاي پەقەت ئىنەكنىڭ ئارقىسىدىن قىرغاققا يامىشىپ چىققان چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ئىنەك بىلەن بىللە ئامان-ئېسەن قالغانلىقىغا ئىشەندى. بوۋاي دەريا بويىدىكى نەم قۇمسازلىق ئۈستىدە ئىككى قەدەم ماڭا ماڭمايلا، پەشلىرىدىن سۇ چىپىلداپ ئېقىۋاتقان پاختىلىق چاپىنى جاققىدە مۈز بولۇپ قاتتى. نىھايەت، ئىنەكنىڭ سارغۇچ-قوڭۇر تۈكلىرى تېرىسىگە سىلىق يېپىشىپ، تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئىنەك تىترەۋاتاتتى، ئەمما بەدىنىدىن ھايال ئۆتمەي ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بوۋاي نېمىشقىدۇ ھارۋىسىدىن كۆرە ئىنىكىسىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ كەتتى.

"جېنىم قېرىنداشىم... — بوۋاي ئىنەكنىڭ بويىنىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، مۈز بىلەن تاراقشىپ قاتقان ساقاللىق ئېڭىكىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا، كۆزلىرىگە سۈركىدى. — سەن ھايات، دېمەك، مەنمۇ ھايات. ھاياتلا بولسام مەنمۇ قەرزلىرىمنى تۆلىۋالىمەن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلىمەن، دۇنيادا ئادەمدەك ياشايمەن، سەنمۇ شۇنداق. ئېغىلدا قالغان توپىقىڭنى تويغۇچە ئېمىتىپ، ئۇنى يالىۋالىسەن، ئاندىن كېيىن كۆنجۈرە يەيسەن، ھەلەپكە تويىسەن. بولدىلا ئەمدى ھارۋا ئالمايمەن. پۈتۈن ئەسلى-ۋەسلىمنى سېتىپ بولسىمۇ تراكتوردىن بىرنى ئالىمەن، بۇ قېتىم ئۆلۈمدىن ئامان قالدىممۇ، بولدى! ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىمىسام بولمىدى. شۇنداق قىلمىسام، خۇدانىڭ ماڭا نېسىپ قىلغان ئۆمرىنى ئۇنچىۋالا خار، موھتاجلىقتا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن...»

بوۋاينىڭ ۋۇجۇدى يالقۇنلۇق چوغ تەپتىدەك، مېھرىلىك بىر سېزىم ئىچىدە ئىسسىپ كەتتى. بۇ ئىنەكنىڭ بەدىنىدىن ئۆتكەن ئىسسىقلىقمۇ ياكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەزەلدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوتلۇق ھارارەتمۇ؟ ئۇ بۇنى بىلمىدى. ئۇ مۇزلىرى ئۈيۈلۈپ چۈشكەن رەھىمسىز دەريا ئېقىنىغا مەسخىرىلىك، سوغۇق نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئاق قار، كۆك مۇز، ئىزغىرىن شامال...دېگەنلەر ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە قورقۇشقا، ھەسرەتلىنىشكە، ۋەھىمە يېيىشكە ئەرزىگۈدەك نەرسە بولماي قالغانىدى. ۋەھالەنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس نەرسە نۇر، يۈرەكنىڭ قەيسىرانە دۈپۈلدىشىدىن بالقىپ چىققان، پەقەت كۆزلەردىلا كۆرۈنۈشكە بولىدىغان نۇرلا ئاشۇلاردىن غالىب كېلىشكە، ئۇنى كەمسىتىشكە قادىر ئىدى.

«شۇنداق بولىدىغۇ...؟ — ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلدى بوۋاي ئىنەكنىڭ كۆزلىرىنى سۆيۈۋېتىپ، — مەن ئىنەك بىلەن بىللە سۇ ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان چاغدا، ئىنەكنىڭ كۆزىدىن ئاشۇ نۇرنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ كۆز گۆھەرىدىمۇ كۆزلىرىمدىن چاقناۋاتقان كۈچلۈك نۇرنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم. راست...مەن ئاشۇ نۇردىن ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى، ئەقىل-پاراسەتنى، چوغ تەپتىدەك ئىسسىقلىقنى، ھايۋان بولسىمۇ ئىنەكنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدىم...»

شۇ ئارىدا ئىنەك بوم، غاراڭ-غۇرۇك ئاۋازدا سوزۇپ مۆرىۋەتتى

ۋە بوينىنى ئىككى چاتىرىقىنىڭ ئارىلىقىغا سوزۇپ، ئەمچىكىنى شالاپ-
شىتىپ يالاشقا باشلىدى. بوۋاي شۇ چاغدا ئىنەكنىڭ قان تەپچە-
رەۋاتقاندەك قىزىرىپ، پەسكە ساڭگىلاپ كەتكەن ئەمچىكىنى كۆرۈپ
ئۇنى قوش ئالقانلىرى بىلەن سىيلاپ كەتتى. سۈت چىڭقىلىپ، تاش-
تەك قېتىپ كەتكەن يۇمران ئەمچەك مۇزدەك سوغۇق ئىدى. چاك-
چاك يېرىلغان ئەمچەك تۇپچىسىدا قېتىپ قالغان قان داغلىرى قارى-
يىپ كۆرۈنەتتى. بوۋاي بېشىدىن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قېلىن
تۇمىقىنى ئېلىپ، ئەمچەككە كىيدۈرگىنىچە، ئۆز-ئۆزىگە كايىپ
كەتتى: "مەن ئەقلى كېسىلىپ كەتكەن ئۆلۈمتۈك قېرى، نېمىشقىمۇ
بۇنى بۇرۇنراق كۆرمىگەنىدىمەن؟ مېنى مۇز ئارىسىدىن قۇتقۇزۇپ
چىققانمۇ، بەدىنىمنى ئۆز بەدىنى بىلەن ئىسسىتىپ ئۆلۈمدىن ساق-
لاپ قالغانمۇ مۇشۇ ئىنەك. مەن ئۇنىڭغا نېمىگە كېرەك كەلدىم؟
تارتقان ئازابلىرىنى نېمىشقا ھېس قىلالمىدىم؟ تىلسىز، ياۋاش
بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ئاھ، بىچارە، خۇدانىڭ مۆمىنى، كۆيۈمچان جان-
ۋارىم! ئۇ كېچە مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان، ئۇنىڭ ھازىر مۆرد-
گىنى—تۇپىقىنى ئەسكە ئالغىنى، ئەمدى ئۇنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزماقچى،
ئاپئاق سۈتى بىلەن تويۇندۇرماقچى..."

بوۋاي ئىنەكنى يېتىلەپ، كونا يول بويلاپ ئالدىراپ يۈرۈپ
كەتتى. سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ھارۋىسىغا، ئوتۇنىغا بولغان ئۆكۈنۈشى
ئاللىقاچان ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن، ئۇ ئەمدى ئۆيىدە—توغرا تام
كەينىدە ئېگراپ، ئۆزىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ
ياتقان ئاغرىقچان ئايالىنىمۇ، ئوغلىنىڭ چەملىتىدىغان ئايىغىنىمۇ،
كېلىنىگە ئېلىپ بېرىدىغان ياغلىقىنىمۇ، قىزىنىڭ "دەپتەر-
قەلەم" دەپ ئىشلىداپ يىغلاپ، يۈرەكنى ئېزىپ تاشلايدىغان

ھەسرەتلىك يالۋۇرۇشلىرىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇ پەقەت ئۆيگە تېز-رەك بېرىپ، ئىنەكنىڭ توپىقىنى تويغۇچە ئەدورۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى. ئۆيىدىكى موھتاجلىق، كەنت باشلىقىغا تۆلەيدىغان ئالۋان-ياساق پۇلى بۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئىنەكنى توپىقى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبا-رەت بىرلا ئىستەك بوۋاينىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خۇدا ئالدىدا قىلغان ئېغىر گۇناھلىرىنى يۇيۇۋات-قاندەك ھېس قىلدى.

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ تۇيغۇلارنى ھېس قىلىۋاتقان چاغدىكى خۇشاللىقنىڭ چېكى يوق! بۇنداق خۇشاللىقنىڭ ئىنسان قەلبىگە ئاتا قىلىدىغىنى ئانا قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك سەبىيلىك، توي كېچە-سىدىكى تۇنجى سۆيۈشلەردەك شېرىنلىك، ناماز ئۈستىدە خۇدانىڭ جامالىنى كۆرگەندىكىدەك بەختىيارلىق! بوۋاي ھازىر ئاشۇ لەززەت-لىك تۇيغۇ بەخش ئەتكەن چەكسىز ھۇزۇر ۋە ئارامبەخشلىك تۇي-غۇسىغا چۆمگەنىدى.

”ئادەم دېگەن بىر تۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر تۆشۈككە كىر-گۈچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ؟ — دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى بوۋاي، — بىر ھارۋا قاقشالنى كېسىش دېگەن ناھايىتى ھايىتنى ھۆيت دېگۈچىلىك بىر ئىش. ئۇنى مەن پۇلغا سېتىۋالغىنىم يوق. خۇدانىڭ جاڭگىلىدىن بىكارغا كېسىپلا كەلدىم شۇ. پەقەت شۇ ھارۋىغىلا ئازراق قورسىقىم ئاغرىيدۇ. ئۇزاقى يىلى ئىككى پاي چاقىنىلا يۈز كويغا ئالغان. ئۆتكەن يىلى قىشتا ھېلىقى لەنىتى قاراقچى بىر پاي چاقنى ئوق ئېتىپ تېشىۋەتكەنلىكتىن، يەنە قىرىق نەچچە كوي پۇل خەجلەپ بىر پاي يېڭى چاق ئالغان ئەمەس-

مىدىم. ئۇۋۋاي...بوپتىلا، ھاياتىمدا ئۇنداق زىيانىدىن قانچىلىكنى تارتمىغان ئادەم مەن؟ بوپتۇ، بېشىمغا كەلگەن بالا ـ قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەندۇ. ئوغۇل بالا دېگەن تارتقان زىيانىغا قورسىقىنى ئاغرىتىپ يۈرگۈلۈك ئەمەس، ئىشلىگۈلۈك! شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرىش-مەيدىغان ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ھاياتلا بولسا، خۇدا ئۇنى كۈتكەن مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ...“

بوۋاي ئالدىدا، ئىنەك كەينىدە، ئۇلار دەريا بويىدىن ئانچە يىراق ئۇزاپ كېتەلمىگەن، ئاچچىق شور بۇقسۇپ تۇرىدىغان توپە-لىق يولدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ باش ـ كۆزى قېلىن بىر قەۋەت توپا بىلەن مەينەتلەشكەن، ئۇلار بىر قارىماققا ئوچۇقچىلىقتا چوقچىيىپ تۇرغان بىر پارچە چولاق تامغا ئوخشايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ چاقناپ، بىرىنىڭ مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىلا، ئۇلارنىڭ تىرىك جان—بىرىنىڭ ئادەم، بىرىنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىنەكنىڭ كۆزىدىن بۇرۇنقىدەكلا مۇڭ، بىچارىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەمما بوۋاينىڭ كۆزىدە ئىنەكنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، چېقنداپ تۇرغان ئۆزگىچە نۇر بار ئىدى. بۇ نۇردا ئۆكۈنۈشمۇ، شۈكۈر ـ قانائەتمۇ، مېھرمۇ، قەھرى ـ غەزەپمۇ بار ئىدى. ئۇشتۇمتۇت دەريا كېچىكى تەرەپتىن كىمنىڭدۇ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بوۋاي ئۇلارنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلى-ۋاتقانلىقىنى كۆردى.

”ئەمدى نېمە قورقۇش...؟— بوۋاي ئىنىكىنى يېتىلەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز كېتىۋەردى، — ئوتتۇن باسقان ھارۋام بولمىغاندىكىن جاڭگال پۇلى تۆلە دەپ ئېسىلىۋالالمايدۇ. يەنە ئۇش-

شۇقلۇق قىلىپ باقسۇنچۇ، تونۇۋا قىلدۇرۇۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس...»

ئۇلار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى.

— توختا! — ئارىدىن كىمدۇ بىرسى بوغۇق، ئەمما كەسكىن ئاۋازدا ۋارقىرىدى. بوۋاي ئارقىسىغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ھېلىقى ھارۋىسىنىڭ چاقىنى ئېتىپ كاردىن چىقارغان مىلتىقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇنىڭ ئۆشنىسىدە يەنە شۇ بۇرۇنقى كونا مىلتىق پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— ئوھو...يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟ — دېدى ئۇ بوۋايغا مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش ئىچىدە سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلىپ، — ھا...ھا...ھا...قېرىغىنىڭىز بىلەن كۆزىڭىز يامان ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — زەردە بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىدىن داڭ قېتىپ، مىلتىقلىقنىڭ چىرايى بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن پۈرۈلۈپ كەتتى.

— قايسى قوتاننىڭ ئىنىكى بۇ؟

— قايسى قوتاننىڭ دەيسىزغۇ؟ ئۆز قوتىنىمنىڭ! توختاڭا، نېمىگە سوراپ قالدىڭىز بۇنى؟

— ئەلۋەتتە سورايمەن. مانا بۇنى بىر يەردىن ئوغرىلاپ كېلىۋېدىڭىز، ئەمدى تۇتۇلۇپ قالدىڭىز.

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ سۆزلە جۇمۇ! — دېدى بوۋاي غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، — ئۆزۈڭچە كىم كۆرۈۋاتسەن مېنى؟ تېخى ئوغرى تۇتۇۋاتامسەن؟

— كاپشىما! — مىلتىقلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، — ئىنەكنى ئۆزۈمنىڭ دېمەكچىمۇ سەن؟

ئەمسە بۇ يىراق جاڭگالغا نېمە دەپ يېتىلەپ كەلدىڭ ئۇنى؟ ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالغانمىدىڭ يا؟ ياكى ئۇنى تاماشا قىلدۇراي دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ راستىنى ئېيت؟ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك!

بوۋاي ئۆزىنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى. راست سۆزلەشنى مۇشۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق دەپ ئويلىدى.

— ئىنەك يازدىن بېرى توقايدا تۇرغان، — دەپ يالغان ئېيتتى بوۋاي، — تۈنۈگۈن باغلاقتىن بوشىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بېرىپ تۇتۇپ كەلدىم شۇ.

— كېچىكتىن ئۆتمەي، ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ - دە، كىچىكنى كېچە - كۈندۈز بېقىپ ياتقان ئادەم بار.

— دەريادىن ئۆتىدىغان جاي يالغۇز مۇشۇ كېچىكلا ئەمەسقۇ؟

— ساڭا ئوخشاش باشقا يەردىن قېچىپ ئۆتۈپتۇ - دە ئەمسە. گەپ شۇ، ئىنەك مۇسادىرە!

— نېمە، ئۆزۈمنىڭ بولسىمۇ مۇسادىرىمۇ؟

— ئۆزەمنىڭ دەيدىغانغا نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

— مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن گۇۋاھ - شاھىت. تېخى ئېغىلدا قالغان كىچىك توپىقىمۇ بار.

— مانا، بەللى! ئوغرىلىقىڭنى ئاخىر چاندۇردىڭغۇ ھە، پەس قېرى! ئېغىلدا توپىقى قالسۇنۇ، ئۇنى تاشلاپ توقايغا چاپسۇن، — ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى، — ئىنەكنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

— نەگە؟ — بوۋاي ئىنەكنى گەۋدىسى بىلەن ھىمايە قىلدى، — مۇشۇنداق ئاپئاشكارا بۇلاڭچىلىقىڭلارنىڭ ئاخىرى ھېسابى بولماسمۇ؟ جاڭگالدىكى توغراقنى قوغداش باھانىسى بىلەن كىملەرنى قاقشىتىش-

www.uyghurkitap.com

مدىڭ؟ قانچىلىك توغراق ياغىچىنى ئوغرىلىقچە سېتىپ خەجلەشمىدىڭ؟ سەنلەرنىڭ پاسىق قوللىرىڭ تەگمىگەن بۇ يەرنىڭ سىرتىنى بۇيىسى، دەريادىكى بېلىق بىلەن ئاسماندىكى غاز، ئۆردەك، جاڭگالدىكى توشقان، جەرەن قالدىمۇ؟ ئەمدى ئىنىكىمنى نېمە قىلىشماقچىسەن، ئۆلتۈرۈپ يېيىشەمسەن؟

ئۇلار بوۋاينىڭ گېپىگە قۇلاق سالار ئەمەس، ئۇلار خۇددى بوراندەك يۇپۇرۇلۇپ ئىنەككە ئېتىلىپ كېلىشتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ بىرلىرىنىڭ قولىغا ئېسىلاتتى، بىرلىرىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. شۇ ئارىدا ئۇ مىلتىق پەيىنىكىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن بېشى "پىر" قىلىپ ئايلىنىپ، ئالدى ـ كەينىگە سەنتۈرۈلگەندەك بولدى ـ دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا "گۈپ" قىلىپ يىقىلدى...

بوۋاي يولدا توپىغا مىلىنىپ قانچىلىك ياتقىنىنى بىلمىدى. ئۇ بىر چاغدا كۆزىنى ئاچقاندا، قېشىدا نە ئىنىكى، نە ھېلىقى كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى.

"قېنى سەن ئىنىكىم...؟" بوۋاي ئېچىنىشلىق خىرىلداپ، سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئالاڭلاپ ئەتراپىقا قارىدى، تۆت ئەتراپتا يەنىلا شۇ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يۇلغۇن، ئاق تىكەن، يانتاق، سېرىق بۇيا...پەقەت دەريا ئۈستىدىكى ئاقۇچ مۇز يۇلغۇنلار ئارىسىدىن غىل ـ پال، خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بوۋاي بېلىدىن پالتىسىنى ئالدى، بىسىنى سىناپ كۆردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەھرىلىك كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان كۈچلۈك نۇر پالتىنىڭ ئۆتكۈر بىسىدە يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى.

"خۇدا ئالدىدا...ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن...! ــ بوۋاي پالتىنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى كالپۇكىغا يېقىپ،

قەھرىلىك بىر ئاۋازدا خىتاب قىلدى، — ئىنىكىمنى بۇلاپ كەتتىمۇ، ئەمدى ئۇلارغا تىنچلىق ـ خاتىرجەملىك يوق. يول ماڭسا تاپىنىغا تىكەن بولۇپ سانچىلىمەن. تاماق يېسە گېلىغا سۆڭەك بولۇپ قادىلىمەن، ئىچىدىغان سۇيىگە تۇز بولۇپ قويۇلىمەن، بۇنىڭغا ئۇزۇمەنىڭ ئادەملىك سۇپىتىم يول قويمىسا، ئىنتقا، بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشكە رازىمەن. تاكى يوقاتقان نەرسىلىرىمنىڭ ھەققىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالمىغۇچە، ئۇ نىجىسلارنى خۇدانىڭ بۇ پاك زېمىنىدىن قوغلىۋەتمىگۈچە ئۆلسەممۇ كۆزۈمنى يۇممايمەن...!»

بوۋاي قەددىنى رۇسلاپ، پالتىسىنى ئاسمانغا زەرب بىلەن شىلتىدى. ئاندىن بۇك جاڭگاللىقنى كۆكسى بىلەن يېرىپ، شاخلارنى غاراسلىتىپ سۇندۇرغىنىچە يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

دەرۋەقە، شۇنىڭدىن كېيىن، ياغاچ توسقۇچىلارنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. ئەتىراپتىن كولاپ كېلىنىپ گەمە يېنىغا رەتلىك قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان سېرىق بويا يىلتىزى بىر كېچىدىلا كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى. ئۇلار بۇ ۋەقەنىڭ سىر ـ سەۋەبىنى بىلەلمەي خاپا بولۇپ تۇرغان چاغدا، بويا يىلتىزى توشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرنەچچە قول ھارۋىسىنىڭ نامەلۇم بىر ئادەم تەرىپىدىن پارە ـ پارە قىلىپ چانىلىپ كېچىكتىكى مۇز پارچىسى ئارىسىغا تاشلىۋېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى، ئۇلار ئەمدى قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسىنى ئۇخلىماي تىك ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشىدىغان بولۇشتى.

ئەمدى ئاۋۋال ئاخشامدىن تاكى تاڭ ئاتقۇچە جاڭگاللىق ئارىسىدىن يۈرەككە ئۆلۈم قورقۇنچىسى سالىدىغان دەھشەتلىك ۋەھىملىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئاۋاز گاھ يىغىغا، گاھ كۈلكىگە، گاھ بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىغا، گاھ يولۋاسنىڭ

هۆركىرەشلىرىگە، گاھ شىددەتلىك بوراننىڭ قەھرلىك گۈرۈلدەش-
لىرىگە ئوخشايتتى. يول توسقۇچىلار بۇ ئاۋازدىن تەنلىرى جۇغۇل-
داپ بىر-بىرىگە ئۈنسىز قاراشقىنىچە غالىلداپ تىترىشەتتى.

قىش دەھشتى ئەۋجىگە چىققان بورانلىق بىر كېچىدە يول
توسقۇچىلار ھېچقاچان ئويلىمىغان دەھشەتلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى.
ئۇلار مەش يېنىدا سورۇن تۈزۈشۈپ كالا گۆشى بىلەن ھاراق
ئىچىشىۋاتاتتى. سىرتتا بىرسىنىڭ ئۈشتۈمتۈت ئېچىنىشلىق ئېڭرىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار بىر-بىرىگە چۆچۈپ قارىشىپ، ئارىسىدا
باشلىقنىڭ — مىلتىقلىقنىڭ يوقلۇقىنى بايقاشتى-دە، دەلدەڭلىشىپ،
مۆدۈرۈشۈپ تالاغا چىقىشتى. گەمىنىڭ ئارقىسىدا — ئىنەكنىڭ
پاك-پاكىز، غاجىلانغان سۆڭەكلىرى تۆكۈۋېتىلگەن جايدا مىلتىقلىق
كۆچىسىز تېپىرلاپ، خارقىراپ جان تالىشىۋاتاتتى. ئىنەكنىڭ
بېشىدىن قومۇرۇلۇپ تاشلىۋېتىلگەن بىر جۈپ ئۈچلۈق مۈڭگۈز
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قادالغان ئىدى. بوران گۈرۈلدەيتتى، ئاشۇ
ھەيۋەت گۈرۈلدەشلەر ئىچىدە قاقاقلىغان كۆلكە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك
قىلاتتى...



www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر

# قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۈلكە ۋە كۆز يېشى

قارىغاي بىلەن سۇ مەنزىرە گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى. جانلىق تەبىئەتنىمۇ، رەسساملەرنىمۇ شۇنداق: بۈك قارىغايلىق ئارىسىدا قوزىدەك قېيغىتىپ ئېقىۋاتقان بۇژغۇنلۇق تاغ سۈيى كىشىگە ئۆز تىلىدا سۆزلەيدۇ، ھېسسىيات، ئىلھام سۇنىدۇ. سىز بۇ سوۋغىنىڭ كۈچى بىلەن بەرگىدە شەبنەم يالتىراپ تۇرغان تاغ گۈللىرىنى، سۈزۈك سۇ ئاستىدا كۈلۈپ تۇرغان رەڭدار تاشلارنى ھېسسىياتىڭىزدا پىشقان گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلەيسىز. شۇنداق، قارىغاي بىلەن سۇ ھەرقانداق بىر نورمال يۈرەكتە شېئىرىي پىكىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ بۇ كىچىككىنە غولچىسىغا "قارىغايسۇ" دەپ ئىسىم قويغۇچىنى ئۆلمەس بىر مىسرا شېئىر قالدۇرۇپ كەتكەن نامسىز شائىر دېيىشكە ھەقلىق بىز. چۈنكى بىز ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ غولچىدا تەبىئەت ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ كەلگەن گۈزەللىكىنىڭ راھىتىنى كۆردۇق. بۇ غولنىڭ ئىككى قاتىدىكى قويۇق قارىغايلار، كېچە-كۈندۈز سۆزلەپ تۇرىدىغان تىلى تاتلىق تاغ سۈيى بىزگە بۇ يەردىكى ھېكمەتلىك ئىشلاردىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئەلۋەتتە تەبىئەتمۇ ئادەملەرنىڭ غې-مىنى يەيدۇ. ئۇلار بۇ ولغا جايلاشقان تەجرىبە پونكىتىدا ئىش-لىگۈچى ياشلار توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىدى، ياشلار بارلىقى

يەردە كۆلكە بىلەن ناخشا بازار تاپىدۇ، كۆلكە كۆز يېشىنىڭ ئانىسى. كۆلكە بىلەن كۆز يېشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ــ كىم توغرىسىدا يازماقچىسەن، ھەي چاباش يازغۇچى؟ ــ قېرى قارىغاي مەندىن سورىدى.

ــ ھۆرىگۆلگە تولىمۇ ئامراق ئىكەنسىلەر، ــ دېدىم مەن قېرى قارىغايغا، ــ شۇ قىز توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭنى يېزىپ چىقسام قانداق دەيسەن؟

ــ جايىدا، شۇ قىزنى ياز.

...ھۆرىگۆل ئالىي مەكتەپنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ بۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇنلا قارىغايسۇ غولىچىسىدىكى تەجرىبە پونكىتىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان، بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن بولسا ئۈرۈمچىدە قالالمىغانلىقى ئۈچۈن روھسىزلانغانلىقىنى تېزلا ئۇنتۇپ، ئاخىرقى باھار بىلەن ياز ئايلىرىنى كۆكۈلۈك لابوراتورىيە ئىلمىي ئىشى ۋە يايلاق قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھېسسىياتچان، خۇش خۇي قىز. بۇ قىز سەككىز ـ توققۇز يىگىتنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ئىشلەيدۇ. پۈتۈن يايلاقنىڭ نەچچە ئون مىڭ تۇياق مېلىنى يۇقۇملۇق كېسەل ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقان بۇ ياشلارنىڭ ئىشى تولىمۇ ئالدىراش. ئۇلار بۇ غولچىدا ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىشلەيدۇ، ئەمما پۈتتۈرگەن ئىشلىرى تولىمۇ كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دائىم مۇكاپات ئالىدۇ، ماختىلىدۇ، لېكىن يىگىتلەرنىڭ ئىچى پۇشۇدىغان چاغلار كۆپ بولىدۇ، ئۇلار ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ قىزلار توغرىسىدا سۆزلەش، ئويلاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىلا يالغۇز قىز ھۆرىگۆلگە سۆركىلىپ بېقىشقا



www.uyghurkitap.com

پۇرسەت ئىزدەيدۇ. لېكىن قىز ئۆز ئىشى بىلەن — سوغۇر، ئۇزۇن قۇيرۇق سېرىق تۇلۇم چاشقان تۇتۇش، گۇمانلىق جايدىكى سوغۇرنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر گېكتار يەردىكى سوغۇر تۆشۈكلىرىنى ئېتىپ قويۇپ، ئەتىگەنلىكى نەچچىسى چىققانلىقىنى ساناپ چىقىش، قايتىپ كېلىپ گۈللەر ئارىسىدىكى كۆچمە لابوراتورىيىدە مۇداپىئە كىيىملىرىنى كىيىپ، مۇداپىئە بۆلۈمىدە گۇمانلىق تاغ هايۋانلىرىنىڭ جىگەر، تال كەسمىلىرىدىن باكتېرىيە ياساپ، ئاندىن ئۇنى هاۋانچىدا ئېزىپ ئاق چاشقانغا ئوكۇل قىلىپ سېلىش ۋە باشقا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش. شۇنداقتىمۇ تاغ مەنزىرىسىدىن، تاغنىڭ پۇراقلىق هاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ، شېئىرىي هېسسىيات بىلەن ناخشا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدە، كۆكۈچ ئويناق ئوماق كۆزلىرىدە تاغ مەنزىرىسىگە بولغان مۇھەببەت نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، تاغ هاۋاسىمۇ ئۇنىڭغا كېكەچ ئاشپەز يىگىتنىڭ مەززىلىك تامىقىدەك لەززەتلىك بىلىنگەچكە، ئۇ مانا بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، ئاۋازى جاراڭلىق، قول - پۇتلىرى كۈچلۈك، ساغلام تاغ قىزىغا ئايلاندى، ئاخشاملىرى كېكەچ ئاشپەزنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتىر ماشىنىسىنىڭ چىراغلىرىدىن نۇرلانغان چىمەنلىك سەينادا سەپداشلىرى بىلەن تانسا ئويناپ زادىلا چارچىمايدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە، كۆزلىرىدىن بەخت يېغىپ تۇرىدۇ، ئۇ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ تانسا ئوينايدۇ. بۇ يەردىكى يىگىتلەردىن ئۇنىڭغا هەۋەس قىلمايدىغىنى يوق. ئۇ يالغۇز بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى راستىنلا ئوماقمۇ بۇ تەرىپى ياشلارغىمۇ قاراڭغۇ. ئۇنى بەزىدە

كېكەچ ئاشپەز خاپا قىلىپمۇ قويىدۇ. ھەتتا تانسا ئويناشتىنمۇ زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ قىزنىڭ بېلىنى بىلەكلىرى بىلەن يېرىم قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ، قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋېلىپ، پۈتى تانسىغا كەلمىسىمۇ قىزنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ. قىز ئىچىدە تېرىكىدۇ، لېكىن كېكەچنى كەچۈرۈۋېتىدۇ ۋە بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى تېزلا ئۇنتۇپ:

— ئابۇش ياخشى، تانسىنىمۇ ياخشى ئوينايدۇ! — دەپ بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبلىك بولغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ماختىشىغا تولىمۇ موھتاج بولىدۇ-دە، كېكەچ قىزنىڭ ھۆرنىگۈل دېگەن ئىسمىنى دېيەلمىسىمۇ ھۆ-ھۆ-ھۆ...دەپ گاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋازدا خىرىلداپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ھۆرنىگۈلنىڭ ماختىشى بىلەن مەست بولۇپ، چۈشلۈك تاماقتا ئالاھىدە زوق بىلەن ئىشلەيدۇ.

ھۆرنىگۈل بۇ يەردىكى يىگىتلەر ئىچىدە ھەممىدىن مۇشۇ تىلسىز يىگىتنى يېقىن كۆرىدۇ. ئۇ باشقا يىگىتلەردەك قىزغا قوپال چاقچاقلارنى قىلالمايدۇ ياكى ئەستەرلىك گەپلەر بىلەن ئۆز نىيىتىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، يالغاچ مۇھەببەت قوشاقلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ قىزنىڭ چىشىغا تېگەلمەيدۇ. ئۇ كېچىلىرى كەم ئۇخلايدۇ. شوخ يىگىتلەر بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشتىن كېيىن ئاخشاملىرى ئاز-تولا ئىچىۋالىدۇ-دە، يېرىم كېچىدە قىزنىڭ كىچىككىنە چېدىرىنىڭ ئىشىكىنى سىيپاشتۇرىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئابۇش شوخ يىگىتنى ئۈن-تىنسىزلا قارىغايلىقتا سۆرەپ ئاپىرىدۇ-دە، "ياۋاش" قىلىپ قويىدۇ، ئۇ بويى چاكار بولغىنى بىلەن تولىمۇ قاۋۇل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ھېچكىم قىزغا چېقىلالمايدۇ...

ھۆرنىگول شۇنىڭ ئۈچۈن ئابۇشنىڭ قوپاللىقلىرىنى ئوڭايلا
ئۇنتۇپ كېتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئابۇش ئاشۇرۇۋېتىدۇ-دە، قىزنىڭ
جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تۈنۈگۈن ئابۇش بىر قېتىم جازالاندى. قىز
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئابۇش بىلەن بىر ئاتقا مىنگىشىپ
تاغقا چىقتى. كەچقۇرۇن يەنە شۇ ئات بىلەن چۈشتى، قىزنىڭ
كەينىگە مىنگەشكەن ئابۇش قىزنى شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىدىكى،
قىز ئۇنىڭ قوللىرىنى جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپمۇ قويدى، لېكىن قىز
بۇ قۇچاقلاشنى ئاتنىڭ ئالدىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىكتىن
مۇداپىئە قىلىش دەپ چۈشەندى. كېتىۋېتىپ ئابۇشنىڭ تۇرۇپلا
شوخلۇقى تۇتتى-دە، ئاتنىڭ بېقىنىغا دىۋىتىپ پەسكە چاپتۇردى.
قىز قورقۇپ ئاتتىن يۇمشاق چىمەنلىككە ئۆزىنى ئاتتى. قىز بىلەن
كېيىكچىمۇ بىللە دومىلىدى. ئۇ قىزنى قۇچاقلاپ يانتۇ يوتىدىن
ساينىڭ تاپىنىغىچە دومىلىدى، ھۆرنىگول بۇ كۆڭۈللۈك تاماشىدىن
قاقاقلاپ كۈلدى، لېكىن ساينىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ يۇمشاق چىمەن-
لىكتە ئوڭدا يېتىپ كۆزىنى ئاچتى-دە، ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ
ياتقان ئابۇشنى كۆردى. ئابۇش ئۇنىڭ بويۇن-تاماقلىرىنى سۆيمەكتە
ئىدى. قىزنىڭ تېخى ئەر كىشى بەدىنىدىن ھالاۋەت تاپمىغان
ۋۇجۇدى بىر دەقىقىگە ئېرىگەندەك بولدى، ئۇ كۆزىنى يۇمدىيۇ،
بەدىنىدىكى تەبىئىي قىزلىق تەلەپ بىردىنلا مەنىۋى قارشىلىق بىلەن
ئالماشتى. ئۇ ئابۇشنىڭ بودۇر چاچلىرىدىن قاتتىق سىلكىپ،
كاچىتىغا بىرنى ئۇردى. ئابۇش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەت-
تى-دە، ئاشخانا تەرەپكە يۈگۈردى. كەچتە ئۇ دۇگىتىلىنىمۇ
ھەرىكەتلەندۈرمىدى. ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا
ئىش بۇيرۇسا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ھۆرنىگول ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ

www.uyghurkitap.com

كۆلدى:

ــ بولۇڭ، توكنى ياندۇرۇڭ، تانسا قىلىمىز، تانسا، بۈگۈن سىزگە رومبا ئۆگىتىمەن!

بىر ئېغىزلا گەپ بىلەن ئابۇشنىڭ ئاياغلىرى شۇنداق تېز ھەرىكەتكە كەلدىكى، قىز ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ ئادەتتىكى غەمخورلۇق ئەمەسلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدى.

ئۇ ئاخشىمى ئابۇشقا رومبا ئۆگەتتى. قىز ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، لېكىن چاندۇرماستىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ نېمانچە بوش تۇتىسىز؟ كۈندىكىدەك چىڭ تۇتۇڭ، مۇزسىغا قۇلاق سېلىڭ، سول پۇتىڭىزنى مانا مۇنداق، ھە!...ــ دېدى.

قىزنىڭ مۇلايىم، يېقىملىق كۈلكىسى، نازۇك بېلى، يۇمشاق قوللىرى ئابۇشنىڭ كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشە بۇلۇتلىرىنى بىردەمدىلا تارقىتىۋەتتى.

ئۇلار ئەتىسى يەنە ئاتلىنىپ تاغ ئۈستىگە چىقتى، ھۆرىگۈلنىڭ قورقۇدىغىنى مانا مۇشۇ تاغقا چىقىش. ئۇ ئېگەرنىڭ قېشىنى چىڭ تۇتۇپ، سەل مۈكچىيىپ، ئەندىكىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئابۇش تۇتۇۋالغان، ئۇ قىز بىلەن يانمۇيان، بەزىدە ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قارىغاي ئارىسىدىكى چىغىر يولدا ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ماڭىدۇ. ماڭغانسېرى ئۇلارنىڭ چېھرىلىرى شۇنچە تۈۋەندە قالىدۇ. ئۆرلىگەنسېرى قىزنىڭ ئەندىشىسىمۇ كۈچىيىدۇ، ئۇ بەزىدە ئاتلار قارىغاي يىلتىزلىرىدىن مۆدۈرۈپ سەكرەپ ئۆتكەندە ۋارقىرىۋېتىدۇ ۋە بۇنداق چاغدا ئابۇش ئۇنىڭغا يانداشىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئاستا قۇچاقلاپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قورقماڭ، مانا مەن يېنىڭىزدا، دېگىنى.

تاغ ئۈستى چۆپلىرى ئۆسكىلەڭ، گۈللەر غۇچچىدە ئېچىلغان تۈز- لەڭلىك. نېرىدىكى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى قاپتاللار قويۇق قارىغاي- لىق، شىمال تەرەپ قىزىل -قوڭۇر تاشلىق تىك تاغ، ئۇ يەردە تاغ تېكىسى تولا. ئابۇش بۇ چوققىلارغا يامىشىپ چىقىپ تاغ تېكىسىمۇ ئاتىقانىدى. بىر -بىرىگە مىنگىشىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن تىزما تاغلاردىن ئابۇش بىلمەيدىغان چوققا ياكى غول يوق ئوخشايدۇ. ئۇ كاۋاپ، سامسا، نارىن ئوخشاش غىزالارغا قانچىلىك ئۇستا بولسا تاغدا يۈرۈشكىمۇ شۇنچىلىك ئۇستا. قىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈنكى سۇغۇر سانىنى ئېنىقلاش ئىشىغا چىققىنىدا ئابۇشنى ئېلىۋال- غان، مانا ئۇلار غۇر -غۇر شامالىلىق، گۈللەر پۈراق چېچىپ تۇرغان تاغ ئۈستىدىكى بۇ يايلاقتا ئىككى سائەتتىن بېرى ئاتلىرىنى بىر خىل ماڭدۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاددىي: بىر سائەتتە قانچە سۇغۇر ئۇچرىتىدىغانلىقىنى بىلىش. ئابۇشنىڭ كۆزلىرى شۇڭقارنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىشقا تولىمۇ يارامىلىق. قىز سائەتكە قارايدۇ. ئابۇش ئۆزىگە خاس ئاۋاز بىلەن بارماقلىرىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرايدۇ. قىز خاتىرىسىگە يازىدۇ: ئالدىن- قى بىر سائەتتە يەتتە سۇغۇر ئۇچرىدى، كېيىنكى بىر سائەتتە ئارانلا ئۈچ سۇغۇر ئۇچرىدى، بۇ سانىنى فورمۇلىغا سالسىلا بىر گېكتار يەردىكى سۇغۇرنىڭ سانى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرىگە قاراشلىق بولغان 40 مىڭ گېكتار يەردىكى سۇغۇرنىڭ ھەقىقىي سانىنى بىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى يىراقلارغىچە يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانچىلىك ماڭسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن سەپەر كۆڭۈللۈك، بولۇپمۇ ئابۇش ئۈچۈن.

تاغ ھاۋاسى ئۈجمە كۆڭۈل يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئوخشايدۇ.

بىردەمدىلا ئىسسىپ، بىردەمدىلا سوۋۇيدۇ. قار-يامغۇرلىرىمۇ نازۇك قىزلارنىڭ كۆز يېشىدەك تەييارلا تۇرىدۇ. ئۇلار بىر بەلدىن ئېشىپ، قويۇق قارىغايلىق، كۆمۈش رەڭ شارقىراتمىلىق دولغا چۈشكەندە، بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قارا بۇلۇت پەيدا بولدى-دە، ئۇلار قارىغاي تېگىنى دالدا قىلغۇچىلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇر شۇنداقمۇ قاتتىق ياغقان بارمۇ؟ غول-غولدىن قىيان كەلدى، قىيان تاغلاردىن شاخ شېغىللارنى ئېقىتىپ چۈشتى. مانا، قاراڭغۇ چۈشتى، يامغۇر ھېچ توختار ئەمەس، قارىغاي تېگىدە ئابۇش بىلەن بىللە تۈنەش قىز ئۈچۈن ئەپسىز، ھەتتا قورقۇنچلۇق، لېكىن باشقا يەنە قانداق ئامال بار؟ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇلار ئۆز چېدىرلىرىنى تېپىپ بارالامدۇ؟

— ھە، ھە، ھۇ! — ئابۇشنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ قىلغان بۇ سۆزلىرىدىن قىز ھېچنېمە چۈشەنمىدى.

— شۇنداقمۇ قېرى قارىغاي؟

— دۇرۇس، ئۇلارنى بىز دالدىمىزدا ساقلىدۇق. لېكىن...

— ئابۇشنى ماختىماقچىمۇسەن قارىغاي بوۋاي؟ ئابۇش چاققان يىگىت، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئامال تېپىشقا تولىمۇ ئۇستا، دېمەكچىغۇسەن؟

ئابۇش بىردەمدىلا ئىككى ئاتنىڭ ئېگەرلىرىنى ئېلىپ قارىغاي يىلتىزلىرى ئارىسىغا سالدى ۋە ئاتلارنى بىر چەتكە باغلاپ قويدى. قىز ئېگەر ئۈستىدە شۈمشىيىپ ئولتۇردى. ئۇ غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئابۇش نەلەردىندۇ قۇرۇق شاخلارنى تېپىپ كېلىپ گۈلخان ياقتى. قىز گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ گۆش بىلەن نان يېدى، لېكىن تاماقمۇ، گۈلخانمۇ ئۇنى ئىسسىتالمىدى. ئۇ ھامان

تىترەيتتى. ئابۇش پايپېتەك بولۇپ، بىردە ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتاتتى، بىردە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يالاڭ چاپىنىنى ياپاتتى. لېكىن قىز ئۆزىنىڭ سوغۇقتىن ئەمەس، ۋەھىمىدىن تىترەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى: قارىغاينىڭ تۈۋىدە بىر تىلسىز يىگىت بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن قورقۇنچلۇق ئىدى.

تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان. كېچە تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن چۈشۈپ، سايدا ئېقىۋاتقان شوخ سۇنىڭ چەت-چۆرىسى چاۋاق بولۇپ قېتىشتى. ئاتلارنىڭ توقۇملىرىنى يەرگە سېلىپ يانپاشلاپ ياتقان بىلەن دۈمبە ۋە يانپاشلارنى تاغ سوغۇقى ئاچ بۆرە ئۆلۈك كالىنى غاجىلىغاندەك چىشلەپ ئۆتەتتى. قىز جالاقلاپ تىترىدى، تىترىگەنسېرى ئابۇش يۈگۈرۈپ يۈرۈپ گۈلخان ياقاتتى. توقۇمنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ قىزنىڭ دۈمبىسىگە ياپاتتى. ئۆزى بولسا قىسقا يەڭ، ياقىسىز مايكا بىلەنلا يۈرەتتى. ئۇ نە تىترىمەيتتى، نە غولىنى قورۇمايتتى، بە، بە، ھۇ ھە... دېگەندەك چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ قوللىرىنى شىلتىيتتى، لېكىن قىز ھېچنېمە چۈشەنمەيتتى.

قىز مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا غول-غولدىن چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىرىشى، بۇغا مارالارنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرى، قارىغايلارنىڭ قاراسلاشلىرى بارغانسېرى خىرە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىز ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. لېكىن ئۇيقۇ ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى بىھوش قىلىپ، ئۇنى يېتىشقا — توقۇم ئۈستىدە دۈگدىيىپ يېتىپ، بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ ئۇخلاشقا قىستايتتى. لېكىن ئۇ ئۇخلاپ قالسىلا تىلسىز يىگىت ئۇنىڭغا چېقىلىدىغاندەك ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن. ئۇ ئابۇشنىڭ ھېلىقى چاغدىكى

www.uyghurkitap.com

قوپال، قىزغىن سۆيۈشلىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ۋەھىمە بىلەن ئارام ئۇنىڭ بەدىنىدە كۆرەش قىلماقتا، ئابۇش بولسا توختىماي گۈلخان يېقىپ، كۆزىنى قىزدىن ئۈزمەستىن كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ خىل كۈلكىدىن ھۆرىگۈل تولىمۇ قورقىدۇ. ئۇ ئۆرۈمچىدە ئاخىرقى پراكتىكا يىلى مۇشۇنداق كۈلۈپلا تۇرىدىغان بىر كادىر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇلار تۆت خىل ۋاكسىنا ئوكۇلى سېلىپ يۈرۈپ ئۆرۈمچىگە يېقىن بىر چارۋىچىلىق مەيدانىدا بىر كېچە قونۇپ قالغانىدى. ھېلىقى كۈلۈپلا تۇرىدىغان كادىر ھۆرىگۈلنىڭ ياتاقتا يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ مۇشۇنداق كۈلۈپ كىرىپ كەلدى، كۈلۈپ تۇرۇپ قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى، قىز رەھىمدىل ئاكىلارنىڭ غەمخورلۇقى مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ جىم تۇرۇۋىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قىزنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشقا قول سۇنغانىدى، قىز سەسكىنىپ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەن ۋە ئوغۇللار ياتىقىغا بەلگە بەرگەنىدى، ھېلىقى ئادەم يەنە ھېچ نەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ كەينىگە شوخشىغانىدى...ھۆرىگۈل مانا مۇشۇ ئابۇشنىڭ كۈلۈپ تۇرۇشىدىنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قورقىدۇ. ئاخىر ئارام تەلىپى ۋەھىمىنى يەڭدى. قىز ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە ئىسسىق يوتقان يېپىندى، يوتقان ئۇنى چىڭ قۇچاقلاۋاتقۇدەك، قىز چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنى راستىنلا ئابۇش چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇ. قىز ئۇنى ئىتتەردى، لېكىن تىلسىز يىگىت ئۇنى قويۇۋەتمىدى، ئۇ. ھە، ھۆ، ئى...دەپ قوللىرى بىلەن ھاۋانى، ھۆرىگۈلنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ھۆرىگۈل ئۇنىڭ بۇ شەرەتلىرىدىن ھاۋا سوغۇق، قۇچاقلىشىۋالمىسام ئاغرىپ قالىسەن، دېگەن مەنىنى چۈشەندى، قىزنىڭ بەدىنىمۇ شۇ تاپتا مۇشۇنداق بەدىنى ئىسسىق بىرسىنىڭ ئۆزىنى چىڭ

قوچاقلىشنى تەلەپ قىلاتتى. قىز بوپتۇ، قوچاقلىسۇن، ئۇ بەرىبىر بىرسىگە دېيەلمەيدۇ، تېنىم ئارام تاپسا بولمىدىمۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز تىلسىز يىگىتنى چىڭ قوچاقلىدى...

ئەتىسى كەچ ئۇلارغا بىر قازاق چارۋىچىنىڭ كىگىز ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ئۆيدە يايلاقتا ئويىنىغىلى چىققان ناھىيە كادىرلىرى بار ئىدى، ئابۇش نارىن بىلەن كاۋاپقا ئىختىيارسىزلا ئارىلاشتى. ئۇنىڭ ئەتكەن نارىنى ئاچچىق ـ چۇچۇك، ئەجەب تەملىك. قىيما كاۋىپىچۇ تېخى؟ بۇ خىل كاۋاپنى ئابۇشتىن باشقا ھېچكىم قىلالمايتتى. كاۋاپ، نارىن، ھاراق، قىمىز ئەجەب ماسلىشىدۇ ـ دە، ھاراقتا كاۋاپتىن باشقا زاكۇسكا قاملاشمايدۇ، ئەلۋەتتە نارىنغا قىمىز بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقتا مەست بولغان ئادەمنى قىمىز تېزلا يېقىتىدۇ. قىمىز سىڭمىسە بىرلا رومكا ھاراق بىلەن ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا مېھمانلار يېرىم كېچىگىچە مېھمان بولۇشتى. ئاخىرىدا يىگىرمە نەچچە ئادەم مۇشۇ كىگىز ئۆيدە ياتىدىغان بولدى. بۇ كېچە ھۆرىگۈل ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئابۇشنىڭ يېنىدا قىڭغايدى. ئۇلار چىراغ ئۆچكەندىن كېيىنلا بىر يوتقاندا يەنە قارىغاي تۇۋىدىكىدەك چىڭ قوچاقلاشتى. ھۆرىگۈل كېكەچ يىگىتتىن مۇھىم جايلاردىن باشقا ھېچنەرسىنى قاچۇرمىدى. ئابۇشنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان كۆچلۈك ھارارەت ئۇنىڭ قەلبىدە ھالاۋەت ھېسسى پەيدا قىلاتتى. لېكىن بۇ ھېس قىزلار بىلەن يىگىتلەر سۆركىلىشىپ يېتىشقاندا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتقا قارىغاندا قىزلار بىلەن قىزلار سۆركىلىشىپ ياتقاندا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتقا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز نومۇس قىلمايتتى، قورقۇنمايتتى، ھاياجانلىنىپ ھوشىنى يوقىتىپمۇ قويمايتتى. لېكىن ئابۇشنىڭ

قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. چۈنكى ئابۇش شەرەت بىلەن بۇ ھېسسىياتنى ئۇقتۇرۇشقا ئاجىز ئىدى.

ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن 40 گېكتار ئوتلاقتىكى سۇغۇرلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، چېدىرلىرىغا قايتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى قارىغايسۇدا كۆڭۈللۈك زىياپەت، ئويۇن ـ تاماشا بولدى: ئۇلارنىڭ جاپالىق خىزمىتى يۇقىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، ئۇلارغا بىر "تويوتا" ماشىنا بىلەن بەش مىڭ سوم مۇكاپات بېرىلگەنىدى.

قىز بۇ ئاخشام ھەممە يىگىتلەر بىلەن تانسا ئويناپ چىقتى، مەست يىگىتلەرنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرىگىمۇ پەسەنت قىلمىدى. كېرەم ئىسسىملىك كەمسۆز، كۆزلىرى كىشىگە نەشتەردەك قادىلىدىغان بۇدۇر چاچ يىگىتنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ تولىمۇ ئىشچان ئىدى. بۈگۈن شۇ يىگىتمۇ مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كۆلكىسى بۆلەكچىلا كۆپ، ئۇ ئادەتتە تانگودىن باشقىنى ئوينىيالمايتتى. بۈگۈن رۇمبا، ۋالسلارغىمۇ ھۆرىگۈلنى تەكلىپ قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ پۇتىمۇ، قىزنى تۇتۇشلىرىمۇ توغرا ئەمەس ئىدى. قىز نومۇس قىلىپ ئۇنىڭغا:

— كېرەم ئاكا، مەست بولۇپ قاپسىز، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — يىگىت قىزارغان كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى.

— پۇتىڭىزمۇ كەلمىدى، قاراڭا، قوللىرىڭىز نەلەردە يۈرىدۇ؟

— بۇ يەرلىرىڭىزنى مەندىن ئايامسىز!؟

— قويۇۋېتىڭ! — قىز كېرەمنى سىلكىۋېتىپ، قازان بېشىغا بېرىۋالدى. ئابۇش خام سەي تەييارلىۋېتىپ، پىياز يۇقى مۇشتۇمىنى

كېرەمگە قارىتىپ پولاتلاتتى.

قىز كېرەمنىڭ ھاقارەتتى تـوپەيلى زادىلا ئۇخـلىيالـمىدى. يېرىم كېـچـىدە بىرسى چىـدىرغا كـىرىپ كەلـدى. بۇ چاغـدا دۇتـگاتىل توختىغان. توك يوق ئىدى.

— ئابۇش!... — قـىز ئابۇش تەسەلـلى بەرگـىلى كـىردى دەپ ئويلىدى.

— ئۇنىڭىزنى چىقارماڭ، بەش مىنۇت...

قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— چىقىڭ كېرەم، ھېلى ۋارقىرايمەن، بىكار جازالىنىسىز!

— ۋارقىـراڭ، ۋارقىراتـقىلى كـىردىـم! — ئۇ قـىزنى كارىـۋاتقا باسماقچى بولدى. قىز ئۇنىڭ نەرىـگىدۇ تەپـتى. كېـرەم تولـغىنىپ موكچىيىپ تۇرۇپ قىزنى تىللىدى.

— كېكەچتىن ئاشقان سېسىق بەدىنىڭنى مەندىن ئاياپ كەتتىڭما، قاند...جد...ق ...

قىز بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ھېچكىمـگە دېمىـدى. ئۇ ئەتـىسىدىن باشلاپ لابوراتورىيىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالـدى. ئابۇش ئۇنـىڭغا تاماق ئېلىپ كىرسىمۇ قىز ئۇنىڭـغا قاراپمۇ قويمىـدى، بۇنىڭ بىلەن ئابۇشـمۇ تۇتۇلۇپ تېرىكـكەك بولۇۋالـدى. ئۇ ھېـچ ئىش قىلـماي يىغما كارىۋاتتا ئاسـمانغا قاراپ ئوڭدا ياتاتـتى. ئۇ ئىچـىدە، قىزنى تىللايتـتى: ۋۇي يۈزسـىز. مېـنى قۇچاقلايـسەنۇ. باشقـىغا كۆڭـۈل بېرىسەن! قىزمۇ ئىچـىدە ئۇنى تىللايتـتى. خۇدايـىم بىلىپ كېـكەچ قىلىپ قويۇپتىكەن. بولمىسا ھۆرىگۈلدىن بالا تاپتىم دەپ يالغان گەپ قىـلاركەنـسەن. سەن كېـكەچ مېنىڭ قۇچاقلاپ قويغىنىمنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇرمىغان بولساڭ كېرەم ھېلىقى گەپنى قىلاتـتىمۇ؟

قارىغايسۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارغا كۆڭۈلسىز بىلىنىشكە باشلىدى، ئاخشىمى ئابۇش ئامېرىكىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى قويۇۋېلىپ، قىز ـ يىگىتلەر سۆيۈشكەن يەرلەر چىققاندا ھۆرىگۈلگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. قىز ياتىقىغا قايتىپ چىقىپ، ۋوي ھايۋان، ئۆزىچە مېنى شۇنداق ئويلاپتىكەن ـ دە، ئەرلەرنىڭ ھەممىسگە لەنەت، دەپ تىللايتتى ۋە كۆز يېشى قىلاتتى.

قارىغايسۇدىكى كۆز يېشى يازنىڭ شار ـ شار يامغۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، يەنە ياشلارنىڭ كۆڭلى يامغۇردىن كېيىنكى نۇرلانغان ئورمانلىقتەك يېڭىچە گۈزەللىك، خۇشاللىق بىلەن لەززەتلىنىدۇ. مانا يەنە كۆڭۈللۈك ھايات:

...قارىغايسۇ. ئۇلارنىڭ ياتىقى ھەم ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ياز ھاۋاسىنى ھەۋەس قىلغۇچى يېقىنلىرىنى ئوينىتىدىغان ئەتىۋارلىق سەيلىگاھى. بۇ يەردىن مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ، بەزى چاغلاردا چېدىرلار مېھمانلار بىلەن تولۇپ، بۇ تەجرىبە پونكىتىنىڭ خادىملىرى سىرتتا يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن بۇ يىگىتلەر بۇنىڭغا نارازى بولۇش ئورنىغا خۇشال بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئاغزىدىن قارىغايسۇ توغرىسىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلايدۇ ـ دە. كىملا بولمىسۇن بۇ جاينى ماختىسىلا بۇ يىگىتلەر خۇددى ئۆزلىرى ماختالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇ مېھماننىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھەممىدىن خۇشال بولىدىغىنى ئاشۇ ئابۇش. ئۇ بۇنداق كۈنلىرى ئۈن ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، بەش مىنۇتتىلا بىر پاخلاننىڭ گۆشىنى تېرىسىدىن ئاجرىتىپ، پارچىلاپ قازانغا سېلىپ بولۇپ، گۆش پىشقىچە خېمىر يۇغۇرۇش، بېلىق پىشۇرۇش، كىگىزلەرنى چىمەن ئۈستىگە سېلىپ داستىخان تەييارلاش، نان پىشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ

بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ، كۆزلىرى خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى بىلەن نۇرلىنىدۇ. ئۇ ھۆرىگۈلىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، ئالىيىپ قاراشلىرىنى مانا شۇ خۇشاللىق بىلەن تېزلا ئۇنتۇيدۇ-دە، ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدا پىشقان قىيما كاۋىپىنى ماختاپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشلىرىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە تەييارلىنىۋاتقان نارىنغا پەمىدۇر، قىزىلمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزگىچە تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كېتىدۇ...

— بىزنىڭ بۇ تەجرىبە پونكىتىمىز، — دەپ گەپ باشلىدى ئورۇق ناھىيە ھاكىمى قىمىزدىن بىر يۇتۇم ئېتىپ، كەچكى شەپەقتە ئۇچلىرى نۇرلانغان قويۇق قارىغايلارغا قاراپ قويۇپ، — چارۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈشنى سىناق قىلىدۇ. بۇلار يازنىڭ مۇشۇ ئايلىرىدا بۇ يەردە ئۈچ-تۆت ئايلا ئىشلەيدۇ، لېكىن ئۇلار نۇرغۇن ئىش قىلىدۇ. بىر كۈن دەم ئالمايدۇ، بازارغا كىرمەيدۇ، جاپالىق ئىشتىن راھەت تاپىدۇ. تۆت خىل ۋاكسىنا بويىچە پىلانلىق تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى سەكسەنبەش پىرسەنتكە يەتكۈزۈش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئۇلار يۈز پىرسەنتكە يەتكۈزدى، بۇلارنىڭ پونكىت باشلىقى ئۇدا ئۈچ يىل نەمۇنىچى بولدى. مەملىكەتلىك نەمۇنىچى بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپمۇ كەلدى. قارىماققا بۇلار مەنزىرىسى چىرايلىق يەردە راھەت كۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن مەنزىرىنىڭ راھىتىنى بىز كۆرىمىز، جاپاسىنى بۇلار تارتىدۇ!...

ئابۇش قولىدىكى قىسقىغىراقنى ئوينىتىشنى توختىتىپ تۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى-دە، گەپ تۈگەش

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ رازى بولۇپ كۈلۈشكىنىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە قىڭغىرىقىنى قايتىدىن ئاجايىپ ماھارەت بىلەن پىياز ئۈستىدە ئوينىتىۋەتتى. كەچتە تانسا بولدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن يىگىت ھۆرىگۈل بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ نېمىلەرنى دېدىكىن، ھۆرىگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مانا، قىز ئاجايىپ چىرايلىق كۈلۈپ كەتكەن يۈزىنى يىگىتكە يېقىن ئەكىلىپ، يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، ئابۇش تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ناھىيىنىڭ شوپۇرىنى تانسا مەيدانىغا سۆرەپ چۈشتى. شوپۇر مەست ئىدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئابۇشنىڭ ئىككى مۈرىسىگە سالدى، ئابۇش ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ سىنئالغۇدا كۆرىدىغان چەت ئەللىك ئادەملەردەك لەرزان تانسا ئويناپ، ھۆرىگۈلنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىغا قۇلاق سالدى.

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز، — دېدى قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ نازلىنىپ تۇرۇپ، — ئىككىڭلار ئاجايىپ ياخشى ئىدىڭلارغۇ، ياق، ئىشەنمەيمەن.

— شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، — دېدى يىگىت چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — بولۇپمۇ 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەيئىلەر تېز ئۆزگىرىدىغان بولۇپ قالدى.

— سىز ئۆزگەرگەنسىز ھەقىچان، ياق، ئەرلەر گۇناھنى قىزلارغا ئارتىشقا ئۇستا كېلىدۇ، مەن ئىشەنمەيمەن، مېنىڭ دوستلىرىم ئىچىدە ئۇنداق ئۇجمە كۆڭۈللەر يوق.

— ئۇنداقتا مەن ئۇجمە كۆڭۈل ئىكەنمەن-دە، — دېدى يىگىت ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — ئۇنداق بولسا مەندىن پەخەس بولۇڭ!

— پاھ تېخى، ھەيۋىسنى. ھا...ھا...ھا!...

قىزنىڭ كۆلكىسى يېقىملىق مۇزىكىغا ياكى تاغ سۈيىنىڭ كېچىدىكى شىلدىرلىشىغا ئوخشايتتى. ئابۇش قىزنىڭ مۇنداق گۈزەل ئاھاڭدا كۈلگىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئاھ سىرلىق دۇنيا، ئابۇش شۇنچە يېقىن يۈرۈپ، بۇ قىزنىڭ نەچچە خىل كۈلىدىغىنىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. ئۇ تېخى ئۆزىنى قولىدىن جىق ئىش كېلىدىغان يىگىت ھېسابلاپ يۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ھۆرىگۈل دائىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ بېرەتتى. ئۇ كۈلكىلەر مۇنداق يېقىملىق ئەمەس ئىدىغۇ، ئۇ كۈلكىلەر ئابۇشقا تاغ توخۇسىنىڭ ۋاكىلدىشىدەك، ياكى سۇغۇرنىڭ ئالدى ئاياغلىرىنى تىك قىلىۋېلىپ چۇقان سېلىشىدەك ئاڭلىناتتى.

ئابۇشنىڭ پۇتلىرى ئەمدى چالا-بۇلا ئۆگەنگەن تاڭگوغىمۇ كەلمەگىلى تۇردى. ئۇ ھە دېسىلا شوپۇرنىڭ پۇتلىرىنى دەسسەيتتى.

— ھەي ئابۇش، ئاۋۇ قىزنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ خوتۇنۇڭ يادىڭغا چۈشتىمۇ نېمە، پۇتلىرىڭ كالۋالاشقىلى تۇردىغۇ!

شوپۇرنىڭ ”خوتۇنۇڭ“ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئابۇش چۆچۈپ كەتتى. ھە راست، ئۇنىڭ دادىسى ئېلىپ بەرگەن ئۇزۇنتۇرا، ئۇيقۇغا ئامراق، كەمسۆز خوتۇنى بار ئەمەسمىدى، ئۇ نېمىشقا خوتۇنىنى ئۇنتۇپ قالدى؟ بەلكى ئۇ كېيىكچ بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ياراتمايدىغان ئاشۇنداق قىزلارنىڭ لايىقىدۇر، ئۇنىڭ مۇنۇ ھۆرىگۈلدەك قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بەلكى گۇناھ. ئەيىب ھېسابلىنار، بايىقى يىگىت ئېيتقان ”ئۆجمە كۆكۆل“ يىگىت بەلكى مۇشۇ ئابۇشنىڭ ئۆزىدۇ. خوتۇنى بار تۇرۇپ ئۇ نېمىشقا بىرۋىنىڭ قىزىنى باشقىلاردىن قىزغىنىدۇ؟...لېكىن بۇ سوئاللار بىلەن ئۇ ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇ: ”دادام ئېلىپ بەرگەن ئايالغا

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم چۈشمىسە، مۇنۇ قىزنى ھەربىر مىنۇتتا كۆرۈشنى خالىسام، بۇ مېنىڭ ئەيىبىممۇ، قىز ماڭا سۆركەلمىگەن بولسا مەندە ھازىرقى ئازاب پەيدا بولماس ئىدى. چىرايلىق قىزلار باشقىلارنى ئازابلاش ئۈچۈن يارالغان بولسا كېرەك. ئاھ، مېنىڭ دادام ئېلىپ بەرگەن ئايالىم يا ئازابلاشنى، يا خۇشال قىلىپ سۆيۈشنىمۇ بىلمەيدۇ-دە، ئۇ بىر مودىدىن قالغان كىيىمگە ئوخشايدۇ. ئۇنى كىيمەك تۈگۈل كىشىنىڭ تۇتقىسىمۇ كەلمەيدۇ. ھەي، ھۆرىگۈل، بۇ قارىغايسۇغا نەدىن پەيدا بولدۇڭ. سەن كەلمىگەن بولساڭ بەلكى مەن بىچارە ئايالىمنى بىرنەچچە قېتىم ئەسلىگەن بولاردىم...

تانىسدىن كېيىن، سۇ بويىدىكى ئاشخانىغا مەست بولۇپ قالغان كېرەم كەلدى-دە، ئابۇشنىڭ قۇلىقىغا:

— ئابۇش، ھېلىقى قانجۇق بۈگۈن ھېچقايسىمىز بىلەن تانسا ئوينىماي ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك نېمە بىلەنلا ئوينىدى. چاقىرىپ ئەپچىقىپ ئۇرمايمىزمۇ؟ — دېدى. ئابۇش قولىغا قىڭغىراقنى ئېلىپ، قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ شۇنداق ۋارقىرىدىكى، ئۇنىڭ ئاغىل-تاغىل ئاۋازىدىن نېرىدا — چىمەنلىكتە ئېغىنىشىپ يېتىشقان باشلىق ۋە مېھمانلار چۆچۈپ كېتىشتى.

— ئابۇشنىڭ چىشىغا تەگكەن كىم ئۇ؟ — دېدى ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ تولىمۇ ئىشچان، كۆيۈمچان، سەممىي يىگىت، بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭسىز پۈتمەيدۇ، قەيەرگە چېدىر، قەيەرگە ئاشخانا قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇ بەلگىلەيدۇ، ئابۇشتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي ئىش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شۇنچە مۇلۇك، يېمەك-ئىچمەك بىلەن يالغۇز قالىدۇ. لېكىن ئابۇش ھېچنېمىگە قىيا كۆزىنى سالمايدۇ. بەك ئوبدان يىگىت!

ھاكىم ئابۇشىنىڭ ئەيىبىنى بىلمەيدىكەن ـ دە، ئۇ خوتۇنى بار تۇرۇپ ھۆرىگۈلگە ئاشىق بولۇپ قالىدى. ئۇنى زورلاپ سۆيىدى، تېخى قۇچاقلاپ ياتتى... مانا ھازىر ئۇ ئاشۇ قۇچاقلاشنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئازابنىڭ كۈچىدىن بۈگۈن ئىككى قېتىم قولىنى كېسىۋالدى، تۈنۈگۈندىن بېرى قويىغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي مەسخۇش بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن. ئۇ كىنولاردا يىگىت ـ قىزلار بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئازابلىنىپ زەھەر ئىچىۋالسا، باشقا بىرلىرىنى ئۆلتۈرسە ياكى بىللە ئۆلىۋالسا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. مانا بۈگۈن بېشىغا كەلگەندە كۈلگىنىگە پۇشايمان قىلماقتا: كىشىلەرنى جېنىدىن كەچكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ كۈچ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئۇ تولىمۇ كېچىكىپ ـــ يېشى ئوتتۇزغا بارغاندا بىلگىنى نېمىسى؟...

تۈن تەگرىتاغنىڭ بۇ كىچىككىنە غولچىسىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئارامبەخش ئەتكۈچى قارا يوپۇقىنى يايدى. بۇ يوپۇق ئاستىدا تاغمۇ، قارىغايمۇ قارا تۈسكە كىردى، يالغۇز ـ يالغۇز چېدىرلار ھېلال ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا ئۆزىنىڭ ئاق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئاق چېدىرلار ئىچىدە ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ۋەسۋەسىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقان يىگىت ـ قىزلار بار. ئۇلار تاغنىڭ لەرزان شامىلىدا قىمىرلاۋاتقان قارىغايلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنى ئۇيقۇدىن، ئارامدىن بىزار قىلغان ئەلۋەتتە تاغ شامىلى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارام بۇزغۇچىسى بولغان نەرسە ـــ ھېسسىيات، مۇھەببەت.

مانا شۇ ھېسسىيات ئىشلەپ، تاڭسا ئۇيىناپ چارچىغان ھۆرىگۈلنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئازاب چۈشكىنى ياپتى. قىز

خۇمارلاشقان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن چېدىر تۈڭلۈكىدىن غىل-پال كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارغا قاراپ، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ جىم-جىت ياتماقتا. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تاغ كەپتىرىدەك، تاغ شامىلىدەك ئەركىن ئۇچماقتا، بايىقى ئۆرۈمچىدىن كەلگەن يىگىت ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىچە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇردى. مۇشۇ تاغدا بىر ئۆمۈر ئىشلەشكە بەل باغلىغان قىزنىڭ قەلبىدە بىردىنلا ئۆرۈمچىگە كېتىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. ئۆرۈمچىدە ئۇنىڭ ئىستىقبالى چېچەك ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى، غايىسى شۇ شەھەردە قەدىرلىنىدۇ. ئۇ بەش-ئون يىل تەجرىبىخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئوتتۇز يېشىدا دوكتور، قىرىق يېشىدا پروفېسسور بولالايدۇ. بىرەر ئالىي مەكتەپتە ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ چىرايلىق، بۇدۇر چاچلىق يولدىشى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ چىراي ۋە مىجەزىدىكى ئەڭ گۈزەل تەرەپلەرنى ئۆز بەدىنىدە كۆرسەتكۈچى ئوماق باللىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككى بالكونلۇق، ئاشخانا، مۇنچىلىرى بار ئالاھىدە تۆت ئېغىزلىق ئۆيى بولىدۇ. ئەتىگەنلىكى شوپۇر تۆۋەندىن سىگنال بەرگەندە ئۇلار ئەر-ئايال ئىككىسى خاتىرجەم ھالدا، ئالدىرىماستىن پەلەمپەيلەرنى دەسسەپ بىللە چۈشىدۇ، پۈتۈن راھەت، شان-شەرەپ چوڭ شەھەرلەردە، ھۆرگۈلنىڭ بۇ قارىغايسۇ ئىسمىلىك غولچىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشىمۇ ئاخىرىدا چوڭ شەھەرگە كېتىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى، مانا ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغۇسى، ئۇ مۇنۇ قوپال ھەمراھلىرىدىن ئەمدى قۇتۇلغۇسى...ئۇنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ئىككى-ئۈچ ئاي ئىچىدە

ئەمەلىگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ئاۋۇ ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، قاش - كۆزى جايىدا، لەۋلىرى سۆزلۈك يىگىتكە ھەممە قىممەتلىك نېمىسىنى: مۇھەببىتىنى، ۋاقىت - ئارامىنى تەقدىم قىلسا، بۇنىڭ پۇشايمان قىلغۇدەك نېمىسى باركەن؟ ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئۆرۈمچىدە قېلىش ئۈچۈن كىملەرگە يالۋۇرمىدى؟ ناۋادا ئاتمىش ياشلىق بوۋاي ئۇنى ئۆرۈمچىگە ئېلىپ قېلىشقا بەل باغلىغان، ئۇنىڭ بەدىلىگە بوۋاي قىزدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلغان بولسا، ھۆرىگۈل بوۋاينىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولارمىدى؟ ياق، ھەرگىز رەت قىلمايتتى، چۈنكى قۇربانسىز غەلىبە، بەدەلسىز ئىستىقبال بولغان ئەمەس - تە؟ چېدىرنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى. قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— كىم؟ ھە سىزمىدىڭىز، نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسىز - ھە!

قىز غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ چېدىر ئىشىكىنى ئىلدى. يىگىت ئۇنىڭ يېنىك كىيىم ئىچىدىكى بەدىنىگە قول تەگكۈزگەندە ئۇ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ساغلام، تەلەپچان بەدىنىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل سەزگۈ توك بولۇپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ پۇتلىرى جانسىزلىنىپ بېشى قايدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى، يىگىت ئۇنى قۇچاقلىغان پېتى كارىۋىتىغا ياتقۇزدى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى ئۇنىڭ لەۋ، كۆز، بويۇن، ئېگەك...لىرىگە تامغا باستى. قىزدا نە قارشىلىق نە نازلىنىش ھېسسى پەيدا بولمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يىگىتتىن تېخىمۇ چوڭ ئارام — مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى چېكى ۋە مەقسىتى بولغان ۋۇجۇد — بەدەن قوشۇلۇشىنىلا تەلەپ قىلاتتى. يىگىت قىزنىڭ بۇ تەلىپىنى ئۈن - تىنسىزلا چۈشەندى - دە، قىزنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماق بولۇپ، ھاياجان

ۋە ھودۇقۇش بىلەن قىزغا ياماشتى. قىزنىڭ قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ يەلكە ۋە چاچلىرىنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن...

ئىككى ۋۇجۇدنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدىغان مۇشۇ لەززەتلىك پەيتتە چېدىر ئىشىكى سىلكىندى، ئىشىكلا ئەمەس، پۈتۈن چېدىر خۇددى يەر تەۋرىگەندەك قاتتىق سىلكىندى. يىگىت ھودۇقۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قىز بولسا خۇددى تۇيۇقسىز مەسلىكىدىن يېشىلگەندەك ئۇياتتىن ئۆرتەندى. خۇددى تۇيۇقسىز ئوق تەگكەن كېيىكتەك مەقسەتسىز تىپىرلىدى.

— ۋۇي ھاياسىز شەرمەندە!

قىز كىرەمسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

كىرەم مېھمان يىگىتنىڭ ياقىسىدىن سىلكىدى:

— سەن ھەزىلەك، بىزنى ئاياغ ئاستى قىلماقچىمۇ تېخى!

قوپاللىق قىلما ئاداش، سەن مېنى جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇۋال-غىنىڭ يوق، مەن سېنىڭ كانىيىڭدىن ئالسام بولاتتى. سەن قوپاللىق بىلەن ياشلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشتىڭ!

— پاھىشۋازلىقمۇ شەخسىي تۇرمۇشمۇ سەن خەقنىڭ-ھە؟

— قويۇۋەت، ھوي تازىمۇ تەربىيە كۆرمىگەن نېمىكەنسىنا؟ بۇ يەرنىڭ يىگىتلىرىنى مەرد، ئەدەبلىك دەپ ئاڭلىۋىدىم. سەنزە؟...

— گېپىڭ چوڭغۇ تېخى، ھەي پاھىشۋاز، يەنە نېمە دەپ ئاڭلىغان، ئېيت قېنى؟

— بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشىنى پاھىشۋازلىق دەپ چۈشەنسەڭ تازىمۇ ياۋايى نېمە ئىكەنسىنا! بىلەمسەن، بىر-بىرىگە تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشى گۈزەللىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولىدۇ. بۇ گۈزەللىككە بۇزغۇنچىلىق

قىلىش ۋەھشىيلىك، بىلىپ قوي، ۋەھشىيلىك!
— مانا ۋەھشىيلىك، — كېرەم يىگىتنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت ئۇردى. يىگىت كارىۋاتقا — قىزنىڭ يېنىغا قىڭغايدى. قىز خۇددى مۇشت ئۆز يۈزىگە تەگكەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يىگىتنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى.
— مېنى تىللاڭ. مېنى ئۇرۇڭ، بۇ يىگىتنى مەن چىللاپ ئەكىردىم. بۇنىڭدا گۇناھ يوق!
— ۋۇي رەسۋا! — كېرەم قىزنى ئۇرۇش ئۈچۈن ھاۋادا قول-لىرىنى پۇلاڭلاتتى. نەق شۇ چاغدا ئىشىكتىن بىرسى ئىتتىرىپ كىردى-دە، كېرەمنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ-تالاغا ئەپچىقىپ كەتتى. قىز بىزسىنىڭ يەرگە گۈپ قىلىپ چۈشۈپ نالە قىلغىنىنى، يەنە بىرسىنىڭ بە، بە، ھۆ، ۋۇ، دەپ ۋارقىرى-غىنىنى ئاڭلىدى-دە، ئازار يېگۈچى مېھمان يىگىتنىڭ مۇشت يېگەن ياڭىقىنى ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:
— بىچارە ئابۇش! — دېدى.
يىگىت ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي:
— ماڭا يېپىپىڭى بىر ئىسىم قويۇۋالدىڭىزغۇ؟ مېنىڭ ئىسمىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ مەن ئاخشام سىز بىلەن ۋەدىلەشكەن يىگىت ئابلەت بولىمەن جۇمۇڭ، مەن ئابۇش ئەمەس! — دېدى.
— قارىغاي بوۋاي، ئېيتقىنا بۇ ياشلارنىڭ شوخلۇقىمۇ ياكى تۇرمۇشنىڭ ئەينى ئۆزىمۇ؟
— ئەينى ئۆزى چاباش يازغۇچى، سىلەر ئىنسانلار ھەممىلا جايدا شۇنداق كۆلكە ھەم كۆز يېشى بىلەن ياشايسىلەر...
قۇياش مىڭمارالنىڭ تىك چوققىسى ئۈستىدە خۇددى تەگرىتاغ-

نىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ پەيدا بولغاندا ھۆرىگۇل ھاسىراپ - تەرلەپ سۇل قاناتتىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقالدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى تاڭ سەھەردە ئېچىلغان تاغ لەيلىسىدەك سۇزۇلگەن، كۆزلىرى تاڭ پەيتىدىكى چولپان يۇلتۇزىدەك نۇرلانغانىدى. ئۇ شادلانغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئەگرىتاغ ئاجايىپ گۈزەل، قاتمۇقات چوققىلار، قىزغۇچ سېرىق نۇرلار يالتىرىغان توپ - توپ قارىغايلار، چەكسىز دېڭىزدا ئاستا ئېقىۋاتقان سانسىز مۇز پارچىلىرىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن قويلار، تاغنى جاراڭلىتىپ كىشنەپ، بويىنىنى سوزۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن سېمىز، شوخ ئايغىرلار، سالمىلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن يىلقىچىلار، كىگىز ئۆيلەردىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان يايلاققا يارىشىملىق كۆكۈچ ئىس، كېچىچە شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ ئەمدى ئاۋازى پەسەيگەن بۇژغۇنلۇق شوخ تاغ سۈيى...قىز ھەر كۈنى مۇشۇ تۆپىلىككە چىقىپ ھۇزۇرلىنىپ، زوقلىنىپ كۆزىتىدىغان بۇ تاغ بېزەكلىرى بۈگۈن ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا گۈزەل كۆرۈندى: سىلەرنى مەڭگۈ تاشلاپ كېتەمەنمۇ؟ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بىرىنچى لابورانت دەپ مېنى بېشىدا كۆتۈرىدىغان مېھرىبان پونكىت باشلىقىنى، گېپى قوپال، چاقچىقى يېرىك، كۆڭلى تۈز سەپداشلىرىمنى، مېھرى ئىسسىق چېدىرلارنى، مېنى يەلكىسىدە ئوينىتىدىغان سۆيۈملۈك ئاتلارنى... ھەممىنىلا تاشلاپ كېتەمدىم؟ بولارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يىگىتنىڭ بىر كۈنلۈك ھېسسىياتىغا، تېخى راست - يالغانلىقى سىناقتىن ئۆتمىگەن ۋەدىسىگە تېگىشەمدىمەن؟ بىز قىزلار ئاسانلا ئىشىنىمىز، قۇربان بېرىشكە ئاسانلا تەييارلىنىمىز. تۆت يىللىق كونا سىردىشى، ئىچ - سىر ئېلىشقان قىزغا ۋاپا قىلمىغان يىگىت ماڭا قانچىلىك

ۋاپا قىلار؟ ئۇنىڭ بارلىق ۋەدىلىرى مۇشۇ بىر كىچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا بولىسچۇ...

قىز ئىككىمىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، چىدىر ئىچىدە ئورۇمچىدىن كەلگەن باشلىق ئۆز كاتىپىنى ئەيىبلەۋاتاتتى:

— ئۆزىڭىز ياتقان چىدىرنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست بولمىغانسىز. توغرا، قىزلارنىڭ ياتىقىغا كىرىش گۇناھ ئەمەس. لېكىن قىزنى ئالدىغان بولسىڭىزچۇ؟ سىزنىڭ چىرايىڭىز، يۇمشاق تىل، ئارتىسلارغا ئوخشاش ھېسسىياتچانلىقىڭىز ساددا قىزلارنى ئوڭايلا قىلتاققا چۈشۈرەلەيدۇ، ھۆرىگۈلنى بىزنىڭ ئىدارىنىڭ لابوراتورىيىسىگە يۆتكەپ كېتىشكە ھاكىم ئاخشام قوشۇلمىغان ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىچىلا قىزنى ئېلىڭلار، ياخشى قىز ئىدى، لېكىن سىلەرگە بەرمىسەك بولمىغۇدەك، دەپ كىرىپتۇ. بۇ ئىشنى مەن سىزنىڭ كىچىلىك زىيارىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراۋاتىمەن. قانداق، قىزنى يۆتكىسەك كېيىن بەل قويۇۋەتمەي چىڭ تۇرالامسىز؟

يىگىت ئۇن-تىنسىز سەپەر سۇمكىسى بىلەن ھەپىلەشمەكتە ئىدى،

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز ئابلەت؟

— كادىر يۆتكەش باشقىلارنىڭ ئىشى، مەن نېمە دەيتتىم...

— شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭمىسىز، تەييارلىقىڭىزنى پۈتتۈرۈڭ!

باشلىق كاتىپىغا بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ، چىدىردىن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

"تويوتا" دېگەن لاتىنچە يېزىقى بار كۆك ماشىنا سىرىق

گۈللەر ئىچىدە كېتىپ بارىدۇ. سېرىق گۈللەر پۈتۈن غولىنى، قاپتاللارنى قاپلىغان. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۇغۇر ئۇۋۇلىرى ئۇچراپ قالىدۇ.

ـــ ھۆرىگۈل، بۇ گۈللەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ـــ باشلىق كەينىگە قايرىلىپ كاتىپى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان قىزدىن سورىدى.

ـــ ياق، بۇ گۈللەرگە ئۆچمەن!

ـــ ۋاھ، نېمىشقا؟

ـــ بۇ گۈللەر زىيانلىق. گۈلى چىرايلىق بولغىنى بىلەن بىرىنچىدىن، بۇنى مال يېمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ گۈللەر ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان سالىدۇ، بىلمىگەن ئادەم ئۇنىڭغا زوقلىنىدۇ، بىلگەن ئادەم ئۇنى يامان كۆرىدۇ.

ـــ مۇنداق دەڭ. چىرايلىق بولغىنى بىلەن زىيانلىق دەڭا؟

ـــ ھەئە شۇنداق. يېقىندا مەخسۇس مۇشۇ گۈلنىلا يوقىتىدىغان بىر دورىنى چەت ئەلدىن كىرگۈزدۇق، بىز بۇنى يوقىتىمىز.

بۇ گۈل توغرىسىدىكى ئاددىي سۆھبەت خۇددۇكى چاپان، چېچەن يىگىت ئابلەتنى بىئارام قىلدى:

ـــ دۇنيادا مۇتلەق گۈزەل نەرسىمۇ يوق، مۇتلەق زىيانلىق نەرسىمۇ يوق. قاراڭلار، سېرىق گۈللەر تاغقا قانداق ياراشقان، بۇ غول خۇددى ئالتۇن كۆلگە ئوخشايدىكەن.

ـــ گەپ شەكلىدە ئەمەس، ئۇكام ئابلەت، ـــ دېدى باشلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ رەڭدار بولسىلا گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ، سېرىق بولسىلا ئالتۇن بولۇۋەرمىگەندەكلا.

قىز قاقاقلاپ كۈلدى:

— مەسىلەن، شۇمبۇيىمۇ رەڭلىك، سېرىق يۆگىمەشمۇ ئالتۇنىدەك رەڭلىك.

باشلىقمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇلار ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق بورانىدەك تېزلىك بىلەن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. باشلىق ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە، شوپۇرغا:

— توختا، بىرنېمىمىز ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ! — دېدى.

ئۇلار سېرىق گۈللۈكتىن ئۆتۈپ، تۆپىلىكتە توختىدى. قىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ياغلىقنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئابۇش، ھەي ئابۇش، ھەي بىچارە!

باشلىق قىزغا دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدە شەبنەمدەك ياشلار لىغىلداپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئېيتقىنا قارىغاي بوۋاي، قىز كېكەچ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانمىدۇ؟

— سىلەر ئىنسانلار ھەممىلا نېمىنى مۇھەببەت تارازىسىدا ئۆلچەشكە ئامراق. سەن ھېكايەمنى ئاخىرلاشتۇرغىن، سېنىڭ ئەسىرىڭنى ئوقۇغان ياشلار ئۆزلىرى خۇلاسە چىقىرالايدۇ. ئاكاڭ قارىغاي ھەممىنى دەپ بەرسە بولماس!

شۇنداق، ھېكايە ئاخىرلاشتى، ئابۇش مەنگەن تورۇق ئات پۇشۇلداپ، پىرقىراپ ماشىنا يېنىدا تەستە توختىدى.

ئابۇش قوللىرىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى، ئۇنىڭ گېپىنى بىر ھۆرىگۈللا چۈشەندى. ئۇ باشلىق بىلەن ئابلەتكە قاراپ:

— ئەپۇ قىلىڭلار، سىلەرگە ھەمراھ بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ئابۇش بۈگۈن ئەتىگەن بىر غالجىر ئىتنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ، ئىتتا

خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەل مىكروپلىرى بار ئوخشايدۇ!
قىز شۇنداق دېدى ـ دە، سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ، ئابۇشنىڭ ئېتىنىڭ ئۇزەڭگىسىگە دەسسىدى. ئاللىقاچان ئاتتىن چۈشۈپ تەييار بولغان ئابۇش بىر قولىدا قىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. قىز ئاتقا مىنگەندىن كېيىن ئابۇش ئۇنىڭ كەينىگە مىنگەشتى ـ دە، قىزنىڭ بەللىرىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ، ئېگەرنىڭ ئالدى قېشىدىن چىڭ تۇتتى، بۇ كۆرۈنۈشكە ئابلەت تاقەت قىلالمىدى، ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى:
ــ ئۇرۇمچىگە، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىدىغان ئىشلىرىڭىزچۇ؟...
قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ كەينىگە قايرىلدى:
ــ كەلگۈسىدە ئويلاپ باقاي!
باشلىق قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئاۋۋال ئابلەتكە قارىدى. ئابلەتنىڭ لەۋلىرى كۆكەرگەن، يۈزى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئاتلىقلارغا قارىدى، ئات سېرىق گۈللەر ئىچىدە بوراندەك چېپىپ بارماقتا ئىدى. قىز قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ سۇسىيىپ بارماقتا.
قېرى قارىغاي زۇۋانغا كىردى:
ــ ئىلاھىم، ئۇنىڭ كۈلكىسى كۆز يېشىغا ئايلانمىسۇن، سىلەر ئىنسانلار ئۇنىڭسىز ياشىيالمايسىلەر!...

## زۇلپىقار

# سادا

## 1

كىچىككىنە پەنجىرىسىدىن كۆك ئاسمانىنىڭ ئالقانچىلىك يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ سولاقخانىغا سالاھىيىتى، ياش-قۇرامى ۋە ئىش-ئوقتى ئوخشىمايدىغان ئالتە كىشى قامالغان بولۇپ، ئالتە ئادەم ئۈچۈن تارلىق قىلمايتتى. لېكىن "تۈرمە دېگەن بەربىر تۈرمە، مېھمانخانا ئەمەس" بولغاچقا، كىشى ھامان سىقىلىش ھېس قىلاتتى. ئەركىنسىزلىك ۋە ناچار شارائىت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نارازى قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يېرىمى بۇ مۇھىتقا تەدرىجىي كۆنۈپ، تاماق يەپ، ئۆلمەي مىدىرلاپ يۈرگىنىگە شۈكۈر قىلىدىغان بولۇپمۇ قېلىشقانىدى. قالغان يېرىمى بولسا ھامان تىت-تىت بولاتتى. بىراق، بۇ ئۈچەيلەننىڭ تىت-تىت بولۇش سەۋەبلىرى ئوخشىمايتتى.

بۇلاردىن بىرى ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان، ئويچان، ئورا كۆزلۈك يىگىت بولۇپ، ئۇ كارۋانلارغا ئەگىشىپ چەت ئەللەرگە چىققان ۋە شۇ سەرگەردان تۇرمۇش جەريانىدا باشقا ئەللەرنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تەسىر ئېلىپ، شۇ تەرەپلەردە ئازدۇر-كۆپتۇر ئوقۇغان ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى

www.uyghurkitap.com

راسا بىخلىنىشقا باشلىغان 30 - يىللارنىڭ بېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ، ئاقارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇئەللىم ئىدى. ئۇ جۇشقۇن روھ بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە گۇمانلىق ئۇنسۇر، دەپ قارىلىپ، شىڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن مەكتەپتىدىلا قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ جۇشقۇن ھاياتىدىن، سۆيۈملۈك مەكتىپىدىن، بىلىمگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تىت - تىت بولاتتى.

يەنە بىر مەھبۇس چەت ئەللىك پەرەڭ ئىدى. قىزغۇچ سېرىق چاچلىق، ئېگىز قاڭشارلىق، ئورا كۆز بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا "تۈركولوگ" ئىكەن. ئۇ قەشقەرگە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە كەلگەنىكەن. بىراق مۇشۇ قالايمىقان كۈنلەردە ئۇ چەت ئەل جاسۇسى دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇلغانىدى. دەسلەپ ئۆزى يالغۇز قامىلىپ، ئالاھىدە كۈتۈلگەن، بىراق كېيىن قولغا ئېلىنغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە، سولاقخانىلار يېتىشمەي ئۇنىڭغا بەش ھەمراھ قوشۇپ قويۇلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئايرىم تاماق يەيتتى، بىرنەچچە قېتىم شامالداشقا چىقىرىلاتتى. ئۇنىڭ باھانىسىدا قالغان بەشەيلەنمۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ تۇراتتى. باشقا سولاقخانىدىكى مەھبۇسلار پەقەت بىر قېتىملا شامالداشقا چىقىرىلاتتى. پەرەڭنىڭ جاسۇس ئەمەس بولۇپ چىقىپ، دۆلىتى تەرىپىدىن نارازىلىققا ئۇچراشتىن ئەنسىرىگەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشنى ئۇنتۇشمىغانىدى.

پەرەڭ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پىلانىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىگە، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن قولغا كېلىدىغان پۇل ۋە شۆھرەتتىن مەھرۇم بولغىنىغا

شۇنچىلىك بوغۇلاتتىكى، ھەممىشە ئۆزىنىڭ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنى تىللايتتى.

ئۇچىنچىسى بولسا، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر بەگلىكنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك موللىسى ئىدى. ئۇ يالغۇز مۇشۇ يېزىغىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن قەشقەرگە تونۇلغان داڭلىق شەخس ئىدى. ئۇ، ھۆكۈمەتكە سەممىي سادىق بولۇپ، شېڭ دۇبەننىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ھەدىسىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەچكە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تازا كۆتۈرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇمۇ بارلىق دىن مۇخلىسلىرىغا ئوخشاشلا ھۆكۈمرانلارنىڭ ياللاقچىلىقىنى قىلىپ، ئۆز خەلقىنى قۇربانلىق قويىدەك زامان قاساپلىرىغا تۇتۇپ بېرىدىپ كەلگەنىدى. ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەنىدىلا ئەمەس، ئىسمىنى ئاڭلىغاندىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. كىشىلەر دادىسىدىن ئايىغان نەرسىسىنى بۇ موللىسىغا بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرىپى دەپ بىلىشەتتى. موللىنىڭ شۇ بەگلىك تەۋەسىدىكى بازاردا بىر دۇكىنى بار ئىدى. ئېلىپ-ساتارلار ۋە باشقا سەييارە تىجارەتچىلەر: "موللام ئاللاغا يېقىن ئۇلۇغ ئادەم، ئۇنىڭ مېلىدا بەرىكەت بار، چوقۇم پايدا ئالالايمىز" دەپ قىممەت بولسىمۇ شۇنىڭ دۇكىنىدىن مال سېتىۋالاتتى...

نېمە سەۋەبتىنكى ھۆكۈمەت ئاخىر ئۇنىمۇ قولغا ئالدى. بۇ ھال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. "ھۆكۈمەت يېڭىلىشتى ياكى دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىم" دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولسا، ئۇنى: "بىزنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك موللىمىز بىزنىڭ يىغمىزنى يىغلاپ، كۈلكىمىزنى كۈلۈپ كېلىۋاتقاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدى" دەپ ئويلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىر

هەسسە ئېشپ كەتتى. هۆكۈمەتنى ئۆزلرى ئۈچۈن دۈشمەن دەپ بلدىغان خەلق بر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا ئۈنىڭ هۆكۈمەت بلەن يېقن ـ يىراقلىقىغا قاراپ هۆكۈم قىلاتتى ـ دە! موللا بلەن كېلىشەلمەيدىغان زىيالىيلار بولسا بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ساتقىن ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى سېتىلغان هەم خىزمەت قىلغان تەرەپنىڭ قولىدا ئۆلمىكى قانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش ئىدى. لېكىن هۆكۈمەت ئۇنى پەقەت "نوپۇزىدىن ئەنسىرەش" سەۋەبى بىلەن قولغا ئالغانىدى. موللىنىڭ نوپۇزى بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن هۆكۈمەت خاتىرجەمسىزلەنگەن، ئۆزىنىڭ بۇ سادىق يالاقچىسىغا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى هېچ بولمىسا مۇشۇ ئەنسىز يىللار ئۆتۈپ كەتكۈچە خەلقتىن ئايرىپ قويۇشنى توغرا تاپقاندۇ ياكى بۇ هەقىقەتەنمۇ ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇر. بۇ هال موللىنى تىت ـ تىت قىلاتتى. ئۇ هەمىشە قېچىرغا مىنىپ، بىر توپ جامائەتنى ئارقىسىغا سېلىپ سۆلەت بىلەن مېڭىپ يۈرگەن، هامان تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان چاغلىرىنى ئويلاپ هەسرەتلىنەتتى. بىراق، يەنىلا هۆكۈمەتتىن ئاغرىنمايتتى. تۈرمىدە ئولتۇرۇۋېمۇ هە دەپ هۆكۈمەت هەققىدە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ تۇراتتى. ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەردىن سىرتنىڭ ئەهۋالى — جامەنىڭ، يۇرتنىڭ، ئائىلىسىنىڭ، دۇكانىنىڭ ئەهۋالىنى سوراش بىلەن بىرگە هۆكۈمەت ئىشلىرى هەققىدىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن هالدا بىرنېمىلەرنى سوراپ كېتەتتى (هەر قېتىم مۇشۇنداق قىلىۋاتقاندا، مۇئەللىم مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەيتتى).

قالغان ئۈچ مەهبۇس ئاددىي پۇقرالاردىن بولۇپ، بىرى دېهقان، يەنە بىرى هۈنەرۋەن، ئۈچىنچىسى شەهەر پۇقراسى ئىدى. بۇ

ئۆچەيلەن موللىنىڭ خىزمىتىنى جان دەپ تالىشىپ قىلىشاتتى. بۇنداق قىلىشنى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ ئەمەس، ئۆزلىرىگە كەلگەن ئامەت دەپ قارىشاتتى. موللا بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن ياخشى ياشايتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا شەھەر ۋە يېزىلاردىن يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سوۋغا-سالاملىرى تۆكۈ-لۈپلا تۇراتتى. ئۇ بولسا، بۇ نەرسىلەرنى بىر ئۆزى ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيدىغان بولغاچقا، گۇندىپايلارغا، تۇرمە باشلىقىغا ۋە باشقا مەھبۇسلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ھال ئۇنى پۈتۈن تۇرمىدىكى مەھبۇسلار ئىچىدە تېخىمۇ تونۇتقان بولسا، گۇندىپايلارنى ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنىدىغان قىلىپ قويغانىدى. بۇنىدىن باشقا، سوۋغا-سالاملار ئىچىدىن پۇللۇقراق ھەم ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدىغان نەرسى-لەرنى تاللاپ ئېلىپ قېلىپ، دۇكىنىغا سېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئەۋەتەتتى.

— ئۆيدىن ئەنسىرىمەي ئۆزلىرى ئىشلىتىۋەرسىلە بولاتتى، ئۆيدىكىلەرگە ئوبدان قاراۋاتىمىز، خاتىرجەم بولسىلا، دۇكاننىڭ سودىسىغا خۇدا بەرىكەت بېرىۋاتىدۇ... — دەيتتى يوقلاپ كەلگەن ئىخلاسمەنلىرى.

— خۇدا "يەڭلا، ئىچىڭلا، ئىسراپ قىلماڭلا" دېگەن. بۇ يەردە ئىسراپ بولغىنىدىن ئۆيگە كەتكىنى ياخشى، — دەيتتى موللا. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى چۈشۈپ تۇرىدىغان سوۋغىلارمۇ مىلىچ مال دۇكىنى ئېچىشقا يەتكۈدەكلا ئىدى.

ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىلىۋاتقان بەرىكەت ئەمەلىيەتتە ساددا ئىخلاسمەنلەرنىڭ قارىغۇ ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئاشۇ قارىغۇ ئېتىقاد ۋە نادانلارچە ئىخلاسمەنلىك كىشىلەرنى مەرد ۋە نامىسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئايلاندۇراتتى: بەزى كېچىلىرى موللىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇلاغ ـ ئۇلاغ ئوتۇنلار ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى چۈشۈرۈپ قويۇلاتتى. بۇ ھال كىشىلەرگە كۆزگە كۆرۈنمەس پەرىشتىلەر بىلەن بۇ موللىنىڭ سىرلىق ئالاقىسى باردەك تۇيغۇ بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرەتتى...

## 2

موللا ئۆز ئىسمىغا يارىشا ھەر دائىم قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا ئوقۇپ تۇراتتى. سولاقخانىدىكى ئۈچ مەھبۇس ئۇنىڭ بىر خىلدا سىلىق تەۋرىنىپ، كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ تۇرۇپ، ئاھاڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇشىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلىپ قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسىدا "ئۇ دۇنيا" تەشۋىشى بولغاندىن تاشقىرى، نان قايغۇسىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايتتى. چۈنكى ئۇلار موللىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۆيلىرىدىكىدىنمۇ توقراق يەرەتتى. ۋەھالەنكى، تويغۇزغۇچىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماسلىق بىھۆرمەتلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە.

موللا شامالداشقا چىققاندىمۇ جىمى مەھبۇسلار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇپ، ھەدىسلەردىن مەنە يېشىپ ھەم بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ "شىڭ دۇبەن جانابلىرى" يۈرگۈزۈۋاتقان پارلاق سىياسەتلەرنى دىنىي ئەقىدىلەر ئارقىلىق ئاساسلايتتى، شىڭ شىسەينىڭ مىڭلىغان ئادەمنى تۈرمىگە بەند قىلغانلىقىنى "قۇرئان"دىكى: "خۇدا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇلار گۇناھلىرى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ" دېگەن ئايەت بىلەن ئاقلايتتى ھەم مەھبۇسلارغا: "ئى، ئاللا، بىز

ئۆز-ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق...» دېيىشىنىڭ ساۋاب بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. يەنە راستچىل بولۇشىنىڭ خاسىيىتى ۋە يالغانچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، مەھبۇسلارنى ھۆكۈمەت سورىغان نەرسىلەرگە ئەينەن جاۋاب بېرىشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى.

موللىنىڭ ۋەزلىرىگە پەرەڭدىن باشقا مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ياكى ياسىما جىددىي پوزىتسىيە بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇشاتتى. بۇنىڭدىن مۇئەللىممۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. گەرچە ئۇ بۇ ئىشلاردىن كۆلگۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نادان جامائەتنىڭ ئومۇمىي قارشىلىقى ئىچىدە قالماسلىق ئۈچۈن ياسىما پوزىتسىيە بىلەن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. پەرەڭ بولسا بۇلارنى مەسخىرە قىلغاندەك مېيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

بىركۈنى پەرەڭ مۇئەللىمنى نوقۇپ:

— ئەپەندىم، ھېچ نەرسە قىلماي كۈن ئۆتكۈزەمدۇق؟ — دېدى.

— قىلغۇدەك نېمە ئىش بار، دەيسىز؟ ئامال يوق... — دېدى مۇئەللىم ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئاۋازدا يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم ئېنگلىزچە، — مۇشۇنداقلا چىرىپ كېتىمىز...

— مەن سىزگە مۇئەللىم بولاي، سىز ماڭا ياردەمچى بولۇڭ، — دېدى پەرەڭ چۈشىنىكسىز ھالدا.

— نېمە، دېدىڭىز؟

— سىز ئېنگلىزچىنى بەك يامان سۆزلەيسىز، بەك ناچار! مەن سىزگە مۇئەللىم بولاي، سىز ئېنگلىزچىنى ياخشى ئۆگىنىڭ، كېيىن ماڭا ياردەمچى بولسىز، مەن كىتاب تەرجىمە قىلىمەن.

— كتاب تەرجمە قلىمەن دەمسز، مەن ياردەمچى بولمەن؟
— ھە، بكارچلىق ئادەمنى بمەنە خياللارغا ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ ئاخرىدا نېرۋا بۇزۇلىدۇ، نېرۋا...
— بۇزۇلىدۇ؟ ھە... نېرۋا، نېرۋا... — دېدى مۇئەللم چېكسگە نوقۇپ.

پەرەڭ ئورتاق تۇركچە سۆزلەيتتى. ئۇ ھەممە گەپنى ئوبدان چۈشىنەتتى، لېكىن سۆزلىگەندە تاقا - تۇقىراق سۆزلەپ قوياتتى.

پەرەڭنىڭ پەرۋاسىزلارچە ئېيتقان گەپلىرى مۇئەللىمنى بەك ھەيران قالدۇردى. ئۇ، شۇ تاپتا ھەممىدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، يېتىپ كەلگۈسى ئۆلۈمنى كۈتۈپلا ياتقاچقا، بۇ گەپ ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى، ئەلۋەتتە.

— بىز ھازىر جاللاتنىڭ چاڭگىلدا، — دېدى ئۇ ئەجەبلىنىشىنى يوشۇرماي، — ساق قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزدىن ئۆلۈپ كېتىشىمىز ئېنىقراق، بۇ ھالدا ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن نېمە پايدا؟ كىم بىلىدۇ، بۈگۈن كېچە ياكى ئەتە كۈندۈزدە ئاتقىلى ئېلىپ چىقار...
— ئەگەر ساق قالسىڭىزچۇ؟
— ئەگەر ساق قالسام؟... بۇ مۇمكىن ئەمەس! مەندە ئىشەنچ يوق...

— ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، بۇ ھاياتلىق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، — دېدى پەرەڭ خاتىرجەم ھالدا، — مېنىڭ تەكلىپىمنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر پايدىسى بار، ئەگەر ساق قالىدىغان بولساق، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتمىگەن بولىدۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پۇشايمان ھەسرىتىنى چەكمىگەندىن تاشقىرى، ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسىنى كۆرىمىز. ئەگەر ساق قالمىغان تەقدىردە ئۆلگىچە بولغان

ئارىلىقتىكى روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئىش بىلەن مىلىكە بولىمىز، ھەر ھالدا ئويلاپ كۆرۈڭ.

مۇئەللىم ئۇزاق ئويلىدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەن. شۇڭا ئۇ پەرەڭنىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بەردى.

ئىككىسى دەرھال ئىش باشلاپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان چىھرىسىنى ئەمدى ھايات جىددىيلىكى ئىگىلەپ خېلى جۇشقۇن بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى سۆزلۈك يادلاش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى...

## 3

— قاراڭلار، ئاۋۇ ئىماندىن ئازغاننى، — دېيىدى دېھقان ئىنىگىلىرىچە سۆزلۈك يادلاۋاتقان مۇئەللىمنى ئىشارە قىلىپ ھەمراھلىرىغا، — ناسارا بىلەن خېلى ئوبدان يېقىنلىشىپ كەتتىغۇ، كاپىر!

— بۇ ئەپەندىچاق جەزمەن ناسارانىڭ دىنىغا كىردى، ئۇنىڭ ئۆگىنىۋاتقانلىرى ئاشۇ خەقنىڭ ئايەتلىرىمىكىن دەيمەن، — ھۈنەرۋەن ئۆز نۆۋىتىدە گەپ قىستۇرۇپ موللىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

موللا بايىلا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، راسا بىرنى كېكىردى ۋە "ئى، رەببىم ئاللا، بەرگەن رىسقىڭغا شۈكۈر!" دەپ ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويۇپ ئورۇن - كۆرپىسىگە قىيسايدى ۋە ئاشقان تائاملارنى ئۇچەيلەنگە ئىلتىپات قىلىۋەتتى.

ئىلگىرى ئۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرگە مۇئەللىمنىمۇ، پەرەڭنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، "ئادەمگەرچىلىك"نى ئىپادىلەيتتى.

ماۋۇ ئۇچەيلەن ھەمىشە ئاچ - زېرىن، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇرغاچقا، ئۇلارغا بەرمەستىن يېيىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن مۇئەللىمنىڭ ”ناساراچە“ گەپنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان ھامان ئۇنى دىندىن چىققانمىكىن، دېگەن گۇمانغا كېلىپ غۇتۇلداپ يۈرىدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئەپەندىلەر بىلەن پەننىي مەكتەپ ئېچىش - ئاچماسلىق مەسىلىسىدە تالىشىپ قالغاچقا، ئەپەندى دېگەنلەرنىڭ ئىمانى بىجىرىم بولۇشىغا تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمدى ئۇ كىبىرلىنىپ، ئەپەندىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇشۇ مۇئەللىمگە بارغانسېرى ئۈچلۈك قىلىپ: ”قارىغىنا، خەلق موللىنى ياخشى كۆرەمدىكەن، ئەپەندىنىمۇ؟“ دېگەندەك چېقىشىش مەنىسىدە قارايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، ئەپەندى بىلەن پەرەڭ ئىككىسىنىڭ ئۆز نوپۇزىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگىنىگە بەك ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشنىڭ باھانىسىگە ئېرىشكەندەك بولدى. كۆڭلىدىن بۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئارقىلىق پەرەڭگە دەز كەتكۈزۈش خىيالى كەچتى، چۈنكى پەرەڭگە بىۋاستە چېقىلىشتىن يەنىلا ئەيمىنەتتى. نېمىشقىدۇر بۇ خەق ئالىلقانداق سىرلىق كۈچكە ئىگىدەك، چۈشىنىكسىز تۇيۇلاتتى. ئەپەندى بولسا چۈشىنىشلىك، ئۇنى ئېشەكنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالاش تامامەن مۇمكىن!

موللا ساداقەتمەنلىرىنىڭ ئەپەندى ھەققىدە دېيىشكەن گەپلىرىگە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە قوشۇمچە قىلدى:

— ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى ناسارا بىلەن ئوخشاش! ماڭا قويۇپ بەرسە، ئىتنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالايتتىم، بۇنداق جوھۇت، خاۋارىچنى!...

— زۆرۆر كەلسە تېتىنىپ قويىمىز! — دېدى شەھەرلىك مەھبۇس دادىللىق بىلەن، — ئۆزۈمنىڭغۇ بۇ خەلق بىلەن زادىلا پۇرچىقىم پىشمايدۇ. مېنىڭ مۇشۇ يەرگە قاملىپ قېلىشىمۇ مۇشۇ نېمىلەرنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ! مېنى ئەپەندىلەرگە چېتىشلىقى بار، دەپ قولغا ئالغان، مېنىڭ گۇناھىم — ئۆيۈم مۇشۇ خەقنىڭ مەكتىپى بىلەن قوشنا بولغىنى!

— ئېپى كەلسىلا راسا يۇمشتىپ قويىلى بولمىسا، — دېدى ھۆنەرۋەن.

— ئېپىنى كەلتۈرىمىز - دە! يەنى مەسىلەن، گەپتىن - گەپ چىقىرىپ، گېپىدىن پۇتاق چىقىرىپ... — دېھقانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە گەپ قوشتى.

ئۇلارنىڭ ساددا دىللىرى موللىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شاپائەتچى، مۇئەللىمنى بولسا دۈشمەن دەپ تونۇيتتى. "مۇشۇنداق ئادەملەر ئىنقىلاب قىلمىز، قوزغىلاڭ قىلمىز، دەپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىققىنى، جەدىتچىلىك تەرغىباتلىرىنى قىلمىغان بولسا، بىزدەكلەرنى كىم زىندانغا تاشلايتتى؟ تىنچ - خاتىرجەملىك ئىچىدە زاغرا بىلەن ئوماچ بولسىمۇ ئالانىڭ بەرگەن رىسقىغا شۈكۈر قىلىپ، نامىزىمىزنى ئوقۇپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتۇق..." دەپ ئويلىشاتتى. بۇ تېخى ئۇلارنىڭ "يىراقنى كۆرۈش" كاتېگورىيىسىدىكى قارىشى ئىدى. تېخىمۇ نەق ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى، شارائىتى، ئەقىل ئىدرىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان قاراش — "نانغا بولىدىغان شېرىكنى ئازايتىش" ئىدى. ئۇلار ئاداۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى يىراقلاشتۇرۇۋەتسە موللىغا كېلىپ تۇرىدىغان نېمەتلەرگە مۇئەللىمنى ۋە پەرەڭنى چاقىرىش پۇتۇنلەي توختايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۆۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ زۆرۈر بولغان ئوزۇقلىنىش مەسىلىسىدە بىر لوقما بولسىمۇ پايدىغا ئېرىشەتتى.

* *

مۇئەللىم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئۇنى روھلاندۇرۇۋەتكەندى. ئۇ كەلگۈسىنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. كەلگۈسىدە ئۇ ئېنگلىز تىلىنى راۋرۇس ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ بىرەر كەسىپ بويىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسە ۋە بۇ بەختسىز مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئەنە ئاۋۇ ئۈچەيلەنگە ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ قەلبىنى ئىلىم مەشئىلى بىلەن يورۇتسا، ئۇلارمۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەنىۋى توقچىلىق بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ ياشىسا... ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چەت تىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقسا... ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-پەن خادىملىرىغا ئىگە بولسا، مۇشۇ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىگە پاتقان مۇھىت ئۆزگىرىپ، قەۋەتلىك بىنالار، ئاسفالت يوللار، تۆمۈريوللار، مىڭلاپ ئىشچى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلسا... ئالىي مەكتەپلەردىن نەچچە ئونى قۇرۇلۇپ كەتسە... مۇئەللىم شۇنچىلىك ھاياجانلاندىكى، ئۇ ئۆزىنى تۇرمىدە ئەمەس، ئاشۇ گۈزەل تەسەۋۋۇردا پەيدا بولغان ئالىي مەكتەپتە ئېنگلىز تىلى دەرسى سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرىپ ئېنگلىزچە: "ياخشى ئىشلار ئالدىمىزدا!" دەپ توۋلىۋەتتى.

— توۋلىما، ۋوي، جوھۇت! — دەپ ۋارقىرىدى دېھقان ئۇنىڭغا ھۇرپىيىپ، — نېمە سەت ۋارقىرايسەن؟ موللا ئاكام ئارام ئېلىۋاتسا،

ئالۋاستىلارنىڭ تىلىدا كاركىراپ يۈرسەنا؟ چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن، ھېلى بىكا!

— نېمە چېچىلىلا، ئاكا؟ مەندىن ئۆتكەن بولسا ناماقۇل بولاي، يات مىللەت ئالدىدا بىر-بىرىمىزنى بوغۇشۇپ سەتلەشمەيلى، — دېدى ئۇ ئۇخلاۋاتقان پەرەڭ تەرەپنى ئىشارە قىلىپ، ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ خۇددى ياخشى ئاتا يامان ئۆگەنگەن بالىسىنىڭ ئەسكى قىلىقلىرى ئۈچۈن ياتلار ئالدىدا خىجىل بولغىنىدەك، بۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن پەرەڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپلا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئىتتەك تالىشىپ يۈرۈش تولىمۇ سەت ئىش ئىدى-دە!

— ئەمدى تېخى يات مىللەت دەپ كەتكىنىنى مانىڭ! باشقا چاغدا يات دېمەي، شۇنىڭ ئايەتلىرىنى كاسىلداپ، شۇنىڭ تىلىدا سۆزلەيسەن، ئەمدى يات مىللەت، ئاقلەي-كۆكلەي دەپ كەتكىنىنى! ئىككىنچى ئاۋازىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ!...

— گاچا بولۇۋالايمۇ ئەمدى؟

— تەنە قىلىدۇ تېخى، ھۇ ئاناڭنى!... پەرەڭچە ئۇنۇڭنى يەنە ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، چىشلىرىڭنى تۆكۈۋېتىمەن!

مۇئەللىم ھەم ئەلەم، ئىزا-ئاھانەتتىن، ھەم ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

## 4

مۇئەللىم گاچىدەك يۈرۈۋېرىشكە چىدالمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ چەكلىمىسگە بويسۇنۇشنى قۇللۇقنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

خىل شەكلى دەپ قاراپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن جەڭچى ئىدى ـ دە!

لېكىن ئۇنىڭ كامىرداشلىرى موللا ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جېدەلنى زورمۇزور تېرىماي بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

مۇئەللىم ئاۋۋالقىدەكلا خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلۈك يادلاشنى داۋام قىلىشۋەرگەنىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى چىڭراق چىقىپ كەتكەن ھامانلا دېھقان ئۇنىڭغا تىل سالغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ھۇنەرۋەن بىلەن شەھەرلىك پۈقرا بولسا "كۈچۈك يەتمىسە بىز تەييار" دېگەندەك چەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

ــ ھوي، نېمە بولدىلا؟ توختاپ تۇرسىلا... ــ مۇئەللىم ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلانغاچ شۇنداق خىتاب قىلدى.

ــ نېمە بولدى دەيدۇ تېخى، ما كاپىر! مانا، مۇنداق بولدى! مۇنداق! مۇنداق بولدى! ــ ئۇ ھەربىر مۇشت ئۇرغاندا شۇنداق دەيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ راسا ئوغىسى قايناپ، ۋىجدانى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بىر دىنىي قېرىنداش تۇرۇپ، يات بىر ناسارا بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى!

ــ توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ! ــ پەرەڭ دەرھال ئارىغا كىرىپ، گەپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، دېھقاننى ئىتتىرىۋەتتى.

ــ ھۇ، ئاناڭنى!... كاپىر، ناسارا! سەن ئارىلاشماي ئىشىڭنى قىل! بولمىسا سەنمۇ يەيسەن!

پەرەڭنىڭ قاتتىق جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئىززەت ـ نەپسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى.

ھۆنەرۋەن ئورنىدىن تۇردى. دېھقانمۇ يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى...

پەرەڭ ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى... شۇ چاغدا كامىر ئىشكى ئېچىلىپ، تۈرمە نازارەتچىسى بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرگەن ھامانلا جىددەل جىممىدە بېسىقتى.

— نېمە گەپ؟ نېمە بولدى دەيمەن!؟

ھەممەيلەن بىرھازاغىچە كىمنىڭ گەپ قىلغىنىنى خوپكىن، دەپ جىم تۇرۇشتى. بىرىنچى بولۇپ پەرەڭ ئېغىز ئاچتى:

— بۇلار، — ئۇ قولى بىلەن ئۇچەيلەننى كۆرسەتتى، — مېنى ئۇردى، يەنە ئۇرماقچى. ئەگەر مېنىڭ ھاياتىم، سالامەتلىكىم زىيانغا ئۇچرىسا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىختىلابقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، سىلەر بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈڭلەرگە ئالالامسىلەر؟ مەن سىلەردىكى ئىگىسىز ئېشەكلەرگە ئوخشىمايمەن! مەن ئادەم سۈپىتىدە. كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگىمەن!...

پەرەڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە جىق سۆزلىدى. تۈرمە نازارەتچىسى ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ھېلىقى ئۈچەيلەنگە:

— ئورنىڭدىن تۇرۇشە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۈچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەممىسى تىترەيتتى ۋە بىر-بىرىگە قارايتتى. ئۆزلىرىگە ياخشىلىق يوقلۇقىنى تۇيغان ھامان شەھەر پۇقراسى ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— شور پېشانىلىكىمدىن ساپلا خەقنىڭ ئىشىغا چېتىلىپ قالىمەن، زىندانغا چۈشكىنىممۇ ئۆز گۇناھىمدىن بولمىغان...بايىقى ئىشتىمۇ

www.uyghurkitap.com

مەن يوق، موللام كۇۋاھ...مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشى. ماڭا ئىشەنسىلە، ئامبال خوجام. بولمىسا پەرەڭدىن سوراپ باقسىلا، مەن ئارىلاشمىدىم... — دېدى.

— ھەيدە! بۇلارغا ئادەم ئۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار!

ھەرقانداق نالە-پەريادقا قۇلاق سېلىنمىدى. مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھېلىقى ئۈچەيلەننى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىتتىرىشكە باشلىدى.

— موللا ئاكا، سىلى گەپ قىلىسىلىچۇ... — شەھەرلىك ھە دەپ يىغلايتتى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، چىق دېگەندىكىن چىقماسەن، — دېدى موللا، — ئادەم ئۇرماق ئاۋام ئۈچۈن توغرا ئىش ئەمەس، پەقەت شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت جازا بېرىشكە ھوقۇقلۇق... — ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاپ قالدى.

نازارەتچى ئۈچەيلەننى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كامىر ئىشىكى تاقالغاندى. موللا بولسا يان تايىقىدىن ئايرىلغاندەك، پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم تەرەپكە ئۆمىسە قاراپ قويىدى ۋە ھېچبىر خىجىل بولمايلا ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلدى.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەدىسلىرىدە: "بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگەنمەك كېرەك" دېگەن... — دەپ غۇدۇڭشىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇئەللىمگە قاراتقان گېپى بولۇپ، مەن سېنى قوللايتتىم، دېگىنى ئىدى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن كامىرداشلار قايتىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ يۈز-كۆزى كۆكەرگەن، يەنە بىرىنىڭ بېشى يېرىل-

غان، ئۇچىنچىسى ئوتتۇر چىشلىرىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇلار كىرىپلا ئورۇنلىرىغا قىيشىيىپ ۋايىسغىلى تۇردى. خېلى ئۇزۇنغىچە، ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچىمۇ ئۇچىلىسى ئۆز كويىدىلا بولۇپ، گويا بىر - بىرىگە ماي تارتىشۋاتقاندەك ئۆزئارا سۆزلەشمىدى.

كېيىن، سەل ھوشىنى تېپىشقاندىن كېيىن، مۇئەللىمنى سۆكۈشكە باشلىدى. ھەممە بالا - قازانىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ، دەپ كوتۇل- داشتى. بارا - بارا ئۇنى ئاشكارا تىللايدىغان بولدى. شامالداشقا چىققۇچە ۋە كىرگۈچە ئۇ ئۇيان، بۇ بۇيان ئىتتىرىشتى. پەرەڭنىڭ تىرەك بولىدىغان دۆلىتى بولغان بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھېچنېمىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ كوچىدا قالغان ئىگىسىز ئىتتەكلا بىرنېمە ئىكەن- لىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى بىمالال بوزەك ئېتىشكە باشلىدى.

مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئار - نومۇسىنى، قەدىر - قىممىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا مەجبۇر بولىدى. يەنە ھېلىقى ئۈچەيلەن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىشتى.

مۇئەللىمنىڭ ھالىغا ئىچىنغان پەرەڭ يەنە ئۇنىڭغا يان بېسىپ، ئۇنى ئارىدىن ئېلىپ چىقتى.

— سىلى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا، سىلىگە كېپىمىز يوق. بۇنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەرسىلە، — دېيىشتى مۇشتۇمزورلار.

— نېمىشقا ئارىلاشمايمەن؟ بۇ ئادەم ئەمەسمىكەن؟ نېمىشقا بىرۋانى ئانىي تاپىسىلەر؟ سىلەردە ئادەمگە خاس يۈرەك بارمۇ - يوق؟!...

— سىلىنى بىرنېمە دېمىگەندىكىن ئۆزلىرىنى بىلسىلە بولمامدۇ؟!

— ياق! ئېيتىپ قوياي، سەنلەر بۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولۇش- ساڭ، مەن بۇنىڭ تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىمەن!

پەرەڭنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇچەيلەننىڭ غەزەپلىرى سۇ تۆكۈلگەن ئوتتەك جىممىدىلا بېسىلىپ قالدى. پەرەڭ بۇ خەقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئاز-تولا بىلگەچكە، ئاشۇنداق پەش قىلغانىدى، بۇ خېلى ئۈنۈم بەردى.

شۇندىن كېيىن كامىردىكىلەر مۇئەللىمگە چېقىلىمايدىغان بولۇشتى. پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم بىر بۆلۈكدا ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولدى؛ موللا بىلەن قالغان ئۇچەيلەنمۇ يەنە بىر تەرەپكە ئولىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشاتتى: موللىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن سۆزلەيدىغان تەپسىرىنى ئاڭلايتتى، بەزىدە قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى. قالغان ۋاقتى ئۇخلاش ۋە موللىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تەگكەچ ئۇنى ماختاش بىلەن ئۆتەتتى...

## 5

بىراق، مۇئەللىمنىڭ بېشىدىكى خەۋپ ئۇزۇل-كېسىل تۈگەپ كەتمىگەنىدى. بۇ خەۋپ كۆرۈنۈپ كېلىدىغان ھۆكۈمەت جازاسى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ ئۆز تەقدىرداشلىرى ئىچىدە دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان، ئۆچ ئېلىشنى ئۇنۇتمايدىغان بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتىدىن يېنىشمىغانىدى.

ئۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىم دەپ تونۇغان كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن جانىدىنمۇ، جاھاندىنمۇ كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ خەلق ئۈچۈن قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغانىدى.

پەرەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى:

— كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن، دوستۇم، سىز مۇشۇ خەق ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆپۈرتىپ نېمە قىلاي؟ خىزمەت قىلغاننى بىلمەيدىغان بۇ ياۋايىلارغا جان كۆيدۈرۈپ ئاۋارە بولغان مەنمۇ ئەخمەق، دەپ ئويلاۋاتىسىز. قىممەتلىك مىللىتىڭىزلارنىڭ زىيان تارتىشىدىكى بىر سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنداق يەڭگىللىكتە. ئومۇمەن، سىلەر — تۈركىي خەلقلەر بەكمۇ قىزغىن ۋە قىزىققان خەلقسىلەر. بىر ئىشتىن ناھايىتى چاپسانلا سوۋۇيسىلەر. مەسىلەن: سىز مۇشۇ مىللەتنىڭ خېلى ئۇقۇمۇشلۇق بىر ئەزاسى، كۆڭلىڭىزدە بۇ مىللەتكە خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، كېرەك تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئارزۇسىمۇ بار ئىدى. بىراق بىرنەچچە نادان ئادەمنىڭ ئۆزىڭىزگە مالاللىق يەتكۈزۈشى بىلەن ھەممىدىن كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدىڭىز. شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىۋېتىش — ئۇنىڭدىن كېچىش توغرا كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ نادانلىقىنى نېمىشقا ئەپۇ قىلالمايسىز؟ سىلەر ھەمىشە يۇرتۋازلىق، شەخسىي ياكى تار گۇرۇھنىڭ زىددىيىتى، مەنپەئەتىنى دەپ ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتتىن كېچىسىلەر. يەنى كىچىكنى كۆرۈپ چوڭنى، يېقىننى كۆرۈپ يىراقنى كۆرمەيسىلەر. مانا بۇ زىيان تارتىشىڭلاردىكى ئاساسىي سەۋەب...

بۇ گەپلەر مۇئەللىمگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆگىنىشنى تېخىمۇ قاتتىق ئىرادە بىلەن باشلىدى. چەت ئەللىكنىڭ سۆزى ئۇنى تولىمۇ خىجىل قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە: "مەن ئەگەر نادان خەلقىمنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى نەتىجىسىدە ھاياتىمغا خەۋپ يېتىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىن-

مايمەن!» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەردى.

ئۇمۇ ساغلاملىقنى ساقلاش ئۈچۈن پەرەڭ بىلەن بىللە گىمناستىكا ئوينايتتى. شامالداشقا چىققاندا كۈن ئورىغا كۆپرەك قاقلىنىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى...

بىراق ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ئاخىرى كەلدى.

موللا شۈكلەپ قالغاندەك، ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن موللىنىڭ پۈتۈن تۇرمىدىكى نوپۇزى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ، ئاستىرتتىن مۇئەللىمگە ئوخشاش جەدىتلەرگە قارشى ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتى. مەخپىيەتلىك ئوبدان ساقلاندى. موللىنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق باردى. مەھبۇسلار قۇتۇپلارغا ئايرىلغان، دىنىي، سىياسىي كۆز قاراشلار بويىچە ئىككى چوڭ قۇتۇپقا بۆلۈنگەنىدى. موللا تەرەپدارلىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەربىر يۇرت بويىچە، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك، سەھرالىق بويىچە پارچىلانغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار جەدىتلەرگە قارشى مەقسەتتە يەنىلا پىكىر بىرلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشلىرى ياخشى يۈرۈشتى. ھېچقانداق يوچۇق ۋە بوس چىقارماستىن بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلدى. مۇشۇ ئىشلار ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئىشىمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى شامالداشقا چىققاندا كىمدۇ بىرى ھاجەتخانىدا مۇئەللىمنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى.

شامالداش ۋاقتى توشۇپ ھەممەيلەن كامېرلارغا كىرىپ بولغاندا، ئۇنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولۇپ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر جىددىيلەش-



www.uyghurkitap.com

كەن هالدا ئۇنى ئىزدەشتى. قىچىپ كەتتىمىكىن دەپ بەكمۇ ئەنسىرەشتى. كېيىن ئۇ ھاجەتخانىدىن بىھوش ھالەتتە تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن ساقچىلار يېنىك تىن ئېلىشتى.

مۇئەللىم بىرنەچچە كۈنگىچە ھوشسىز ۋە يېرىم ھوشسىز ياتتى. ئۇنىڭغا پەرەڭ كۆز قۇلاق بولۇپ تۇردى. پەرەڭ ئۇنىڭ ساق قېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىر ئىلمىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ تامىقىدىن يېگۈزدى. پات-پات سۇ ئىچكۈزۈپ قويدى.

ئۇ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئەمما ئىنتايىن زەئىپ، ھالسىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئەستە كۆچىنىپ تۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

— ماگا...ئېيتىڭا...ئەپەندىم... — ئۇ دېمى كېسىلىپ توختاپ قالدى، سۆزىنى داۋام قىلدۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. بىراق ئۇ تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن، پېشانىسىگە مونچاقتەك تەر تامچىلىرىنى پەيدا قىلىپ تۇرۇپ دېدى، — ئېيتىڭا...ماگا...مېنىڭ خەلقىم...خەلقىم...ئازاد بولارمۇ؟...قاچان؟....

پەرەڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئىتتىك بېشىنى بۇراپ، موللامنىڭ نېمەتلىك داستىخىنىدا بىخىرامان ئولتۇرۇپ غىزالىۋاتقانلارغا قارىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن تامىقى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ تەسلىكتە ئېنگلىزچە سۆزلىدى:

— بولىدۇ...ئازاد بولىدۇ، سىزنىڭ خەلقىڭىزمۇ ئازاد بولىدۇ...

— قاچان؟...ئېيتىڭا...قاچان؟...

— خەلقىڭىز ئاۋۇ سەللىلىك جانابىنى ئەمەس، سىزنى يوقلاپ

كېلىدىغان بولغاندا ئازاد بولىدۇ... — ئۇ ھالسىز ياتقان بىمار ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ئىزاھلاپ داۋام قىلدى، — خەلقىمىزگە ئازادلىقنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ، ھۆرلۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولغاندا ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا كۈرەش قىلىدۇ ھەم بۇ يولدا كۈرەشكەنلەرنى يېتىم ھالدا قالدۇرمايدۇ. تۈرمىلەرگە بېرىپ جاھالەتنىڭ ھامىيلىرىنى — موللىنى ئەمەس، سىزدەك كۈرەش-كۈچىلەرنى يوقلايدىغان بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا خەلق تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئازادلىقمۇ شۇ چاغدا قولغا كېلىدۇ...

مۇئەللىم رازىمەنلىك بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قايتا كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇ ئۆزى ئارمان قىلغان ئازادلىقنى كۆرەلمەيلا ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

كۆپ ئۆتمەي پەرەڭنى قويۇۋېتىشتى. ئۇ، مۇئەللىمىنىڭ قەبرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۇ يەردە بىرھازا سۈكۈتتە تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. شۇ يەرلىك بىر بالىدىن مۇئەللىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەي يەرلىككە كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى، موللىلار ئۇنى دىنىدىن چىققان، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى، شۇڭا جامائەتمۇ مېيىت ئۇزىتىپ قەبرىستانغا چىقالمىغانلىقىنى، پەقەت بىرنەچچە ياش يىگىت ئۇنى كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئۇقتى. لېكىن بۇ قەبرە خېلى ئېگىز ھەم كۆڭۈل قويۇپ ياسالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە موللىمۇ تۈرمىدىن چىقتى. كىشىلەر ئۇنى جەڭدىن ساق كەلگەن غازىدەك كۆرۈشۈپ باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ يەنە قېچىرغا مىنىپ بىر توپ جامائەنىڭ ئالدىدا مېڭىشىنى، مەسچىت-جامەلەردە تەرىقەتلىرىنى سۆزلەشنى داۋام قىلدى...

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

# ئىمامنىڭ خوتۇنى

## 1

ئەمەتجان بۇ شەھەرگە تىرىكچىلىك غېمى بىلەن كېلىپ قالغانىدى. ئۇ، خېلى ئېپى بار يىگىت بولغاچقا، باققالچىلىق قىلىپ جېنىنى قەدىر-ئەھۋال جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، بورۇتى قاپقارا خەت تارتقان، بەستىدىن ياشلىق كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قاۋۇل يىگىت ئىدى، خۇدادىنمۇ، ئىنساندىنمۇ ئارتۇقچە ھېچنېمە تەلەپ قىلمايتتى. پەقەتلا بەش ۋاق نامازنى قازا قىلىۋەتمەي ئوقۇيالىسا، ئۇچ ۋاق تاماقنى ئۆز قەرەلىدە يېيەلىسە شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئەپسۇسكى، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭغا بۇلا كۇپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. يۈرىكى قانداقتۇر بىرنەرسىگە ئىنتىلىپ، تېنى ياپراقتەك تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدە شېرىن بىر سېزىمنى پەيدا قىلغان شۇ قىزنى — بىر ئوتنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەمەتجان بۈگۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، كىگىزنىڭ قېتىغا ئېلىپ قىر چىقارغان كۆك دىكا شىمىنى، قايرىما ياقىلىق جىگەر رەڭ مايكىسىنى ۋە قەشقەر پاسونىدىكى ئەت رەڭ شەپكىسىنى كىيدى. بۇ كىيىملەر بىرئاز كونىراپ رەڭگى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆڭگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا، ئۇستىخانلىق بەستىگە تولىمۇ ياپ كېلەتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ ئەتىگەن توپ سېتىۋېلىش ئورنىدىن ئالغان ئىككى سېۋەت ئۈزۈمنى ھارۋىسىغا قاچىلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ھارۋىنى ئىتتەرگەندەك ئەمەس، خۇددى ھارۋا ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە دۆڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا ئادەتتە ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئۈزۈم سېتىشنى خالاپ قالغانىدى.

— شەكەرنىڭ شەكىرى، جاننىڭ راھىتى، ئۈزۈم ئېلىڭلار، مانا قىزىل ئۈزۈم، مۇناقى، سايىۋا...تۈگىسە قالمايدۇ دەيمەن!... — ئۇ قول ھارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە مەسچىت يېنىدىكى قارا دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاۋازىنى يەنىمۇ بەكرەك چىقىرىپ ۋارقىرىدى، — جانانىنىڭ مارجىنىدەك تال-تال ئۈزۈم، چىرايلىق ئۈزۈم، قەنتتەك ئۈزۈم، قەنت چايناڭلار، تىلىڭلاردا قالمىسا ھېساب ئەمەس!...

ئۇ ھارۋىسىنى توختىتىپ قويۇپ، خېرىدارلارغا كۆرسىتىپ ماختاش ئۈچۈن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ، قولىنى شۇنداق كۆتۈردىيۇ، لېكىن قولى بوشلۇقتا توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى مەسچىتكە تام قوشنا بولغان ھېلىقى قارا دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن بىر قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى قولغا چۈشۈپ قالغان قۇشتەك تىپىچەكلەپ كەتتى.

قىزنىڭ بالىلارچە تەبەسسۇملىرىغا، ۋىجىككىنە بوي تۇرقىغا،

زىلۋا قامىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ 16 ــ 17 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئال-غانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. ئەمما ئۇستىگە كىيىۋالغان كەڭ ۋە ئۇزۇن كۆڭلىكى، بېشىغا ئارتىۋالغان ھەرەمنىڭ چۈچىلىق توپا رەڭ ياغلىقى ئۇنىڭ يېشىغا زادىلا ماسلاشمىغانىدى. ئەمەتجان مىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن قىزغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. راست، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆزگە ئايلانغانىدى.

ئەمەتجان بۇ قىزنىڭ مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن كوچىدا بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەن، ھەتتا قىزنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنىمۇ ئىمامنىڭ ئەركىن بازاردىن ئېلىپ بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەيلىنى تارتقان بۇ پەرىزاتنىڭ ئاشۇ ئىمامنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلىۋالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئاقساقال ئىمامىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى....

ئەمەتجان سېھىرلەنگەندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى. قىز دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ ئەمەتجاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ كىلوسىنى نەچچە پۇلدىن ساتتىلا؟

ــ ئۆزۈم ئالامىلا؟ ياق...ياق... ــ ئەمەتجاننىڭ تىلى كالۋالى-شىپ سۆزى قولاشمىدى، ــ ئۆزۈم يەمىلا؟

تۇنجى قېتىم يۈزتۇرانە ئۇچرىشىش ـ تە! جاۋاب غەلىتە بولسىمۇ قىز يېقىملىق باش لىڭشىتتى.

ئەمەتجان بۇگۈن ئۆزۈمنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ ئېلىپ قويمى-غىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. شۇنداقتىمۇ ھازىر ھارۋىسىدا بار بولغان ئۆزۈملەر ئارىسىدىن ئەڭ چىرايلىق بىر ساپاق ئۆزۈمنى

ئېلىپ قىزغا سۇندى.

— ئاران بىر كەلگەنلىرىدە... — دېدى ئەمەتجان ئۈزۈمنى ئۈنىڭغا تۇتقۇزۇپ، — دېگەندەك چىرايلىقى قالماپتۇ، كېيىن چوقۇم ياخشىسىنى تاللاپ قويىمەن.

— ھېچقىسى يوق، تاتلىق بولسىلا بولدى.

— تاتلىق، تاتلىق، خۇددى... — ئەمەتجان قىزنىڭ يەرگە تىكىلىپ تۇرغان بولاقتەك شەھلا كۆزلىرىگە، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرىگە، قىياقتەك ئەگمە قاشلىرىغا، ئاپئاق سۈزۈك چىرايىغا، كەڭ كېيىملەر ئىچىدە بولسىمۇ زىلۋالىقى بىلىنىپ تۇرغان ئەۋرىشىم بەللىرىگە قاراپ قىلىدىغان گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى. قىز ئۇشۇقىغىچە يۆگەپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى قايرىپ، يۇمران ۋە تولغان يوتىسىنى بوغۇپ تۇرغان پايپىقىغا قىستۇرۇۋالغان پۇلىدىن بىر سومنى چىقىرىپ ئەمەتجانغا تەڭلىدى.

— ياق، ياق...سىلىدىن پۇل ئالمايمەن.

— مەندىن نېمىشقا پۇل ئالمايلا؟

— سىلى ماڭا ئۆز، مەن سىلىنى تونۇيمەن.

— سىلىمۇ مېنى تونۇملا؟

— ھەئە، سىلىمۇ مېنى...

قىز جاۋابىنىڭ ئورنىغا يەرگە تىكىلدى.

گەپ تۈگىدى. ئەمەتجان يەنە بىر يېڭى گەپ تېپىپ قىز بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن لىۋىنى ئۆمەللىدىيۇ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي يېقا ئۆتكۈزگەن مارجاندەك تىزىۋالغان گەپلىرى مانا ئەمدى دەيدىغان ئادەمنى تاپقاندا خۇددى قازاندىن چىققان بوستەك بىردەمدىلا

غايىب بولغانىدى. "يىگىت تۇرۇپ تىرناق كوچىلاپ تۇرسام، ئۇ ماڭا گەپ ئاچامتى؟ بۇنداق پۇرسەت يەنە كېلىۋەرمەيدۇ ـ دە".
ــ سىلى بەكمۇ...چىرايلىق ئىكەنلا، مېنى ئەسكى دەپ ئويلاپ قالمىسىلا، مەن...
قىز يەنىلا يەرگە تىكىلىپ تۇراتتى.
ــ مەن...مەن...مېنىڭ ئىسمىم ئەمەتجان، ئۆزۈم ساتىمەن، بىز...بىز تونۇشۇپ قالساق، خالامىلا؟ ــ ئەمەتجان شۇنداق دېدى ـ يۇ، بۇ گەپنى بەك ئالدىراپ دەۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قوشۇپ قويدى، ــ بۇ گېپىمنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا...
قىز توپلىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىپ يەرنى ئايىغىنىڭ پاشنىسى بىلەن چىجاشقا باشلىدى. ئەمەتجان ئالدىراپ قالدى. چۈنكى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالسا ئۆتكۈنچىلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.
ــ رەنجىمىسىلە، مېنىڭ ھېلىقى تەلپىمگە...
قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمەتجانغا لاپپىدە تىكىلدى:
ــ گەپلىرى راستىما؟... ــ قىز ۋىلىقىدە كۈلدى ـ يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ چىرايىغا غىل ـ پال قايغۇ ئالامىتى يامرىغاندەك بولدى. ئۇ يەنە يەرگە تىكىلىپ ۋىللىدە قىزاردى ـ دە، ئالدىراپ دېدى:
ــ ئەمەتجان ئاكا، مەن قايتاي...
قىز كېتىپ قالدى، ئۇ، ئەمەتجانغا يەشكىلى بولمايدىغان ھەر خىل تۈگۈنلەرنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدى. "ئۇ تەلپىمنى يەردە قويارمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ ئېغىزىدا بىرنېمە دېمىگەن بىلەن ئىچىدە قوشۇلدى! ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن... لېكىن ئۇنىڭ "ئەمەتجان"

دەپ ئىسمىنى ئاتاپ بولۇپ، ئاخىرىغا يەنە "ئاكا"نى قوشۇۋالغىنى نېمىسىدۇ؟ گەپلىرى راستمۇ، دېگىنىچۇ تېخى؟..."

## 2

قىز كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەزىننىڭ جامائەتنى جۇمە نامىزىغا چىللاپ توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلاندى. ئەمەتجان ھارۋىسىنى خالىي يەرگە جايلاشتۇردى ـ دە، تەرەت ئېلىپ، مەسچىتتىكى جامائەتنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇ شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىنى ئارقىسىغا چۆرۈپ قويغاندىن كېيىن، مېھرابتىكى ئىمامغا پۈتكۈل ئېتىقادى ۋە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئىمامنىڭ ھەممە نېمىسى ـــ قازاندەك چوڭ سەللىسىمۇ، مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلىمۇ، كىيىۋالغان ئۇزۇن تونىمۇ ئاق ئىدى. ئىمام ئۆزىنىڭ بۇ سالاپەتلىك، ئۇلۇغۋار قىياپىتى بىلەن ئەمەتجانغا خۇددى ئاق ساقاللىق خىزىردەك كۆرۈنەتتى. ئىمام ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئارىسىدىكى كىچىك كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن مىسال ئېلىپ، بىردەم ۋەز ئېيتتى. ئىمام خېلى كۆپ ئۇلۇغ ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمەتجان ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئازلا بىر قىسمىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالىدى:

ـــ ئاللا مۇسۇلمانلارغا ئۇ دۇنيانى ياراتقان. بۇ دۇنيادا رىيازەت چەككۈچىلەر ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىمىكى مۇسۇلمان ئەھلى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە بېرىلمەسلىكى لازىمدۇ، ـــ ئىمام قولىدىكى قۇرئاننى ئېگىزگە ئېلىپ قويۇپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، ـــ ھازىرقى ياشلىرىمىز



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇزۇلدى. شەرىئەتنى تەرك ئەتتى، ئىسلام ئەخلاقىنى ئۇنۇتتى، ھەتتا ھۆكۈمەت قانۇنىنى، پادىشاھلارنىڭ ئەمرىنى كۆز قىرىغا ئالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدىغان، قىزلىرىمىز يىگىتلەرگە، يىگىتلىرىمىز قىزلىرىمىزغا ئۇيالماستىن قارىشىدىغان، ھايانى ئۇنتۇپ، قولتۇقلىشىپ يۈرۈدىغان بولۇۋالدى. نىكاھ ئىشلىرىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماي، ئۆزلىرى تونۇشۇپ، ئۆزلىرى تويلىشىدىغان قىلىقنى چىقاردى. ئى، مۇسۇلمانلار، بىز بۇ ياشلارغا نەسىھەت قىلايلى، ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى ئاللادىن تىلەيلى، ئامىن!...

ئىمام قول كۆتۈرۈش بىلەن ئىستائەتمەن جامائەتمۇ تەڭ قول كۆتۈردى. ئەمەتجان ئۆزىدەك ياشلارنىڭ ئىنساپى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بۇ دۇئالار بىلەن خۇددى دىلى نۇرلىنىۋاتقاندەك، قەلبى پاكلىنىۋاتقاندەك بولدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان بۇ ئىمام بۈگۈن ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدا تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. "بۇ ئىمامنىڭ دىلى بېشىدىكى سەللىسىدەك ئاق، كىرسىز، خۇددى ئۆز قىزىنىڭ ھۆسنىدەك گۈزەل ئىكەن، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەم-ھە"!

ئەمەتجان جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن قايتىپ چىقتى. بۇ جۈمە نامىزى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق نامازلىرى ئىچىدە ئۇنتۇلماس، مەنىلىك ناماز بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ تەقۋادار ئىمامنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى شەرىپىنىمۇ باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىسمى مۆمىن قارىي ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

## 3

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ئوتلىرى گۈلخاندەك كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئەنە شۇنداق ئوت يانسىمۇ ھېچقانداق بىر كىشىگە ئېغىزىدىن تىۋىش چىقارمىدى!

قىزنىڭ خۇمار كۆزلىرى، غۇنچىدەك لەۋلىرى، پاكلىق بىلەن گۈزەللىك بىرلىشىپ كەتكەن ئايدەك چىرايى ئەمەتجاننىڭ كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ياداپ، جۇدەپ كەتتى، يۈزلىرىنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قېلىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا ئۆزىنى ئانچە بەكمۇ تاشلىۋەتمىدى. ئۆزىنى سالماق، خۇشال كۆرسىتىشكە تىرىشتى، لېكىن ھامان ئازابتىن خالاس بولالمىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا ئۇستىلەپ يەنە ئازاب قوشۇلدى. چۈنكى ئۇ، شۇ قىز ئۈچۈن ئىنتىلىشلىرىم ئۈمىدسىزلىكتىن بېشارەت بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەندىشە ۋە قىز توغرىسىدىكى خىياللار بىر ــ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، قىزنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىش تولىمۇ تەس بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ...

تېخىمۇ بەك ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئويلىغانسېرى ئەندىشىسى كۈچىيەتتى. كۈندۈزلىرى ئاز كەلگەندەك كېچىلىرىمۇ بىر چاغلارغىچە قىزنى ئويلاپ كىرپىك قاقمايتتى، پىلان تۈزەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مەسچىت ئەتراپىدىكى كوچىلارنى ئايلىناتتى. كۆزلىرى شۇ مەسچىت يېنىدىكى بىر توپ ئەرمىدۇن دەرىخىگە، ئىككى قاناتلىق قارا دەرۋازىغا تىنىمسىز تىكىلەتتى.

ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ كوچىلار، ئۆيلەر، دەرەخلەر، ئىشكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ نەرسىلەرگە تويماستىن قارايتتى، كۆزلىرى تالغىچە قارايتتى...

دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قارا كۆزلىرى ئىزدىگەن خۇمار كۆزلەر بىلەن ئۇچرىشالىغان ۋاقىتلارمۇ بولدى، لېكىن بۇ ئۇچرىششلار ئۇزۇنغا سوزۇلمايتتى. قىز ئەمەتجاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانچىمۇ ئۇچراشقان چاغلاردا ئۇنىڭغا يىللىق تەبەسسۇم بىلەن لاپ قىلىپ قاراپ قوياتتىيۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇ يەرگە قارىۋالاتتى، ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. ئەمەتجان ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشسا، ئۇ نېمىدىندۇ چۆچۈگەندەك ھولۇققان ھالدا ھويلىسىغا كىرىپ كېتەتتى. توۋا، بۇ خۇددى تېپىشماققا ئوخشاش ئىش بولدىغۇ! ئۇنىڭ تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ يەنە قېچىپ كەتكىنى قانداق ئىش؟

ئەمەتجان ئاخىرى بۇ سوئالغا جاۋاب تاپتى: "راست، ئۇ دېگەن ئىمامنىڭ قىزى، شەرمى ھايالىق، ئاتىسىنىڭ ھالال، ھارام، نامەھرەم، كۇپۇرلۇق، ئىنساپ دېگەن سۆزلىرىنى ماڭا قارىغاندا بەكرەك چۈشەنسە كېرەك، ھەي، مېنىڭ دىلىم قارا ئوخشايدۇ، مەن خاتا قېپتىمەن، قىزنىڭ ماڭا بولغان كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىۋالغىنىم نېمىسى؟ بۇ نامەھرەملىك ئەمەسمۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزەي..." ئەمەتجان شۇلارنى ئويلىدى.

ھەي... ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئاتا ـ ئانىسى بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! بۇ يەردە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك

ئادىمى بولمىسا، ئەمدى بۇ ئىشقا كىم ھە-پە دېيىشىپ بېرەر؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 4

ئايدىن ئايرىيالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە....

— ۋاي-ۋۇي، ئەمەتجان، بۈگۈن ئەجەب تىلىڭ چىقىپ قاپتۇغۇ! سەن ئايدىن ئايرىيالمىغان قايسى ئاي يۈزلۈككىنا ئۇ؟

ئەمەتجان سۇپىدا ئوڭدا يېتىپ، ئاھاڭنى دېگەندەك كەلتۈرەلمىسمۇ بولۇشىغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، قوشنىسى مەريەمخان كىرىپ ئۇنى خىجىل قىلىۋەتتى.

ياش-قۇرامى قىرىقلاردىن ئاشقان، سېمىزلىكىدىن ئېغىناقلاپ ماڭىدىغان، خۇش چاقچاق بۇ ئايال مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ، بالا-چاقىسىز تۇل ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قوشنىلىرىنىڭكىگە كىرىپ بىردەم-يېرىم دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇ، ئەمەتجاننى تەپسە تەۋرىمەس، جىمغۇر يىگىت دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئانچە كىرىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە ناماز-ئىبادەتتىن باشقا ئەزەلدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايدىغان بۇ ئۆيدىن بۈگۈن بىردىنلا ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىر يېڭىلىقنى ھېس قىلغان ھالدا كىرىپ كەلگەندى.

ئەمەتجان خىجىللىقىدىن ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە ئورنىدىن

تۇرۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى توپا بېسىپ كەتكەن ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكىلىپ، لاتا بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، مەريەمخاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېزىت قويۇلغان ئورۇندۇققا ئىككى ساپاق ئۈزۈمنى قويۇپ، مەريەمخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۆزى بولسا سۇپىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى.

— ئۇكام ئەمەتجان، ئاسماندىكى ئاينى، قول يەتمەس يارنى خىيال قىلماي ئۆينى تۈزىگىن، — دېدى مەريەمخان ئۈزۈمدىن بىر تال ئۈزۈپ يېگەندىن كېيىن، سۇپىدىكى چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىلەرگە قاراپ قويۇپ، — بولمىسا بۇنداق ئۆيگە ئاي، يار دېگەنلىرىڭ تۈگۈل مۈشۈكمۇ كىرمەيدۇ.

"خۇدا دېگەن بەندىسىگە، ئەكىلىپ بېرەر مەھەللىسىگە" دېگەندەك ئەمەتجان ئەلچىلىككە ئادەم تاپالماي تەمتىرەپ، غېرىبسىنىپ يۈرگەندە، مەريەمخاننىڭ ئۆزلۈكىدىنلا كىرىپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقتى. ئۇ، مەريەمخاننى بۇرۇنراق خىيالىغا كەلتۈرمەي، دىلىنى ئازابلاپ يۈرگەن ئەقلىگە لەنەت ئوقۇدى ۋە ئاخىر گەپنى ئۇياقتىن - بۇياققا چۆرگىلىتىپ يۈرۈپ ئۆزىنى يېقىندىن بۇيان قىيناۋاتقان ئوي - خىياللىرىنى دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئېيتىپ بەردى.

— ئەمەتجان، مېنىڭ قارا كۆز ئۇكام، تۈندە كۈن كۆرگەندەك جۆيلۈۋاتمىغاندۇرسەن، ھە؟

— ياق، ئاچا، مەن راستتىنلا...

— ھە، مۇنداق دېگىنە، — مەريەمخاننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — مەن سېنى تېخى پۇشۇلداپلا يۈرىدىغان مەسچىت بەندىسىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. سەندىمۇ كۆيۈك ئوتى دېگەن

www.uyghurkitap.com

نەرسە بار ئىكەن. ھە، مانا ياشلىقىڭ تۇتۇپتۇ، خوجام.
— جېنىم ئاچا، ئادەمنى خىجىل قىلمىسلا...
— ماقۇل، خوجام، ئەمىسە كۆيدۇم-پىشتىم دېگەن ئۇ مەھبۇبەڭنىڭ ئىسمىنى بىر دەپ باقمامسەن؟
— مەن... مەن بۇ... ئىسمىنى بىلمەيمەن.
— بەللى، بەللى، كۆيۈپسەنۇ، پىشىپسەنۇ تېخى ئىسمىنىمۇ بىلمەيسەن، مەن دېمىدىممۇ، ھەقىقىي ئاشىقلىق دېگەن مۇشۇ-دە!
— جېنىم ئاچا...
— "مال ئالساڭ كۆرۈپ ئال، قىز ئالساڭ بىلىپ" دېگەن گەپ بار، ئىسمىنىمۇ بىلمىگىنىڭدىن قارىغاندا، سەن ئۇ قىزنىڭ قانداقلىقىنى ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن، شۇنداقمۇ قارا كۆز ئۇكام؟
— بىلىمەن ئاچا، بىلىمەن، ئۇ چىرايلىق، ئەخلاقلىق، دىنغا كامىل، ئوبدان قىز، ياخشى قىز...
— بولدى، بولدى، شۇنداقمۇ دەيلى، لېكىن ئۇ قىز سېنى بىلەمدۇ؟
— بىلىدۇ ئاچا، ئۇ مېنى بىلىدۇ، ئىسمىمنىمۇ بىلىدۇ، تېخى.
— سەن بىلمەيسەن، ئۇ بىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ھە بۇمۇ قىزىق گەپ، يەنىچۇ؟
— يەنە... يەنە مەنمۇ ئۇلارنى بىلىمەن.
— قانچىلىك بىلىسەن؟
— ئۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۆمىن قارىي، دۆڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئۇلارنىڭ ئۆيى شۇ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قارا دەرۋازىلىق قورۇ.
— ھەي، قارا كۆز ئۇكام، گېپىڭنىغۇ چۈشەندىم، كۆڭلۈڭنىمۇ

چۈشەندىم، لېكىن ئاتامۇ-ئانامۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ قارىي ئىمامنىڭكىگە قانداقمۇ ئەلچى بولۇپ كىرەرمىز؟

— جېنىم ئاچا، خۇش بولۇپ كېتەي، سىلىگە ساۋاب بولسۇن، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن...

— بولدى، بولدى، مانا قىز بالىدەك ئەركىلىگىلى تۇردىغۇ بۇ. مەن باراي، ئەلچى بولاي، ئۆزلىرىگە خوتۇن ئېلىپ بېرەي ئاپئاق خوجام، بولامدۇ، قانداق دېدىم، قارا كۆز ئۇكام؟

ئەمەتجان پېشىنىڭدە كۆلۈۋەتتى، خۇشاللىقىدا شەپكىسىنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك بولدى. مەريەمخاننىڭ ئېغىزى بىرئاز ئىتتىكرەك بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى تولىمۇ تۈز ۋە ساپدىل ئايال ئىكەنلىكىنى ئەمەتجان بۈگۈن چۈشەندى. مەريەمخان كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىگىمۇ قارىماي قوشنا ئۆيدىكى ئايال بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ماڭدى.

## 5

مەن ئايىڭ بولاي دەيمەن،
قەنت يارىڭ بولاي دەيمەن.
خۇدايىم نېسىپ قىلسا،
قاشىڭغا باراي دەيمەن...

سارىگۈل كارىۋات ئۈستىگە تاشلانغان ماۋۇق ياستۇقلار ئارىسىغا چۆككىنىچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ سىيرىلدى، ياستۇقنى ھۆللىدى. ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟

ئۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غېمى بولمىغان "توققۇزى تەل ئۆي"دە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تۇرمۇشىدا يەنە قانداقتۇر مۇھىم بىرنەرسە كەمدەك قىلاتتى. بۇ كەملىكنى بۇ بايلىق تولدۇرۇپ بېرەلمەيتتى. دېمىسىمۇ، ئادەم دېگەنگە يېيىش، ئىچىش، كىيىش دېگەنلا كۇپايە قىلامتى؟ 17 ياشلىق سارىگۈل ئەمەتجان بىلگەندەك مۆمىن قارىينىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى بۇ ئاپئاق ساقال ئىمامنىڭ خوتۇنى ئىدى!

سارىگۈلنىڭ ئىمامغا خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىلگىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. ئۇنىڭ قۇشقاچنىڭكىدەك كىچىك تېنى دۇنيانىڭكىدەك بىر تەن ئاستىدا مۇجۇلاتتى. خار بولاتتى، ئايدەك گۈزەل چىرايىغا، يۇمران مەڭزىگە سۇپۇرگىدەك يىرىك ساقاللار سانچىلاتتى. نېمە ئامال؟ ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىشقا باشلىدى، كۆنمەيمۇ ئىلاج يوق ئىدى. ئۇ ھازىر ھېسسىياتلىق بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى شوپۇرنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مۆمىن قارىينىڭمۇ تەلەپ قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ ئىدى. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى خالايتتى.

مۆمىن قارىي ئۆزى بىلەن بىرگە قىرىق يىل ئۆي تۇتقان ئايالىنىڭ ئۆزىگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئايالىنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، بەللىرى مۈكچىيىپ، گۆشلىرى سالپىيىپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى گۈزەل سىياقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە "بەخت ئىزدەش" پىلانى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ناياناقلاپ يۈرگەن چىرايى گۈلدەك قىزلارنى كۆرگىنىدە، ئېغىزىدا "يولدىن

چىققانلار"، "ئىمانسىزلار..." دەپ تىللىسىمۇ، يۈرىكى پىژىلداپ، ۋۇجۇدىنى تاتلىق بىر سېزىم لەرزىگە سالاتتى. مۆمىن قارىي خېلى "ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان" ئادەم ئىدى. ئۇ قىرىق يىللىق ھەمراھى — مومايىنى تالاق قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۇرتىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاپپاق بومبا ساقىلى ۋە "ئىلىمدىكى كامالىتى" ئۇنىڭ ئىشىنى تولىمۇ ئوڭ قىلدى. ئۇ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يېزىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئەزىز مېھمىنىغا ئايلاندى. بۇ يېزىدىكى دېھقان، ھۈنەرۋەنلەردىن تارتىپ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىغىچە چوڭ شەھەردىن كەلگەن بۇ چوڭ ئىمامغا سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىشتى. مۆمىن قارىينىڭ مەككە، باغدات، تېھران... ھەققىدىكى يېڭى خەۋەرلەر، شەرىئەت، تەرىقەت ھەققىدە سۆزلىگەن تۈركچە، ئەرەبچە سۆزلىرى دۇنيادىن خەۋەرسىز بىر ئۆمۈر ھايات كەچۈرگەن بۇ كىشىلەرنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ داڭقى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى، يېزا داۋالغۇپ كەتتى، ئۇ چۈشكەن ئۆيگە كىشىلەر سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. نۇرغۇن ياشلار، قېرى ـ چۆرىلەر ئۇنىڭغا قول بەردى، مانا مۇشۇ قول بەرگەنلەر ئىچىدە سارىگۈلنىڭ ئاتىسىمۇ بار ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۆمىن قارىينىڭ خۇدالىق يولىدىكى بۇ سەپىرىنىڭ مەقسىتى بۇ يېزىدىكى مەسچىتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىمامى ئارقىلىق سارىگۈلنىڭ دادىسىغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى سارىگۈلنىڭ دادىسىغا تېپىلماس ئامەت، ئادەتتىكى بەندە ئېرىشەلمەيدىغان پۇرسەت، خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەنلىك دەپ

چۇشەندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سارىگۇلنىڭ دادىسىمۇ بۇ ئىشقا نىسبەتەن تىلىنى چاپىناپ تۇرماستىنلا ماقۇل كەلدى. تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ھەددىدىن ئارتۇق ساددىلىق بىلەن جەبىر - جاپاغا قول بولغان ئاتا، قىزىم دىيانەتلىك چوڭ بولسۇن، ئۇ دۇنيادا جەننەتنى، بۇ دۇنيادا شەھەرنى كۆرسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن قىزىنى بۇ ئاق ساقال ئىمامغا دۇئا قىلدۇردى. نىكاھنى ئۆز ئۆيىدىلا ئوقۇتتى...

شۇنداق قىلىپ 17 ياشلىق گۈزەل قىز سارىگۈل 60 ياشلىق مۆمىن ئارىينىڭ نىكاھلىق، قانۇنلۇق خوتۇنى بولۇپ قالدى، مۆمىن قارىي ئارزۇسىغا يەتتى، نەپسى قاندى. مەسچىتتە بولسا ئىنساپ، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ يۈرۈۋەردى.

ئاچچىق كۆز يېشى، تۈگىمەس ئازاب! سارىگۈلنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ، كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى. ئۆز دەردىگە ناخشا ئارقىلىق دەۋا تاپماقچى بولغاندەك، يىغلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى، ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ يىغلايتتى.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،  
كۈندە كۆرەرمەن دەپ.  
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،  
ئۆلمىسەم سۆيەر مەن دەپ...

— ھاي - ھاي! بۇ نېمە قىلىق؟ ئەستاغپۇرۇللا، — مەسچىتتە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن مۆمىن قارىي ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىچىلغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، — "يارنى كۆرەرمەن، ئۆلمىسەم سۆيەرمەن"، يا ھەزرەت، نېمىدېگەن گەپ بۇ؟ كۇپۇرلۇق، كۇپۇرلۇق!

سارىگۈل ئۈندىمىدى.

مۆمىن قارىي ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ دېدى:
— بىلىپ قوي: مەن ئىمام، سەن ئىمامىنىڭ ھالال خوتۇنى. ئاغزىڭ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن قورقىماي بۇنداق كۇپۇرلۇق قىلساڭ، ئەل - جامائەت ئالدىدا قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرىمەن؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ؟!...
مۆمىن قارىي بىرھازاغىچە كوتۇلدىغاندىن كېيىن سەللىسى بىلەن تونىنى يېشىپ قوزۇققا ئىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىكى قۇرئاننى ئېلىپ لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، سارىگۈلنى چاقىردى:
— ھەي، سارىخان، مەن ھازىر قۇرئان ئوقۇيمەن، كەل يېنىمغا، زېھنىڭنى يىغىپ ئوبدان ئاڭلا!
سارىگۈل خۇددى تىلسىز كىشىدەك، ئاق ياكى كۆك دەپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ بىر "ئۇھ" تارتىۋەتكەندىن كېيىن، مۆمىن قارىينىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

## 6

جامائەت بامدات نامىزىدىن ئەمدىلا قايتقان مەزگىلدە مۆمىن قارىينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىككى ناتونۇش ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. مۆمىن قارىينىڭ غەشلىكى كېلىپ بۇ مەزلۇملارنى دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە كۆزەتتى. ئەمما ئاياللارنىڭ قوللىرىدىكى داستىخاننى كۆرگەن مۆمىن قارىي ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېنىك تىندى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى - دە، مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلىدى.

ئۆز ئاپىسىدەك ئىللىق چىراي ئىككى ئايالنى كۆرگەن سارىگۈل ئۇلارنى خۇش تەبەسسۇم ۋە ئىسسىق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇتقاشتەك گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە يەنە ئىككى كۆرپە تاشلاپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، داستىخان سېلىپ چاي تارتتى.

— ئىككى ئاجىزەمنىڭ كۆڭلىگە ئاللا قانداق نىيەتنى پۈكتۈرۈپ، مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ يەرگە يەتكۈزدىكىن؟ — سورىدى مۆمىن قارى مېھمانلار چايغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئەدەب بىلەن.

— بىر ئىرادە بىلەن ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ئاياللاردىن بىرى گەپنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، — تونۇشمىساقمۇ ئاللا ئىگەم مۆھىم ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى بىلەن تونۇشۇشقا يول بەردى.

— ئاللانىڭ ھەممە بەندىلىرى ئىمانى بىلەن بىر - بىرىگە تونۇشتۇر، سىڭىللىرىم، قانداق گەپلىرىڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار.

ئىككى ئايال بىر - بىرى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدى.

— بۇ قىزىم بەكمۇ پاكىز چوڭ بوپتۇ، — دەپ گەپنى باشلىدى سېمىز ئايال بۇلۇڭدا ئولتۇرغان سارىگۈلنى قېشى بىلەن ئىما قىلىپ، — مۇشۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن، دىيانەتلىك قىزنى چوڭ قىلغان ئۆزلىرىدەك ئاتىغىمۇ خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

سارىگۈل لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۆمىن قارىينىڭ ساقاللىرى تىترەشكە باشلىدى. يۈزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ باشتا بۇ ئاياللارنى ئۆيلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ياكى ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى

ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن ئۆزىگە تۇمار پۈتتۈرگىلى كەلگەنلەردۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما بۇ ئاياللار ئۇنىڭ ئىدىقىنى كەلتۈرۈپ ئايالنى "قىزلىرى"، ھەتتا تېخى "قىز دېگەن تاللانىڭ ئادىمى، پوكۇن، پۈستان" دېگىلى تۇردى. بۇلار چوقۇم ئالجىپ قالغان ئايالار بولسا كېرەك.

سېمىز ئايال ئىمامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمەي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىگىت چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، بۇ قىزلىرىمۇ ئوبدان چوڭ بوپتۇ، بىزنىڭ ئەمەتجانىمۇ ئىمانى كامىل، سودىغا پىششىق ئوبدان بالا بولدى. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن، شۇڭا كېلىۋىدۇق قارىم، بۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ...

مۆمىن قارىي چوغقا دەسسىۋالغان توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتى. سارىگۈل ئۇنىڭ قىزى ئەمەس، ئايالى ئىكەنلىكىنى بۇ ئايالارغا قانداق چۈشەندۈرسۇن؟ ھەي نومۇس، ھەي پېشكەللىك!

ئىككى ئايالمۇ بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. مەريەمخان بۇ كەيپىياتنى بېسىش ئۈچۈن:

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، قارىم، ئەمەتجانىمۇ يامان بالا ئەمەس، باللارمۇ بىر-بىرىگە ئانچە-مۇنچە ئىچ-پەش تارتىشىپ قاپتىكەن، ئۇلار ئۆزلىرى خالىشىدۇ، شۇڭا...، — دېدى.

— ئېغىزىڭنى يۇم! — مۆمىن قارىي ئەسەبىيلەك بىلەن ۋارقىرىدى. مەريەمخاننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەن، سەۋر قاچىسىنى تولدۇرغانىدى. ئۇ بىردەم غال-غال تىترەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئىشىك ئالدىدا دانلاۋاتقان توخۇلارمۇ قورققىنىدىن قاقاقلىشىپ

قاچتى، — ئى، ئىماندىن چىققان بەتبەخ مەزلۇملار! مۇسۇلمان ئەھلىدە نەدىمۇ بىراۋنىڭ ھالال خوتۇنىغا ئەلچىلىككە كەلگەن بار ئىكەن؟ بۇ، مېنىڭ نىكاھلىق، قانۇنلۇق خوتۇنۇم! بىلمىدىڭمۇ؟! يوقىلىش كۆزۈمدىن!

ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىككى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە بۇتتەك قېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى، لېكىن ئىمامنىڭ رەھىمسىز كۆزلىرىدىن چېچىلىپ تۇرغان غەزەپ ئوتلىرىنى كۆرگىنىدە، بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتى...

ئەلچىلەر ھودۇقۇشتىن نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي، ئىمامنىڭ قورۇسىدىن ئاران چىقىۋېلىشتى. ئۇلار قارا دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا، ئۆي ئىچىدىن قىيا-چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلار ئارقىدىنلا ئېچىنىشلىق يىغىغا ئايلاندى...

— نېمە، خوتۇنى؟! — ئەمەتجان شۇنداق دېگىنىچە ئالقىنى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، كاللىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاماللىغىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشقا يا كۈلۈشىنى، يا يىغلاشنى بىلمەيتتى. ياق، ئۇ كۈلۈشنى بىلىدىكەن، ئۇ كۈلۈپ تاشلىدى، كۈلگەندىمۇ ياكى كۈلكىگە، ياكى يىغىغا ئوخشمايدىغان بىر خىل دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن كۈلدى...

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە ئەمەتجان تاڭ يورۇماستىنلا غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەمەتجاننى قوشنىلىرىمۇ، مەسچىت جامائىتىمۇ ھېچنەدە كۆزگە چېلىقتۇرالمىدى...

# 7

مۆمىن قارىي بۇگۈنمۇ ھەر ۋاقىتتىكى نامازدىن بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە مەسچىتتىكى جامائەتكە ئىنساپ، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. مۆمىن قارىينىڭ تەبىرىچە، بۇ زاماندىكى ياشلارنىڭ بىرسىمۇ پاك ئەمەس، ئۇلار بۇزۇلغان، دىندىن ئازغان، ئىنساپنى، خۇدانى ئۇنتۇغاندى. ئۇلارنىڭ ئىنساپسىز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاخىر زامان مۇددەتتىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىشى، دۇنيا گۇمران بولۇشى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بالايىئاپەت يېغىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ ئەستادا تۇيۇقسىزلا ئارقا رەتتىكى جامائەتنىڭ سېپى ئىچىدىن بىر ياش يىگىت ئىمامنىڭ گېپىگە لوقما سالدى:

— توۋا، ساقال بولسىلا ئىنساپ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

جامائەت بىردىنلا باشلىرىنى ئارقىغا بۇرىشىپ، خۇددى غەلىتە بىر ئىشقا يولۇقۇشقاندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ھېلىقى يىگىتكە تىكىلىشتى.

مەسچىت ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. مۆمىن قارىي جاما-ئەتكە تىكىلىپ: "دېگىنىم راستمىكەن، بۇ ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟" دېگەندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە، ياشلاردىن بىرى ھېيىقماستىنلا ئىمامغا پۈت ئېتىشقا چۈشتى:

— ئىمام ئاخۇنۇم جاۋاب بېرىپ باقسا: نەۋرىسىدەك قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشمۇ ئىنساپنىڭ جۈملىسىگە كىرەمدىكىن؟

تەرتىپ بۇزۇلدى، غۇلغۇلا كۆچەيدى.

ئىمامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پۇت ـ قولىغا تىترەك ئۇلاشتى. شۇ ئەسنادا 40 ياشلار چامىسىدىكى، چىرايى ئاپئاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، شاپاق دوپپا، مەللە رەڭ خەسىدىن يەكتەك كىيگەن بەستلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى.

ــ ئەزىز جامائەت، دىنىي ئىسلامغا يات بولغان سۆزلەرنى قىلىشمايلى. مۆمىن قارىيدەك ئىمانى كامىل ئادەم ئاز تېپىلىدۇ، يولدىن ئازمايلى، مۇسۇلمانلار...

بۇ ئادەمنىڭ ئىمام ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ مەيدانغا چىقىشى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. كىشىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىشىپ، بۇ ناتونۇش ئادەمگە تىكىلدى. بۇ مەسچىتنىڭ نامازخانلىرى بۇ ناتونۇش ئادەمنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان، ھېچ يەردە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ــ ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلار، سىلەر ئەھۋالنى ئۇقماي، مۆمىن قارىينى قارىلاپ ئىماندىن ئاجراپ كەتمەڭلەر، مەن مۆمىن قارىينى ئۆزۈم خالاپ كۈيئوغۇل قىلىۋالغان، لېكىن مېنىڭ قىزىم شەرىئەت يولىدىن چىقتى، ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىنى تاشلاپ، دىنىدىن ئازغان، خۇدانى ئۇنتۇغان بىر تۇزكور باققال بىلەن قېچىپ كەتتى. مانا بۇ، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ، يولدىن ئازغانلىقىنىڭ پاكىتى بولماي نېمە؟

مۆمىن قارىينىڭ قېيناتىسى ئۆز جايىدا ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا يەنە گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى:

ــ توۋا، ئەجەب تاش يۈرەك ئادەمكەن بۇ، قىزىنى قاراپ تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئوتقا ئىتتىرىپتۇ ئەمەسمۇ!...

سارىگۈلنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرماستىنلا ۋارقىرىدى:

— مەن ئاتا تۇرۇپ دىنىي ئىسلامنى پەرزەنتتىن يۇقىرى كۆرۈپ سۆزلەۋاتسام، سىلەر يەنە نېمە دېمەكچىدىڭلار؟

مەسچىت ئىچىدىكى غەلۋە-غەۋغالار خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىممىدە بېسىقتى. ئىمامغا پۈت ئېتىشقا پېتىنغان كىشىلەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى. راست ئەمەسمۇ، باشقىلارنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىشكە نېمە ھەققى بار!...



www.uyghurkitap.com

نۇرمۇھەممەت توختى

# يېڭى قوشنا

## ئۇچۇق دېرىزە

شەھەرنىڭ غەربىدىكى خىلۋەت كوچىدا باست سەيپۇڭنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان ھويلا-ئارامى، پاكارغىنا دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا دېرىزىسى كوچىغا ئېچىلىدىغان كىچىككىنە سەيپۇڭچىلىق دۇكىنى بار. دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئۇچۇق تۇرىدۇ. دېرىزىدىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى كوچىغا ئاڭلىنىدۇ. قۇياش غەربكە قىيسايغاندا ئۇنىڭ تالا-تالا نۇرلىرى ئەنە شۇ دېرىزىدىن دۇكانغا چۈشىدۇ، دۇكاندىكى ھەممە نەرسىنى — پىچىلغان ۋە پىچىلمىغان رەختلەرنى، تىكىلگەن ۋە يېرىم تىكىلگەن كىيىملەرنى نۇرغا كۆمىدۇ. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ پارقىراق سىرلىرىدىن، توختىماي يۇقىرى-تۆۋەن ئويناپ تۇرغان يىڭنىنىڭ ئۇچىدىن، يېرىم ئوڭدا قىلىپ قويۇلغان دەزمالنىڭ سىلىق تاپىنىدىن قايتقان نۇرلار دۇكاننىڭ تاملىرىغا كۈمۈشتەك پارقىراق شوللىلارنى چۈشۈرىدۇ.

دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئۇچۇق تۇرىدۇ، باست سەيپۇڭ كوچىدىن ئۆتكەن تونۇش-بىلىشلىرى، يار-بۇرادەرلىرى، خېرىدار-ئۇلپەتلىرى بىلەن ئاشۇ دېرىزە ئارقىلىق سالاملىشىدۇ، ئەھۋاللىشىدۇ، شەھەردىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تاپىدۇ. يەنە ئاشۇ

دەرىزە ئارقىلىق بۇيرۇتمىلارنى قوبۇل قىلىپ، تىكىپ، دەزماللانغان كىيىملەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ. نىمىكا ئالىدۇ. يەنە ئاشۇ دەرىزە ئارقىلىق كوچىدىن ئۆتكەن چىرايلىق قىز-چوكانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ لەۋلىرىنى يالاپ قويىدۇ...

مانا شۇ دەرىزە ئۇستامنىڭ دۇنيا بىلەن، كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان يولى ئىدى. يىگىرمە يىلدىن بىرى ئاشۇنداق بولۇپ كەلدى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ چىرايلىق بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويدى. مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ ئۆزىنىڭ سەيپۇڭچىلىق قىلىدىغان تاغىسىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تاق قاناتلىق پاكار دەرۋازىنىڭ يېنىغا مانا شۇ دەرىزىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن بىرى دۇكاننىڭ دەرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ. كەچتە، ئۇستام ئېلېكتر چىراغنى ياققاندا، ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى ئاشۇ دەرىزىنىڭ ئالدىغا جەم بولۇشىدۇ، ئاچچىق كۆك تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ قېنىپ-قېنىپ شورىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە قىلىنىدىغان كەيپ تاماكا چېكىشلا ئەمەس، بەزىدە تۆت-بەش رومكىدىن قېقىشىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ ۋە بەزىدە نەشىمۇ دۇكاننىڭ ئىچى-سىرتىنى ئۆزىگە خاس پۇراققا تولدۇرۇپ ئۆتىدۇ.

كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاتمىش-يەتمىش مو چىققۇدەك ياپيېشىل كۆكتاتلىق بار. نېمىشقىدۇ كۆكتاتچىلار بۇ يەرگە ھەر يىلى بىر خىل كۆكتات — يېسىۋىلەك، پەمىدۇر، قىزىلمۇچ ۋە يېشىل پۇرچاق تېرىيدۇ. ياز ۋە كۈز ئايلىرىدا ئۇستام تاڭ سەھەردە دەرىزىنى

ئاچقاندا كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاشۇ كۆكتاتلىقتىن كۆتۈرۈلگەن كۆكتات ھىدى ئۇنىڭ دىماغلىرىنى يايرىتىپ ئۆتتىدۇ.

ئۇستام دېرىزىنىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنى شىرىلدىتىپ ئىشلەيدۇ، كۆزلىرى تېلىپ كەتكەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆكتاتلىققا نەزەر سالىدۇ. ئۇنىڭغا كۆكتاتلىقنىڭ قىرىدىكى يالغۇز ئاپتاپپەرەسكە قونۇۋېلىپ ئۇنى زوق بىلەن چوقۇلاۋاتقان ئاق قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشى ئاڭلىنىدۇ، پەمىدۇر، قىزىلمۇچ ۋە يېشىل پۇرچاقنىڭ ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ...ئەنە شۇ بىر مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى يېشىللىق تارتۇق قىلغان ئاللىقانداق راھەتتىن ھوزۇر ئالىدۇ. ماشىنىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلايدۇ. كۆزلىرى تالغاندا، يەنە ئاشۇ يېشىللىققا تىكىلىدۇ...ئۇنىڭ كۈنلىرى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى مانا شۇنداق ئۆتىدۇ. ئونبەش يىلدىن بېرى، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بېرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى، بىر خىل رىتىم، بىر خىل مۇقام داۋام قىلدى...

ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ بۇ خىل رىتىم بىردىن بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇستامنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغان ۋە دېرىزە ئالدىدا توختايدىغان ماشىنا ـ تراكتورلار كۆپىيىپ قالدى. ئۇلارنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان دېرىزە ئارقىلىق دۇكان ئىچىگە پۇرقىراپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇستام چاڭ ـ توزاندىن يەتكۈچە بىزار بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇ دېرىزىنى يەنىلا ياپمىدى.

كۆپ ئۆتمەي كۆكتاتلىقنىڭ ئورنىدا كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان ئون ئېغىزلىق ئۆي قەد كۆتۈردى. يېڭى ئۆي چىرايلىق، ھەشەمەتلىك ئىدى، ئۆيلەرنىڭ تۇرۇسلىرىغىلا ئەمەس، ھەتتا پېشايۋان-

نىڭ تورۇسلىرىغىچە قېقىلغان رەڭلىك گەج تاختاي كۆزنى قاماش-
تۇراتتى. ساڭگىلاتما قۇببىلىق دېرىزىلەرگە، پېشايۋاننىڭ يۇملاق تۈۋرۈكلىرىگە، تۈۋرۈك ۋە دېرىزىلەردىكى ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەرگە، تۈۋرۈك بىلەن تورۇسنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەگمە كۆنگۈرىلەرگە بېرىلگەن ئالتۇن ھەل قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنەتتى.

باست ئۇستا بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆينى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. مۇشۇ مەھەللىلىك، يۈز ياشتىن ئاشقان بىر مويسىپىت مۇشۇ مەھەللىگە سېلىنغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ سارىيىنى ئەسلەپ "ئۇمۇ بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى" دېدى. قارىقاشتىن كەلگەن بىر يولۇچى: "ئاقسارايدىكى مەمتىلىخان غوجامنىڭ سارىيىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن" دەپ ئۆتۈپ كەتتى. يەنە كىمدۇ بىرى 1947-يىلى سىرىغىزغا سېلىنغان خې دىڭباڭنىڭ ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: "ئۇ ھېچنېمە سالالماپتىكەن" دېگەن گەپنى قىلدى. يېڭى ئۆينى كۆرۈش ئۈچۈن كىشىلەر يىراق-يىراقلاردىن ئاتايتەن كېلىشەتتى. ھەشەمەتلىك نەرسە دېگەن ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ جەلپ قىلىدىكەن، كىشىلەر بۇ ھەشەمەتلىك سارايغا خۇددى قىزىلگۈلنى كۆرگەن قىزلاردەك، چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەن شەھۋەتپەرەسلەر-دەك تىكىلىشەتتى... شۇنداق قىلىپ باست ئۇستامنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدى بىرمەزگىل بازاردەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. كۆزلىرى تېلىپ كەتكەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە نەزەر سالاتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز ھويلا تېمىدا، ئالتۇندەك سېرىق تۇچتىن نەقىشلەر قىلىنغان ھالقىلار ئورنىتىلغان قوش قاناتلىق ھەيۋەتلىك دەرۋازىدا توختاپ قالاتتى.

ئەتىگەنكى ۋاقىتلاردا قۇياشنىڭ تۆچ نەقىش هالقىلاردىن قايتقان نۇرلىرى ئۇستامنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ كېتەتتى. ئۇستامنىڭ ئىككى چېكىسىدە پۈرۈم-پۈرۈم قورۇقلار پەيدا بولۇپ كۆزلىرى ئىختىيارسىز قىسىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇستامنىڭ كۆڭلىدە قانداق پىكىرلەرنىڭ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئاشۇنداق كۆزلىرى قىسىلغان هالدا بىرەر مىنۇتتەك تىكىلىپ تۇراتتى-دە، يەنە ماشىنىنى شىرىلدىتىشنى باشلايتتى.

يېڭى ئۆي پۈتكەن بولسىمۇ كوچىدىن ئۆتىدىغان ماشىنا-تراكتورلارنىڭ ئايىغى يەنىلا ئۈزۈلمىدى، يېڭى ئۆينىڭ ئەتراپىغا يېڭى-يېڭى ئۆيلەرنىڭ، يېڭى-يېڭى سارايلارنىڭ سېلىنىشى توختىمىدى، خىش-تاش، قۇم-شېغىل، سېغىز-سېمونت، ياغاچ-بورا توشۇيدىغان ماشىنىلار توختىماي كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. چاڭ-توزان تېخى پىچىلمىغان رەختلەرنى، يېڭى تىكىلگەن كىيىملەرنى بۇلغايتتى، ئۇستام چاڭ-توزاندىن يەتكۈچە بىزار بولدى، لېكىن دېرىزىسىنى ياپمىدى.

## يېڭى قوشنا

كاتتا ئەربابلار بىلەن قوشنا ئولتۇرۇش ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟ باست ئۇستام بۇنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن. هۈنەرۋەن-تىجارەتچى ئادەم ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئەمدى ئويلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، قوشنا ئولتۇرغان ئىكەنسەن،

ئۇيلاپ قويۇشۇڭ كېرەك، قانداق سالام قىلىشنى، قانداق پاراڭلىشىشنى، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئويلاپ بېقىشىڭ كېرەك...يېڭى قوشنا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەندە ئۇ راستىنلا ئاشۇلارنى ئويلىدى. "ياخشىلىق يەتمىگەندىمۇ يامانلىق تەگمەس، چىقىشىپ ئىززەتلىشىپ ئۆتكەن تۈزۈك، خۇدا قوشنا بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن..."

يېڭى قوشنا ئۆي كۆچكەن كۈنى باست ئۇستا ئوغلىنى باشلاپ چىقىپ ماشىنىدىن چۈشۈرگەن نەرسىلەرنى ھويلىغا توشۇشۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلارغا ئىش تەگمىدى، ياردەملىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چاققان ئادەملەر ئىكەن. قولى قولىغا، پۇتى پۇتىغا تەگمەيلا ماشىنىلارغا لىقمۇلىق بېسىلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى بىردەمدىلا توشۇپ بولۇشاتتى. ئۇلارغا قاراپ تۇرغان باست ئۇستا "بۇلار ئۆي كۆچۈشنى ھۆددە ئالغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا شۇنچىۋالا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشەتتىمۇ" دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇنى بۇ ئايىغى چاققانلارنىڭ سالاپىتى — ئۇلارنىڭ سىپىگە يېڭى-يېڭى سالاپەتلىكلەرنىڭ قوشۇلۇپ تۇرۇشى ئەجەبلەندۈرەتتى. ئۆي كۆچۈشكە ياردەملىشىۋاتقانلار ئىشنى كۈندىلىك ھۆددىگە ئالىدىغان مەدىكارلارغىمۇ، قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچىلارغىمۇ ئوخشىمايتتى. باست ئۇستا قاراپ تۇرغان شۇ چاغدا ئايىغى چاققانلارنىڭ سىپىگە قورسىقىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە سەمىرگەنلەردىن ئىككىسى كېلىپ قوشۇلدى. لېكىن نەرسە-كېرەكلەرنى توشۇشقا كىرىشكەندە ئۇلار ئورۇقلىرىدىنمۇ بەكرەك چاققان چىقتى...ئەگەر بۇلار ئۆي كۆچۈرۈشنى ھۆددىگە ئالغانلار بولسا، ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا چۈشمەيتتىمۇ؟ ئىشقىمۇ

مۇنچىۋالا ياسىنىپ كەلگەن بارمۇ؟ ياق، بۇلار ھۆددىسىگە ئالغانلار ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا بۇلار كىملەر؟...

شۇ كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆي كۆچۈش ئاياغلاشتى. باسىت ئۇستىغا ياردەملەشكۈدەك ئىش چىقمىدى، ئۇ بىرەر سائەتچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دۇكانغا يېتىپ كىردى، دۇكانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ ئولتۇردى. نېمىشقىدۇ قولى ئىشقا بارمىدى. قوشنىلار شۇنچە ئالدىراش ئۆي كۆچۈۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ بىخىرامان ئۆز ئىشىنى قىلالىسۇن؟ ئاخىرى ئۇ يېڭى قوشنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ئۆي كۆچۈۋاتقان ئاشۇ سالاپەتلىكلەر ئارىسىدىن ئۆز قوشنىسىنى ئايرىۋالالمىدى، ئۇنىڭ قوشنىسىمۇ ئەلۋەتتە سالغان ئۆيىگە لايىق سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇ زادى قايسى؟ ھەممىسى يېڭى ئۆيىگە لايىق سالاپەتلىك، ھەممىسى ئۆز ئىشىنى قىلغاندەك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، قوشنام زادى كىم؟ باسىت ئۇستا ئاشۇ سالاپەتلىكلەرنىڭ بىرسىدىن تارتىنىپ-راق سوراشتۇرغانىدى، قوشنىسى ئۆي كۆچۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ نەدىدۇ بىر يەردە يىغىنغا ئىشتىراك قىلىۋاتقانمىش...

يېڭى قوشنىلار ئۆي كۆچكەن ئاشۇ كۈنى باسىت ئۇستا ئۇلارنىڭ ئۆي كۆچۈشىگە ياردەملىشەلمىدى. كۆڭلىنىمۇ ئىزھار قىلالمىدى، ھاردۇق ئېشىغىمۇ چىللىيالمىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇ پەقەت دېرىزىسىنى تاقاپ، چىراغىنى ئۆچۈرۈپ بولغاندا كىچىك ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ھەشەمەتلىك دەرۋازىنىڭ بوش غىچىرلىشىدىن كىملەرنىڭدۇ يېڭى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە قوشنام ئەمدى كەلگەن بولسا كېرەك

دەپ ئويلىدى.

باست ئۇستىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرى بۈگۈن نېمىشقىدۇ دۇكان دېرىزىسى ئالدىغا يىغىلمىغانىدى. ئۇلار كەلمىسە ئۇ ھاراقمۇ ئىچمەيتتى. نەشىمۇ چەكمەيتتى. ھاراق ئىچمىگەن ياكى نەشە چەكمىگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كۈندۈزدىكى ئىشلار خىيالىغا كىرىۋالدى. ھەممىسى سىرلىق ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشتەك بىلىنىدى. يېڭى قوشنام زادى قانداقراق ئادەم؟ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلار؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا مانا شۇ سوئاللار چۆگىلەيتتى. ھويلىنىڭ ھەشىمەتلىكلىكىگە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم كاتتا ئەرباب، لېكىن زادى قايسى دەرىجىدىكى كاتتا ئەرباب؟ قايسى ئىدارىسىنى سوراپ، قايسى دائىرىنى شۇلۇپ يەيدۇ ۋە ياكى...

ئۇ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى، سەھەردە ئويغىنىپلا بىرىنچى قىلغان ئىشى كۈندىكىدەك دۇكانىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىش بولدى. ئۇ مۇشۇ سەھەردە يېڭى قوشنىسى بىلەن سالام-لىشىشنى، ھېچ بولمىسا ئۇ ئىشقا ماڭغان-دا يىراقتىن بولسىمۇ قارىسىنى كۆرۈپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئالاھازەل ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن چىرايلىق بىر پىكاپ ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قوشنىسىنىڭ قوش قاناتلىق، تۈچ ھال-قىلىق دەرۋازىسى قىيا ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پىكاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئارقىدىن جاققىدە قىلىپ يېپىلدى. باست ئۇستا دەرۋازى-دىن چىققان ئادەمنىمۇ، پىكاپقا چۈشكەن ئادەمنىمۇ ئېنىق كۆرەل-مىدى. شۇ كۈنى كەچتىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئوخشاش بولدى. پىكاپ چاڭ-توزان چىقىرىپ كېلەتتى-دە، ئۇستامنىڭ

دېرىزىسى ئالدىدا (ياق، ئەمدى بۇ يەر ئۇستامىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدى ئەمەس، كاتتا ئەربابىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بولۇپ قالغاندى) توختايتتى. ئەتىگەندە ئاۋۋال قوش قاناتلىق دەرۋازا، ئۇنىڭدىن كېيىن پىكاپىنىڭ ئىشىكى ئېچىلاتتى. كەچتە ئاۋۋال پىكاپنىڭ ئىشىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوش قاناتلىق دەرۋازا ئېچىلاتتى، ئېچىلاتتىيۇ، يەنە يېپىلاتتى...شۇنداق قىلىپ باست ئۇستا خېلى كۈنلەرگىچە يېڭى قوشنىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىش، پاراڭلىشىش نىيىتى ئىشقا ئاشمىدى. قوشنىسى بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتى كەلمىگەنسېرى ئۇنىڭغا قوشنىلىرى شۇنچە سىرلىق بىلىنەتتى.

گەرچە ئۇ ئەر قوشنىسى بىلەن دىدارلىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايال قوشنىسىنى تۇنجى كۈنلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. قوشنىلار كۆچۈپ كېلىپ ئەتىسى چۈشكە يېقىن دېرىزىگە تىرەپ قويۇلغان كېيىم پىچىش شىرەسىنىڭ ئۈستىگە ئوتقاشتەك بىر توپ قىزىل دۇخاۋا گۈپپىدە قويۇلدى. ئۇستامىنىڭ كۆزىگە دەسلەپتە راستىنلا قىپقىزىل ئوتتەك كۆرۈندى. ئارقىدىن ئۇ ئاشۇ قىيا بېقىشلىرىدا ئۇنىڭ ئوت ئەمەس قىپقىزىل، نەپىس ۋە يۇمشاق دۇخاۋا ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندى، ئالدىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق، بۇلاق كۆزلۈك ئايالغا كۆزى چۈشتى. ئايال ئىچكى كىيىم بىلەن — چىرايلىق كەشتىلەنگەن رۇباشكا بىلەنلا چىققاندى. رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسىدىن ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك بويىنى، لىغىرلاپ تۇرغان كۆكرىكىنىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇستامىنىڭ يۈرىكى بىردىن جىغ قىلىپ قالدى. ئايالنىڭ بىلەكلىرىمۇ يالىڭاچ ئىدى. سۈزۈك، ئاپئاق بۇدرۇق مۇسكۇل ھېقىقەتەك

جاۋلىنىپ تۇراتتى. ئايال يالاڭباشتاق ئىدى. ئۇنىڭ تۇم قارا، بىلىنەر-بىلىنمەس بۇدۇر قىلىنغان قىرقىم چاچلىرى ئاپئاق دولىسىدا يېيىلىپ تۇراتتى. ئايال ھېچقانداق گىرىم قىلمىغان، بولاقتەك كۆزلىرى تەبىئىي قارا، لەۋلىرى تەبىئىي قىزىل ئىدى. سۈزۈك ھۆسنىدە گۈزەللىكنىڭ يارقىن نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن دىماققا ھۇزۇر بەرگۈچى بىر خىل ئەتىرنىڭ خۇش ھىدى تارقىلىپ تۇراتتى.

ئۇستام تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئەقلىمۇ، پۈتۈن ھېس-تۇيغۇلىرىمۇ لال. كۆزلىرى بولسا خۇددى چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك بىر نۇقتىغا — ئايالنىڭ ئۈستى-دىكى رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسىغا تىكىلىپ قالغان... ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن يېغىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىدەك گۈزەللىكىنىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنداپ تۇرغان ھاكاۋۇرلۇقىنىمۇ، خوجايىنلارچە قاراشىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ يەنە ئاشۇ كۆزلەردىن ئاجايىپ سىرلىق بىرنەرسىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈردى.

— ئۇستام، مۇنۇ دۇخاۋىدا پەردە تىكىدىغان گەپ ئىدى...

ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈش بىردىن ئۈزۈلدى. كۆزلىرىنى رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسىدىن دۇخاۋىغا يۆتكىدى. دۇخاۋا ئۇستامنىڭ كۆزلىرىگە راستتىنلا قىپقىزىل كۆرۈندى.

— تىكىپ بېرەيلى، ئۆلچەملىرى قانداقكىن؟

— مۇنۇ ئۇدۇلدىكى ئۆي بىزنىڭ، ئۆزلىرى كىرىپ ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئۆلچەپ چىقسىلا...! پەردىلەرنى ئەتىگىلا تىكىپ بولمىسىلا

بولمايدۇ. ئۆيىمىزگە مېھمان كۆپ كېلىدۇ. ئىلگىرىكى پەردىلەر ئەمدى ياراشماي قالدى...

ئايال قېنى ئەمسە، مەرھەمەت دېگەندەك قىلىپ بېشىنى يان تەرەپكە ئەگدى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ماڭدى، ئۇستام ئەگەشتى. ئايالنىڭ قىسقا رۇباشكىسىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ پاچاقلىرىمۇ ھېقىقەتەك سۇزۇك ئىدى. كېلىشكەن ساغرىسى چوڭ ئۆستەڭدىكى قايىنامدەك تولغىنىپ باراتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكى يەنە جىغ قىلىپ قالدى. ۋۇجۇدىغا ئاللىقانداق تىترەك ئولاشقاندەك بولدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ئۆلچەپ يۈرگەندىمۇ بۇ تىترەك ئۇنىڭدىن يىراقلاشمىدى — ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ئۆلچىگۈچ تۇتقان قوللىرى، ئېگىز ئورۇندۇققا دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرى تىترەيتتى. يۈرىكى، ھېس-تۇيغۇلىرى نېمىگىدۇ ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى، ئۆزى ئارمان قىلغان گۈل شېخىغا، گۈل بەرگىگە قونماقچى، گۈل تاجىنى چوقۇلىماقچى بولاتتى...شۇ مىنۇتتا ئۇستامنىڭ ئەقلى يەنىلا جايىدا ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كونا كېسىلىنىڭ قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاللىقانداق بىر خىجىللىق ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى يەنىلا قەپەس ئىچىدە تۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنى، شۇ كېچە ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ تىترەك زادىلا يىراقلاشمىدى.

## كەيپ ئىچىدە

باسىت ئۇستام تۈنجى قېتىم ئولپەتسىز ئولتۇرۇپ نەشە چەكتى.

يالغۇز بولغاچقا چىلىم بىلەن چەككۈسى كەلمىدى. نەشىنى ئۇششاق - ئۇششاق ئۈزۈپ كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن گېزىت قەغىزىگە ئوتتۇرا بارماقتەك توم ۋە ئۇزۇن قىلىپ يۆگىدى، تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ-قېنىپ شورىدى. ئۇ ھەر قېتىم كۆچەپ شورىغاندا تاماكىنىڭ ئۇچىدىن لاپ - لاپ قىلىپ يالقۇن كۆتۈرۈ - لەتتى. "ياغ - دە، كاساپەت، ياغ بولمىسا يالقۇن كۆتۈرۈلەمدۇ؟ بۇ نۆۋەت سېتىۋالغىنىم ھەقىقەتەنمۇ بەلەن چىقتى..." ئۇ قېنىپ - قېنىپ شورايتتى. ئۇنىڭ شورىغانلىرى كانىيىدىن ياغدەك سىلىق ئۆتۈپ ئۆپكىسىگە توشاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغزى - بۇرنىدىن كۆپكۆك ئىس بولۇپ يېنىپ چىقاتتى، ئۇ بىر يۆگەمىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولدى. ئاخىرقى قالدۇقىنى بېگىز بارمىقى بىلەن چوڭ بارمىقىنىڭ ئۇچى ئۈستىن سارغايغىچە، يىڭنە ئۇشى بىلەن قېتىپ كەتكەن بارماق مۇسكۇللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆيگىچە شورىدى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ۋۇجۇدى ئاللىقانداق بىر راھەت ئىلكىدە يايرىدى. پۇت - قوللىرى يېنىكلىشىپ، بەدىنى ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقتىن ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. نېمىگىدۇ كۈلگۈسى كەلدى. يۈزىدىكى تېرە - مۇسكۇللار تارتىشىپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ ئوبدانلا كەيپ بولغانىدى. لېكىن ھوش - كاللىسى جايىدا ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە رەختنى قولىغا ئالدى، دۇكان ئىچىنى يەلپۈپ نەشىنىڭ پۇرىقىنى دېرىزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئەگەر بىرەر ساقچى نەشە ھىدىنى سېزىپ قالسا، ئۆزىنىڭ بالاغا قالىدىغان- لىقىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە كېيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ ھېلىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. لېكىن

كۆزلىرى ئويىما ياقىلىق رۇباشكا كىيگەن ئايال قوشنىسى ھىلىلا كىرىپ كەتكەن دەرۋازىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇستام ئولۇشكۈن سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، نىمشقىدۇ ئۆز-ئۆزىگە قوشنىدەك قوشنا بولىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ پەردىلىرىنى تىكىشكە باشلىدى. ئايال قوشنىسى دىگەن قەرەلگە تىكىپ بولالمىغان بولسىمۇ، بۈگۈن چۈشكە تىكىپ بولدى. ئون تۆت چوڭ دىرىزە، ئون تۆت ھاۋادان، ئون ئىشىك ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان پەردىلەرنى ئۈنچىۋالا ئوڭاي تىكىپ بولىغىلى بولمايدىكەن. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈززۈنلۈقى يەرگىچە نىگىپ تۇرىدىغان، قاتلام-قاتلام ۋە كەڭ پەردىلەر ئەمەسمۇ؟ ئۇستام ئاخشاملىرىمۇ ئىشلەپ بۈگۈن چۈشكە ئاران تۈگەتتى. ئىزما بىكىتتى، ھالقىلارنى ئۆتكۈزدى. ھەممىنى تەخ قىلدى. مانا ھىلىلا ئايال قوشنا تىكىلىپ پۈتكەن، ئۆز تەلپى بويىچە دەزماللانغان پەردىلەرنى ئەكىرىپ كەتتى. ئايال قوشنا پەردىلەرنى ئېلىشقا چىققاندا، ئۇستام نىمشقىدۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمىدى. ئاپئاق بوينىغىمۇ، رۇباشكىسىنىڭ ئويىما ياقىسىغىمۇ، ئۇنىڭدىن يىرىمى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق ئالمىلارغىمۇ قارىمىدى، پەقەت پەردىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ئارقىسىدىن يالىڭاچ ئاپئاق پۇتلىرىغا قاراپ قالدى. بۇغداي تاسقاۋاتقان غەلۋىردەك چۆگىلەپ، تولغىنىپ كېتىۋاتقان ساغرىلىرىغا قاراپ قالدى... قاراپ قالدىيۇ، ئايالنىڭ نىمشقىدۇ نىمكا ھەققىدە ھېچنىمە دىمىگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرىغا، سىمىز سۆڭگەكلىرىگە ھاياسىزلارچە قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى، قوشنىدەك قوشنا بولالماقچى بولغان ئادەم قوشنىسىنىڭ ئايالىغا ئاشۇنداق يامان

www.uyghurkitap.com

كۆزدە قارىسا بولامدۇ؟ بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق؟ تووۋا قىل، خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەرسۇن...

مانا ئەمدى ئەشنى چېكىپ، ئۇبدانلا كەيپ بولغاندا، كۆزلىرى يەنە قوشنىسىنىڭ تۈچ ھالقىلىق، قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسىغا تىكىلىپ قالدى...ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە جىغىلداپ كەتتى. يۈرىكىدىكى قانلار دولقۇنلاپ مەۋج ئۇردى، ئاللىقانداق بىر خىل تەقەززالىق ۋۇجۇدىنى تىترىتىشكە باشلىدى...

قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى يەنە ئېچىلدى. ئاۋۋال بىلىنەر-بىلىنمەس بۇدۇر قىلىنغان قىرقىم چاچ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسى، يالىڭاچ پاقالچاق ئۇستامىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇستامىنىڭ ۋۇجۇدى يەنىمۇ بەكرەك تىترەپ كەتتى، قوللىرى، پۇتلىرى، بارلىق مۇسكۇللىرى قايناق بىر تۇيغۇنىڭ تەقەززالىقىدا تىترەيتتى، ئۇ يەنە نېمىشقا چىققاندۇ...؟

— ئۇستام، پەردىلەرنى ئېسىپ بەرگەن بولسىلا، بويۇم يەتمەيدىكەن. ئورۇندۇققا چىقىشتىنمۇ قورقىدىكەنمەن، يۈرسىلە....

ئايال ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۆتۈنۈش ۋە ئىلتىماستىن كۆرە تەلەپ ۋە بۇيرۇق كۆپرەك ئىدى. ئۇستام ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوزغىلىپ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى.

تام ياقىلتىپ ئوتقاشتەك قىزىل خۇرۇم دىۋان تىزىلغان مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆر تېمىغىمۇ ئوتقاشتەك قىزىل ئەدىيال نۇسخىلىق گىلەم ئېسىلغانىدى. ئۇستام مېھمانخانىنىڭ دېرىزە-ھاۋادانلىرىغىمۇ ئوتقاشتەك قىزىل دۇخاۋا پەردىلەرنى ئېسىپ چىقتى. پەردە ئېسىش دېگەن تەس ئىش ئەمەسكەن، ئۇستام، مېھمانخانىدىكى ئىشنى ھەش-پەش

دىگوچە تولگەتتى. پەردىلەر يىپپۇيتىلگەنىدى. مىھمانخانا ئۆينىڭ ئىچى قىپقىزىل تۇسكە كىردى. پۈتۈن ئۆيدە قىپقىزىل ئوت يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكىمۇ يالقۇنلايتتى. ئۇ كەيىپ ئىدى، شۇڭا پەردىلەرنى سۇنۇپ بىرىۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزىگە يىقىنلىققىنا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزمىدى.

ئۇلار ئەمدى ياتاق ئۆيگە چىقتى، ياتاق ئۆينىڭ يىرىمىنى ئالغان كارىۋاتنىڭ ئۇستىدە كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم چاقناپ تۇراتتى. ئۇستام تامغا قارىدى. تامدىمۇ ئانار گۈللۈك گىلەم ئوت چىچىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئۆيدە قىپقىزىل ئوت يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇستام بۇرۇلۇپ ئايالغا قارىدى. ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى دۇخاۋا پەردىلەرمۇ يالقۇندەك قىپقىزىل ئىدى. بۇلاق كۆزلەردىمۇ ئوت يىنىپ تۇراتتى، ئايال بىردىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋەتتى...

ئۇستام ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى پەردىلەرنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى، لىكىن ئۇنىڭ قوللىرى پەردىنى ئەمەس. ئايالنىڭ سۈزۈك، يۇمشاق، ئىسسىق بىلەكلىرىنى تۇتۇپ قالدى. پەردىلەر يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى...

باست ئۇستا كەيىپ ئىدى. ئۇ كەيپىدىكتە ئۆزىنىڭ نىمە قىلغانلىقىنىمۇ، نىمە قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ھەر ئىككىلىسى كەيىپ ئىدى...

## قوشنىلاردا خۇشاللىق

يىڭى قوشنىلارنىڭ يىڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولدى. بۇ ئالتە ئاي باست ئۇستا بىلەن ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئوتتۇ-

رىسىدا ئۆزئارا ياردەملەشكەن، ئۆزئارا بەخت پايدا يەتكۈزۈشكەن، خۇشاللىق بېغىشلاشقان ئالتە ئاي بولدى.

باست ئۇستىنىڭ خۇشاللىقى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ ئايالى يېڭى قوشنىنىڭ ياردىمىدە تىجارەت كىنىشكىسى ئالدى. بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە دۇكان ئاچتى. يەنە ئاشۇلارنىڭ ياردىمىدە بازىرى ئىتتىك ماللارنى دۇكانغا سېلىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى. ئۇ دۇكىنىدا ھەر خىل چەرچىن ماللارنى ساتاتتى، ئۇ، بۇ ماللارنى ئاشۇ قوشنىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئالاتتى. قايسى مالنىڭ باھاسى قاچان ئۆسىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك ئۆسىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ ئاشۇلاردىن ئاڭلايتتى ۋە ئالدىنئالا نۇرغۇن مىقداردا بېسىۋالاتتى... باست ئۇستىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ئۆيدە ئىشسىز ئولتۇرغان ئوغلىمۇ ئاشۇ قوشنىسىنىڭ ياردىمىدە بىر زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇلار يەنە باست ئۇستىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى. لېكىن باست ئۇستا "مېنىڭ ھۈنىرىم بار. ئۆز ھۈنىرىمنى قىلاي" دەپ ئۇنىمىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايال قوشنىسىنىڭ تەۋسىيىسى، ئەر قوشنىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، باست ئۇستىنىڭ بۇ يېڭى قوشنىسى "ئىككى قولۇڭ ماي بولسا قوشناڭغا سۈۋا" دېگەننى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

يېڭى قوشنىلارنىڭمۇ خۇشاللىقى بار ئىدى، ھەشمەتلىك ئۆيگە ئۇلارنىڭ ئايىغى ياراشتى. ياق، ئۇلارنىڭ ئايىغى ھەشمەتلىك ئۆيگە ئەمەس، ھەشمەتلىك ئۆينىڭ ئۇلارغا ئايىغى ياراشتى، ئايىغى ياراشقانلىق دېگەن ھەققەتەنمۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىكەن. نى-نى ئارزۇ-ئارمانلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدىكەن...

ئۆتكەنكى رەتكە سېلىشتا ئەر قوشنىسى ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتا تەيىنلەندى. ھەشىمەتلىك ئۆي بىلەن ئۇلارنىڭ داڭقىمۇ پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ ئىناۋىتى ئۆستى. بىر ئىش ئايال قوشنىغىلا ئەمەس، ئەر قوشنىغىمۇ ئالەمچە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئون بەش يىلدىن بېرى قورساق كۆتۈرمىگەن ئايالى قورساق كۆتۈردى. شۇنداقكەن، ئۇ قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟ بۇ يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياراشقانلىق ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن بىرەر ئايچە ئىلگىرىكى بىر ئاخشامدا ئۇلار يوتقانغا كىرگەندە ئايالى بۇ خۇش خەۋەرنى ئېرىگە يەتكۈزدى. ئۇ دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى يارىشۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. ئەمدى مۇنۇ كارامەتنى كۆرۈڭ: ئۇ بالا يۈزى كۆرىدىكەن، دادا بولىدىكەن...ئۇ 25 يىلدىن بېرى بالا يۈزى كۆرۈشنى زارىقىپ كۈتتى. ئۆز بالىسىنى، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشنى ۋە ئۇنى يېتىلەپ كوچىلاردا ئايلىنىشنى كۈتەتتى. ئۆز بالىسىنىڭ ئات تويىنى، بۆشۈك تويىنى... ئۆتكۈزۈشنى كۈتەتتى، لېكىن نېمىشقىدۇ ئاشۇ بەخت ئۇنىڭغا ياش ۋاقتىدا نېسىپ بولمىدى، ئۇ ئاشۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەب قىلدى: پال ئاچقۇزدى، دوختۇرغا ئۆزىنى تەكشۈرتكۈزدى، دورا يېدى. ھەتتا ئۈچ قېتىم خوتۇن يەڭگۈشلىدى، لېكىن ئۇ كۈتكەن بەخت ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچمىدى، كۈلۈپ قارىمىدى، ھەتتا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى...

ئۇ چاغدا ئۇ ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇراتتى. كېيىنرەك ئەمىلى ئۆسۈپ مەخسۇس سېلىنغان ئۆيگىمۇ كۆچۈپ

چىقتى. ئۇنىڭدىن يەنىمۇ كېيىنرەك بولسا، شەھەر مەركىزىدىن بەش فۇڭ يەر ئېلىپ ئۆي سالدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ كۆچۈپ چىقتى. ئۇ چاغدا ئۆي كۆچۈشنىغۇ كۆچكەن، ھەي، ئىسىت ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەرگە...

كېيىن ئۇ شەھەر ئىچىدىكى ئاشۇ بەش فۇڭلۇق ھويلىسىنىڭ كىچىكلىكىنى، ئۆيىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنى سېتىۋەتتى. يەنە ئۆي سېلىش كېرەك ئىدى. ئۆي سالمىسا نەدە ئولتۇرىدۇ؟ ئىدارىنىڭ ئاشۇ توخۇ كاتىكىدەك ئۆيلىرىگە قانداق پاتىدۇ؟ ئىككى قېتىم تېلېفون ئۇرۇۋىدى، توپتوغرا بىرمو يەر ئاجرىتىپ قويۇلغانلىق توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ يەر ئالغان-لىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سىرتقا شۇنچىكى ئاگلىنىۋىدى، ھەرقايسى بىناكارلىق ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئىش كېرەك ئىدى، ئىش تاپالماي پايپېتەك بولغانلارغا ئۇنىڭ ئىككى ئىلىك خېتىلا كېرەك ئىدى. ئاشۇ ئىككى ئىلىك خەت بولسىلا ئۇلار بىر يىلغا، ھەتتا ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئىش تېپىۋالاتتى...

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيى ئۆزلۈكىدىن پۈتتى. ئۇ يەر ئالغان-دىن كېيىنمۇ، ئۆي سېلىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ ئاشۇ يەرگە بىرەر قېتىم چىقىپ باقمىدى. پەقەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆيىنىڭ خەرىتىسى-نىلا كۆرۈپ چىقتى. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئۆز ئۆيىنىڭ داڭقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى. باشقىلاردىن خېلى كېيىن كېلىپ ئۆز ئۆيىنى كۆردى، خۇشال بولدى ۋە كۆچۈۋالدى.

ئەمدى مانا ئۇنىڭ قەلبىنى پۇشايمانغا ئوخشاش بىر خىل تۇيغۇ چىرماپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئۆيىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا ئايغى يارىشىدىغان-لىقىنى كىم ئويلىغان؟ ئەگەر ئۇ باشتىلا ئويلىغان بولسا، دەسلەپتىلا

چىقىپ كۆرمەيتتىمۇ؟ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزى نازارەت قىلىپ تۇرمايتتىمۇ؟ ئۆي پۈتۈش بىلەنلا كۆچۈپ چىقىۋالمايتتىمۇ؟...

ئۈنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق كەلكۈن كەلگەن دەريادەك ئۆركەشلەيتتى. ھەشىمەتلىك ئۆيگە ئىگە بولدى. ئۈنىڭ ئايىغى ياراشتى، ئورنى مۇستەھكەملەندى. ئىناۋىتى ئۆستى. كىرىمى كۆپەيدى. ئەڭ مۇھىمى بالا يۈزى كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شۇنداقكەن، ئۈنىڭ قەلبىدىكى شادلىق نېمىشقىمۇ دەريا بولۇپ ئۆركەشلىمىسۇن؟

ئۇ ئايالىنىڭ قورسىقىنى بوشقىنا سىلاپ قويدى، ئۈنىڭ يېنىدا ياتقان ئايالى ئېرىنىڭ قورسىقىنى سىلاشلىرىدىن، "راستمۇ؟ نەچچە ئاي بولدى؟" دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازىدىن ئۈنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى سەزدى، كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق بىلەن ئېرىگە سۈۋاندى، چىڭ قۇچاقلىدى. لېكىن ئېرى شۇ ھامان:

— ھوي، ئاۋايلا، بالىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، — دېدى. ئۈنىڭدىن كېيىن يەنە ئايالىنىڭ قورسىقىنى ئاۋايلاپ سىلاشقا باشلىدى...

ئۈنىڭ مانا شۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىغىمۇ بىرەر ئايدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ كۈن بويى خۇشال يۈرەتتى، ھەممىلا يەردە يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياراشقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلەتتى.

قوشنىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ خۇشال ئىدى. ئەزەلدىن باشقا قوشنىلىرىغا ياردەملەشمەيدىغان باستى ئۇستا يېڭى قوشنىلىرىغا ياردەملىشىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەر قوشنىسى بىلەنمۇ ئاللىقاچان تونۇشۇۋالدى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي

ئۆك، سالاپەتلىك ئاشۇ ئادەم كاتتا ئەرباب بولۇشقا قارىماي، يىللىق چىراي، ئوچۇق سۆز ئىدى. باسىت ئۇنىڭ ئاشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنى كۆكەرتىشكە، خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىشكە، سۇغىرىشقا، چاناپ-ئۆتىشىغا ياردەملىشىپ يۈردى. ئۇنىڭغۇ ياردەملىشىدىغان ئادەملىرى جىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ باسىت ئۇستا ئۆيىنىڭ يېقىنلىقىدىن جىقراق ياردەملىشەتتى.

ئۇ ئايال قوشنىسىغا ھەر خىل كىيىملەرنى، لازىمەتلىكلەرنى تىكىپ بېرەتتى. كىيىملەرنى كىيىپ بېقىشقا، پەردىلەرنى ئېسىشقا ياردەملىشەتتى. ئەر قوشنىنىڭ ئۆي ئىشىغا قاراشقا ۋاقتى يەتمەيدىغان تۇرسا، ئۇ ياردەملەشمىسە كىم ياردەملىشىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى.

## سومكىلىق مېھمانلار

يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە ئايال قوشنا: ”بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كۆپ كېلىدۇ“ دېگەندى. بۇ زادىلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ ئەمەس ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە باسىت ئۇستا دېرىزىسىنىڭ ئالدىدا كىيىم تىكىپ ئولتۇرغان تالاي ئاخشاملاردا بۇ گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كۆپ كېلەتتى ۋە شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئىدىكى، بۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ چۈشكەندە، كۆز باغلانغان، كوچىدا ئەل ئايىغى بېسىققان ۋاقىتتا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پىيادە كەلسە يەنە بەزىلىرى ھەر خىل قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ كېلەتتى. باسىت ئۇستا ماشىنا، تراكتور ۋە ھارۋىلاردا كەلگەنلەرنىڭ نېمىدۇ بىر

نەرسلەرنى چۇشۇرۇشۇپ، كۆتۈرۈشۈپ ئەكىرىپ كېتىشكەنلىرىنى كۆرەتتى. كېيىنچە ماشىنا، تراكتور، ھارۋىدا كېلىدىغانلار بارا - بارا ئازايدى. موتسىكلىت، ۋېلسىپىت ۋە پىيادە كېلىدىغانلار كۆپەيدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىشەتتى. دەرۋازا ئالدىغا قادالغان چىراغنىڭ يورۇقىدا خۇدۇكسىنىشىپ گەۋدىلىرىنى قورۇشاتتى - دە، دەرۋازىدىن غىپپىدە كىرىپ كېتىشەتتى. ئاشۇ موتسىكلىت، ۋېلسىپىت مىنىپ ۋە پىيادە مېڭىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى سومكا كۆتۈرۈشۈپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغانلىرى ئىچىدە چوڭ سومكىمۇ، كىچىك سومكىمۇ، قارا سومكىمۇ، قىزىل سومكىمۇ بولاتتى.

ئاشۇ قورۇغا كېلىدىغانلار ئىچىدە باست ئۇستا تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ، زادىلا كۆرمىگەن، تونۇمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بەزىلىرىنى باست ئۇستا ئاستا - ئاستا تونۇپمۇ قالدى، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ دەرۋازىدىن بىرنەچچە قېتىم كىرىپ كېتىشكەن. ئۇلار ھەتتا بەزى ھەپتىلەردە ئىككى - ئۈچ قېتىممۇ كېلىشەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە چوقۇم قوللىرىدا سومكا بولاتتى، بەزىدە قارا سومكا كۆتۈرۈپ كەلسە، بەزىدە قىزىل سومكا كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى...

نېمىشقىدۇ ئاشۇ سومكا كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر سىرىمكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىشەتتى. قايتا كەلگەندە يەنە سومكا كۆتۈرۈپ كېلىشەتتىيۇ، يەنە ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىشەتتى...

باست ئۇستا ھەيران ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن "قاراڭغۇدا دوست - يارانلىرىنى يوقلىغان ئادەملەر ئۇنتۇغاق بولىدۇ" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈيىگىمۇ، دۇكىنىغىمۇ بەزى ئاخشاملاردا ئۇلپەتلىرى ھاراق قاچىلانغان، نەشە ۋە چىلىم قاچىلانغان سومكى-

لىرنى كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى، لېكىن ئۇلار قايتىدىغان چاغدا كەيپ بولۇشقانلىرىغا قارىماي ئاشۇ ياغلاش سومكىلىرىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. مۇنۇ ئادەملەر نېمشقا ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ؟ ئۇلار شۇنچىۋالا ئۇنتۇغاقمۇ؟... ئۇنىڭ ھەيرانلىقى بارغانچە ئاشاتتى. ئۇنىڭغا گويا مۇشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنى ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدىغان ئاجايىپ بىر سېھىر باردەك، ئاشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ، ئاشۇ قىپقىزىل زىنەتلەنگەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە ئادەملەرنى ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدىغان سېھىرلىك بىر خىل دورا چېچىپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ كۆپ ئويلايتتى، ھەر كۈنى ئاخشامدا سومكا كۆتۈ-رۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگەندە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاپ قالاتتى. لېكىن بۇ سىرنى يېشەلمەيتتى. يېشەلمىگەن-سېرى سىرلىق تۇيۇلاتتى.

باسىت ئۇستا بۇ سومكىلارغا نېمە قاچىلانغانلىقىنى كېيىنرەك غۇۋا ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم ئايال قوشنىسىغا ياردەملەش-كىلى كىرگەندە، مەززىلىك توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، پىشۇرۇلغان بېلىق ۋە باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان بولاتتى، بەزى كۈنلىرى ئايال قوشنا گېزىت قەغىزىگە ئورالغان توخۇ گۆشىنى ئىشقا مېڭىش يولىدا ئۇنىڭ دۇكىنىغا تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ مەززە قىلغان بۇ نەرسىلەر بىر كېچە قونۇپ قالغان، لېكىن بۇزۇلمى-غان نەرسىلەر ئىدى. باسىت ئۇستا گەرچە نەشە چېكىپ يۈرۈيدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن بازاردىن ھېچنېمە، ھەتتا ئاشلىق دۇكىنىدىن ئۇنىمۇ، قاسساپتىن گۆشمۇ سېتىۋالمايدىغان بۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بۇنداق ئېسىل يېمەكلىكلەرنىڭ قايسى يول بىلەن كېلىپ قالىدىغان-لىقىنى پەرەز قىلالمىغۇدەك دۆتمۇ ئەمەس ئىدى. ھەتتا

ئۇنىڭ پەرىزى ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسپاتلاندى. دەرۋازىدىن خۇرۇم سومكىلار كۆپرەك كىرگەن ئاخشاملىرى قوشنىلىرى باست ئۈستىنى ئويغىتىپ ئۆيى ئۆزلىرىگە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلاتتى، ئاتە-يەتتە توخۇنىڭ گۆشىنى، ئون كىلولاپ تونۇر كاۋىپىنى سېتىۋېتىپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى. بۇنداق ياردەمگە تەكلىپ قىلغىلى ئەلۋەتتە يەنىلا ئايال قوشنىسى چىقاتتى. ئۇستامغا تاتلىقىنە ئەركىلەيتتى. ئەگەر ئۇستام بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئىسىلسا، "ئەتە، ئەتە چوقۇم..." دەيتتى-دە، كاۋاپ ۋە توخۇ گۆشى سېلىنغان سومكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. ئارقىدىنلا "مېھمان كېلىدۇ دەپ ئالغان ئىكەنمىز، كەلمەي قالدى. ئەتىگە قالسا بۇزۇلۇپ قالغۇدەك، ئۆزلىرى ئېغىز كۆرمەي..." دەيتتى. ئۇستام ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ياردەملىشەتتى، يېرىم كېچىدە قاۋاقخانىلارنى ئارىلايتتى-دە، كەيپىلىكتە مەردلىشىپ كەتكەن مەستلەرگە سېتىۋېتىپ كېلەتتى. ئۇ قوشنىلىرى ئۈچۈن يېرىم كېچىدە كاۋاپ ۋە توخۇ گۆشى سېتىشقا بەش-ئالتە قېتىمدەك چىقتى. ھەر قېتىم چىققاندا، ئايال قوشنىسىنىڭ ھېلىقى: "مېھمان كېلىدۇ دەپ ئالغان ئىكەنمىز..." دېگەن يالغان سۆزى تەكرارلىناتتى، لېكىن ئۇنىڭ "ئەتە، ئەتە..." دېگەن سۆزى يالغان ئەمەس ئىدى. ئەتىسى ئۇستام پۇلنى ئەكىرىپ بەرگىلى كىرگەندە، ئۇ ۋەدىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئورۇندايتتى.

يېقىنقى ئىككى ئايدىن بېرى ئۇستام ئۇلار ئۈچۈن توخۇ گۆشى سېتىشقا چىقماس بولدى. چۈنكى ئىككى ئايدىن ئىلگىرى بىر ئاخشامدا كىمدۇ بىرسى ماشىنا بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە توڭلاتقۇدىن بىرنى تاشلاپ كەتكەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇستام

www.uyghurkitap.com

گۈش سېتىپ بېرىشكە چىقمىدى، لېكىن ھەر كۈنى ئاشۇ خۇرۇم سومكىلاردا كەلگەن يېمەكلىكلەردىن ياغ چايناپ يۈرۈۋەردى.

ئۇستام ئۇنتۇلۇپ قالغان سومكىلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇستامغا ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ــ مېھمانخانىلارمۇ، ياتاق ئۆيمۇ، ھەتتا ئايال قوشنىنىڭ ھۇجرىسىمۇ تونۇش ئىدى. ئاشخانىمۇ، باشقا ھۇجرا ـ قازناقلارمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى... لېكىن ھېچقايسىدا ھېلىقى سومكىلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇستام سومكىلار توغرىسىدا ئويلىغاندا ھەيران بولاتتى. ھەر كۈنى ئاخشامدا كىرىپ كېتىدۇيۇ، چىقمايدۇ، زادى نەگە كېتىدۇ؟ ئۆتكەندە كىيىم تىكتۈرگىلى كەلگەن بىر مۇئەللىم، دۇنيادا ئەينەك يەيدىغان، نوغۇچ لامپىنى بىر باشتىن چايناپ يەۋېتەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇراتتى، قوشنىلاردىمۇ ئاشۇنداق خىسلەت بارمىدۇ؟... ئۇستام ئالتە ئايدىن بېرى، ياق سەككىز ئايدىن بېرى مانا شۇنداق ئويلايتتى.

بۇ ئۇستام ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر سىر، تاپقىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماق بولۇپ قالغانىدى. لېكىن دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر ـ تۈگۈنچەك، تاپقىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولمايدىكەن. بۈگۈن ئاخىر بۇ سىر يېشىلدى، تېپىشماق تېپىلدى.

قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى بوش غىچىرلاپ ئېچىلدى، ئەر قوشنا چىقىپ كەلدى. ئۇ يالاڭباشتاق، كۆڭلەكچان ئىدى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تاقىر بولۇپ قالغان بېشى كەچكى شەپەق نۇرىدا پاشا كاۋىسىدەك پارقىرايتتى. ئۇ باسىت ئۇستىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلمىدى، دەرۋازىسىدىن چىقىپلا توختاپ قالدى. قوللىرىنى بەللىرىگە تىرەپ ئاسمانغا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا، ئۆيلەرنىڭ ئۆگز-

زىسىگە نەزەر سالدى. ئۇ شالدىغلى چىققان ئادەمگىمۇ، نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقان ئادەمگىمۇ ئوخشايتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆڭ قولىنى كۆتۈرۈپ باست ئۇستىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سېلىپ تۇرغان باست ئۇستا قوشنىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى شۇ زامان چۈشەندى. ئۇ نېمىگە چاقىرىدىكىنە؟ ياردەملىشىدىغان ئىشى بارمىدۇ ياكى بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟ باست ئۇستىنىڭ قەلبىدە ئەنسىزلىك بوش داۋالغۇدى. ئۇ دۇكاندىن چىقىپ قوشنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— دۇكاننى تاقىۋېتىپ بىزنىڭكىگە كىرسىلە، گەپ بار...

ئۇستامنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزچىلىك كۈچەيدى، ئەگەر ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا، ئايال قوشنا ئۆزى چىقاتتى، ئەر قوشنا چىقىپتۇ، زادى نېمە ئىشتۇ؟

باست ئۇستا هويلىغا كىرىپ كەلگەندە، قوشنىسى هويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئاشخانا ئۆينىڭ ئىچىدە تۇراتتى، ئۇستام ئۇدۇل شۇ يەرگە كىردى.

— ئۇستام، سېتىۋېتىدىغان ئازراق بىرنەرسە بار ئىدى، ئۆزلىرى بىلىلا، هۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەم ئۇ ياق - بۇ ياققا كۆپ بارىدىغان گەپ ئىكەن. هەر قېتىم ئۇنى - بۇنى ئالىدىكەنمىز، قاچىلىغىلى سومكا بولمىسا بولمايدىكەن، سومكىمۇ ئالىدىكەنمىز. شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە سومكا يىغىلىپ قاپتۇ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ سومكىلارنى سېتىپ بېرەرمىكىن دەپ چاقىرغانىدىم. ئەزان باهادا بولسىمۇ سېتىۋەتسەك...

ئۇستامنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— بولىدۇ، سېتىپ بېرەيلى، دۇكىنىمىزدىمۇ ئاشۇنداق نەرسىلەر،

سىتالىدۇ، سىلىگە ياردەملىشىش ئۈز ئىشىمىز. سومكىلار نەدىكىن؟
— يەر ئاستى ئۆيىدە.
يەر ئاستى ئۆيىگە ئاشخانا ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى. ئۇستام سىمونت پەشتاق بىلەن تۆۋەنلەپ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشتى. يەر ئاستى ئۆي سومكا بىلەن پەۋەس توشۇپ كەتكەن، سومكىلار بىردىنىڭ ئۈستىگە بىرى قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئۇستام ھەممىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ سومكىلار توغرىسىدىكى گۇمانى بىردىن يېشىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئايان بولدىكى، قوشنىلاردا سومكا يەيدىغان خىسلەت يوق ئىكەن، ئۇلار سومكىلارنى يېمەپتۇ، يەر ئاستى ئۆيىگە يىغىپ ساقلاپتۇ...
ئۇستام قوشنىسىنىڭ "بازاردىن سېتىۋالغان" دېگەن گېپىنى ئەسلەپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.
ئۇستام سومكىلار بىلەن بىرەر سائەتچە ھەپىلەشتى. ئۇ سومكىلارنى ئىلغىماقچى، پۇلغا يارىغۇدەكلىرىنى خىللىماقچى بولغانىدى، لېكىن خىللىيالمىدى، چۈنكى سومكىلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا يارىغۇدەك، يېڭى ئىدى. پەقەت قېلىن چاڭ ـ توزاندا بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇستام ئاخىرى كىچىك سومكىلارنى چوڭ سومكىلارنىڭ ئىچىگە، چوڭ سومكىلارنى بولسا تاغارغا قاچىلىدى، توپتوغرا بەش تاغار بولدى. بۇلارنى قانداقمۇ سېتىپ بولغىلى بولار دېگەن خىيالدا كۆڭلىگە لەپپىدە ۋەھىمە چۈشۈپ ئۆتتى. لېكىن شۇ زامان يوق بولدى. كەچتە قاراڭغۇدا سومكا كۆتۈرىدىغانلار تۈگىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سومكا كېرەك. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سېتىپ بولغىلى بولمىسۇن؟ ئۇلار كېلىپ سېتىۋالىدۇ ۋە يەنە ئاشۇ قورۇدا ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن يەنە، ساتقىلى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار يەنە ئالىدۇ...بۇ

ئايلانما سودا ئاياغلاشمايدۇ...ئۇ شۇ مىنۇتتا مانا شۇنداق ئويلىدى،
شۇ ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى يوق قىلىپ تاشلىدى.
ئۇستام تاغارلارنى هارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئاللىقاچان
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. يۇلتۇزسىز ئېگىز ئاسمان تەگسىز
هاڭدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ دەرۋازىدىن
قاراڭغۇدا كىرگەن سومكىلار يەنە قاراڭغۇدا چىقىپ كەتتى.

## ئامەت

ئۇستام شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا — ئايالى ئاچقان چەرچىن
مال دۇكىنىدا خېلى ئۇزۇن هايال بولۇپ قالدى. ئۇ هارۋىدىن
تاغارلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپلا ئايالىنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتى. دۇكاننى
كېچىسى ساقلاپ ياتىدىغان ئوغلى بىلەن ئىككىسى سومكىلارنى تاغار-
دىن چىقىرىپ بىر-بىرلەپ سۈرتۈپ چىقتى. ئىچىنى ئۆرۈپ قاقتى.
گۆش-كاۋاپلاردىن قالغان داغلارنى، مېۋە-چېۋە شالتاقلىرىنى هۆل
لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. ئۇلارنى خېلى كۆچەپ ئىسكەتلىدى. ئۇلار
دەسلەپتە پەقەت بىر تاغاردىكى سومكىلارنىلا پەشتاختىغا تىزماقچى،
قالغان سومكىلارنى تاغار بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويماقچى
بولدى، ئۇ بىرىنچى تاغاردىكى ئاخىرقى سومكىلارنىڭ بىرىنى تازى-
لاۋاتقاندا، ئۇنىڭغا سومكا ئىچىدە بىرنەرسە باردەك تۇيۇلدى. ئۇ
سومكىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ ئىچىگە قاراپ باقتى، سومكىنىڭ
ئىچىدە هېچنېمە يوق ئىدى. كىچىك يانچۇقىنىڭ سىرتمىسىنى
ئاچتى. قولىنى تىقىپ سۇلياۋغا ئورالغان بىرنەرسىنى ئالدى. هىم،
سېھىرلەنگەندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى، قوللىرى تۇتقا بولمايدىغان

www.uyghurkitap.com

بىرنەرسىنى تۇتۇپ سالغانىدەك تىترىدى. قولىغا قىپقىزىل چوغنى ئالغاندەك چۆچۈدى.

— دادا نېمىكەن ئۇ؟

— پۇل...

— پۇل؟

ئۇستامنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ قولىدىن سۇلياۋ بولاقنى ئالدى. پۇل سۇلياۋ خالتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. پۇلنىڭ رەڭگى، سان - نەقىشلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوغۇل سۇلياۋ خالتىنى تېگىدىن تۇتۇپ دۈم قىلىۋىدى، بىر باغلام ئون يۈەنلىك پۇل يەردە ياتقان سومكىنىڭ ئۇستىگە پوككىدە چۈشتى. ئارقىدىنلا بىر ۋاراق قەغەز ئۇنىڭ ئۇستىگە لەيلەپ قوندى.

ئاتا - بالىنىڭ كۆزلىرى خەتكە تىكىلدى:

"ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز، ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمىزدە، ئوغلۇمنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ئۆزلىرىگە دېگەنىدىم. بالىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى پەقەت ئۆزلىرىگە قاراشلىق، ئۆزلىرى يولىيورۇق بەرسىلىلا دەرھال ئىش پۈتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمىز. ھەرقانداق خىزمەتلىرىدە بولۇشقا تەييارمىز. ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرى مەھەممەت".

قەغەزگە يېزىلغىنى پەقەت شۇلا ئىدى. ئاتا - بالا قەغەزگە بىرھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قېلىشتى. باسىت ئۇستا ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. "ھەي، بىچارە، ئۇلار پۇلنىمۇ، خەتنىمۇ كۆرمەپتۇ. بالىنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولغانمىدۇ؟..." ئۇنىڭ قەلبىدە ھەيرانلىقمۇ، ئېچىنىشمۇ، ئىچ ئاغرىتىشمۇ بار ئىدى، كۆزلىرى بولسا سومكا ئۇستىدە ياتقان بىر باغلام پۇلغا تىكىلىپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ مىنۇتتا ئۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ، خەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا پۇلنىڭ ئىگىسى زادى كىم؟ مەھەممەت دېگەن، قايسى مەھەممەت؟ جاھاندىكى شۇنچە جىق مەھەممەتلەر ئىچىدىن پۇلنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان مەھەممەتنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ ياكى پۇلنىمۇ، خەتنىمۇ، قوشنىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەكمىكىن؟

باسىت ئۇستا ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قالدى. ئاخىرى ئامەت، ماڭا كەلگەن ئامەت دېگەن يەرگە كەلدى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئۇ ئۆزىگە كەلگەن ئامەتنى قاچۇرۇپ قويغۇدەك، تەقدىر ئۆز رىسقىغا پۈتكەن نېمەتتىن ۋازكەچكۈدەك ھاماقەت ئەمەس ئىدى. ئاخىرى پۇلنى ئېلىپ سۇلياۋ خالتىغا سالدى. نېمىشقىدۇ ھېلىقى خەتنىمۇ سېلىپ قويدى. ھەممىنى قوشۇپ قوينىغا تىقتى. ئۇنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق ئارىلاش ھاياجان ئۆركەشلەيتتى. ئۇ قەلبىدە يەنە ئېچىنىشقىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ، ھېسداشلىققىمۇ ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنداق قىلىپ باسىت ئۇستا دۇكاندا ئۇزۇنغىچە ھايال بولۇپ قالدى، ئاشۇ ئامەت ئۇنىڭ قەلبىگە يېڭى قىزىقىش، يېڭى ئۈمىد سوۋغا قىلغاندى. ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ھەممە سومكىلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇلار سومكىلارنى سۆرتۈشنىمۇ، پەشتاختىغا تىزىشنىمۇ ئۇنتۇپ، سىرتمىسىنى ئېچىپ ئىچىگىلا قارايتتى. ھەممە يانچۇقلىرىغىچە قاراپ چىقاتتى. ئاختۇرۇش ــ ئامەت، ئاختۇرۇش ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. لېكىن كېيىنكى سومكىلاردىن ھېچنېمە تېپىلمىدى.

باسىت ئۇستا ئۆيىگە قايتىۋاتقاندا، ئاللىقاچان ئەل ئايىغى

بېسىققانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كوچىلاردا شادلىققا چۆمگەن كىشىلەرنى كۆرگەندەك كۈلۈمسىرەپ باراتتى. قويىندا تومپىيىپ تۇرغان ئامەت ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ يېڭى قوشنىلىرىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق بېلىقتەك ئاپئاق ئايال قوشنىسىنى، ئۆز ئايالىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىپ دۇكان ئاچقانلىقىنى، پايدا تاپقانلىقىنى، ئوغلىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىنى، بۈگۈنكى ئامەتنى...ھەممىسىنى ئويلاپ ماڭدى. يېڭى ئۆيىنىڭ يېڭى قوشنىلارغا ئايىغى ياراشقاندەك، يېڭى قوشنىلارنىڭ ئۇلارغىمۇ ئايىغى ياراشقانىدى.

ئۇستام مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەمنۇن ئىدى. خۇشال ئىدى. يەنە ئۇستامنىڭ قەلبىدە بىر خىل غەشلىكمۇ بار ئىدى. ئاشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى، ئاشۇ دەرۋازىدىن تۈن قاراڭغۇسىدا كىرىپ كېتىۋاتقان سومكىلارنى، ئاشۇ ئۆيلەردە يېيىلىۋاتقان، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان نەرسىلەرنى ئويلىسىلا ئۇستامنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق بىر خىل نەپرەت ئويغىناتتى. بۇ ھەسەتمۇ، چىدىماسلىقمۇ؟ ئۇستام بۇنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاق بېلىقتەك چىرايلىق ئايالنىڭ ئەركىلەشلىرىمۇ نەپرەتلىك بىلىنەتتى، ھەتتا قوشنىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىمۇ نەپرەتلىك بىلىنەتتى.

## بەختسىزلىك

”بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار“ دېگەن گەپ راستمۇ؟ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىر ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ يەردە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ۋەقە يۈز

www.uyghurkitap.com

بەردى.

يېڭى قوشنىنىڭ تويلاشقىلى ئون بەش يىل بولغان خوتۇنىنىڭ بىرىنچى قېتىم قورساق كۆتۈرگىنىگە توققۇز ئاي، توققۇز كۈن توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە تولاي دەپ قالغان چاغدا ــ ئۆي ئىگىسىنىڭ خۇشاللىقى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئارمىنى چېچەك ئاچاي دەپ قالغان چاغدا بەختسىزلىك يۈز بەردى. خۇدا پۈتكەن قىسمەت بىلەن بەندىدىن كەلگەن كەلمىش بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن بەندىدىن كەلگەن كەلمىش، ئارقىدىن خۇدادىن كەلگەن كەلمىش يېتىپ كەلدى. خۇددى "بالا كەلسە قوش، ئامەت كەلسە تاق" دېگەننىڭ ئۆزى بولدى.

باست ئۇستا قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پىكاپنىڭ توختىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى. قوشنىسىمۇ خىزمەتكە بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۆيدىن تالاغىمۇ چىقمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئاخشاملىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. باست ئۇستا مانا شۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ يۈرگەندە، كىملەردۇ ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئەتىۋارلىق ماللارنى سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەش ـ ئالتە پارچە تەستىق، ئوغلىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىق...دېگەندەك قەغەزلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ "بۇنى سىزگە تەستىقلاپ بەرگەنمۇ؟" دەپ سوراشتى. باست ئۇستا "ھەئە!" دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇلارنى ئىنكار قىلىشقا ئاجىز ئىدى. چۈنكى ئاشۇ قەغەزلەردە ئۇنىڭ ئىسمى بار ئىدى. كەلگەنلەر خاتىرىلىرىگە ئاشۇ "ھەئە"نى يېزىپ، ئۇنى قول قويدۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى.

ئۇستا قوشنىسىغا كېلىۋاتقان بەختسىزلىكى غوۋا سەزگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئۇلارغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بەختسىزلىكنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئويلىمىدى.

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. باست ئۇستا قوشنىدارچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئەتىگەندىلا ئۇلارنىڭكىگە ھېيتلاپ كىردى. ئۇ كىرگەندە ئەر قوشنىسى مېھمانخانىدىكى قىپقىزىل كىرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ھېلىلا پىشۇرۇلغان ئىسسىق گۆشتىن يەۋاتقانىكەن. ئايال قوشنا ئاشخانىدىمىكىن، كۆرۈنمەيتتى. ئۇستامنى ئەر قوشنا ئۆزى كۈتۈۋالدى. كىرېسلوغا تەكلىپ قىلدى. ئالدىدىكى گۆشنى ئۇستامنىڭ ئالدىغا قويدى. لېگەندىكى گۆش — بىر قوينىڭ يېرىمىنى ئون پارچىلاپلا پىشۇرغاندەك كۆپ ئىدى. قوشنا ئۇستامنى گۆشتىن بېقىشقا، ئازادە ئولتۇرۇپ ھېيتلاشقا ئۈندىدى، ئۆزىمۇ بىرلىكتە لېگەنگە قول ئۇزاتتى...

بۇ باست ئۇستىنىڭ بۇ يىلقى ھېيتتا تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭكىدە ھېيتلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ئۆيدە زادىلا قورۇنمايتتى، شۇڭىمۇ تارتىنمىدى. گۆشتىن تويغۇچە يېدى. يوغان بىر پارچە ساننى پۈتۈن يەپ بولدى. گۆشكە تويغاندىن كېيىن ئاغزىنى، قوللىرىنى سۈرتۈپ، بۇ يىلقى ھېيتنىڭ تولىمۇ باياشات بولغانلىقى، شۇغىنىسى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، گۆشنى ساقلىماق تەس بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ قوشنىسىنىڭ ”بۈگۈنچە ئىشلەتمەيدىغان گۆشلىرىنى بىزنىڭ توڭلاتقۇغا ئەكىرىپ قويسىلا“ دېيىشىنى كۈتكەنىدى، لېكىن قوشنىسى ئۇنداق دېمىدى. ئۇ ”ھە، ھە“لا دەيتتى، ھە دەپ گۆش يەيتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن، ئۇزۇندىن بېرى گۆش يېمىگەن

ئادەمدەك گۆش يەۋاتاتتى. ساڭزا يېگەچ گەپ قلپ ئولتۇرغان باست ئۇستا دەسلەپتە ئۇنڭ يېيشلرىدن هېچنېمىنى هېس قلمدى. كېين لېگەندكى گۆشنڭ پاك ـ پاكز يېيلپ بولغانلقنى كۆرگەندە بولسا هەيران قالدى. ئۇنڭ ئشتهاسى، هەزىم قلش ئقتدارى، ئاشقازنى بەلكم ئاشۇنداق ياخشدۇ. يېرم قوينڭ گۆشنى يەپ بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇنڭدەك ئشتهالق ئادەملەر جاهاندا ئازمدى؟ بۇنچلك ئشتهالق بولمسا، مۇنچلك سەمرىگلى، قورساق سالغلى، قوش ئېڭەك چىقارغلى بولاتتمۇ؟

ئككسى كونا ـ يېڭى قوشنلارنى برلكتە هېيتلاشقا كېلشتى. بۇنداقتا هەر ئككلسگە ئاسان بولاتتى. برسى تونۇمغاننى يەنە برسى تونۇشتۇراتتى. هەر ئككلسمۇ تونۇشمغان قوشنلرى بلەن تونۇشۇۋالاتتى. شۇنداق قلپ ئۇلار برلكتە يولنڭ غەربدكى يېڭى قوشنلارنى هېيتلاشقا باشلدى.

برنچى ئۆيدە لېگەن پاكز قۇرۇقدالدى. ئككنچى ئۆيدكى لېگەنمۇ پاك ـ پاكز قۇرۇقدالدى. ئۈچنچى ئۆيدىمۇ شۇنداق بولدى. باست ئۇستنڭ يېڭى قوشنسى "ئەسسالامۇئەلەيكۇم"، "هېيتلرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن" دېگەن سۆزلەردن كېينلا لېگەندكى گۆشلەرگە تۇتۇش قلاتتى، تاكى لېگەندكى گۆش تۈگمگۈچە توختمايتتى. ئۇ ساڭزىمۇ چاينمايتتى، ياغلق توقاچ يەيتتى، شورپا ئچەتتى، قوغۇن ـ تاۋۇز يەيتتى، ئۈزۈم ـ شاپتۇلغا باقاتتى، ئاغزى زادلا جم تۇرمايتتى. ئاغزى چاينايتتى، گېلى يۇتاتتى، يۈتۈپ توختمايتتى. خۇددى مەڭگۈ تويماس لەهەڭدەك توختماي يۇتاتتى.

باست ئۇستنڭ هەيرانلقى ئككنچى ئۆيدلا ئەجەبلنشكە

كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۈچىنچى ئۆيدە ئۇنىڭ ئەجەبلىنىشى ئاجايىپ ئەجەبلىنىشكە كۆتۈرۈلدى.

ئۇلار ئۈچىنچى ئۆيدىن ئۇزىغاندا، باسىت ئۇستا "ئەمدى قايتىپ چۈشتىن كېيىن ھېيتىلىساقمىكىن" دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇ رەت قىلىندى، ئۇنىڭ قوشنىسى ئۈزلۈكسىز ھېيتلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇستام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆتىنچى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ئەجەبلىنىش ئەمدى قورقۇنچلۇق بىر ئەندىشىگە ئورۇن بوشى-تىپ بېرىۋاتاتتى. بىچارىنىڭ قورسىقى يەل كۆپ ئۆرۈلگەن بالۇندەك پاڭگىدە يېرىلىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ، ھەرە يوتۇۋالغان پاقىدەك ئېتىلىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ، دەپ ئويلايتتى. تۆتىنچىسى تېۋىپنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇلار كىرىپ كەلگەندە تال بوستانلىق ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. دەرۋازىنىڭ يېنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ جۈمىكىنىڭ ئاستىدا لىققىمۇلىق سۇ قاچىلانغان بىر چېلەك تۇراتتى، ئەر قوشنا چېلەكنىڭ پاكىز ياكى پاسكىنا ئىكەنلىكىگە دىققەتمۇ قىلماستىن ئۆزىنى چېلەككە ئاتتى. چېلەكنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن چېلەكنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تۇتتى-دە، بېشىنى چېلەككە تىقىپ سۇنى غۇرتىلدىتىپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ياستۇقتەك يوغان قورسىقى تېخىمۇ ساڭگىلىدى. سۇ ئىچىۋاتقان كالىغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن دەپ ئويلىدى باسىت ئۇستا. شۇنچىۋالا سۇ ئىچكەنمۇ بارمۇ؟ يېگەنلىرىگە قارىغاندا ئىچكىنى تېخى ئانچە جىق ئەمەس، بىراق... ئۇستا ھەيرانلىق، ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. چېلەكتىكى سۇ ئوبدانلا يېرىمداپ قالدى. ئۇنىڭ قوشنىسى تۇيۇقسىزلا ئوق تەگكەن قوتازدەك چېلەك-

نىڭ يېنىغا گۆپپىدە يىقىلدى. چېلەك ئۆرۈلۈپ سۇ ئۇنىڭ ئاستىغا يامراپ كەتتى.

— ھوي، نېمە بولدىلا؟ نېمە بولدىلا؟ — باستى ئۇستا ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. قۇلىقىغا خۇددى چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ خارقىرىشىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ نەپەس يوللىرى بوغۇلۇپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ياكى ئۇخلاپ خورەك تارتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ھوي، ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ بىرسىگىلار چىقىڭلار... — ئۇستا ۋەھىمە ئىچىدە توۋلىدى. ئۆيدىن پاختەك تۈكى سارجىدا يەكتەك كىيگەن تېۋىپ ئاخۇنۇم پالاخشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇستا بىلەن تېۋىپ ئاخۇنۇم ئۇنى كۆتۈرۈپ سۇپىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى. ئۇ ھېلىمۇ دەھشەتلىك خارقىراپ ياتاتتى.

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى تۇتتى. چىرايىغا ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ تۇردى. كۆز - قاپاقلىرىنى يىرىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خورسىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمە بوپتۇ ئاخۇنۇم؟

— ھېچنېمە، ھېچنېمە بولماپتۇ، ئوخلاپ ئويغانسىلا تۈزۈلۈپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەل يوقمىكەن؟

— بارىكەن، بولغاندىمۇ دەھشەتلىك كېسەل، ئۇ دۆي كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپتۇ.

— دۆي كېسەل؟ — باستى ئۇستا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۇ خەلق چۆچەكلىرىدىكى بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىغان، بىر ئولتۇرۇشىدا قىرىق ئادەمنىڭ گۆشىنى يەپ

بولىدىغان، بىر سۇمۇرۇشتىلا قىرىق دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ بولىدىغان دەھشەتلىك مەخلۇق دېۋىنىڭ دۆي دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن دۆي كېسەل دەپ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئۇ تېۋىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئاغزىغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

— ھەئە، دۆي كېسەل، ئۇ دۆي كېسەل بولۇپتۇ. بۇنداق كېسەل يېسە - يېسە قورسىقى تويمايدىغان، بىر تونۇر ناننى، بىر قويىنىڭ گۆشىنى يەپ بولۇپمۇ قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ باقسىلا، بۇنداق كېسەللەرنىڭ چىرايى ئاپئاق ئاقىرىپ، پاختىدەك يۇمشاپ كېتىدۇ. خۇددى يەل بەرگەن توپتەك، قۇيغان ئۆپكىدەك بوردىلىپ سەمرىيدۇ، ئاشقازان - ئۈچەيلىرى، قورساق تېرىلىرى رېزىنكىدەك سوزۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ھەرقانداق سوزۇلۇشچانلىقىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. بۇنداق كېسەللەرنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدۇ. قورسىقى يېرىلىپ ئۆلىدۇ... بۇنداق كېسەل ئۇزاق مۇددەت نەپسىنى يىغماسلىقتىن، ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئوزۇقلىنىشتىن، تاتلىق - تۈرۈملارنى يېيىشكە ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ داۋاسى يوق دەھشەتلىك كېسەل. خۇدا بەندىسىنى بۇنداق كېسەلگە نېسىپ قىلمىسۇن...ھېلىمۇ ياخشى ئۇ سۇ ئىچىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، بولمىسا دەھشەتلىك ئاقىۋەت بۇگۈنلا يۈز بېرەتتىكەن...

باستى ئۇستا ئەمدى بىر ئاز چۈشەنگەندەك بولدى. لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر تۈگۈن باردەك تۇيۇلاتتى، ئۇ بۇرۇلۇپ سۇپىدا خارقىراپ ياتقان قوشنىسىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ سامان قاچىلانغان خالتىدەك يوغان قورسىقى ئىككى يېنىدىن

www.uyghurkitap.com

ساڭگىلاپ، سۇپىدىكى بۆز گىلەمگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇستامىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ ساناقسىز ئاخشاملاردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەن نەرسىلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تاغارلار، سومكىلار، ساندۇق-يەشىكلەر خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك بىر-بىرلەپ ئاشۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتەتتى. ئاشۇ تاغارلارغا قاچىلانغان پۇتۇن-پۇتۇن قوي گۆشلىرى، ئاشۇ سومكىلارغا قاچىلانغان توخۇ گۆشى ۋە تونۇر كاۋاپلىرى، باغلام-باغلام پۇللار، يەشىك-سېۋەتلەرگە قاچىلانغان ئانار، ئالما، شاپتۇللار قوشنىسىنىڭ خارقىراپ تۇرغان ئاشۇ گېلىغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار كىرىپ توختىمايتتى. ئىككى بېقىنىدىن گىلەمگە تېگىپ تۇرغان. چوڭلۇقى ئاران چېپتا تاغارچىلىك كېلىدىغان ئاشۇ قورساق خۇددى تەگسىز ھاڭدەك مەڭگۈ تولمايتتى...

ئاھ، مانا بەختسىزلىك! ئۇ ئاشۇ مەڭگۈ توختىماي كىرىپ كېتىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە دەھشەتلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ دۆي كېسەلگە، داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

باست ئۇستىنىڭ قەلبى ئېچىنىش بىلەن تولدى. ئۇ نېمىشقىمۇ ئېچىنمىسۇن؟ يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياراشقان، بالا يۈزى كۆرۈش ئالدىدا تۇرغان، بەخت ئىچىدە يايراۋاتقان بىر ئادەم تۇيۇقسىز ئاشۇنداق داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولسا، كىممۇ ئېچىنماي تۇرالايدۇ دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن كۈچلۈك ھاۋا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئېغىر خورسىنغانىدى.

# ئاخىرقى ئىشلار

ماشىنچىلىق دۇكىنىنىڭ دېرىزىسى ھېلىمۇ كونا بويى ئوچۇق تۇراتتى. باست ئۇستا ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى، يېڭى - يېڭى پوسۇندىكى كىيىملەرنى تىكەتتى. كۆزلىرى تېلىپ كەتكەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتى. ئەمدى ئاشۇ دەرۋازا پات - پات غىچىرلاپ ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭدىن ئويما ياقىلىق رومباشكا كىيگەن ئايالمۇ چىقمايتتى. كەچكى مەزگىللەردە سومكىلارمۇ، تاغارلارمۇ، يەشىك - سېۋەتلەرمۇ كىرىپ كەتمەيتتى ئۇ مەھكەم قۇلۇپلىنىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ تۈچ ھالقىلىرىدا مۇشۇكنىڭ بېشىدەك يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى... باست ئۇستىنىڭ كۆزلىرى ھەر قېتىم ئاشۇ قارا قۇلۇپقا چۈشكەندە، ئېغىر خورسىناتتى. قەلبىدە ئېچىنىش قويۇنلىرى پىرقىرايتتى...

كاتتا ئەربابنىڭ داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇربان ھېيتنىڭ 2 - كۈنىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. كىملەردۇ: "بىز ئۇنىڭ ئاشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەنىدۇق" دېيىشتى. يەنە كىمدۇ بىرى: "مەن ئۇنىڭ چوقۇم ئاشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم" دېدى. بولۇپمۇ دۆي كېسەلنىڭ داۋاسىزلىقى ئۇنىڭ دوست - يارانلىرىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇلار ھازىرچە بۇنداق كېسەلنىڭ يۇقۇملۇق ياكى يۇقۇملۇق ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. يۇقۇش ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاقالمايتتى. مانا شۇ

ۋەجدىن ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ كەلگەن دوست ـ يارانلىرى ئەمدى ئۆزىنى يەنىمۇ تولۇق چەتكە ئېلىشتىن ئۇنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمىدى. دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش باست ئۇستىنىڭ گەدىنىگە چۈشتى.

قۇربان ھېيتلىق دەم ئېلىش ئاياغلاشقان كۈنى باست ئۇستا ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى لايىق كۆردى. بىمارغۇ ئۆزى ماڭالايتتى، لېكىن كېسەلنىڭ كېسەللىك ھۆرمىتىنى قىلمايمۇ بولمايتتى. ھارۋىغا قاتقىلى ئېشەك بولمىغاچقا باست ئۇستا ھارۋىنى ئۆزى سۆرىدى. بىمار ھارۋىدا جىمغىنە ياتاتتى، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش خېلىلا ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوڭۇشلۇق بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئىشنى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كالتە بازار بۇزۇپ قويدى، دوختۇرخانىغا بېرىشتا مۇشۇ كالتە بازاردىن ئۆتمەي بولمايتتى. بازارغا يېقىنلاپ كەلگەنسېرى باست ئۇستىنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن بىر ئەندىشە ئۇلغىيىپ كېلەتتى. "ھەي، يەنە سەتچىلىك بولمىسا بولاتتى" دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. سېرىق لەغمەن ساتىدىغان، ئۆپكە ـ زاسوي، كالىلا ـ پاقالچاق، گازىر ـ پۇرچاق ساتىدىغان غالتەكچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا بىمار ھارۋىدىن ئىرغىپلا چۈشۈۋالدى ـ دە، ئاۋۋال سېرىق لەغمەنگە ئۆزىنى ئاتتى. باست ئۇستا ھارۋىنى تاشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغىچە ئۇ ئالىلقاچان ئىككى قولى بىلەن سېرىق لەغمەننى ئاغزىغا تىقىشقا باشلىغانىدى. ئاش ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىگە، بۇرۇتلىرىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ماچىلدىتىپ چاينايتتى. ئاشنىڭ ئىگىسى ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي، ماۋۇ نېمە ئادەم؟ ساراڭمۇ بۇ؟ ئاشنى بۇزۇۋەتتى دەيمەن، تۇت ماۋۇ ساراڭنى...

باست ئۇستا قوشنىسىنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى سېرىق لەغمەننىڭ يېنىدىن نېرىغا ئېلىپ كەتتى. بىمار پۇشۇلدايتتى، ھاسرايتتى، ئاغزىغا لۆڭگە كەپلەپ قويغاندەك خارقىرايتتى:

— ئاش! ئاش! ماڭا ئاش بېرىڭلار، مەن ئاش يەيمەن...

خىجىللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان باست ئۇستا ئاشنىڭ ئىگىسىگە:

— كەچۈرسىلە، بۇ كىشى كېسەل، مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالدى، — دېدى. ئۇ بۇ گەپنى كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن دېگەندىمكىنىمۇ ياكى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن دېگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ھودۇقۇپ قالغانىدى.

شۇ ئەسنادا بىمار ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قىل يورغىدەك يورغىلاپ يۈگۈردى - دە، لەڭپۇڭچىنىڭ غالتىكىدىن ئىككى ئوچۇم لەڭپۇڭ توغرىمىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا تىقتى. باست ئۇستا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەڭپۇڭچىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغىچە، بىمار ئۆپكە - زاسۇي غالتىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولدى... بىمار يورغىلايتتى، يۈگۈرەيتتى. باست ئۇستا يېتەلمەيتتى، ئۇ ئەمدى كالله - پاقالچاق ساتقۇچىنىڭ دېسىدىن ئېلىۋالغان قارا قوينىڭ يوغان كاللىسىنى چىشلەپ، كالتە بازارنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. پۈتۈن بازار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، غالتەكلىرىنى ئىتتىرىشىپ داس، قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قېچىشاتتى...كېسەلنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن باست ئۇستا ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاسرايتتى. سېمىز ئادەمنىڭمۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنچىۋالا يۇگۇرەلەيدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. شۇ ئەسنادا تۆت ـ بەش كاۋاپچى يىگىت ياردەمگە كەلدى. ئۇلار تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. بىمار قورشاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى، ئۇ پارچىلانمىغان كاللىنىڭ قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ، تۇمشۇقىدىن چىشلەپ يەپ تۇراتتى...

يىگىتلەر دۆي كېسەلنى تۇتۇپ ھارۋىغا باسقان چاغدا، باست ئۇستا يېنىك ئۇھ تارتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېرىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ بىمارنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ھارۋىغا چىڭ بېسىپ تۇراتتى. كىمدۇ. بىرى بىر تال كۆلا تېپىپ كەلدى. يىگىتلەر كۆلا بىلەن ئۇنى ھارۋىغا چەمبەرچاس باغلىدى. ئۇ ۋارقىرايتتى:

ــ كاللا... كاللا... مەن كاللا يەيمەن، ماڭا كاللا...

كېسەل يول بويى ئاشۇنداق ۋارقىراپ ماڭدى. باست ئۇستا بۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرگەندىمۇ ئۇ يەنىلا ئاشۇنداق ۋارقىراپ تۇراتتى:

ــ كاللا... كاللا... ماڭا كاللا بېرىڭلار...

دوختۇرلار پايىپېتەك بولۇپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كاتتا ئەربابنى تونۇيدىكەن. شۇڭىمۇ دەسلەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي خېلىلا ھودۇقۇشتى. شۇ ئارىدا قايسىبىر دوختۇر تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە دەرھال ئوكۇل ئۇرۇلدى، ئۇ تېزلا جىمىپ، خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرلار ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى سوراشتۇردى. باست ئۇستا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىش ۋە ھېلىقى تېۋىپتىن ئاڭلىغان گەپلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. دوختۇر-

لارمۇ ئاشۇ تېۋپقا ئوخشاشلا باش چايقاشتى:

— بىزنىڭ دوختۇرخانىدىمۇ دۆي كېسەلگە داۋا يوق.

دوختۇرلار ئۇنى بالنىستقا قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقنى مەسلىھەت-لىشىۋاتقاندا كىمدۇ بىرى:

— ھۆكۈمەت ئۇنى خىزمەتتىن توختىتىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ ھودۇقۇشۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان دوختۇرلار بىردىنلا ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويۇشتى. باست ئۇستا بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارغا يالۋۇردى. كېسەلنىڭ ئازابىنى ۋاقىتلىق يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بالنىستقا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. بالۋۇرۇشىنىڭ رولى بولدىمۇ ياكى كاتتا ئەربابنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلدىمۇ، دوختۇرلار ئۇنى ئاخىرى ياتاققا ئېلىشقا قوشۇلدى.

باست ئۇستا ئۇنى بەلگىلەنگەن كارىۋاتقا ياتقۇزۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ بوش ئاۋازدا جۆيلۈگىنى ئاڭلاندى:

— كاللا... كاللا...مەن كاللا... يەيمەن...

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە، باست ئۇستا ھارۋىنى سۆرەپ دوختۇرخانىغا يەنە بىر قېتىم باردى. ئەمدى ھارۋىدا قورسىقىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئايال قوشنىسى ئىڭراپ ياتاتتى، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كالتە بازاردىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، باست ئۇستىنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئەنسىزلىك باش كۆتۈردى. ئۇ ئايال قوشنىنىڭمۇ دۆي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى بولمىغىنىنى بىلمەيتتى. باست ئۇستا ئۇنى دۆي كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان دەپ ھۆكۈم قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئەندىشە قىلدى... لېكىن ئايال ھارۋىدىن چۈشۈۋالمىدى.

سىرىق لەغمەنگىمۇ، ئۆپكە-زاسۋيگىمۇ ئۆزىنى ئاتمىدى. ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقان باسىت ئۇستا ئۇنى كالتە بازاردىن تىنچىقنا ئۆتكۈزۈپ، تۇغرىت بۆلۈمگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

باسىت ئۇستىنىڭ ئايال قوشنىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلگىنىگىمۇ مانا بۈگۈن توپتوغرا يەتتە كۈن بولدى. ئۇ قوشنىلىرىنى ئەسلىسىلا كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۆز ئۆتمۈشىدىكى ئاللىقانداق بىر سەتچىلىكنى ئەسلىگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆكۈنۈش ۋە غەشلىككە تولاتتى. ئۇلارنى زادىلا يادىغا ئالماسلىققا تىرىشاتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق گەۋدىلىنىۋىدى، ئۇ ئاشۇ خىيالىي مەنزىرىنى يوق قىلماقچى بولغاندەك بېشىنى ئىككى تەرەپكە قاتتىق چايقىدى.

كىيىم تىكىش ماشىنىسى يەنە شىرىلداشقا باشلىدى. باسىت ئۇستىنىڭ توختىماي يۇقىرى-تۆۋەن سەكرەپ تۇرغان يىڭنىگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە يان تەرەپتىن قىپقىزىل ئوت كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تەپكىنى تېپىشتىن توختىدى، شىرىلدىغان ئاۋاز ئۆچتى. ئۇستام ئايال قوشنىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈننى ئەسكە ئالغانىدى.

كىيىم پىچىش شىرەسىدە ئوتقاشتەك بىر توپ قىزىل دۇخاۋا تۇراتتى. ئۇستام بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا قارىدى. ئۇ يەردە ئۈچ كىيىم-ئويما ياقلىق رۇباشكا بىلەنلا چىققان ئايالنىڭ بۇلاق كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇستام بۇلاق كۆزلەرگە دىققەت بىلەن تىكىلدى. بۇلاقنىڭ ئەڭ تىرەن جايلىرىغا نەزەر سالدى، تونۇغاندەك، ئەدىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك بولدى. ئېھتىمال تۈچ ھالقىلىق دەرۋازىنىڭ ئايال خوجايىنى بولسا كېرەك،

دەپ ئويلىدى.
— ئۇستام مۇنۇ دوخاۋىدا پەردە تىكىدىغان گەپ ئىدى...
— تىكىپ بېرەيلى. ئۆلچەملىرى قانداقكىن؟
— ئەنە ئاۋۇ ئۆي بىزنىڭ، ئۆزلىرى كىرىپ ئىشىك ـ دېرىزىدەلەرنى ئۆلچەپ چىقسىلا، پەردىلەرنى ئەتىلا تىكىپ بولمىسىلا بولمايدۇ. ئۆيىمىزگە مېھمان كۆپ كېلىدۇ. ئىلگىرىكى پەردىلەر ئەمدى ياراشماي قالدى...
— ماقۇل، مەن كەينىلىرىدىن كىرەي.
ئايال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇستام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. چىڭ ۋە كېلىشكەن ساغرا ئىككى تەرەپكە "لىك، لىك" سەكرەپ باراتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى.
ئۇستام يانچۇقىدىن نەشىنى ئالدى، ئۇنى ئۇششاق ئۈزۈپ كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇردى، گېزىت قەغىزىگە ئەپچىل قىلىپ ئورىدى، تاماكا تاشتەك چىڭ تۈگۈلدى. ئۇستام دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قارىدى. يولدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ تاماكىنى تۇتاشتۇردى ۋە قېنىپ شوراشقا باشلىدى.
ئۇ تېخىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاشۇ يېڭى سېلىنغان قاتار ـ قاتار ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا ياپيېشىل كۆكتاتلىق كۆرۈنگەندەك بولدى. كۆكتاتلىقنىڭ قىرىدىكى يالغۇز ئاپتاپپەرەس مەيىن شامالدا بوش ئېغاڭلىغاندەك، ئاپتاپپەرەسنى چوقۇلاۋاتقان ئاق قۇشقاچ شوخلۇق بىلەن ۋىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قەلبى سېغىنىشقا تولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خالده ئىسرائىل

# هاڭگىرت كۆلى

هاڭگىرت كۆلى مەشھۇر كۆللەردىن ئەمەس، ئۇنى خەرىتىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئۇ بۆككىدە قومۇشلۇق، توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا سۈپسۈزۈك مەي توشقۇزۇلۇپ، ئىنسانلاردىن پىنھان تۇتۇلغان زۇمرەت قەدەھتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئاھالىسى، مېھمانلىرى بار ئىدى. ھەر يىلى باھاردا توپ-توپ ياۋا ئۆردەك، ھاڭگىرت، ئاق قۇ، بۆدۈنىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋا سېلىشاتتى، مۇھەببەتلىشىپ بالا چىقىرىشاتتى. سۈپسۈزۈك كۆل يۈزى جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۈزۈشۈپ يۈرگەن قۇشلار بىلەن تولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوڭۇر رەڭلىك، ئاق قورساقلىق ھاڭگىرتلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. بۇ كۆلگە يەنە 7 _ 8 ياشلاردىكى ئوماققىنا ئىككى بالىمۇ كېلەتتى. ئۇلار ھەر خىل شەكىلدە پوكۇس چىقىرىپ ئۈزۈشنى، بىر تال قومۇشنى چىشلەپ سۇ ئاستىدا ئۇزاقىچە تۇرۇشنى بىلەتتى. ئويناپ-ئويناپ ھارغاندا قىرغاققا چىقىپ، ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ساپسېرىق قۇم ئۈستىدە پاك قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ يېتىشاتتى. ئوغۇل بالىنىڭ ساغلام، كۈنىدە كۆيۈپ قارايغان تېنى گويا مىستىن قۇيۇلغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايتتى، پاقالچاقلىرى ئۇزۇن-ئۇزۇن، تۈپتۈز ئىدى. قىزچاقنىڭ يۈزلىرى يۇمىلاقىنە ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى يۇلتۇزدەك

چاقناپ تۇراتتى. كېيىن تۆمۈريول بۇ ياپيېشىل تۈزلەڭلىكنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. پويىزنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى كۆلدىكى قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاڭگىرت كۆلگە بىرەرمۇ ھاڭگىرت ياكى ياۋا ئۆردەك كەلمەيدىغان بولدى. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى چەكسىز تەبىئىي ئورمانلىق تۆپتۈز سالا ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلدى. كۆل ئەتراپىغا يېڭىدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان ئاھالىلەر بۇ يەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى جىملىقىنى بۇزۇپ تاش-لىدى. دۇنيا ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئوغۇل بالا بىلەن قىزچاقمۇ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن چەتتە قالمىدى. قىزچاقنىڭ ئائىلىسى شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئوغۇل بالا ئۆز مەھەللىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتى. پەقەت بالىلىق ۋاقىتلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھاڭگىرت كۆلى ھەققىدىكى ئەسلىمىلا ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالدى.

ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. ھېلىلا سۈپسۈزۈك پارقىراپ تۇرغان ئاسمان ھەش-پەش دېگۈچە قوغۇشۇن رەڭگىنى ئالدى. ئاسماندا تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئەنسىز قانات قېقىشلىرى ئاڭلى-ناتتى. بىر جۈپ قارلىغاچ كۆل بويىنى بىر ئەگىگەندىن كېيىن، تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ تۆۋەنگە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى ئاچماق قاناتلىرى بىلەن تىلىپ، ئاسماننىڭ قەرىگە ئۆرلەپ كەتتى. يىراق بىر يەردىن بوغۇق گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلدى. گويا بۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىسىدىن ئاسمان بېتى يىرتىلىپ، ئوت-يالقۇنغا تولغان دوزاخ چالا-بۇلا كۆرۈنۈپ قالغاندەك، ئاسماننىڭ قەرىدە چېقىلغان چاقماق يەر-جاھاننى لاپ-لاپ قىلىپ يورۇتتى. تۇيۇقسىز كۆتۈ-

رۇلگەن شامال كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرىنى ھەر يان قايرىپ، سۇ يۈزىنى قامچىلاشقا، قۇم ـ توپا، چاۋا ـ چاتقاللارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ سۇغا تاشلاشقا باشلىدى. كۆل سۈيى چايقىلاتتى، ھاۋادىن سۇ ئوتلىرى بىلەن چىرىگەن غازاڭنىڭ، چاڭ ـ توزاننىڭ، قۇرۇمنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ھايال ئۆتمەي يامغۇر تامچىلىرى شىددەت بىلەن تاراسلاشقا باشلىدى. ئەتراپنى بىردىنلا نەم توپىنىڭ كۈچلۈك ھىدى قاپلاپ كەتتى. باياتىن بېرى كۆلدە بىخىرامان ئۈزۈپ يۈرگەن بىر ئەركەك غاز دوڭغاقلاپ قىرغاققا چىقتى. تال شېخىغا يۆلىنىپ تۇرغان يوچۇن ئايالغا ــ ماڭا قىزىل جىيەكلىك مارجاندەك كۆزلىرىنى تىكىپ بىرپەس قاراپ تۇردى ـ دە، ئېرەن يوپۇرمىقى شەكىللىك ساپسېرىق پۇتلىرىنى نەم يەرگە شاپ ـ شاپ ئۇرۇپ، چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. مەن ئۇزاقىچە شۇ ھالەتتە تۇردۇم. يامغۇر چاچلىرىمنى، بوينۇمنى بويلاپ ياقام ئىچىگە ئاقاتتى. چاچ ھەم يامغۇر سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان قېلىن بىر قەۋەت پەردە كۆز ئالدىمنى توسۇۋالغانىدى. كۆزلۈك پەلتويۇم، پايپاق ـ ئاياغلىرىم ئاللىقاچان چىپ ـ چىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. گويا ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك، قولۇمدىكى سەپەر سومكىسىنىڭ ئۇزۇن بېغىنى بارماقلىرىمغا يۆگىگىنىمچە كۆل سۈيىگە تىكىلىپ قالغانىدىم. كۆل سۈيى ئېغىر ھاسىرايتتى، پۇشۇلدايتتى، قىرغاقنى يەڭگىل سىيپىلاپ، قۇلىقىمغا بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى ماڭا تونۇش سۆزلەرنى شىۋىرلاپ مېنى ئۆزىگە چاقىراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر شاۋقۇنى، شىۋىرلىشى ماڭا خۇددى ئانامنىڭ تىنىقلىرىدەك تونۇش ئىدى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يىلىلىق قۇچىقىدا، ئۇنىڭ ئەللەيلەشلىرى ئاستىدا سان ـ ساناقسىز يېشىل سۇ ئوتلىرىغا ئورۇلۇپ ياتقان، كۆز

چاناقلىرىمدا، قوۋۇرغىلىرىم ئاستىدا بىلىنىقلار ئۇزۇشۇپ يۈرگەن ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. بارچە شادلىقىمنى ۋە ھەسرەت-لىرىمنى چۈشىنىدىغان ئاشۇ كۆلدە ئارام تېپىش، ئۇنى ئاخىرقى ماكانىم قىلىش مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئىدى. مەن كۆلگە قاراپ ماڭدىم، مېڭىۋەردىم... پۇتلىرىم بىلەن كۆل تېگىنى سىيلاشتۇرۇپ، سومكامنىڭ بېغىنى ئامبۇردەك چىرماپ قىسىپ تۇرغان قوللىرىمنى ئالدىمغا تۇتۇپ، جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان مەھبۇستەك ماڭدىم. سۇ بېلىمدە، كۆكرىكىمدە، بويۇنلىرىمدا شىرىلدايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يېپەكتەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن مەڭزىمنى، پېشانەمنى سىيلاشقا باشلىدى. كۆزلىرىم تىنىپ، يەر-جاھان قاراڭغۇلاشقاندەك بىلىندى. پۇتلىرىم بىردىنلا بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى. ئاغزى-بۇرنۇمغا بۇلدۇق-لاپ سۇ كىرىشكە باشلىدى. ئەلۋىدا ھاياتلىق، ئەلۋىدا...

شۇ ئاخىرقى دەقىقىدە كۆز ئالدىمدا ھايات پارلاپ كۆرۈندى. بېشىمدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۈش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن خۇشال-لىقلار، چاقناپ تۇرغان قۇياش، كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل چىمەن-لىك، يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر ماڭا ھاياتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن بارلىق گۈزەل، قىممەتلىك تەرەپلىرىنى تۇساتتىن مۆجىزىدەك يورۇتۇپ بەرگەنىدى. خۇددى ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ گىرەلەشكەن يېرىدىن، ئانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاچچىق تولغاقلىرىدىن يېڭى بىر ھايات ئاپىرىدە بولغانىغا ئوخشاش، شۇ ئاخىرقى دەقىقىدە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھايات زوقىغا تولۇپ تاشقان، ھاياتقا چىش-تىرنىقى بىلەن يېپىشقان يەنە بىر ئىيال تىرىلدى. ئۇ جان-جەھلى بىلەن تىركىشەتتى، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرايتتى. ئەجەل ئالدىدىكى بۆرىنىڭ ھوۋلىشىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى. ئەمما، كائىناتتا مۇشۇ كۆل، كۆل ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىۋاتقان تەنها ئاياللا قالغاندەك ئىدى. تاراسلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنى دولقۇنلار ئارىسىغا كۆمۈۋەتمەكچى بولسا، ئەۋرىشىم سۇ ئوتلىرى، ئۇچىسىدىكى كىگىزدەك ئېغىرلاشقان كىيىملىرى ئۇنى تەگسىز، ئەبەدىي قاراڭغۇلۇق قوينىغا تارتاتتى...

بۇ قەيەر؟ مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندىمەن؟ مەن ئۆيۈمدىن ئايرىلغىلى ئون يىل بولدىمۇ ياكى بىر ئەسىر؟ نېمە بولسا بولمامدۇ! مۇھىمى، مەن تېخى ھايات! ئەنە، قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ، دېرىزە سىرتىدىن قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ سايرىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ... بۇلۇڭدىكى لوڭقىغا تىزىلغان گۇللەر نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇددى راستەكلا... ئاھ، ھاياتلىق قانداق ياخشى، ئۇنىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن تۇيغۇلىرى نەقەدەر قىممەتلىك، ئىلگىرى ئاشۇ بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قانداقمۇ ياشىغاندىمەن؟ ھايات ماڭا ئاتا قىلغان بارلىق پاك تۇيغۇلىرىمنى، پاك جىسمىمنى قانداقلارچە بىھۇدە نابۇت قىلغاندىمەن؟ مەن ھاياتىمدىكى ئۇ ئىككى ئەركىشىدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇلارنىڭ بىرى ــ مېنىڭ قانۇنىي ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى. ئۇ مېنى ئاز ئازابلىدىمۇ؟ يەنە بىرسى ھاياتىمدا تۇنجى سۆيگەن كىشىم، بىرۋاقىتلاردىكى خۇدايىم. ئەمما ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ماڭا: "ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىش بولغان ئەمەس ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس" دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى قىلىچە قىسىلماي، يۈز - خاتىر قىلىپمۇ ئولتۇرماي ئاجايىپ بىر ئاھاڭدا دېدى. راستىنلا ھېچقانداق ئىش يوقمىدى؟ 20 يىلدىن بۇيان مەن پەقەت قۇرۇق خىيالىنىڭ، كۆلەڭگىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈردۈممۇ؟ ھاياتىمدىكى تۇنجى ئەڭ ئوتلۇق، ئەڭ شېرىن

تۇيغۇلىرىمنى ئاشۇ كۆلەڭگىگە بىغىشلىدىمۇ؟ ئاھ خۇدا، ئادەم 40 ياشقا كىرگەندىمۇ ئەقىل تاپالمىسا ــ ھە...

پويىز رىتىملىق تاقىلداپ، ئاسمانغا قويۇق ئىس پۈرقىتىپ شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا پويىز ئىدى. ۋاگونلار ئازادە ئىدى. ئۇ يەر ــ بۇ يەردە ئولتۇرغان ياكى پۈتۈن بىر ئورۇندۇقنى ئىگىلەپ يېتىۋالغان كىشىلەر كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى گۈللۈك قىزىل دۇخاۋا دوپپا كىيگەن مۇشۇ ئەتراپنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ، ئۇلار ۋاگوننىڭ بۇلۇڭىغا، يوڭ ــ تاق جاھازلىرىغا سومكا ۋە چوڭ ــ كىچىك سېۋەتلىرىنى قويۇپ قويۇشقانىدى.

مەن ھەر قېتىم پويىزغا چىققىنىمدا دېرىزە يېنىغا كېلىپ، يالت ــ يۇلت قىلىپ ئۆچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ تونۇش مەنزىرىلەر ــ يۇلغۇنلۇق چۆللەر، ئېتىزلار، دېھقان ئۆيلىرى قەلبىمدە قانداقتۇر يېقىملىق تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. كۆزلىرىمگە ئۇششاق كۆمۈر ئۇۋاقلىرى كىرىپ كەتكىنىگە، شامالدىن بوغۇلۇپ نەپەس ئالالماي قالغىنىمغا قارىماي بېشىمنى ۋاگون دېرىزىسىدىن چىقىرىۋالاتتىم. بىر قېتىم بۇ ئىش ئۈچۈن پويىز خىزمەتچىسى مېنى تىللاپمۇ كەتكەنىدى.

ئاشۇ قېتىممۇ تازا كۆڭۈلۈمدىكىدەك بىر جاينى تاللاپ ئولتۇردۇم. بىرچاغدا پويىز غارقىراپ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەلدى. ئالدىراپ دېرىزىنى چۈشۈرۈپ كەينىمگە بۇرۇلغىنىمدا نېرىقى چەتتىكى ئورۇندا ئولتۇرغان كېلىشكەن بىر يىگىتكە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى مودا بويىچە ھەربىيچە سېرىق ئىشتان ــ چاپان، ھەربىيچە شەپكە كىيىۋالغانىدى. قويۇق، قاپقارا چاچلار ئۇنىڭ شەپكىسى ئالدىدىن سىرتقا چىقىپ، بۇغداي ئۆڭلۈك پېشانىسىنى

قاپلاپ تۇراتتى. سەل ئۆڭگەن كىيىملەر ئۇنىڭ بەقۇۋۋەت، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان كېلىشكەن قەددى-قامىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياراشقانىدى. ئۇ ماڭا قارايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارايتتىم. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان دەسلەپكى مىنۇتتىلا مەن ئۇنى تونۇۋالدىم. ئۇ باللىق ۋاقىتلىرىمدا بىرلىكتە سۇغا چۆمۈلىدىغان، قۇملۇقتا ئوينايدىغان ھېلىقى دوستۇم يۈسۈپ ئىدى. پويىز چاقلىرى رىتىملىك تاقىلدايتتى. مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ ماڭا پات-پات قارايتتى. كۆزلىرىمىز ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇچرىشىپ قالاتتى. قىزلارغىلا خاس بىر خىل تۇيغۇن غايىۋى ئاۋاز ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى، مەن بىلەن تونۇشقۇسى، پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى قۇلىقىمغا يەتكۈزەتتى. يۈزلىرىمنىڭ ئۆزىچىلا قىزىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بارغانسېرى ئوڭايسىزلىناتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىچىمدە ئۇنىڭمۇ مېنى تونۇۋېلىشىنى، "ۋوي، سەن زۆھرە ئەمەسمۇ! مانا قارا، قانداق ئۇچرىشىپ قالدۇق-ھە!" دەپ ئالدىمغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا قاراشمۇ خۇش ياقمىدى. سىرتقا قاراپ ئولتۇرغاندەك قىلساممۇ، كۆزلىرىم ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى، قۇلىقىم ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. ھەر قېتىم سىرتتىن بېشىمنى ئېلىپ يىگىت تەرەپكە قارىغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى، لەۋلىرىدە پەيدا بولغان بىلىنەر-بىلىنمەس سىرلىق كۈلۈمسىرەشنى بايقاپ قالاتتىم. بىرچاغدا دېھقان سۈپەت بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. يۈسۈپ ئەمدى ماڭا ئانچە قارىماي، ئۇياق-بۇياققا نەزەر تاشلاپ، كۆڭۈلسىز ئەسنەپ ئولتۇردى. كېيىن كىچىك ھەر-بىبچە سومكىسىنى بېشىغا قويۇپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ



www.uyghurkitap.com

ياتتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇيقۇغا كەتتى.

كەچ كىرىپ ۋاگون چىراغلىرى ياندى، ئۇ ئويغانمىدى. يېنىمدىكى ئادەم يېرىم كېچىدە يول بويىدىكى كىچىك بىر بېكەتتە چۈشۈپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇيقۇم كەلمىدى. ۋاگوننىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ، بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقتەك بىلىنەر - بىلىنمەس سىلكىنىپ ئۇخلاپ ياتقان يۇسۇپتىن كۆزۈمنى ئالمىدىم، بىر - ئىككى قېتىم نېرى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ - قاراپ ئالدىم.

سەھەرگە يېقىن بېشىم ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرىم يۇمۇلۇشقا باشلىدى، ئەمما يۈرىكىمدە ئويغانغان يېڭىچە، شېرىن بىر سېزىم ئۇيقۇمنى قاچۇرۇپ تۇراتتى. پويىزنىڭ رىتىملىق تاقىلدىشى خۇددى تەڭداشسىز گۈزەل ناخشىدەك مېنى ھاياجانغا سالاتتى. مەن يۇسۇپنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەن بىر مىنۇتنىمۇ ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈشكە قىيمايتتىم.

ئەنە، مېنىڭ يۇسۇپۇم ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، پۇت - قوللىرىنى سوزۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىنى بىردىنلا يوغان ئاچتى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك شارتتىدا بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. چىرايىدا يەنە ئاشۇ تونۇش تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، سومكىسىدىن لۆڭگە ئېلىپ يۈز يۇغىلى كېتىۋېتىپ مېنىڭ يېنىمدا توختىدى:

— مەن سىزنى تېخى كېچىدە چۈشۈپ قالارمىكىن دېگەنىدىم، قارىغاندا يولىمىز بىر ئوخشايدۇ - ھە؟

— يولىمىز ئەلۋەتتە بىر، مەن سىزنى تونۇيمەن، — دېدىم ئىشەنچ بىلەن ۋە ئۇنىڭ مېنى تونۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئەمما ئۇ مېنى تونۇمىدى. نېمىشقىدۇر سۆزلىرىمگە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. پەقەت ئائىلەمنىڭ قەيەردىلىكىنىلا سورىدى. ئۇ

بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى ئاشۇ قارا قۇمچاق قىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ياكى مەن بەك كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەندىمەن. مەن سەل ئۈمىدسىزلەندىم، ئەمما غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشقا يول قويمايتتى.

سومكامدا ياغلىق توقاچلىرىم بار ئىدى. ئۇنى ئەتىگەنلىك چاينى بىللە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم. چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ئاشۇ كۆلنىڭ، كۆل بويىدا بىللە ئوينايدىغان بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالىنىڭ ھېكايىسى نەچچە قېتىم ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كەلدى. ئەمما مەن بۇ ھېكايىنى يەنىلا كېيىنكىگە قالدۇردۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ مەكتىپى، دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان يېزام توغرىسىدا، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدىكى قىزىق-قىزىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىدىم. بىز يەنە تاغدىن-باغدىن پاراڭ سېلىشتۇق. بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ، يوشۇرۇنچە شادلىنىپ ئولتۇرۇشقىنىمىزنىڭ ئۆزى ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئالەمچە بەخت ئىدى.

مەن ئىچىمدە بۇ سەپەر مەڭگۈ ئاياغلاشمىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما سەپەر ناھايىتى تېز ئاخىرلاشتى. يۈسۈپ بىزنىڭ كۆلنىڭ ئۇدۇلىدىكى بېكەتتە چۈشۈپ قالدى.

پويىز بۇ بېكەتتە ئۈچ مىنۇتلا توختايتتى. ئۇ ئالدىراپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، خۇددى مۇھىم بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. مەنمۇ بىردىنلا ھودۇقتۇم. بىز ئەتىگەندىن بېرى شۇنچە كۆپ سۆزلىشىپتۇقيۇ، ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپتۇق. شۇ ئەسنادا پويىز چاقلىرى غىچىرلاپ قوزغالدى. ئۇ پويىز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— يەكشەنبە كۈنى، پويىز ئىستانسىسىدا...
ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.
يەكشەنبىگە يەنە ساق ئۈچ كۈن بار.
...ئىككى كۈن، ئاھ، ئىككى كۈن...
ئەتە يەكشەنبە، ئەتە يەكشەنبە! بۈگۈن بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزسەم بولار...

ئاشۇ يەكشەنبە ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر يەكشەنبە بولۇپ قالدى. مەن ئەتىگەندىن تارتىپلا بىر خىل ساراسىمە ئارىلاشقان بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە يۈردۈم. قولۇم ئىشقا بارمايتتى. گاھ بىر نىمەلەر دەپ ئاپامنىڭ چىشىغا تەگسەم، گاھ سىڭلىمنىڭ قولىدىكى قورچىقىنى ئېلىپ ئاسمانغا ئاتاتتىم، گاھ تالاغا چىقسام، گاھ يېنىپ كىرەتتىم. ئەينەكنىڭ ئالدىغا قايتا ـ قايتا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاياجاندىن ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزارغان، كۆزلىرى سىرلىق چاقناپ تۇرغان، بويىنغا سىرىق ھەربىيچە چاپانغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان ئاپئاق نەپىس شارپا ئارتقان قىز بالىغا مەسخىرە ئارىلاش قارايتتىم. تىللىرىمنى چىقىرىپ "ئۇيات ـ ئۇيات" دەيتتىم. كۈتكەن سائەتلەر ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. مەن پويىز ئىستانسىغا چاپتىم. ئەمما ئىستانسا بۈگۈن باشقىچىلا چۆلدەرەپ قالغانىدى. پويىزلارنىڭ يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان گۈدۈكى، پاراۋۇزلارنىڭ پۇشقىرىشى، بىر خىل ئاۋازدا گۈپۈلدەپ يۈرۈشى، ۋاگونلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى ئاڭلانمايتتى. پويىز ساقلاش سۇپىسىدىمۇ ئادەتتە مىغىلداپ كېتىدىغان يولۇچىلار، ئۇياقتىن بۇياققا چېپىشىپ يۈرىدىغان پويىز خادىملىرى كۆرۈنمەيتتى. بىر بوۋاي ماشا قايسىدۇ بىر يەردە يول بۇزۇلۇپ، پويىز ۋەقەسى

چىققانلىقىنى، تۈنۈگۈندىن تارتىپ پويىز قاتنىشى توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ماڭا بىردىنلا يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا قېتىپ قالغاندەك، ھەتتا تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىممۇ توختاپ قالغاندەك بىلىندى.

ياق، مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. قوللىرىمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، شامال ھۇشقىتىپ تۇرغان تۆمۈريولنىڭ ئۈستىدە مەقسەتسىزلا مېڭىشقا باشلىدىم. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. غۇر-غۇر چۆل شامىلى چاچلىرىمنى، شارپامنى ئۇچۇرتاتتى. شامالدىن چۆل گىياھلىرىنىڭ، قۇم-شېغىلنىڭ، قۇرۇمنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. يىراقتىكى مەھەللىلەردىن پىلىلداپ چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلىناتتى...

چوڭقۇر بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. نەگە، نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن...

ئۆيگە ھېرىپ-چارچاپ، مەيۈس ھالدا قايتىپ كەلدىم. ئاپام مەندىن ئەنسىرەپ ئۇخلىماي ئولتۇرغانىكەن. چىرايىمغا شۈبھىلىك تىكىلىپ، نەگە بارغانلىقىمنى سورىدى. نېمىلەرنى دېدىمكىن، ئىشقىلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ بولسا كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى.

مەن ئىستانسىغا ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ چىقتىم. تۆتىنچى كۈنى قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان يېزىغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە، گۇڭشېنىڭ كاتىپى مېنى ئېتىزلىقتا ئىزدەپ كەلدى. شەھەردىن يۇسۇپ ئىسىملىك بىر كىشىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، خۇشلۇقۇمدا قولۇمدىكى كەتمەننى

پىرقىرىتىپ تاشلاپ، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ قوناقلىقتا نەچچە پىرقى-
رىتىۋەتتىم. ئەتراپىمىدىكى دېھقان ئايالىلار ۋاي-ۋايلاپ قىلىشتى.
ياغلىقىمنى مىجىقلىغىنىمچە گۈگۈشىغا يۈگۈرۈپ كىتىپ بارىمەن.
كۆڭلۈمدە يۈسۈپ مېنى ساقلىماي كىتىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشە.
تېلېفونىست ئايال سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ، تېلېفون تورۇپكىسىنى قو-
لۇمغا بەردى. ئۇنىڭدىن يۈسۈپنىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۇ خۇددى ئالەم-
نىڭ نېرىقى چېتىدە سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن
كېيىن ئۆرۈمچىگە قايىتىدىغانلىقىنى، قايتىش ئالدىدا مەن بىلەن
كۆرۈشكىسى بارلىقىنى ئۇقتۇم. خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن قىپقىزىل
بولۇپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا:
— ئەتىلا شەھەرگە كىرىمەن، چۈشتىن كېيىن ئاپتوبۇس
بېكىتىدە ئۇچرىشايلى، — دەپ ۋەدە بەردىم.
تەقدىر مەن بىلەن يەنە بىر قېتىم قىرىشقانىكەن. تېلېفوننى
قويۇشۇمغا، باياتىن بېرى تېلېفونىست ئايالغا قاراپ ھىجىيىپ،
ئالىلقاندىق شەرەتلەرنى قىلىپ تۇرغان كاتىپ ماڭا بۇرۇلۇپ:
— بىكار ۋەدە بەردىڭىز، يار باغ ئۆستىڭىنىڭ كۆۋرۈكىنى
كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئاپتوبۇسلا ئەمەس، ئات-ئۇلاغمۇ قاتنىيال-
مايۋاتىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ — دېۋىدى، بېشىمغا
كالتەك تەگكەندەك لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئىچىمدە، "ئاھ،
خۇدا! دۇنيادىكى پۈتۈن ۋەقەلىرى، كەلكۈنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىلا
كۈتۈپ تۇرغانمىدىكىن" دەپ ئاھ ئۇردۇم. شۇ چاغدا مەن تەقدىرىم-
دىن ئالدىراپ ئاغرىنىسام بوپتىكەن.
بىر ھەپتىنى قەپەستىكى قۇشتەك ئۆزۈمنى ھەر يان ئۇرۇپ ئۆتە-
كۈزدۈم. بىر ھەپتىدىن كېيىن شەھەرگە كىرگەن چېغىمدا ئاپام ماڭا

يۈسۈپ ئىسملىك بىر يىگىتنىڭ مېنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەلگەن-لىكىنى ئېيتتى. بەكمۇ ئارماندا قالدىم. شۇ كۈنى كەچتىلا ئۇنىڭغا خەت يازدىم:

"ئەڭ ئالىي يولىيورۇق:

ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى!

يولداش يۈسۈپ، قانداق ئەھۋالىڭىز! تېنىڭىز سالامەتمۇ؟ مەنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. مەقسەتكە كەلسەم، ئۆتكەن قېتىم مەن سىزنى پويىز ئىستانسىسىدا ئۇدا ئۈچ كۈن ساقلاپ، ۋاقتىم توشۇپ قالغىنى ئۈچۈن يېزىغا قايتىپ كەتكەنىدىم. بۇ قېتىم يەنە يول بۇزۇلۇپ قالغان-لىقى ئۈچۈن شەھەرگە كىرەلمەي، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم. ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. خۇددى غايىبانە بىر ئادەم ئىككىمىزنى كۆرۈشتۈرمەسلىك-نى نىيەت قىلىپ، تاغلارنى ئۆرۈپ، سۇلارنى باشلاپ، يوللارنى توسۇپ تۇرغاندەك ـ ھە؟ مەيلى، كىم قېرىشسا قېرىشۋەرسۇن. بىزمۇ قېرىشىپ باقايلى. خەت يېزىم دىدار دەپتىكەن. خەت ئارقىلىق بولسىمۇ ئەھۋاللىشىپ تۇرايلى، ماڭا خەت يېزىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئادرېسىمنى پويىزدا سىزگە ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئېسىڭىزدىمۇ؟..."

كېيىنكى كۈنلىرىم خەت كۈتۈش بىلەن ئۆتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال ئىككى كىلومېتىر يولنى ئېرىنمەي بېسىپ گۇڭشى پوچتىخانىسىنى يوقلايتتىم. پوچتىخانا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشىم بىلەن يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كېتەتتى. پوچتالىيوننىڭ ئىپادىسىز، مۇزدەك چىرايىنى كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك قاپلايتتى. مۇز چىراي پوچتالىيون ئاخىرى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى بولغاي: "سىڭلىم، سىز مۇنداق ئاۋارە بولۇپ كۈندە كېلىۋەرمەڭ، خەت كەلسىلا مەن ۋاقتىدىلا ئاپىرىپ بېرىمەن" دېدى. ئەمما مەن پوچتىخانىغا كەلمەي تۇرالمايتتىم. نېمىشقىدۇ پوچتىخانا

مېنى يۈسۈپ بىلەن باغلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. سەھەر قۇياشىنىڭ يىللىق نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان يېزىنىڭ شەبنەم قۇرۇمىغان چۆپلۈك-لىرىدە تەنها كېتىۋېتىپ، ئاجايىپ تۇيغۇلار قوينىدا ئۈزەتتىم. خىيالىمدا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتىم. كونىلار يۈرەك ھەممىنى سېزىدۇ، دېيىشىدىكەن، كىم بىلىدۇ، ئاشىق-لارنىڭ يۈرىكىدىمۇ شۇنداق بىر خىل سېزىم بولىدىغاندۇ، ئۇلار بىر-بىرىدىن نەچچە كۈنلۈك يىراقتا بولسىمۇ، بىرىنىڭ يۈرىكىدە قايىنىغان ھېس-تۇيغۇلار يەنە بىرىنىڭ يۈرىكىگە كۆزگە كۆرۈنمەس يوللار ئارقىلىق تەسىر قىلىدىغاندۇ...

ھەش-پەش دېگۈچە ئۆكتەبىر ئايلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقى-دىن نويابىر، دېكابىر، يانۋارلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن كۈتكەن خەت كەلمىدى. بىركۈنى بىرنەچچە دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە قوشنا ئەترەتتىكى بىر ئۆيگە مېھماندارچىلىققا باردۇق. ئۆي ئىگىلىرى يېڭىلا توي قىلغان ياش ئەر-خوتۇنلار ئىكەن، تېخى ئايالى مەن بىلەن ئىسىمداش ئىكەن. تاماقتىن كېيىن ئۇ بىز بىلەن خالىي قالغاندا، ئۆزىنىڭ بىزدەك شەھەرلىك، ئوقۇغان قىزلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىختىيارىچە بولسا، دۇنيادىن توي قىلماي ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ قالدى. بىز ئەجەبلەندۇق:

— ئاڭلىساق سىلەر ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپتىكەنسىلەرغۇ؟

— ئەر كىشىنىڭ ياخشىلىقى توي قىلغۇالغۇچە، بولۇپمۇ سەھرالىق ئەر خەقلە، شۇنداق، — دېدى چوكان كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — كۆيدۈم-پىشتىم دەپ قولغا كىرگۈزىۋالدۇ، ئارقىدىن

www.uyghurkitap.com

خالىغانچە ئۇرۇپ ـ سوقىدۇ... ئاتا ـ ئانام تاك ئېتىپ چىكىپ باقمىغان يالغۇز قىز ئىدىم. توي قىلىپ ھەپتە ئۆتكەندە ئۇرۇشىدىن مېنىڭ نامىمغا بىر پارچە خەت كەپتۇ. خەتنى ئوقۇپ، ئۇرۇشچىدە ئاشىنىڭ بارلىكەن، مېنى ئالداپسەن، دەپ ئۇرغىلى تۇرغاندى، شۇ جېدەل ھازىرغىچە بېسىققىنى يوق. ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن، بولمىسا سىزگە تېگەرمىدىم، دېسەم ئىشەنمەيدۇ، ئاجرىشىپ كېتەيلى دېسەم تېخى ئۇنىمايدۇ...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ يۈرىكىم قارتىمدە قىلىپ قالدى. چاندۇرماي كەچكىچە ئولتۇرۇپ، دوستلىرىم بىلەن بىللە چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆزۈم يالغۇز كېلىپ، ئەر ـ ئايال ئىككىسىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خەتنى ئېلىۋالدىم. ئۇ راستىنلا يۈسۈپنىڭ ماڭا يازغان خېتى ئىكەن! چوكان قايتىدىن ئالىلا ـ تۇۋا كۆتۈرۈپ يىغلاشقا، ئېرى ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىۋىدى، قاراپىمۇ قويماي ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم. "باشقىلارنىڭ خېتىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقماي پوكىنىڭغا بېسىپ يېتىشقاندىكىن خوپ بولىدى ئەخمەقلەر" دەيتتىم ئىچىمدە. سەل نېرىراق كېتىشكىمۇ چىدىماي خەتنى ئاچتىم:

"ئەڭ ئالىي يولىيورۇق:

ئىتتىپاقلىق ــ غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى!

يولداش زۆھرە، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇرسەن بولدۇم. مەندىن ئەھۋال سورىغان ئىكەنسىز، ئەھۋالىم ياخشى. سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، يېقىندا شاڭخەي قۇدەن داشۆگە ئىمتىھان بەرگەنىدىم، ئۆتۈپتىمەن. ئۇقتۇرۇشمۇ كەلدى. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە يولغا چىقىمەن. ئەسلى ئۆيدە چۈشۈپ قېلىپ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن، سىز بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئۇنداق قىلسام باشقا ھەمراھلىرىمدىن ھەم ئوقۇتقۇچۇمدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن. يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىمەن. شۇ

چاغدا كۆرۈشەرمىز. ئۆزۈڭدىن بۇيان سىزدىن بىرنەرسىنى سورىۋالغۇم بار ئىدى: ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىشكە بولامدۇ - يوق؟ ئەگەر قوشۇلسىڭىز ماڭا خەت يېزىۋەتسىڭىز، مېنىڭ يېڭى ئادرېسىم...»

خۇشاللىق، ئۆكۈنۈش ھەم ئەندىشە ئارىلاش ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات ئىلكىدە قالدىم. ئەمما، تەقدىر مېنى پۇتلاشنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماپتۇ. مەن شۇنچە تەشنالىق بىلەن كۈتكەن خەت مۇشۇ شەھەرگە، مۇشۇ گۇگشىغا كەپتۇيۇ، مېنىڭ قولۇمغا ئەمەس، قوشنا كەنتتىكى بىر ئايالنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ... بۇ جەرياندا يۇسۇپ يېڭى ساۋاقداشلىرى، جۈملىدىن يېڭى - يېڭى قىزلار بىلەن تونۇشقاندۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ قىزلار باردۇ. ئۇنىڭ ماڭا ئىككىنچىلەپ خەت يازمىغىنىغا قارىغاندا، بەلكىم...

قانداق ئويلاردا بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا تېزلا جاۋاب خەت يازدىم:

«ئەڭ ئالىي يولىيورۇق:

كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز، كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ،بۇ ئىنقىلابتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە!

يولداش يۇسۇپ، سىزگە يالقۇنلۇق سالام، ئۆگىنىشىڭىز ئۇتۇقلۇقمۇ؟ يېڭى مۇھىتقا، يېڭى ساۋاقداشلارغا كۆنۈپمۇ قالغانسىز، خۇدايىم بىزگىمۇ ئاشۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇشنى نېسىپ قىلغان بولسا - ھە.

مەن ياخشى تۇردۇم. ھېلىھەم يېزىدا ئىشلەۋاتىمەن. مەقسەتكە كەلسەم، ئۆكتەبىردە يازغان خېتىڭىزنى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا تاپشۇرۇۋالدىم. ئادرېس خاتا يېزىلىپ قالغانلىقتىن، خەت بىرنەچچە ئاي باشقا بىرىۋنىڭ گۇناھسىز ئايالىنىڭ ناھەق تاياق يېيىشىگە سەۋەبچى بوپتۇ. بۇمۇ ھېلىقى غايىبانە ئادەمنىڭ چاقچىقى بولسا كېرەك. شۇڭا مېنى ۋاقتىدا خەت يازمىدى، دەپ ئويلاپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خېتىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم. سىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرستىگە ئېرىشكەنلىكىڭىز ھەممىمىز ئۈچۈن بەخت. پەقەتلا يۇرتىڭىزنى، بىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قالغان گەپلەرنى كېلەركى خەتتە قىلىشارمىز. خېتىڭىزنى كۈتىمەن. ھە، راست بۇ قېتىم ئادرېسىمنى توغرا يېزىڭ، 2 ـ ئەترەت ئەمەس، 5 ـ ئەترەت، جۇمۇ...“

شۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپتىن خەت كەلمىدى. كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسىز ساۋاقدىشى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر يېتىپ كەلدى. شۇنچە زارىقىپ كۈتۈشلىرىم، سېغىنىشلىرىم، ئازاب-لىرىم ـــ ھەممىسى، ھەممىسى بىھۇدە ئىش بولۇپ قالدى. ئەمما يۈرەككە بۈيرۇق بەرگىلى بولمايدىكەن، يۈرەككە شۇنچە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، قان ـ تەنگە، ھەر نەپەسكە سىڭىپ كەتكەن تۇيغۇلاردىن خالاس بولغىلى بولمايدىكەن. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بىپەرۋا، خۇش خۇي، ئۆتكەن ئىشلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان دوستلىرىمغا ھەۋەس قىلىپ يۈردۈم. كۆرۈنۈشتە چاندۇرماسلىققا تىرىشقىنىم بىلەن، دەردنى ئىچىمگە ئېلىپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەن-دىم، گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى، كېچىلىرى بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپ-لا ئويغىنىپ كېتەتتىم. كېچىلەر شۇنداق ئۇزۇن، مۇدھىش بىلىنەت-تى. يېزىدىكى ھاياتىمنىڭ 3 ـ يىلىنى ئورۇقلىغان، بەكمۇ روھسىز ھالەتتە كۈتۈۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ قىشتا قايتا تەربىيىگە چۈشكەن ياشلار ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك، ھەممىدىن زېرىكىش كەي-پىياتى ئەۋج ئالغانىدى. ھەممىمىزنىڭ خىيالىدا قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىمىز، بىزنى يېزىغا تاشلاپ قويۇشتىمۇ، كارى بولمىدىغۇ، دەيدىغان ئەندىشە، تېڭىرقاش پەيدا بولغانىدى. يولى بارلار ھەر خىل ئاماللار بىلەن خىزمەت تېپىپ شەھەرگە يۆتكىلىشكە

باشلىدى. مەن دېگەن نەپەقىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان تۇل خوتۇنىنىڭ قىزى تۇرسام، مېنىڭ نېمە ئامالىم بولسۇن. يېزىدا تىكەندەك يالغۇز قالدىم، ئاپام بىچارىنىڭ يالۋۇرمىغان ئادىمى، بارمىغان ئىدارىسى قالماپتۇ. ئاخىرى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ئىچ ئاغرىتقان قوشنىمىز ماڭا بىر لايىق تېپىپتۇ. ئۇ باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان، بىر قېتىم ئۆيلەنگەن 30 ياشلاردىكى كىشى ئىكەن. ئۆزى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىدىن بولۇپ، ئائىلە تەركىبى كەمبەغەل ئىكەن، ئاتا-ئانىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تارتىشىدىغان ئادىمىنىڭ يوقلۇقى ئاپامغا بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئاپامنى پات-پات سوۋغا-سالام-لار بىلەن يوقلاپ تۇرغانلىقى، ئۆينىڭ قاتتىق-يىرىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بولغۇسى كۈيئوغۇل بىلەن قېيىن ئانا ئوبدانلا ئەپلىشىپ قاپتۇ. بىر قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە، ئاپام بىر تەرەپتىن يالۋۇرسا، بىر تەرەپتىن تىللاپ دېگەندەك مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ پاكار، دىقماققىنە كەلگەن ياپما قاپاق ئادەم ئىكەن، توختىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن قارامتۇل كۆتمەك بارماقلىرىغا، ساپ-سېرىق چىشلىرىغا قاراپ كۆڭلۈمدە بىر يىرگىنىچ ھېس قىلدىم. ئەمما ئاپامغا ياق دېيەلمىدىم. پەقەت توينى ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن قىلساق دېگەن شەرتنى قويدۇم. بۇ يىللاردا مەن يەنىلا يۈسۈپنى كۈتتۈم. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپام بىلەن ئۇنىڭ بولغۇسى كۈيئوغ-لىنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بەردىم. ئۇنى دېمىسىمۇ، دوستلىرىم، تەڭتۇشلىرىم كەينى-كەينىدىن توي قىلىپ كېتىشكەنىدى. مېنى كۆرسە خۇددى پۇتۇشۇۋالغاندەك ھەممى-

سىلا: ”تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز، زۆھرە؟“ دەپ سورىشاتتى.

يۈسۈپ ئۈرۈمچىدە توي قىلغان كۈنى ھاشىگىرت كۆلى بويىغا باردىم. بىزنىڭ كۆلىمىز ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ، چاچ ساقاللىرى شالاڭلاپ كەتكەن قېرى كىشىگە ئوخشاپ قاپتۇ. كۆز ئاپتىپىدا چاقناپ تۇرغان كۆل سۈيى خۇددى يېشىل ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇلغان چوڭ ئەينەكتەك يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ بويلىرىدا ھاشىگىرت، ياۋا غاز، ئاق قۇلار ئەمەس، توخۇ، ئۆردەك، ئۆي غازلىرى دانلاپ يۈرەتتى، سۇ يۈزىدە ئۈزۈشەتتى. كۆل سۈيى ئىلگىرىكىدەك سۈزۈك، مۇزدەك سوغۇق ئىدى. سۇغا ئېگىشكىنىمدە قەلبىمنى پەقەت يېقىن كىشى بىلەن دىدارلاشقاندىلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھاياجان قاپلىدى، بۇ ھاياجان خۇددى كۆل يۈزىدىن قەلبىمگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك، كۆل مېنى يىللىق مېھرى بىلەن قارشى ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— يادىڭدىمۇ كۆلۈم، سۈپسۈزۈك سۇلىرىڭدا ئۈزۈپ ئوينايدىغان، قۇملىرىڭدا ئېغىنايدىغان ئاشۇ ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا يادىڭدىمۇ؟ مەن...يادىڭدىمۇ؟

كۆل سان ـ ساناقسىز كۈمۈش چەمبىرەكلەرنى ھاسىل قىلىپ، خۇددى ”يادىمدا، يادىمدا“ دېگەندەك شىۋىرلىدى.

ـ ماڭا قارا كۆلۈم، مەن ئۇنى قايتا تېپىۋالغان، چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغاندىم، ئەمما ئۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى، ئەبەدىي چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ساڭىمۇ، ماڭىمۇ تەۋە ئەمەس، ئاھ، ھىجران ئازابى نەقەدەر يامان ـ ھە.

كۆل مەيىن شاملى بىلەن چىكىلىرىمنى سىيلاپ، ماڭا تەسەللى



www.uyghurkitap.com

بەرگەندەك قىلدى. مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ پاك، ئوتلۇق تۇنجى مۇھەببىتىمنى ئاشۇ كۆل سۈيىگە كۆمۈۋەتتىم.

ئەمدى مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. شۇڭا ئاپام تاللىغان لايىقنى تۈزۈكرەك چۈشەنمەي، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇنىڭغا تەقدىرىمنى تاپشۇردۇم.

توي قىلغان دەسلەپكى يىللىرىم ئۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىق، تەكتۈشلەر قاتارى بەس-بەستە ئۆي ياساش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىلغا ئالغۇسىز ئۇششاق-چۈششەك ھەۋەسلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بالىلىق بولدۇم. بالىلىرىمنىڭ، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرىنىڭ، كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئاپامنىڭ غېمى بېلىمنى رۇسلىغىلى، خام خىياللارغا بېرىلگىلى قويمايتتى. ئاخىرى ئاپام ئۈچ سىڭلىمنى ماڭا تاشلاپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. بىرەر يىلغىچە يىغلاپ-قاقشاپ يۈردۈم. بۇ جەرياندا ئېرىمنىڭ يول مېڭىشى بىلەن چوڭ سىڭلىمنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇق. قالغان ئىككىسى تېخى كىچىك، مېھرىبانلىققا، بېقىشقا موھتاج ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئېرىم مېنىڭ ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن ئېغىرچىلىقلىرىمغا غىڭ قىلىپ قويمىدى، سىڭلىلىرىمغا ياخشى قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھەسسىلەپ ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشتىم. لېكىن، كۆڭلۈمنى ھەرقانچە ئاقتۇرساممۇ، ئۆز-ئۆزۈمنى ھەرقانچە ئەيىبلىسەممۇ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مىننەتدارلىقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆچلۈك مۇھەببىتى، ئەقىدىسى ئالدىدا قەلبىمدىكى سوغۇقلۇق، يىرگىنچىنى تىزگىنلىيەلمەي ئازابلىناتتىم، خىجىل بولاتتىم. مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى ئۇمۇ سەزمەي قالمىغانىدى. كېچىلىرى كۆلدانىنى

ياستۇقنىڭ بېشىغا قويۇۋېلىپ، ئۆزمەي تاماكا چېكەتتى. بەزى ـ بەزىدە بوغۇق ئاۋازدا: ”مەن بىلمەن، سەن مېنى ياخشى كۆرمەيسەن، مېنى ياراتمايسەن“ دەپ ئۇزاقىچە جىمىپ كېتەتتى. بۇ سۆزلەر مېڭەمگە كىرىۋېلىپ، قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ ئارامىمنى بۇزاتتى. ئۆزۈمچە نېمىدىندۇر قورقۇپ، تولغىنىپ، تاڭ ئاتقۇچە يوتقانىنى بېشىمغا پۈركەپ ئۈن ـ تىنسىز يىغلاپ چىقاتتىم.

ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغان يىلى بىرنەچچە دوستۇم ئارقا ـ ئارقىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ئۆچكەن ئۈمىد يۇلتۇزلىرى پاللىدا چاقناپ قالدى. مەن ئەينى يىللاردا مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ئىككى يىلدا يېزىدا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىم ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە كۆزۈم يېتەتتى. ئەمما بالىلىرىمنى، ئۆيۈمنى ئويلىسام كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشاتتى، قىسقىسى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمەن، دەپ يوشۇرۇنچە تەييارلىق قىلىۋەردىم. ئىمتىھانغىمۇ قاتناشتىم. يازنىڭ ئاخىرىدا تىببىي ئىنستىتۇتتىن چاقىرىق قەغىزى كەلدى. قەغەزنى ئىشكاپنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىپ قويۇپ بىرنەچچە كېچە ئويلاندىم، ئانامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى سىڭلىمنىڭ قولىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغان چاغدىكى يېلىنىش، ئۈمىد ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى، كىچىك ئوغلۇمنىڭ باغرىمغا مەھكەم يېپىشىپ، كۆكسۈمنى قاتتىق ـ قاتتىق تارتىپ ئېمىشلىرى، بىردەم يوق بولۇپ كەتسەم قىرقىراپ، بوغۇلۇپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.

ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ، ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ قايىنىمىدا

ئۇزاق تېپىچەكلىگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇقۇشقا بېرىش نىيىتىدىن يالتايدىم. قەلبىم ئاسمىنىدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئاخىرقى بىر تال يۇلتۇزمۇ ئۆچتى. مەن ئەمدى ئەتىدىن كەچكىچە بىر ئېغىز سۆز قىلمايدىغان، كۈلمەيدىغان، ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدىغان، ئىنتىلمەيدىغان، ئۇچامدىن ياغلىشىپ كەتكەن يوپكا، پۇتۇمدىن ئۆكچىسى مىجىلىپ كەتكەن كونا ئاياغ چۈشمەيدىغان ھەققىي ئائىلە ئايالىغا ئايلاندىم. ئاندا ـ ساندا ئەينەككە قاراپ قالغان چاغلىرىمدا چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان موماي سىنىدىكى ئايالنى كۆرەتتىم. تېخى مەن ئاران 26 ياشتا ئىدىم.

بىركۈنى ئەخمەتنى ئىدارىسىگە، سىڭىللىرىمنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشكاپتىن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ، ئۇزاققىچە سىيلاپ ئولتۇردۇم. ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇنى يىرتىۋەتكۈم، كۆيدۈرۈۋەتكۈم كەلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگەن دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم بىلەن باراۋەر ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر نەرسە ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق بىر پارچە قەغەزگە ئېرىشىشنى ئوڭۇمدا ئويلاپ باقمىغان، چۈشۈمدە كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇنداق خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇرسام، سىرتتا كىچىك بالىنىڭ قىرقىراپ ئاچچىق يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چوڭ ئوغلۇم ئۇكىسىنى ئويناتقىلى ئەپچىقىپ كەتكەنىدى. شۇلارغا بىر ئىش بولغانىمىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئۇ يەردىن چوڭ يولغا، بالىلىرىم ئوينايدىغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسىگە باردىم. تاپالماي پۇت ـ قولۇم تىترىگەن ھالدا قايتىپ كەلسەم، ئىككىسى ئىشىك ئالدىدا ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەخمەتمۇ قايتىپ كەلگەنىكەن، ئۇ

www.uyghurkitap.com

شىرەنىڭ ئالدىدا ھېلىقى چاقىرىق قەغەزنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. يۈرد-كىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە ئۇنىڭ بىرنېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ جىممىدە تۇردۇم. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى. كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، چۆچۈش، سەل-پەل نارازىلىقمۇ بار ئىدى.

— قاچان كەلدى؟

— خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى...

— نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭ؟

— ھامان بارمىغاندىكىن...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرىدا پاراڭلاشمىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن ئاشۇ ئىشنىڭ خىيالىدىن كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇردۇم. ئاخشىمى ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— زۆھرە، مېنىڭچە سەن بېرىپ ئوقۇپ كەلگىن، مۇنداق ...ئىمتىھاندىن ئۆتمەك ئاسان ئىش ئەمەس...ھەم كېيىنلىكىڭنى ئويلىغاندا...

— ئۆيچۇ؟ بالىلارچۇ؟ — مەن دەرھال سورىدىم.

— مەنمۇ ئويلاندىم، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — سەھرادىكى ھاممامنى ئۆيگە ئەكىلىۋالايلى، ئۆزىمۇ بالا-چاقىسى يوق قىينىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا... سەن پات-پات كېلىپ بالىلارنى يوقلاپ تۇرساڭ بولار...

— سىز نېمىدېگەن ياخشى ئادەم!

مەن تۇنجى قېتىم ئۆزلۈكىمدىن ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، خىرتىلداپ يىغلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى چىپپىدە ھۆل قىلىۋەتتىم.

مەن ئاشۇ ئوقۇشنى ئەخمەتنىڭ ماڭا قىلغان ئىنئامى دەپ بىلدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا ماڭا ئوقۇش نەدىدى!

...دەرسلىرىمىز ئېغىر ئىدى. بەش يىلنى سىنىپ، ياتاق، ئاشخانىدىن باشقا يەرگە بارماي، ئۆگىنىشتىن باشقىسىنى ئويلىماي دېگۇدەك ئۆتكۈزدۇم. گاھى-گاھىدا بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىم يۈسۈپ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ قېلىشاتتى، مېنى ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزۈشەتتى. مەن بۇنداق پاراڭلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. ئەخمەت مېنىلا ئەمەس سىڭىللىرىنىمۇ بېقىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا قەرزدار، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى ئويلىسام بەكمۇ ۋىجدانسىزلىق قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلايتتىم. شۇنداقتىمۇ بەزى-بەزىدە كوچىلاردا جۈپ-جۈپ بولۇپ يېتىلىشىپ يۈرىدىغان ئاشىق-مەشۇقلار، بەختلىك ياش ئەر-خوتۇنلار، ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئوتلۇق بېقىششلىرى، ئۈيۈلۈپ قېپقىسىزىل بولۇپ كېتىشلىرى، ئىزتىراپلىرى... مېنى بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئەسلىمىسىگە غەرق قىلاتتى. مۇنداق چاغلاردا يۈرىكىم ئاغرىغاندەك بولاتتى. يۈرىكىمنى مۇجۇپ ئاغرىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارقىلىۋاتقان ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتنى كۆچۈمنىڭ بارىچە تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ، بېشىمنى سىلكىپ-سىلكىۋېتىپ، قولۇمغا كىتاب ئېلىۋالاتتىم.

بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ ئوغلۇم 4-سىنىپقا كۆچتى، كىچىكىمۇ مەكتەپكە كىردى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يازدا ئۇنتۇرانچى سىڭلىم ئالىي مەكتەپكە چىقتى. ماڭا پەقەت ئەخمەتلا

ئۆزگەرمىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك ئاددىي كىيىنىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىمدە: ھەي، بۇ بىچارە ئۆمرىدە تۇرمۇشتىن خۇشلۇق كۆرمىگەن، بىرەر ئايالنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەمغۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ئۆز - ئۆزۈمگە ئۆمۈرۋايەت ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتىمەن دەپ ئەھدە قىلاتتىم.

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنىپ، تۇنجى مۇئاشىمنى ئالغان كۈنى ئۇنىڭغا بىر قۇر شىم - كاستۇم سېتىۋالدىم. ئەمما شۇنچە زورلاپمۇ كىيدۈرەلمىدىم. ئۇ بۇ كىيىمنى كىيىۋالسام قاتۇرۇپ قويغاندەك يۈرسەم بولىدىكەن، ھېچ ئىش قىلالمايدىكەنمەن، دەپ ساندۇققا بىر سېلىپ قويغان پېتى ئالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدىكىلەردىن كەسپىي ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا زۆرۈر ماتېرىياللارنى تېپىپ ئەكىلىپ بەردىم ھەم ئۇنى ئۆينىڭ ئىشىنى ئويلىماي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا دەۋەت قىلدىم، ئەمما ئۇ: "كىتابقا قارىسام كۆزۈم تورلىشىدىكەن" دەپ قولىغا كىتاب ئېلىشنى خالىمىدى، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم كەسپىمنى ئۆزگەرتىپ ياغاچچى بولىمەن، ماڭا شۇ ئاسان، دەپ يۈردى. دېمىسىمۇ مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ كىتاب ياكى گېزىت ئوقۇغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ كىتابلىرىمغا ھۆرمەت، ئەيمىنىش بىلەن قارايتتى. مۇنداق ئادەمگە نىسبەتەن بىر كۈچەپلا نەچچە يۈز سوئالنى تەكرارلىماق، يادلىماق ئوڭاي ئەمەس - تە. دېگەندەك ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن-لىكى ئۈچۈن كەسپىي ئۇنۋان ئالالمىدى، ياغاچچىمۇ بولالمىدى. ئەمما بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆتە يەككە - يېگانە، جىمغۇر بولۇپ كەتتى.

مەن گاھى ـ گاھــدا ئۇنى ئۆيــگە ئىزدەپ كېلــدىغان خىزمەتداش ـ لىرىنىڭ سۆز ئۇرامىدىن ئۇلارنىڭ ئۇنى سەل كەمــستىۋاتقانــلىقىنى سېزەتتىم. ئۇلار ئىلگىرىمۇ ئەخمەتكە شۇنداق مۇئامــلە قىلــشاتتى. ئۇ چاغدا ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيتتىم. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىنى ھار ئالاتتىم. ئەكسىچە، ئەخمەتنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەجىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىمدە بېشىمغا بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ كېتەتتىم.

مەن يېڭى خىزمەتكە تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتىم، مەنــدىن ئىلــگىرى دوختۇرخانىمىزدا يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكــلىرى بويىچە مەللىي دوختۇر يوق ئىكەن. يېزا ـ قىشلاقــلاردىن كەلگەن كېسەلــلەر بىلەن خەنزۇ دوخــتۇرلار ئوتتۇرىــســدا تىل ئۇقۇشــماسلىق سەۋەبــدىن بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكــلەر، چۈشــىنىشمەســلىكــلەر، ھەتــتا ئاجايىپ كۈلكىــلىك ئىشــلار بوپتــىكەن. شۇڭا مېــنىڭ بۇ ساھەگە كىــرىپ كېلىشىمــگە ھەمــمە كىــشى ئۈمىد بىلەن قاراشــتى. مەن ئۈستۈمــگە يۈكلەنگەن مەســئۇلــيەتــنىڭ ئېغىرلــىقــنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھېس قىلغان ھالــدا ئىشــقا، توغرىــراقى ئۆگــىنىشــكە كىــرىشــتىم. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىپلا قالماي، ئاخشاملىرى بىر ۋاقىتلارغىچە كىتاب ۋاراقلاپ، خاتىرە يېزىپ ئولتۇراتتىم. دوختۇرخانىدا ئېچىلغان كۇرســلاردا ئوقۇپ ئىنگــلىزچــىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە يامــدايــدىغان بولدۇم. بارا ـ بارا سىڭدۈرگەن ئەجرىمــنىڭ نەتىجــىسى كۆرۈلۈشكە باشــلــدى. بىرنەچــچە خىل يېڭىــچە داۋالاش ئۇسۇلى ئۈستىــدىكى سىناقلىرىم نەتىجە قازىنىپ، دوختۇرخانا بويىچە كېڭەيتىلــدى. مەن ئەمدى كېــسەلــلەرنىڭ كۆزلــرىــدىنــلا ئەمەس، ئىشداشــلىرىمــنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنى سېزەتــتىم. بۇ ساھەدىــكى بەزى

پېشقەدەملەر ماڭا ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. مەن ئاشۇ باھالاردىن شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ھەسەتلىرىدىن ئۆز قەدىر-قىممىتىمنى، كۈچۈمنى ھاياتتىكى تېگىشلىك ئورنۇمنى تونۇپ يەتكەندىم. ئۆتكەندىكى جاپالىق يىللار چۈشتەك بىلىنەتتى. كىچىك سىڭلىم بىلەن چوڭ ئوغلۇمنى ئارقا-ئارقىدىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئۇزىتىپ، يەلكەمدىكى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغانىدىم. قىسقىسى، ھەممە ئىشىم ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشۇم ئىزىغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. پەقەتلا ئەخمەت بىلەن ئارىمىزنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يىراقلىشىش قاچان باشلانغاندىكىن، بەلكىم مەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن تارتىپ باشلانغاندۇ. مەن خىزمەتتىكە، كىتابلىرىمغا قانچە ئۆزۈمنى ئۇرسام، ئۇ ھاراققا ئۆزىنى شۇنچە ئۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇمغا گۇمانىي نەزەردە قارايدىغانلىقىنى، گەپلىرىمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قولاق سالىدىغانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇ ھاراققا بېرىلگەندىن بېرى بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۈلپەتلىشىۋالغانىدى. پات-پاتلا ئاشۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشقىچە كۆرەڭلىگەن ئاھاڭدا مېنى سەي قورۇشقا، تاماق ئېتىشكە بۇيرۇيتتى. بىر قېتىم تېخى ئاغىنىلىرىگە "چوڭ دوختۇر بولسا ئۆزىگە، مەن دوختۇرنى تونۇمايمەن، خوتۇننى تونۇيمەن. مەن خوتۇننى كىرىمنى يۇيىدۇ، تامىقىمنى ئېتىدۇ دەپ ئالغان. شۇ تاپتا غىدىلىڭ-پىدىلىڭ قىلىپ باقسۇنچۇ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا كېلىنغا دەسسىمەي قويمايمەن" دېگىنىنىمۇ ئاڭلىدىم. بىر كۈنى چۈشتە بىر ئېغىر كېسەل بىلەن بولۇپ قېلىپ ئۆيگە ۋاقتىدا قايتالمىدىم. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئىشنى تۈگىتىپ ھېرىپ-

ئېچىپ ئۆيگە كەلسەم، بىر چوگون چايمۇ قاينىتىپ قويـماي ئوتدا يېتىپتۇ. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ:

— سىزمۇ ئادەمـغۇ، ھېچ بولـمىسا بالىلار بىلەن ئۆزىـڭىزنىڭ قورسـقىنى تويـغۇزۇپ ئولـتۇرسـڭىز بولماسمىـدى؟ — دېيىشىمگە سەكرەپ قوپتى:

— ھە، ئەمدى كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ سەن پىتىلىقنى، سىڭىللىرىڭنى مەن باقمىدىممۇ؟ ئوقۇتمىدىممۇ؟ ئەمدى ئاشپەزلىكنى قىلىش قالدىمۇ ماڭا؟

ئارىـمىزدىـكى ئۆزئارا ھۆرمەتـنىڭ ئاخىرقى بىرقات پەردىسىمۇ ئەنە شۇنـداق يىرتىپ تاشلانـدى. شۇنىڭـدىن كېيىن ھە دېسىلا ئۇرۇش - جېدەل، "مەن سېـنى ئوقۇتـمىـدىمـمۇ؟ سىڭىلـلىرىڭـنى باقمىدىممۇ؟" دەيدىغان تاپا - تەنە... بەزىـدە قاپاقلىرىم يىرىلىپ، يۈزلىرىم قان ئۇيۇپ قىـزىرىپ كەتـكەنلىكتىن ھەپتىلەپ ئىشقا بارالمايدىغان چاغلىرىممۇ بولاتتى. ھېچكىم مېنى چۈشەنمەيتتى. ھەممىلا ئادەم "راست ئەمەسـمۇ، ئەخمەت سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئېغىرىنى سىز كۆتۈرۈشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭ ئالدىدا كەمتەررەك بولۇڭ" دېيىشەتتى. بۇنـداق سۆزلەردىن غەققىدە بولۇپ كېتەتتىم. مۇنداق مىننەت قىلىدىغان ئادەم ياخشىلىق قىلىپ نېمە قىلىدۇ، قۇرۇپ كەتـسۇن ئۇ ياخشىلىقلىرى! ئەخـمەت بولمىغان بولسىمۇ ئاچا - سىڭىل تۆتىـمىز ئۆلۈپ قالمايتتۇق، دەپ ئويلايتتىم. راست ئەمەسـمۇ، ھەمـمە ئادەم ئەخمەتنىڭلا تەرىپىنى قىلىدۇ، مېنى ھېچكىم ئويلاپ قويمايـدۇ. مۇشۇ كۈنـگە قەدەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئويلاپ بېقىپتىمەنمۇ؟ مەنـمۇ باشقىلاردەك ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە تېگەلىگەن، بىر كۈن بولـسىمۇ ھەقىقىي

مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولالىغان بولسام ئۆلۈمگىمۇ خۇشاللىق بىلەن رازى بولماسمىدىم.

ئايال خىزمەتداشلىرىم بەس - بەستە ياسىنىشاتتى. ئۇيۇن - تاماشىدىن قالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ جان باقىدىغانلىرىمۇ، ئاياللىقىغا، چىرايىغا، ناز - خۇلقىغا تايىنىپ جان باقىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەرلىرى بىلەن ئەپئىناق ئىدى. ئەرلىرى بىلەن چىرايلىق ياسىنىشىپ توي - تۆكۈنلەرگە بېرىشاتتى. بەزى ئەرلەر مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ بېقىشقا ئۇرۇنۇشاتتى. مەن مۇنداق شاللاق ئەرلەرنى ياقتۇرمايتتىم. توغرىسى، ھېچبىر ئەركىشى مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇھەببەت ئويغىتالمىغانىدى. مەن ئەتراپىمدىكى رومانتىك ئىشلارغا سوغۇققانلىق بىلەن قارايتتىم. بەزىلەرنىڭ مېنى ھېسسىياتسىز، ئىچى قۇرۇق ئايال دېيىشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتىم. مۇشۇنداق قىلغىنىمغا قارىماي ئەخمەتنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى، گۇمانىي قاراشلىرى خورلۇقۇمنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭغا: "ماڭا قارىغىنا ئەخمەت، مۇشۇ كۈنلەردە سەن نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن؟ سەن مېنى نېمىشقا بۇنچە قىينايسەن؟ ئىككىلىمىزنىڭ يېشى بىر يەرگە باردى، باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. مۇنداق يۈرۈش ئۇيات ئەمەسمۇ؟" دېيىشنى ئويلايتتىم، ئەمما مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىدىغان پۇرسەت ئۇزاقىچە كەلمىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى يوتقاننى پۇتۇمغا يېپىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز دېرىزە قاپقىقى تىرىقلاپ قالدى. ئارقىدىن بوش ئەمما خېلى ئېنىق قىلىپ ئۈچ قېتىم چېكىلدى. قارىغاندا بۇ خۇددى بىرسىنىڭ شەرتلىك بەلگىسىگە ئوخشايتتى. مەن بىرەر - سىنىڭ چاقچىقى ياكى ئەخمەتنىڭ چالا مەس ئاغىنىلىرىنىڭ قىلىقى

بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئارىدىن 15 مىنۇتلار ئۆتكەندە ئەخمەت كىرىپ كەلدى. تۇرقىدىن مەسىلەك قىلاتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ ئالدىمغا كەلدى:

ــ ھە، دوختۇر خانىم، ماڭا گەپ قىلغۇلىرىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، پۇتۇمنى يۇيىدىغان ئىسسىق سۇ ئەكەلسىلە، ماۋۇ كىتابنى... ماۋۇ كىتابنى...

ئۇ قولۇمدىكى كىتابنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئاتتى، ئارقىدىن ئۇنى دەسسەشكە باشلىدى. ئاچچىقىمدىن تىترەيتتىم. ئەمما گەپ قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسام زىيانىنى ئۆزۈم تارتىمەن. يۈز ـ كۆزلىرىمنى كۆكەرتىپ، نەچچە كۈنلەپ كارىۋاتتىن قوپالماي ياتىمەن. قىيا ـ چىيانى تولا ئاڭلاپ قوشنىلىرىمىنىڭ قۇلىقى پىشىپ كەتكەن، كىمنىڭمۇ ئىسسىق يوتقاندىن چىقىپ، خەقنىڭ يوقىلاڭ ئىشىغا ئارىلاشقىسى كەلسۇن. ئارىلاشقان تەقدىردىمۇ، نېمە دەيدىغىنىنى ئوبدان بىلىمەن: "قويۇڭ، زۆھرە، ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشى بىلەن تەڭ بولغىنى نەدە بار، ئېغىرلىق قىلىڭ... ئەخمەت سىزنىڭ ئېغىرلىقىڭىزنى كۆتۈرگەن، ئەمدى سىز..." گەپ ـ سۆز قىلماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ داسقا سۇ تەڭشىدىم. سۇنى ئالدىغا ئەكەلسەم، سوزۇلۇپ ياتقان يېرىدە ۋارقىرىدى:

ــ ئايىغىمنى سالدۇرۇۋەت، پۇتۇمنى يۇ!

كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ داستىكى سۇغا تاماتتى، مەڭزىلىرىمنى بويلاپ ئاغزىمغا قۇيۇلاتتى. گۇيۇلدەپ تەر پۇراپ تۇرىدىغان پايپاقلىرىنى تارتىپ سالدۇرۇۋېتىپ، كۈچۈم يەتسە تاپاقنىڭ تەمىنى مەنىمۇ ئۇنىڭغا تازا بىر تېتىتىپ باقسام، دەپ ئويلاپ كەتتىم.

ئەتىسى ئاخشىمىمۇ دىرىزىنى بىرسى چەكتى، ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ پالاق - پۇلۇق قىلىپ يۈگۈرگىنى ئاڭلاندى. ئەخمەت تالادىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەنچە مېنىڭ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— دىرىزىنى چەككەن كىم؟ راستىڭنى ئېيت. بۇزۇق! ئېيتە، ئاشناڭ زادى كىم؟ مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپلا قاچتىمۇ، ھە، كىم ئۇ قاچقان؟

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردىم. ئۇ قاراشلىرىمغا چىدىماي مەگزىمگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى، مەن دەلدەڭشىپ بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدىم. مەگزىم كۆيۈشۈپ ئېچىشىپ كەتتى، پەرۋا قىلمىدىم. قولۇم بىلەن سىلاپمۇ قويمىدىم. ئەتىسى ئاخشىمى مەن دىرىزىنى بوشلا يېپىپ قويدۇم. ئەپچىل كالتەكتىن بىرنىمۇ تەييارلىدىم. ئەمما بۈگۈن "مېھمان" ئۇزاقىچە كەلمىدى. ئۇخلاشقا تەمشەلگەنىدىم، دىرىزىنىڭ ئارقىسىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس قەدەم تىۋىشى كەلدى. تاك - تاك قىلغان ئاۋاز بىلەنلا دىرىزىنى شارتتىدە ئېچىۋەتتىم ۋە ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدىم. كالتەك تۇتقان قولۇم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. ئاينىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرى ئەخمەتنىڭ چىرايىنى ئوپئوچۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاشۇ بىر دەقىقە ئىچىدە مەن ئۇنىڭ غەلىتە بىر ھەۋەسنىڭ ھاياجانلاندۇرۇشىدا پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى، شالاڭ، قىسقا بۇرۇتلىرىنى، مەنىسىز ھىجايغان لەۋلىرىنى كۆردۈم. ھاياتىمدا مۇنداق رەزىل چىرايىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم. ئۇ ھى - ھى لاپ كۈلۈپ بىرنېمىلەرنى دېدى، نېمە دېگىنىنى چۈشەنمىدىم. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتىم. دىرىزىنى قانداق قاتتىق ئاچقان

بولسام، شۇنداق يېپىۋېتىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ لاسسىدە بوشاپ، خېلىلا ياۋىشىپ قالدى. بىر ئاخشىمى غەرق مەست ھالدا بېشىمغا كېلىپ:

— زۆھرە، جېنىم خوتۇن، مەن سېنى خاپا قىلدىم، سېنى خارلىدىم، مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم. گۇناھىمدىن ئۆتەمسەن؟ ئۆتمىسەڭمۇ مەيلىڭ، مەن ئەسلىدىنلا سېنىڭ لايىقىڭ ئەمەس ئىدىم. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق... شۇڭا... شۇڭا مەن سەندىن ئەنسىرەيمەن... خەقلەر خوتۇنۇڭ پالان ـ پۈكۈن دەپ قالامدىكىن دەپ...

ئۇ كېيىنكى ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا تۇرغان يېرىدە مىڭ چۈشۈپ، خورەك تارتىشقا باشلىدى. كېيىملىرى، چالا ئاقارغان چاچلىرى پاتقاق، قۇسۇق بىلەن بۇلغانىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز ئىچىلگەن ھاراق، تەرتىپسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ چىرايىنى بۇزۇپ، پېشانىسىدە، كوزلىرىنىڭ ئەتراپىدا، جاۋغايلىرىدا قات ـ قات قورۇقلار پەيدا قىلغانىدى. مانا ئۇ مېنىڭ ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى. قانچە زامانلار بولدى ئىككىمىز يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ چىرايلىقچە مۇڭدىشىپ باقمىغىلى، بىر ـ بىرىمىزگە ئەھۋالىڭ قانداق دېمىگىلى، ئەجەبا ئۇ بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ مەنچۇ، مەن ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ بىر ۋاقىتلاردا ئاجىز، تايانچىسىز ۋاقىتلىرىمدا ئۇ ماڭا كۆپ مېھرىبانلىق، خەيرخاھلىق قىلغان، ھېسابسىز ياخشىلىقلارنى قىلغان. بەلكىم ماڭا ۋە سىڭىللىرىمغا باشپاناھ بولۇش ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى ئۇرغۇتقان، ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتقان، ئۇنىڭ روھىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى چاقناتقان بولغىيدى. كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش

بولدى. ئۇ خىزمەتتە ئىلگىرى باسالمىدى. ئائىلىدىمۇ ئىككىنچى ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئائىلىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بويىچە ئوڭشاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردىيۇ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئىنسان ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك. ئاشۇ ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلى ئۇنىڭدىكى ئەر كىشىلەرگە خاس غۇرۇر — روھىي تۈۋرۈك پاچاقلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەرسالىق، غەزەپ ۋە ھەسەت باش كۆتۈردى... مەنچۇ؟ مەن ئۇنى راستىنلا ياراتمايدىغان بولۇپ قالدىممۇ؟ ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك ياردىمىنى بېرەلمىدىممۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق ئەيىبلىيەلمەيمەن. بەزىدە مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسام بۇ بەختسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمەسمىدىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ياق، گەپ بۇ يەردىمۇ ئەمەس، مۇھىمى ئىككىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش، ئەقىل-پاراسەت، مىجەز-خۇلق، ھەۋەس-قىزىقىش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئادەم ئىكەنلىكىمىزدە، ئەسلى ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئىنتايىن زور خاتالىق بولغان ئىكەن. شۇنچە يىللار ئۆتتى، ئىككىلىمىز تېخىچە روھىي ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلالماي كەلدۇق. ئۆمۈر ئاتقان ئوق، ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟! ئەمدى مۇندىن كېيىنكى چەكلىك ئۆمرىمىزنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزەرمىز، ئەپلىشىپمۇ قالارمىز، بىرلىكتە ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلەرمىز، بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولار. ئەمما مۇھەببەتلا بولمايدۇ. مېنىڭ پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەن. تەقدىر ماڭا ئاجايىپ يۈرەكنى بەرگەنۇ، مۇھەببەت

بەرمىگەن، ئامال قانچە.

بىركۈنى ئاخشىمى ئەخمەت بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. ئۇ مېھمان باشلاپ كەلگەنىدى.

— خوتۇن، بۇ ياققا چىق، مانا بۇ مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ قوي، ئۇ سېنى تونۇيدىكەن!

يۇيۇۋاتقان كىرىمنى تاشلاپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتىم-يۇ، گويا خىيالىي بىر مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم.

كۆزلىرىمدىن ئۇچقۇنلاپ چاقناپ، ئۆزي پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يىقىلىپ چۈشمەي دەپ ئىشىك كېشىكىگە يۆلىنىۋالدىم. ئاھ، خۇدا، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي! ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈسۈپ كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. چوڭ شەھەر پاسۇنىدا رەتلىك، ئازادە كىيىنگەن، ئاقىرىپ تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەن يۈسۈپ ئالدىمدا تۇراتتى. خۇشامەتلىك كۇلۇمسىرەپ ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىۋاتقان مېنىڭ ئېرىم ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچىلا ۋىجىك، بىچارە كۆرۈنەتتى.

— ۋۇي، زۆھرەمۇسىز، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ نېمە؟

يۈسۈپنىڭ ئاغزىدىن گۈپپىدە ھاراق پۇرىقى كەلدى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— ھە. سىز يۈسۈپقۇ... تېنىڭىز سالامەتمۇ، ئۆي ئىچىڭىز تىنچ-ئامانلىقمۇ؟

خىيالىمدا تالاي قېتىم ئاجايىپ قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن بۇ كۆرۈشۈش ئەنە شۇنداق ئاددىي ئۆتتى. ئۇ يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. بىردەم ھال-ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، مەن ئۆزرە

سوراپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتىم. بۇ قىسقىغىنا ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى مەندىن بىرپەسمۇ ئۈزمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇردۇم. چاللا كەيىپ بولۇشۇۋالغان ئىككى ئەر كىشى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەن ئاشخانىدا تاماققا تۇتۇش قىلدىم. كۆڭلۈمدە سەي-تاماقنى تازا ئوخشىتىپ ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىۋېلىشنى ئويلايتتىم. بۇ ئىستەك شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكىن، قوللىرىم تىترەيتتى. ھېلى قويغان نەرسەمنى ھېلى تاپالماي ئاۋارە بولاتتىم، ئەزەلدىن بەك ھاياجانلانغان ياكى بىر ئىشقا خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا قولۇمدىن قاچا-قۇچا چۈشۈپ كېتىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. مانا بۈگۈن ھەش-پەش دېگۈچە تەخسىدىن ئىككىسىنى چېقىپ بولدۇم. ئەخمەت قاچا-قۇچا چېقىلسا بەك خاپا بولاتتى. باياتىن بېرى بىرقانچە قېتىم ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، ماڭا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى. بۇ قاراشلار بۈگۈن ماڭا تەسىر قىلمايتتى.

سەيلەرنى داستىخانغا تىزىپ، پىيالىلەرنى تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، جوۋاۋىغا تۇتۇش قىلدىم. ئولتۇرىمەن. نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. قۇلىقىم تۈۋىدە پويىز چاقلىرىنىڭ بىر خىل تاراقلىغان ئاۋازى. يۈسۈپ ماڭا يىراقتىن تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئەنە ئۇ ئالدىمغا كەلدى. ئۆمۈرۋايەت يادىمدىن چىقمايدىغان ئاشۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەن: "مەن تېخى سىزنى ئاخشام پويىزدىن چۈشۈپ قالدىمىكىن دېگەنىدىم... قارىغاندا يولىمىز بىر ئوخشايدۇ-ھە؟" دېدى. مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ "ھەئە، يولىمىز بىر، مەن سىزنى بىلمەن، ھاگگىرت كۆلىنىمۇ بىلىمەن" دەيتتىم... قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ قىممەتلىك خاتىرىلەر ئاستا-ئاستا، ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىغىچە روشەنلىشىپ جانلانماقتا ئىدى.

ئەخمەت ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى:

— زۆھرە، بىر بوتۇلكا هاراق ئەكىرىۋالاي، ماۋۇ يۇسۇپنى يالغۇز تاشلاپ قويما جۇمۇ. ئۇ دېگەن مېنىڭ جان ـ جىگەر دوستۇم دېگىنە...

ئۇ هويلىنىڭ ئىشىكىنى گۈپپىدە يېپىپ يىراقلاپ كەتتى. يۇرىكىم ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇشقا باشلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك قاپلىدى. قوللىرىمنىڭ تىترىشىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن پەرتۇقۇمنىڭ ئاستىغا تىقىپ مېھمانخانىغا چىقتىم ۋە يۇسۇپكە ئىلىك ـ بېقىڭ، دېگەچ بىر چەتتە ئولتۇردۇم.

يۇسۇپ بىر پىيالىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇنى گاھ دۇم كۆمۈرسە، گاھ پىرقىرىتاتتى، گاھ تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قارا قىزىل بارماقلىرى بىلەن شىرەنى بوش چېكىپ قوياتتى. بىرپەس قولايسىز سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، زۆھرە، سىز بەختسىز بولۇپ قاپسىز... كۆردىڭىزمۇ، بۇ دۇنيا شۇنداق ۋاپاسىز ئىكەن...

— سىز بىزگە ئوخشمايسىز... سىز بەلكىم بەختلىكتۇرسىز...

— نېمىسىنى ئېيتىسىز... بەختسىز دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەمەلىيەتتە، مەن ئەڭ بەختسىزدۇرمەن. ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا... قىسقىسى، مەن تەقدىرىمدىن رازى ئەمەس. مۇشۇ يىللار داۋامىدا مەن سىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. داۋاملىق... تۇرمۇشتىن، ئۇششاق ـ چۈششەك كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بىزار بولغان ۋاقىتلىرىمدا سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم. بەلكىم ئىككىمىزنىڭ باشتىكى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ئىككىلىمىزلا بەختلىك بولار ئىدۇق ـ ھە؟

— ئەمدى ئۇ سۆزگە ئورۇن بارمۇ، يۇسۇپ؟ قانداق قىلىمىز،

تەقدىر ـ قىسمەت ئالدىدا ئىنسان ئاجىز ئىكەن...

— مەن سىزنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىڭىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئېسىڭىزدىمۇ... بوپتۇ، تەقدىر بىز بىلەن قېرىشسا ـ قېرىشىۋەرسۇن بىزمۇ قېرىشىپ باقايلى...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى. مەنمۇ كۆتۈرمىدىم. بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراشتىن، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن قورقاتتۇق. ئەخمەت قايتىپ كەلگۈچە شۇ ھالەتتە ئولتۇردۇق.

شۇ كۈنى يۈسۈپ كېچە سائەت 12 لەرگىچە ئولتۇرۇپ قايتتى. ئۈرۈمچىگە قايتقۇچە يەنە بىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەمما كېلەلمىدى. ئۈرۈمچىدىن خېتى كەلدى. خەتتە ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپلا خىزمەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. بىزدىن ھال سوراپتۇ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ.

خەتنى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇنچە ساقلاپ قويدۇم. پات ـ پاتلا ئۇنى تىقىپ قويغان يېرىمدىن ئېلىپ سىيلاپ كېتەتتىم، مەڭزىمگە، لەۋلىرىمگە ياقاتتىم. خەتتىن يۈسۈپنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولاتتىم.

دېمەك، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىمدە تۇنجۇقۇپ كەلگەن ھېسسىيات بىردىنلا توغان ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى شىددەتلىك سۇدەك ۋۇجۇدۇمنى داۋالغۇتۇشقا باشلىغانىدى. ئەمدى ئۇنى توسۇشقا مەن قادىر ئەمەس ئىدىم. شۇڭا بەختسىز ئەخلاقلىق ئايال بولۇشتىن، بەختلىك ئەخلاقسىز ئايال بولۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم. مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئۆزۈمنى، ئۆز بەختىمنى ھېسابقا ئالمىغانىدىم، ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي قۇربان قىلىۋەرگەن ئىدىم. ئەمدى ئېشىپ قالغان ئازغىنا بەختىمنى، ۋەيرانە مۇھەببىتىمنى يەنە قۇربان قىلىۋېتىشكە چىدىمىدىم، زادىلا چىدىمىدىم، گويا سۇغا غەرق بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئاخىرقى بىر تال ياغاچقا جېنىنىڭ بارىچە يېپىشقاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتىم.

يۇسۇپكە جاۋاب خېتىنى ئۆزۈم يازدىم، ئەخمەتنىڭ نامىدا سېغىنىشلىرىمنى، ئارمانلىرىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى تونۇيدۇ، دېمەك مېنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. دەرۋەقە ئۇنىڭ جاۋاب خېتى ئىدارەمگە، مېنىڭ نامىمغا كەلدى. ئۇمۇ ئەخمەت ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز قەدىردان كىشىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى، ئوتتۇرىمىزدىكى پاك، قىممەتلىك دوستلۇقنىڭ گويا ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەن ئېسىل كىتابتەك، يىراقتىن ئاڭلاپ تۇرىدىغان يېقىملىق ناخشىدەك ئۇنى داۋاملىق مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى، سېغىندۇرىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئەمدىكى جاۋاب خېتىمدە نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، باتۇرلۇق بىلەن راست گەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان گويا يەر ئاستىغا كۆمۈپ ساقلانغان ئېسىل شارابتەك كۈچلەنگەن، ۋايىغا يەتكەن ساپ ھېسسىياتىمنى، قەلبىمگە يىغىلغان قانچە ـ قانچە سۆزلىرىمنى، ئېيتىشقا ئادەم تاپالمىغان مۇڭ ـ زارىمنى، كۆز ـ ياشلىرىمنى ئاشۇ خەتكە قالدۇرماي تۆكتۈم. خەت نەتىجىسىز بولۇپ قالسىمۇ، قەلبىمدىكى ئاشۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنى سۆيگەن ئادىمىمگە باتۇرلۇق بىلەن ئاشكارىلىيالىغىنىم ئۈچۈن ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم. ئەپسۇس... خېتىم ئەخمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ داۋاملىق يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىدىن تانمىدىم. ھەممە ئىش خۇددى سەن ئوقۇپ بىلگەندەك، دەپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ خېتىمنى كۆتۈرۈپ بارىدىغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە باردى، ئۇنى كۆرسەتمىگەن

ئادىمىمۇ قالمىدى. بەزى خىزمەتداشلىرىم: "پاھ، بۇ ئايالنى ھەيـ-يات دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەمدىكىن دېسەك، بالاكەنغۇ، بالا!" دېيىشىپتۇ. باللىرىم بىردىنلا مەندىن يىراقلاپ كېتىشتى. ئىچىمدە "ئاھ، جان-جىگەرلىرىم، تېخى سىلەر كىچىك، كېيىن بىلىسىلەر، خۇدا ساقلىسۇن، سىلەر ماڭا ئوخشاش بەختسىز بولۇپ قالماڭلار" دەيتتىم. قوشنىلىرىممۇ ئۆيۈمگە يولىماس بولۇشتى. كوچىدا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي كەينىمگە قاراپ سالسام، بەش-ئالتە خوتۇننىڭ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئاغزىلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم.

بىر كۈنى دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىردى. كىرسەم ئۇستەل ئۈستىدە مېنىڭ خېتىم يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. باشلىق خۇددى ناتونۇش بىرسىگە قارىغاندەك بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قاراۋېتىپ، ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى. ئولتۇردۇم. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنىڭ ئىسنى ئالدىرىماي پۈۋلىگەچ سورىدى:

— خەتتىكى ئىشلار راستمۇ؟

— راست، — دېدىم.

ئۇ يەنە بىر قېتىم بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قارىدى.

— دېمەك...شۇنچە يىلدىن بېرى ئاراڭلاردا مۇھەببەت يوق... شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— چوڭ بولۇپ قالغان بالىلىرىڭلار بارغۇ؟ مۇھەببەت بولمىسا...

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم:

— ھايۋانلاردىمۇ مۇھەببەت يوق، ئەمما ئۇلار ئەۋلاد قالدۇرىدىغۇ.

سۆزۈمنى تۈگىتىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ئىشىككە يوغان قۇلۇپ سېلىنىپتۇ. بۇ ئەخمەتنىڭ مېنى قوغلىغانلىقى ئىدى. دېمەك، بۇ ئۆيدە ئەمدى ماڭا ئورۇن قالمىغانىدى. شۇ كۈنى چوڭ سىڭلىمنىڭكىدە قونۇپ قالدىم. سىڭلىم كېچىچە يىغلاپ چىقتى. لېكىن مېنى يۈزۈمدىن – يۈزۈمگە ئەيىبلىمىدى، ئۇ مېنى چۈشەنسە كېرەك. مەنمۇ كېچىچە ئۇخلىماي ئويلاندىم. ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئۈرۈمچىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئۈرۈمچىگە بارىمەن. يۈسۈپنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا ھېلىقى ھېكايىنى — ھاڭگىرت كۆلىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالىنىڭ ھېكايىسىنى ۋە يەنە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ھەممىسى بولغان ئىشلار، يۈسۈپ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى. ئەگەر ئۇمۇ بۇ ھېكايىلەرنى ماڭا ئوخشاش يۈرىكىنىڭ قېتىدا ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئارمان بولسا، يوقاتقان بەختىمىزنى تېپىۋالىمىز. بۇ بەخت مەڭگۈلۈك بولامدۇ، بىر كۈن، بىر سائەتلىك بولامدۇ، ماڭا بەرىبىر، مەن ھاياتىمدا ئاشۇ بەختكە، ئاشۇنداق ئاجايىپ مۇھەببەتكە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېرىشسەم، بولدى. بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى كەچتە مەن پويىزغا ئولتۇردۇم. يولۇمدا نېمە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ئاقىۋىتىمنى، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم. خۇددى ئوت-يالقۇنغا ئۆزىنى ئاتقان پەرۋانىدەك، كۈن نۇرىغا تەلپۈنگەن ئەمادەك يوقاتقان مۇھەببىتىمنى ئىزدەپ كەتتىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

نۇردىھاجى ئابدۇغۇپۇر

# قۇتلۇق كېچە

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، قەدىرلىك ئانا؟ بۈگۈن دەرسىمنى تۈگىتىپلا ساڭا خەت يېزىشقا ئولتۇردۇم. كۆز ئالدىمدا سېنىڭ كۈلكە قاپلىغان مېھرلىك چىرايىڭ نامايان بولماقتا. شۇ تاپتا سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى پەقەت ئانىلىق مېھىر بىلەن پۈتكەن يۈرىكىڭلا تۇيىدۇ، ئانا. كىچىكلىكىمدە قورقسام، تەشۋىشلەنسەم، ئانا دەپ ۋارقىراپ سېنىڭ ھىمايىتىڭگە ئېرىشەتتىم. مانا ھازىرمۇ ھاياتنىڭ تەشۋىشى، قىسمىتى ئالدىدا سېنى يەنە چاقىرايمۇ ئانا؟ چاقىراي! چۈنكى مەن مەڭگۈ سېنىڭ ئالدىڭدا بىر قوزا. سەن بولساڭ مېنىڭ قوغدىغۇچۇم، شاپائەتچىم، مېھرىبان ئانامسەن. ئانا دەپ چاقىرسام ئانىلىق مېھرىڭ قەلبىمگە نۇر بولۇپ سىڭىپ، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت، غەيرەت بېغىشلايدۇ، ئۆزۈمنى ھىماتقا، يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندەك سېزىمەن، ئازابلىرىم تارقاپ، ۋۇجۇدۇمنى بىر يىللىق شادلىق ئېقىمى ئېرىتىدۇ.

قەدىرلىك ئانا، قەلبىمدىكى چىگىش خىياللارنى ساڭا قانداقمۇ بايان قىلارمەن. ھاياتنىڭ چۈشكە ئوخشايدىغان ئاجايىباتلىرى، ئىنسانىي بۇرچ، قېرىنداشلىق، يىگىتلىك ۋىجدان...يەنە ئوغلۇڭنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقى...مانا بۇلار توغرۇلۇق يازسام...ئاھ، ساڭا نېمە تارتقۇلۇق، نېمە ئانچىۋالا ئېغىر ئازابلار

بۇ، جىنىم ئانا؟

يازاي، قەدىرلىك ئانا، ئازابتىن خالاس بولايلى. شۇ چاغدا سەنمۇ قەلب مۇڭلىرىڭنى تۆكۈۋېتەرسەن. ئۇنىڭ ئورنىنى شادلىق، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قۇچار. ئاجىزلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق بىلەن تولغان يۈرىكىڭ دولقۇنلاپ تاشار. مېنىڭمۇ يۈرىكىمدىكى قايغۇ-ھەسرەت، ھودۇقۇش، تەشۋىشلەر تارقاپ ئازابلىرىم يېنىكلەر، جىنىم ئانا!

مۇشۇ تاپتا ئالدىمدا بىر قىز ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى مېھرىبانلىقنىڭ يېقىملىق نۇرلىرى بىلەن بېزەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ سەبىيلەرچە تەبەسسۇمى، ئوماقلىقى، ئاق قاردەك كىرسىز، قۇياش نۇرىدەك پاك قەلب ھېسلىرى بىلەن ماڭا ھەمراھ بولماقتا، ھالىمدىن خەۋەر ئالماقتا. ئۇ كىم، بىلەمسەن ئانا؟ ئۇ...ئۇ سېنىڭ كېلىنىڭ، مېنىڭ دىلكەش ئايالىم، ئازاب ھەم شادلىقلىرىمنىڭ شېرىكى...

ئەنە، ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرى غىللىدە كەلگەن ياش بىلەن نەملەندى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يالتىراپ، ئۇنىڭدىن سىرغىغان ياش تامچىلىرى مەڭىزلىرىنى سۆيدى، كۆزلىرى مۇڭ بىلەن تىكىلىپ، يۈزلىرى ئاقاردى، بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن يۈزىگە ئاستا-ئاستا قىزىللىق تېپىپ، ياش يۇقى كۆزلىرى جىلۋە بىلەن چاقنىدى، چىرايىدا ئاۋۋالقى تەبەسسۇم پارلىدى...ئۇ، خەتكە پۈتۈلۈۋاتقان قىسمەتلىرىگە ئېچىنىۋاتامدىكىن؟ پاناھقا ئىگە بولۇپ، خورلۇق-ئازابتىن قۇتۇلغىنىغا شادلىنىۋاتامدىكىن ياكى ئاچچىق ئەسلىمىلەر يۈرىكىنى ئەزدىمىكىن؟...

ئۇ مېنى رازى قىلدى، ئىلگىرىكى ئاچچىق ھەسرەت-ئازابلار

بىلەن زېدە بولغان يۈرىكىم ئۇنىڭ ئاياللىق مېھرى بىلەن ئاستا-ئاستا شىپا تېپىپ يىلىلىدى. ئاياللارغا سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلىرىمدە ئەمدى ھۆرمەت تەبەسسۇمى، ياشلىق ئۈچقۇنلىرى پارلىدى، مەن بەختلىك بولدۇم، شادلاندىم. بىراق...ئانا، مېنىڭ مۇشۇ بەختىم، مۇشۇ شادلىقىمنىڭ ئۆزىلا كۇپايىمىدى؟ شۇ بەخت - شادلىقتا سېنىڭمۇ ھەققىڭ، نەسىۋەڭ بار ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭدىن سەنمۇ بەھىر ئېلىشىڭ، كۈلۈشۈڭ كېرەك ئىدىغۇ، قەدىرلىك ئانا؟ ئەمما...ئەكسىچە، بۇ بەخت ساڭا ئازاب ئاتا قىلسا، بۇ شادلىق سېنى خاپا قىلسا...سەندىكى ھەممە ئانىلارغا ئورتاق بولغان ئارمان-ئۈمىدلەر مۇشۇ سەۋەبلىك دەپنە قىلىنسا...بۇلارنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم قانداقمۇ چىدىسۇن! قانداقمۇ ئازابلانماي تۇراي؟ ئەسلى مەن ساڭا شادلىق بېغىشلىشىم، سېنى ئۈمىد-ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئەمەسمىدى؟ باشباشتاقلىق قىلىپ توي قىلىۋالدىم — ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم ئانا، چۈنكى سەن مېنىڭ توي كۈنۈمنى — ئانىلىق قەلبىڭنى ھېسابسىز شادلىققا تولدۇرغۇچى ئاشۇ قىممەتلىك مىنۇتلارنى ئارمان قىلاتتىڭغۇ ئانا! ئانىسىنى ئازابلاپ ئۆزى بەختلىك بولغان يىگىتنى بەخت ئىگىسى سانىغىلى بولامدۇ؟ مەن بىر بەختسىز گۇناھكارمەن، جېنىم ئانا. مەن ساڭا قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سادىر بولغان بىر ئۈچرىشىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەي، بۇنى ئوقۇساڭ غەزىپىڭ پەسىيەر، ئازابلىرىڭ يېنىكلىشەر. بەلكىم، گۇناھكار ئوغلۇڭمۇ كەچۈرۈمىڭگە ئېرىشىپ قالار، قەدىرلىك ئانا...

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر ئاخشام، يازلىق كۈلۈبتا كىنو كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ھاۋا ئوچۇق ئىدى، يۇلتۇزلار تارام-تا-

رام شولا چېچىپ كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. گاھ ـ گاھ ئۇرۇلۇپ تۇرۇ-ۋاتقان مەيىن شامال كىشىگە بىر خىل راھەت، ئازادىلىك بېغىشلايتتى،

كىنو باشلىنىپ بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن يېنىمغا كېلىپ توختىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى:

— بۇ ئورۇن بىكارمۇ؟

— بىكار.

ئۇ يېنىمدىن ئورۇن ئالدى. كىنو ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىدى. ساددا دېھقانىنىڭ ھەر قىسما سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى كىشىنى كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلدۈرەتتى. مەن كۈلكەمنى تەستە توخ-تىتىپ يانچۇقۇمدىن تاماكا ئېلىپ، ئوراپ تۇتاشتۇردۇم. شۇ چاغدا قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئۇنىڭ بوش، ئەمما ئېنىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەجەب، بەكلا ياخشى كىنو ئىكەن ھە...ھىم...قويۇپ كەتسەم بولارمۇ...

مەن بۇرۇلۇپ قاراپ، يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بىر قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. بايا كۈلۈۋېرىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ سەل بۇرۇلۇپ ماڭا لاپپىدە قارىدى ـ دە، يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— قورقۇپلا تۇرىمەن. يېنىڭىزدا ئولتۇرسام...بولۇۋېرەرمۇ...پەردە ئاچام يا...

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، ئۇنى مەن ئاللىقاچان ئاچچىقى كەلمەيدىغان قىلىپ ئۈزۈپ قويغان.

مەن كۈلۈپ قويۇپ ئېكرانغا كۆز تىكتىم. ئەنە، بىر دېھقان كېسەل ئايالىنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ، دوختۇرلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ھارۋىسىغا سالدى. ئۇ دوختۇرلارغا تەلەتىنى تۈرۈپ

ھومىيىپ قاراپ، ئىككى ئايدىن بېرى ئايالىنى ساقايتالمىغانلىقىنى، كېسەل ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتسىمۇ ساقايمىغان كېسەلگە كۆپ پۇل ئالغانلىقىنى دوق قىلىپ كايىدى. ئايالىنى ئەمدى داخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جاكارلاپ زەردە بىلەن ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى...دېھقانىنىڭ سۆزى بىلەن چىراي ئۆزگىرىشىدىكى بىرلىك، ھەرىكىتىدىكى ماسلىق...بۇلار بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ ئاجايىپ كومېدىيىلىك تۈس ئالغانىدى. شۇ ئان كۆلۈبتا پاراقىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى. مەنمۇ كۈلدۈم. بىراق بۇ كۈلكەمگە بىر خىل ئېچىنىش، ئازابلىق ھېسلار، يەنە ئاللىقانداق نېمىلەر ئارىلىشىپ كەتتى...

پەردە ئاچام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭىزمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولۇپتىكەن. شۇڭا ئەمدى قورقمىسامىمۇ بولىدۇ ـ ھە، مۇئەللىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى، گەپ قىلمىدىم. ئۇ بەلكىم مەكتەپتىكى شوخ، چاقچاقچى قىزلاردىن بىرسىدۇ. ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ چاقچاق قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن. يەنە كېلىپ شۇنچە ياخشى كىنودا دىققىتىمنى بۆلۈپ...تېخى پەردەنى تىلغا ئېلىپ...سوغۇق نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قويۇپ، ئەتراپتىكى بوش ئورۇنلارغا قارىدىم. دىمىقىمنى يېنىككىنە قېقىپ، قولۇمدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىدىم ـ دە، نەزىرىمنى يەنە ئېكرانغا بۇرىدىم.

ــ سىز مېنى تونۇمايسىز، ــ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى، ــ مەن سىزنى تونۇيمەن. ئىسمىڭىز ئابلىمىت، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسىز...ھە، ئۆيىڭىز پەردە ئاچامنىڭ مەكتىپىدە ــ دارىلمۇئەللىمىن قورۇسىدا،

شۇنداقمۇ؟

كۇلۇبتا يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى. مەن كۇلمىدىم. چۈنكى، دىققىتىم بۆلۈنگەندى. كىنونىمۇ، قىزنىڭ ئىپتىقانلىرىنىمۇ تازا ئاڭقىرالمىغانىدىم. پەقەت قىزنىڭ گېپىلا خىرە-شىرە ئېسىمدە قاپتۇ. مەن ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قىزغا قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— راست، ھازىر مەكتىپىمىزدىكى ياتىقىمىزدا تۇرۇۋاتىمىز، — ئۇ توختاپ يەرگە قارىدى ۋە پىچىرلىدى، — پەردە ئاچام بىلەن ئەجەب بىر ھە...توۋا...

دىققىتىم قىز تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بايىدىن بېرى ئىپتىقانلىرىنى ئەسلەپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. ئۇ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئازابلىق تۇرمۇشۇمدىن قىسقا كارتىنىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندى. مەن گۇمانسىراش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ئېكرانغا تىكىلىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ قانداق قىلىپ پەردە بىلەن ئىككىمىز ۋە باشقا ئانچە كۆپ بولمىغان كىشىلەرلا بىلىدىغان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندۇ؟ يۈرىكىم ئاچچىق بىر سېزىم بىلەن سوقتى. قىزنىڭ گەپلىرى ماڭا ئەمدىرەك تەسىر قىلغانىدى. ئىختىيارسىز تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم. قاتتىق شوراپ، تۈتۈنىنى كۈچ بىلەن پۈۋلىدىم.

— پەردە ئاچام بەكمۇ ئەسكىلىك قىلىپتۇ، — دېدى قىز ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا، — ئازغىنا نەرسىلەر ئۈچۈن، ئىست...خۇددى ئاتا-ئانىسى يوقتەك. توۋا، نومۇس ئەمەسمۇ...

ئىختىيارسىز پەردە كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئاھ، زىلۋا قامەت، ئاق سېرىق، يومىلاق يۈز، كۆككە مايىل

www.uyghurkitap.com

ئويناق كۆز، ئىنچىكە قاش، دولقۇنسىمان چاچ، جانىنى ئالىدىغان ئوتلۇق قاراش، تەبەسسۇم، سۆرۈن تەلەت، مەيۇس بېقىشلار، نازلىق ئەركىلەش، باتناش، قوپال قول شىلتىشلار...

بېشىمنى كۆتۈرۈپ يېنىمدىكى قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭغا ئاچچىقىمىز كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى ئېسىمگە سېلىپ كۆڭلۈمنى غەش قىلغان، كەيپىمنى ئۇچۇرغانىدى. بىراق ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەي. ھايات مېنى پەردە بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئازابلىغان، ئەمدى كېلىپ دەردىمنى بۇ قىزدىن ئالسام...قىز قول ياغلىقىنى ئويناپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ قىزغا قارىغانسېرى ئاچچىقىممۇ يېنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىقا ئوخشاپ كېتىدىغان سەممىي سۆزلىرى، ئويچان تۇرقى ماڭا تەسىر قىلغانىدى. خۇددى مۇشۇ دىمەتلىك سىڭلىممۇ مۇشۇنداق ئەمەسمىدى؟ سىڭلىمغا بولغان سېغىنىشىم تۇيۇقسىزلا ئۆرلەپ، ئاكىلىق ھېسلىرىم دولقۇنلاپ تاشتى. بۇ قىز كۆيۈمچان، مېھرىلىك سىڭلىمغا نېمانچە ئوخشايدۇ - ھە؟ مەن شادلىق، يەنە ئاللىقانداق بىر جۇدالىقنىڭ غەشلىكى ئارىلاشقان ھېسقا چۆمۈلۈپ قىزغا مېھرىم بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭغا قىزغىن، يېقىملىق بىلەن جاۋاب بەردىم. بىراق، گەپ پەردە ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا سۆزلىرىمگە قاتتىق ئۆكۈنۈش، ئازاب يەنە ئاچچىقمۇ ئارىلىشىپ كەتتى...

— شۇنداق، نومۇس قىلىمىدى. ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئەقەللىي بۇرچىنىمۇ تونۇمايدىكەن. ئۇنىڭغا... — مەن سۆزۈمنى ئالدىراپ توختاتتىم. ئۇ خۇددى ئۆز سىڭلىمدەكلا يەرگە قارىغىنىچە سۆزلىرىمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭغا نېمە دېسەم مۇۋاپىق كېلەر؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن

ھېلىراقتىلا تونۇشقان تۇرسام. ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم غەلىتىلىك بولماسمۇ! قىزغا: پەردىنىڭ قارشىچە، مېھىر، ۋاپا، ساداقەت، كۆيۈمچانلىق... دېگەنلەر ئانا-بالىغا خاس ئەمەسكەن. ئۆزىمىزلا يەپ-ئىچىپ پوزۇر كىيىنىپ يۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلساق سالا-پەتلىك كۆرۈنۈپ، ئابرويىمىز ئۆسىدىكەن. پەردىمۇ باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى بەختلىك سانايدىكەن، دېيىشىم كېرەكمۇ؟...

پەردە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغاندى. ئاناغا ئازراقلا بىر نەرسە ئەۋەتسەم ساراسىمىگە چۈشەتتى. باتناپ، خۇيلىنىۋالاتتى. كۆڭلۈمنى چۈشىنىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز كېلىشەلمەي قالغان...

كۈلۈبىنى بىر ئالغان كۈلكە ساداسى بېسىقتى. قىز تېخىچىلا ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ سۆزۈمنى ئۇلىدىم:

— ئۇ مېنى خاپا قىلغان، ئۆزىنىمۇ خاپا قىلدى. كېيىن بىز...— قىزنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ سۆزۈمنى ئۈزدۈم. ھەم ئىككىمىز ئۈنسىز ھالدا ئولتۇرۇشتۇق. كېيىن، قىز ئېغىر تىنىدى، كۆزلىرىنى ئېكراندىن يۆتكەپ ماڭا بۇرۇلدى.

— دادىڭىزدىن كىچىكلا قاپتىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە، — ئانىڭىز سىزنى جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ، ئوقۇتۇپ خىزمەتلىك قىلىپتۇ. پەردە ئاچام شۇنچە ئوقۇغان تۇرۇقلۇق...بۇنى بىلمەي قالمىغاندۇ...

قىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىشىم قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بىلىشى مېنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قالدۇردى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلار بۇ يۇرتتا بەكمۇ

www.uyghurkitap.com

ئاز ئىدى. مەن تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. بۇ كىمدۇ؟ نېمىشقا بۇ ئىشلارنى ماڭا دېگۈسى كېلىپ قالغاندۇ؟ پەرىدەنىڭ بىر نېمىسى ئەمەستۇ ـ ھە؟ مېنىڭ كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. بۇ، شۇنداقلا بىر توغرا كېلىپ قالغان تاسادىپىي ئۇچرىششمۇ ياكى مەقسەتلىك ئۇچرىششمۇ؟ مانا، مەن تونۇمىغان بىلەن ئۇ مېنى تونۇيدىكەن، ئېنىقى ماڭا ھېسداشلىقمۇ قىلىدىكەن. مانا مۇشۇ تونۇشلۇق، ھېسداشلىق ئۇنى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغۇزغان، مېنى گەپكە سالدۇرغان بولسىچۇ؟

مەن قىزغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ــ بۇ راست، ئانام مېنى جاپادا چوڭ قىلغان. بۇنى پەرىدە ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇغانلىقى، بىلىمى بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىلىمى، سۆزمەنلىكى بىلەن مېنى ئۆزىگە بوي ئەگدۈرمەكچى بولدى ئەمەسمۇ، ــ مەن كۈلۈمسىرەپ، قىزدىن سورىدىم، ــ قاراڭ، سىز مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى قەيەردىن ئاڭلاپ بىلىۋالدىڭىز؟

ــ دوستۇمدىن ئاڭلىغان، ــ قىز ئوڭايسىزلىنىپ، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى، ــ ئانىڭىزغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان بىر ئىنىڭىز ۋە بىر سىڭلىڭىز بار ئىكەن. ئىنىڭىز ھۈنەر قىلىدىكەن. سىڭلىڭىز خىزمەت قىلىدىكەن، ــ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرىلداپ كۈلدى، ــ قانداق، ھەممىنى بىلەمدىكەنمەن؟ بولماپتۇمۇ يا...

ــ بولۇپتۇ، ــ مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم، ــ بىراقزە، بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى بىلىپ يۈرۈپسىز.

قىز بۇرۇلۇپ ماڭا تىكىلدى. ئۇ شۇنداق تىكىلدىكى، گەرچە

گىرىمسەن يورۇقتا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق بايقىيالمىغان بولسامۇ، ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، قوپال گەپ قىلىپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. خىجىللىق ئىلكىدە كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ ئېكرانغا تىكتىم.

ئۇ ئۇھ تارتىپ جىم بولدى. ئارىنى سۈكۈت باستى. مەن ئەمدى ئاستا ـ ئاستا ئارامسىزلىنىشقا، تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم ئۇ نېمىشقا شۇنچىۋالا خاپا بولدى؟ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سورىغىنىم خاتامۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئۇدۇللا قىلىپ ئېيتىلغان، قىلچە چەتنەپ كەتمىگەن گەپلەر تۇرسا... مەن ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. بىردىنلا ئۇز ـ ئۇزەمگە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. ئۇنى نېمىشقا شۇنچە ئويلاپ كەتتىم؟ ئۇنىڭ خاپا ياكى خۇشال بولۇشى مەن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدى؟ ئۇ ئۆزى كەلدى، گەپ قىلدى. كۆڭلىنى ئاياپ، رايىم بارمىسىمۇ گېپىگە گەپ قىستۇرۇپ قويدۇم. مەن تۇغرۇلۇق سۆزلەپ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، ئازابلىق تۇرمۇشۇمنى، ئەمدىرەك ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئاشۇ ئۆتمۈشىمنى ئېسىمگە سېلىپ ئۇمۇ مېنى ئازابلىغان، جۇدۇنۇمنى تۇتقۇزغانىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن رەنجىگەنمىدىم؟ ئەمدىنزە...ھىم، مەن نېمىشقا كىنونى كۆرۈۋەرمەي، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم؟ پەقەت، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىلىۋالغانلىقى، ماڭا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلىما؟ مەن ئايال كىشىدىن تويغان، بىزار بولغان ئەمەسمىدىم؟ شۇ بىزارلىق مېنىڭ ئاياللارغا بولغان قىزغىنلىقىمنى سۇسلاشتۇرغان ئىدىغۇ؟ بۈگۈن بۇ قىزغىنلىق ماڭا قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم، خاپا بولماسلىقىنى ئۆتۈنۈشۈم كېرەكمۇ،

ھەم...

مەن بۇرۇلۇپ قىزغا قارىدىم. ئۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك سۈكۈتكە چۆككەنىدىكى، تىنىقلىرى بەئەينى يەر تېگىدىن كېلىۋاتقان شەپىدەك تولىمۇ سۇس، پەقەت تۈيغۇ ئارقىلىقلا سەزگىلى بولىدىغاندەك ناھايىتىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىر ئۇھ تارتتى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قىيا باقتى. لەۋلىرىنى ئاستا چىشلىدى.

— بولمىسا...بۇلارنى سىزگە ئېيتاتتىممۇ، ئەمىسە...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك كۈچسىز، مەيۇسانە، غېرىب ئىدىكى، ئۇنىڭ شۇ ئاجىز ساداسىمۇ يۈرەكنى يەڭگىل سىلىكىپ، ئاچچىق بىر ھېس بىلەن ئاغرىتىپ ئۆتۈپ، يېقىمسىز بىر مۇڭ بىلەن بىئارام قىلاتتى. كىشىنى بوشاشتۇراتتى. ئاشۇ ئاجىز ساداغا يەنە ئاجايىپ بىر سىرلىق كۈچ يوشۇرۇنغاندەك سەل سۈرلۈك ئىدى ۋە بىر خىل پىنھانلانغان ئىشەنچ، نازۇك بىر يېقىنچىلىق، يوشۇرۇن بىر نارازىلىقمۇ چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ سەل ئېگىشىپ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ ئولتۇراتتى. مەن شۇ تاپتا قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە تەمتىرەپ، ئىچكى بىر ھاياجان بىلەن گاڭگىراپ ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالدىم. راستىنلا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىم بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟ كەچۈرمىشلىرىم قانداق قىلىپ مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر قىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندۇ ھە؟! كەچۈرمىشلىرىم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان بولامدۇ؟ بۇ زادى قانداق مۇناسىۋەتتۇ؟ تۈۋا، قىزىق ئىش بولدىغۇ بۇ. ياكى بولمىسا...ئۇ ماڭا مۇنداقلا دەپ قويغان،



www.uyghurkitap.com

چاقچاق قىلغانمىدۇ يا... لېكىن ئۇنىڭ سۆز ئۇرغۇسىنىڭ جىددىيلىكى چاقچاق ئېكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇغۇ...

ئۇھ... ۋۇجۇدۇمغا ھارغىنلىق، سۇس بىر خىل بىزارلىق ھېسلىرى يامرىغاندەك بولۇپ، تىت-تىت بولۇشقا، ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم. كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئىختىيارسىز بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئېكرانغا قارىدىم. بىراق، كۆزلىرىم ئېكراندىن ھالقىپ ئاسمانغا تىكىلدى. نېرۋىلىرىم سەل مەركەزلىشىپ، دىققىتىم جۇلالىنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا ئاغدى. يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتىمۇ ئوچۇق نۇرلانغان، بەزىلىرى غۇۋا پىلىلدىغان ھالدا كۆزلىرىنى قىسىشىپ قاراپ تۇراتتى. ھىلال ئاي بولسا نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇت ئارقىسىدا سۇس بىر خىل ئاق نۇر تورى يېيىپ، نازلىق بىر تۇستە كۈلۈپ قارايتتى...

كۈلۈپتا قاتتىق كۈلكە، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا چىراغلارمۇ ياندى. كىنو ئاخىرلاشقانىدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئاجايىپ بىر چۈشىنىكسىز ئىپادە بىلەن قىزغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئالدىمدا زىلۋا بىر گەۋدە... ئاپئاق نېپىز كۆڭلەك... مەن ئۈن-تىنسىز ھالدا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قەدەملىرىمنى يۆتكىدىم. ئۇمۇ ماڭا ئەگەشتى.

قىز يېنىمدىلا — بىر قەدەم ئارقامدىلا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يەڭگىل، رىتىملىق ئاياغ تىۋىشى، پات-پات ئۇھ تارتىپ ئېغىر تىنىشلىرى ماڭا ئېنىق ئاڭلىنىپ، گاھ يېقىملىق، گاھ يېقىمسىز بىر عەلتە ھېس، ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان جەلپكارلىق ھەم تەھدىت پەيدا قىلىپ مېنى تەشۋىشلەندۈرەتتى. ئۇنىڭدىن تارقاۋاتقان سۇس

ئەمما ناھايىتىمۇ يېقىملىق پۇراق گويا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقاندەك بىر ئىللىق سېزىم بىلەن مېنى تاتلىق بىر ھېسقا چۆمدۈرۈپ، يەنە ھۇدۇقتۇراتتى. بىراق ئېسىيادىم ھېلىقى "مۇناسىۋەت"تە ئىدى. چېچىلاڭغۇ ئوي-پىكىر، ئۇنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىنتىزارلىقى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، كۆڭلۈمنى گويا ھاۋا تۇتۇق كۈندىكى بۇلۇت ياكى تۇمان ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان خۇنۇك، غۇۋا ئاسمان بوشلۇقىدەكلا بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىز مۇشۇنداق سۈكۈت ئىچىدە مېڭىشتۇق. ئاخىرى مەن قەدەملىرىمنى توختاتتىم. چۈنكى مەكتىپىم ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدۇق.

ئۇمۇ توختىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۋال ماڭا، كېيىن مەكتەپكە قاراپ ئېغىر تىندى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ ئۈنسىز تۇرۇشۇپ قېلىشتۇق. مەن شۇ تاپتا، قانداقلا بولمىسۇن بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم. بىراق، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم. نېمە دەي... قىزنىڭ پات-پات قاراپ قويۇشلىرى ئاللىقانداق بىرنېمىنى خىرە-شىرە ئېسىمگە سالغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئۇ زادى نېمە بولغىيدى؟... ئۇنىڭ كىنوخانىدا ئېيتقانلىرى... يەنە، ئارقامدىن بۇ يەرگىچە كېلىشى... ھېلىقى قاراشلىرى، خۇددى تەلمۈرگەندەك... مەن ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتىم.

— سىڭلىم، سىز...

— بەكلا ئالدىراپتىڭىز؟ سىزگە... ئېيتماقچىدىم...

— ئېيتىۋېرىڭ، مەنمۇ تېخى بۇنى سىزدىن سوراپ قويمايتتىم.

مەن بەكلا ھەيران بولۇپ...

— سىز... سىز توي قىلامسىز؟ — ئۇ، سۆزۈمنى ئىتتىك بۆلۈپ ماڭا تىكىلدى. مەن ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالدىن چۆچۈپ، مەڭدەپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كوچا چىراغلىرىنىڭ غۇۋا نۇرىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش تامچىلىرى سۇس پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ يەرگە تىكتى، — ھازىرلا... ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ...

ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى شىۋىرغاندا قالغان يوپۇرماقنىڭ ئەنسىز شىلدىرلىشىدەك يېقىمسىز ئاڭلىنىپ، ئاچچىق بىر ھېس بىلەن كۆڭلۈمنى سەل غەش قىلدى. بىراق، بۇ ھېسنىڭ قات-قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن مۇڭ، ھەسرەت ۋە ئازاب ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاجىز بىر نىداسى بىلەن يۈرىكىمنى يەڭگىل تىترىتىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى بوشاشتۇرۇپ ئۆتتى. تارام-تارام بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ كۈچلۈك، دولقۇنلۇق بىر ئېقىننى شەكىللەندۈرگەندەك، ھۈجەيرە-ھۈجەيرىلىرىمدىن سىرغىپ چىققان يىلىلىق، ئاجىز ئېقىملار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاستا-ئاستا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ، ھېسلىرىمنى بىردىنلا دولقۇنلاتتى. مەن قىزغا بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدىم.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ بۇلۇتلار قېتىغا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئايغا تىكتى. كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا سوزۇلغان، قويۇق ئاكاتسىيە دەرەخلىرى بىلەن قورشىلىپ، ئاي ۋە كوچا چىرىغىنىڭ سۇس نۇرىدا گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان يولغا قارىدى. ئاندىن ئاجايىپ بىر ئۈمىد بىلەن ئۈنسىز ھالدا ماڭا تىكىلدى.

ئۇنىڭ قاراشلىرى ناھايىتىمۇ ئۈمىدلىك، بىرنېمىنى كۈتكەندەك

شۇنچە تەقەززالىق، ئىنتىزارلىق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ سەل ھودۇقتۇم. شۇ تاپتا مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي سەل ھاڭۋېقىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ باياتىنقى سۆزلىرىدىن بىرنېمىنى سەزگەندەك قىلغان بىلەن ئۆرەمگە مۇشۇنداق بىر سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، كۈتمىگەنىدىم. ئۇنىڭ بۇ سوئالى بىلەن ھېلىقى "مۇناسىۋەت" ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر سىرلىق ئورتاقلىق، يوشۇرۇن بىر تۇتاشلىق باردەك ھېس قىلاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر بىمەنىلىكتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، كۆڭلۈم بىر نازۇك تۇيغۇ بىلەن بىر تەرەپكە — ئاشۇ يوشۇرۇن تۇتاشلىقتا ئاجايىپ بىر تەقەززالىق بىلەن ئاغاتتى، ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشكە قانچىلىك ئۇرۇنماي، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قانچىلىك تىرىشماي، كۆڭلۈم ئۆزۈمنى ئالداۋاتقانلىقىمنى شۇنچىلىك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ئاخىرى، چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇھ تارتاتتىم.

— بۇ...

— مەن... مەن... — ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى لىقىدە ياشقا تولدى. ئۇ يىغلامسىراپ، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توستى، — مەن بىلەن...مېنى يارىتامسىز؟

مەن خۇددى تۇيۇقسىز كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. يۈرىكىم ئۇزاققىچە ئەنسىز سوقۇپ، ئاستا-ئاستا ئارامىغا چۈشتى. مەن زورىقىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شۇنداقتىمۇ، جىددىيلەشكىنىمدىن ۋۇجۇدۇمدا ئاجىزغىنا تىترەك بار ئىدى. مەن شۇ تاپتا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەكلا بىر ھالدا ئىدىم. قالايمىغان ئوي-پىكىرلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر كۆرۈنۈش، ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان بىر كۈي، باش-ئاخىرى يوق بىر چۈشكە

ئوخشاش ئېنىقسىز ئۇقۇم ھاسىل قىلىپ، كاللامنى گاراڭ قىلىپ تاشلىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئاخىرى كاللام ئاستا ـ ئاستا بوشاپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن ئوي ـ پىكىرىم بارا ـ بارا رەتلىنىپ روشەنلىشىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمگە كېلىپ كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم. قىزنىڭ بىر جۈپ ئويچان كۆزى ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا دولقۇنلاۋاتقان كۈچلۈك بىر ئېقىننىڭ چالغىتىشى بىلەن تەۋرەپ، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. مەن ئاخىرى ھەممىنى ــ بايا تىلغا ئېلىنىپ، چۈشىنىكسىز پېتى قېلىپ قالغان "مۇناسىۋەت"نى بارا ـ بارا چۈشەندىم...

ــ سىڭلىم، سىز بۇ گەپلەرنى ئويلاپ دەۋاتامسىز ياكى...مەن، مەن راستىنلا ھەيران قېلىۋاتىمەن، ــ مەن دۇدۇقلاپ، ئەپسىز بىر ھەرىكەت بىلەن قوللىرىمنى ئۇۋىلىدىم، ــ مېنى كۆپرەك چۈشەندۈرمەي...بەك تاسادىپىلا...

ــ ياق، ــ قىز ئالدىراپ سۆزۈمنى بۆلدى، ــ سىزنى چۈشىنىمەن، سىزنى تازا بىلىمەن... مەن... مەن سىزنى مۇشۇنداق يالغۇز ئۇچرىتارمەن دەپ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن، بۈگۈن سىزنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيمەن. تا ئېنىق بىر جاۋاب ئالمىغۇچە...

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى ئاجايىپ بىر جۈرئەت بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ جۈرئەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدە يوشۇرۇن ئەكس ئېتىۋاتقان بىر خىل ئەنسىزلىكنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى كېتىپ قېلىشىمدىن قورققاندەك ھەربىر ھەرىكىتىمگە دىققەت بىلەن تىكىلەتتى. مەن ئۇنىسىز ھالدا بىر تال تاماكا ئوراپ كۈچ بىلەن شورىدىم. مەن ئەمدى سىقىلىشقا باشلىغانىدىم. قىزنىڭ

تەلـپى... ئانامـغا بەرگەن ۋەدەم...بۇلارنىڭ قايسىسنى ئورۇنداش كېرەك؟ مەن ئانامـغا بەرگەن ۋەدەمـگە ۋاپاسـزلـق قىلالمايتتىم. بىراق قىزنىڭ تەلـپىچۇ؟... خـيالـمـدا تۇيۇقـسىز پەيـدا بولغان بىر ئوي مېـنى يوشۇرۇن بىر شادلـق ئىلـكىدە تەۋرەتتى. شۇ ئوي بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسام، ئانامغا بەرگەن ۋەدەم بۇزۇلمايتتى. قىزنىـمۇ رازى قـىلالىشـىم مۇمكىنىـدى. بىراق، قىزغا بۇنى قايسى يوسۇندا دېيىش كېرەك؟ مەن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم.

— سىڭلىم، — دېدىم ئۇنىڭغا قارىماي، — بىلىسىز، مەن بۇرۇن بىر قېتىم توي قىلغان. سىز بولسىڭىز بىر قىز. بۇنى ئويلىشىڭىز كېرەك. يەنە، مېنىڭ ھازىرچە توي قىلىش ئويۇمۇ، كەلگۈسىدە كىم بىلەن قانـداق توي قىلىشـنى تاللاش ئەركىمـمۇ يوق، مەن بۇ ھوقۇقـنى پۈتۈنلـەي ئانامـغا بېرىـۋەتـكەن، ۋەدە بەرگەن. ئەمـدى ۋەدەمگە ۋاپاسىزلـق قىلالمايـمەن... لېكـن بىلـىپ تۇرۇۋاتـىمەن. گەرچە، قانداقلىقىنى بىلمىسەممۇ يۈرىكىڭىزدە بىر دەرد بار. ئەگەر سىز مېنى ئۆز ئاكىڭىز ئورنىدا كۆرسـىڭىز، مەنـمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ياردەممنى ئاكىڭىز ئورنىدا تۇرۇپ قىلسام، بۇ بولماسمۇ؟...

قىز يالـت قىلـىپ ماڭا قارىـدى. ئۇنىڭ كـۆزلـىرى سـەل چەكچەيگەنىدى.

— ياق، — دېـدى ئۇ مەيـۇسانە بىر ئاۋازدا، — بۇ قىيـىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ھەممـىنى ئويلـىغان. بىر قېتىم توي قىلغانلىـقىڭىزنىمۇ ئويلـىغان. بىراق مەندە نېمە ئىـلاج. مەن ھازىر ئېغىر ئەھۋالدا، ئەھۋالىمنى بېشىدىن ئىش ئۆتمـىگەن بىرسىگە ئېيتسام... ئۇ چاغدا قانداق بولىـدۇ. مەن... مەن... سـىزمۇ ئانىڭىزغا ۋاپاسىز

بولۇپ قالماق...دېمىسىمۇ كىمنىڭمۇ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغۇسى كېلىدۇ...تۇغۇپ، چوڭ قىلغان تۇرسا...بۇنداق ۋاپاسىزلىق بەكمۇ... بەكمۇ ئاز ئۇچرىشىدۇ...ئۆتۈپ قالىدۇ...— ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ، ياشلىرىنى قوللىرىدا سۈرتتى، — سىزنى قانداقمۇ ئاكام ئورنىدا كۆرمەي، سىز شۇنداق... شۇنداق ياخشى تۇرسىڭىز، خۇددى ئۆز ئاكامدەك... بىراق... بىراق مەن...مەن بىلمەيمەن. سىزنىڭ ئانىڭىز شۇنداق ياخشى ئايال. خۇددى ئۆزىمىزدەك... ياخشى ئانا دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ؟... ئاھ... مەن... مەن... سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. رەھمەت، خەير...

ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللاپ، يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئادەمسىز يولدا كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا ۋۇجۇدۇم يىقىمسىز، ئاچچىق بىر ھېس بىلەن چايقىلىپ لەرزىگە كەلدى. ئۆزۈمنى خۇددى گۇناھكاردەك ئەيىبلىك ھېس قىلدىم. كېيىن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتىم.

— سىز... سىز نېمىشقا ماڭا ئەھۋالىڭىزنى ئېيتمايسىز؟ — مەن قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىپ ترختاتتىم، — مەن يا سىزنى تىللىمسام...مۇشۇنداق كېچىدە ئادەمسىز يولدا يۈگۈرۈپ نەگە باراتتىڭىز؟ مەن ئېيتىپ قوياي. ئەمدى، ئەھۋالىڭىزنى ئېيتماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن ھەرگىزمۇ كېتەلمەيسىز...

مەن ھاسىراپ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ قويۇپ ئېغىر تىنىدى. بارا-بارا ئاچچىقىم يېنىشقا، پۈتكۈل تېنىم ئاستا-ئاستا ئوت ئالغاندەك قىزىشقا باشلىدى. يۈرىكىم شادلىق ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە گويا مەستنىڭ تەرتىپسىز قەدەملىرىدەك رىتىمسىز

سوقۇپ كەتتى. خېلىدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھېس ۋۇجۇدۇمنى يەڭگىللىگىنە غىدىقلاپ، لەرزىگە سېلىپ سۈرلۈك ئاچىزغىنا تىترىتىپ ئۆتتى. مەن قىزغا شۇنچىلىك ھەۋەس، ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلدىمكى، قىز ئاۋۋال ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. كېيىن سەل تاتىرىپ، ئۆز بىلىكىگە قاراپ قويدى. مەن قاراپ، تېخىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ، ئۇنى ئىتتىك قويۇۋەتتىم. خىجىللىق ئىلكىدە كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە تىكتىم. بارا-بارا ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ مېنى سوغۇق تەر باستى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن قايتايمىكىن، — دېدى ئۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ، — سىزمۇ دەم ئېلىڭ.

— سىز تېخى ماڭا ئۆز ئەھۋالىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز، — دېدىم مەن سەل توڭلۇق بىلەن، — ئېيتماي تۇرۇپ مېڭىشنى ئويلىماڭ.

— كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ تەنە ۋە ئاچچىق بىلەن ئاللىقاچان چىراغلىرى ئۆچكەن بىنالارغا، ئۇ يەر-بۇ يەردە يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىغا قاراپ. كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا پىچىرلىدى، — ئۆزۈممۇ ئېيتماسلىقنى ئويلاۋاتىمەن...

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئەلەم بىلەن. كېيىن مېيىقىمدا كۈلۈمسىرەپ دېمىغىمنى قاقتىم، — ئىختىيارىڭىز.

— خەير، — دېدى ئۇ، خۇددى قىيالمايۋاتقاندەك ئاخىرقى قېتىم يەر تېگىدىن قاراپ.

— توختاڭ، — بىرنېمەم يوقاپ كەتكەندەك تېپىرلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ قوپاللىق بىلەن ئېيتتىم، — ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ

قوياي...

— رەھمەت...

— بۇنىڭغىمۇ بولمامتى؟ — دېدىم مەن جۇدۇنۇم تۇتۇپ زەردە بىلەن.

— سىزنى... — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوغۇق نەزەر بىلەن ئۇ-يالغاندەك قاراپ قويدى.

— ھىم، يۈرۈڭ...

كېچە...

تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك سايىسى بىلەن خىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سىرلىق سۈكۈنات ۋە ۋەھىمە ئاتا قىلىدىغان قورقۇنچلۇق كېچە... ھاياتنىكى ياخشىلىق - يامانلىق، گۈزەللىك - رەزىللىكلەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرۇپ، پۈتكۈل ھاياتلىق ئالەمنى پاك ۋە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان كېچە...

قىز ئاخىرى توختىدى. ماڭا قارىماي، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ئاستا پىچىرلىدى:

— مۇشۇ كوچىدا.

— ھىم، — دېدىم كوچىغا قاراپ دىمىغىمنى قېقىپ. بۇ بىر تار، خىلۋەت كوچا ئىدى، — كېچە تۇرسا، مۇشۇ يەرگىچە يالغۇز كېلەلمەيتىڭىز. ئاتا - ئانىڭىز سىزنى چىڭراق تۇتسا بولغۇدەك...

ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ ھومايدى.

— سىز... سىز... — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ. ئارقىدىنلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — دادام ئۆلۈپ كەتكەن، ئانام بار. ئۇ... ئۇ... ئاشۇ ئانام... — ئۇ ئۆپكىدەپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كېيىن، ئۆكسۈپ يىغلىدى، — مەن... مەن... ئاشۇ ئانام تۇپەيلى

مۇشۇنداق... مۇشۇنداق...

— ھە؟! — مەن بىرنېمىنى، ياق ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ۋارقىرىدىم، — ئۇ سىزنىڭ ئۆگەي ئانىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ئۆز ئانامتى، — دېدى ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ.

بوششىپ كەتتىم. يۈرىكىم ئۆيۈپ، سەل تارتىشتى. پۈتكۈل تېنىمگە بىر خىل ھارغىنلىق تاراپ، گويا ئېغىر يۈك ئاستىدا بېسىلىپ قالغاندەك ئېغىرلاشتىم. بايىقى ئاچچىقىم يوقاپ، يېڭى بىر پەرىشان-لىق مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مەن ئىسەنكىرەپ، قىزغا كۆز تىكتىم. ئۇ، ھېلىلا كىرىپ كېتىدىغاندەك كوچىنىڭ دوقمۇشىدىلا ئېسەدەپ يىغلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل سىلكىنىپ تۇرغان نازۇك تېنى شۇنچە گۈزەل ئىدى. تاتارغان چىرايى، قايغۇلۇق كۆزلىرىدىكى ياش ئۇنى شۇنچە مىسكىن شۇنداقلا بەكمۇ ئوماق قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. تېنىم ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، يەنە مۇزلىدى. مەن ئۇنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىر-گەندەك ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— بۇ راستمۇ؟ — دېدىم مەن، سەل ھېيىقىش ۋە خىجىللىق ئىچىدە ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

— ھىم، — ئۇ ئېغىر تىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراققا كۆز تىكتى. بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن خۇددى باشقا بىرسى ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتقاندەك پەرۋاسىز، شۇنداقلا ئازاب بىلەن پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتۇق، رەھمەتلىك بىچارە دادام ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئاكاممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي ئۇنىسىزلا يوقاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەس كۆڭلى ئۈچۈنلا بىزنى مۇشۇنداق سورۇۋەتتى، بىزنى بەختسىز قىلىپ

قويدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم، ئۇرۇشتۇم، يىغلىدىم، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى، — ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىغان ياش مەڭزىنى يۇدى. ئۇ، ياش بىلەن ھۆللەنگەن نىپىز لەۋلىرىنى چىشلىدى. يەرگە قاراپ يىغلامسىراپ ئېيتتى، — قورقىمەن... مەن قورقىمەن. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تېززەك چەتكە ئالمىسام، ئاچامنى سۆرىگەندەك بۇ ئىپلاس ئىشقا مېنىمۇ سۆرەپ كىرىدۇ. مەن... مەن شۇنىڭ بىلەن...مەن ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بەك يىرگىنىمەن. مەن... مەن ئەمدى...

قىز سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ستولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئېزىلىپ يىغلىدى.

ئاھ ھايات... ئاھ ئانىلار...

كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ھىلال ئاي خۇددى ئۇيالغاندەك بۇلۇتلار قېتىدىن ماراپ، كۆكۈلنى غەش قىلاتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى سۇرلۇك جىملىقنى پات ـ پات بۇزاتتى.

مەن ئورنۇمدىن قىمىرلىمىدىم. خۇددى ھېسسىز ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغاندىم. قىزنىڭ ئېسەدەپ يىغلاپ ئېيتقانلىرى گويا ئاللىبۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك ياكى كەلگۈسى ھەققىدىكى خىياللىرىمغا ئارىلىشىۋالغان قورقۇنچلۇق چۈشلەردەك غۇۋا تۇيغۇ بېرەتتى. ۋۇجۇدۇمدا نە شادلىق، نە قايغۇ ئالامىتى يوق ئىدى. پەقەت كاللامدا، ئۆزىگە بۆسۈپ كىرمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇۋاتقاندەك توختاۋسىز غۇڭۇلدايتتى.

ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمگە كەلدىم. ئەتراپ بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ھەم قاراڭغۇ. پەقەت تۇرغان يېرىمىزلا ئاي نۇرى ۋە كوچا چېرىغىنىڭ ئاجىز نۇرىدا سۇس يورۇپ تۇراتتى. مەن ئېغىر ئۇھ

تارتتىم. شۇ چاغدا بايىقى ئىشلار خاتىرەمنى ئىنقىلاپ، ئاچچىق، ھەسرەتلىك بىر ھېس يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىقتى. مەن ئازابلانىدىم. پەقەت قىزنىڭ ئازابلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھېس مېنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر غەلىتىلىكى بىلەن خۇشال قىلدى. بۇ ھېس قىزنىڭ قايغۇ ۋە بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسىنى ئاخىرى بىلگەنلىكىمدىن، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يوق قىلىشقا بەل باغلىيالىغانلىقىمدىن، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالىغانلىقىمدىن پەيدا بولغان ئىدى. مەن يەنە ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ تۇرۇۋاتساممۇ، بىر خىل سوغۇق، ئاچچىق تىترەكنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، پەرىشانلىقنىڭ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى خاپىلىق، بىزارلىق ئىچىدە تۇيۇپ تۇردۇم. ئاجىزغىنا بىر ئەنسىرەش تۇيغۇسى بارا-بارا كۈچىيىپ، مېنى سەل دېلىغۇل قىلىپ ئىككىلەندۈرۈپ، ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى. مەن نەپرەت ۋە ئېچىنىش بىلەن كوچىغا قارىدىم. كوچا شۇنچىلىك جىمجىت ھەم قاراڭغۇ، گويا ھەممە بالا-قازانىڭ ئاغزىدەك دەھشەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى. ۋۇجۇدۇم بىردىنلا ئۆزگە ئاستا-ئاستا بېسىپ كىرىۋاتقان قورقۇنچتىن سەل ئەندىكتى.

قىز يىغلاۋاتاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندىم. بايا ماڭا تۇتۇق ھەم غەلىتە كۆرۈنگەن كۆرۈنۈشلەر ھازىر شۇنچە تەبىئىي ھەم رەڭدار ئىدى. ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغىنى پەقەتلا تېخى قۇرۇمىغان كۆز ياش، يوقالمىغان ئازاب ئىدى. مەن كۈچلۈك بىر ئېھتىياتچانلىق ھەم ئىككىلەنىش، ئەنسىزلىك ھەم قورقۇنچنىڭ تىزگىنلىشىدە زادى نېمە قىلىشنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرەي؟ ماقۇل دەمدىم يا؟

بۇ جاۋابقۇ ئۇنىڭغا زور تەسەللى بولار. بىراق مەنچۇ؟ يۈرىكىم سەل ئۆيدى... بىرچاغلاردا پەرىدەمۇ مۇشۇنداق يىغلىغان. تېخى ئۇنىمەسام ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى قورقۇتقان، ئاتا-ئانىسىنىڭ ياشىنىپ قالغان كېسەل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە مېنى ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تەقسىمات ئىشىمنى ئۆزگەرتىپ يۇرتۇمنى تاشلاپ، ئانام ۋە ئىنى-سىڭلىمنى داغدا قويۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن... بۇ يەردە كۆرگىنىم ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ساغلام ئاتا-ئانىسى... كۈنلىرىم پۇشايمان، ھەسرەت، قايغۇ ۋە ئازاب بىلەن ئۆتكەن. ھازىر بولسا مەندە ماۋۇ قىزنىڭ ئازابلىرىنى يوق قىلىش، ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئىستىكىلا بار، بىراق، ئانامغا بەرگەن ۋەدەم، بولۇپمۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مېنى ئىككىلەندۈرەتتى...

— سىڭلىم سىز... — مەن دۇدۇقلاپ، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇردۇم، — نېمە دېسەم بولار... ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىرنېمە دېيىش... ھېم، بەكلا كەچ بولۇپ كەتتى. مەن سىزنى، ئۆگۈنلۈككە كىنو ۋاقتى بىلەن مەكتىپىم ئالدىدا كۈتىمەن. خەير، — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، — چوقۇم كېلىڭ.

قىز ئۆرۈلۈپ ياشلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. مەن خۇددى قوغلانغاندەكلا بۇ يەردىن ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتىم.

قانداق قىلىمەن ئانا؟ بىر بەختسىز ماڭا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇۋاتسا... ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىيالمىدىم. گەرچە، ئۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىگەن بولساممۇ، ياتىقىمغا بېرىپ كىرىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تۈن بويى ئۇنى ئويلاپ، ئازابلىنىپ چىقتىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشنىڭ ماڭا بىئەپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇزاق ئويلاپ

ئاخىرى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى ھەم ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمە دېيىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن ئارىلىقتىكى ئاشۇ ئىككى كۈندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئەتەي كېيىنكە سوزغانىدىم. شۇنداق قىلىپ، قىزنىڭ ئەھۋالىنى قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتۈردۈم. جىنىم ئانا، ئۇنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىكەن. بۇ خېلى تەسكە چۈشتى. قىز يالغان ئېيتماپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئانىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم تىندى. قىزغا ئىشەندىم. ئەھۋال ئېيتىپ بەرگۈچىلەرمۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئارىلاپ ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى قىلىپ بېرىشتى. بۇنىڭسىزمۇ، قىزنىڭ مۇشۇ ئىشتىكى جۈرئىتىلا ئۇنى چۈشىنىشىمگە يېتەتتى. بۇ ماڭا مەدەت بولدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى، مىسكىن تۇرقى بولسا زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، كۆڭلۈك ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى. ئۇنىڭ شۇنچە كىشىلەر ئارىسىدىن مېنىلا، پەقەت مېنىلا تاللىغىنى، ماڭا ئىشەنگىنى مېنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. ئانا، مەن ئۆزۈمدىن، يەنە مېنى ئۆستۈرگەن سەندىنمۇ شۇنچىلىك پەخىرلەندىم. سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭ، كۆيۈمچانلىقىڭ ماڭا جاسارەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى. بىر بىچارىنى بەختسىزلىك ۋە خورلۇق ئاغزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئوغلۇڭغا راۋا كۆرۈدىغانلىقىڭنى ئويلاپ ئالەمچە شادلاندىم. گويا بىر شەپقەتچى ئۇستۇمدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم يېلىلىق بىر ھارارەتتە لەرزىگە كەلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئاخىرى، ۋاقىتمۇ توشتى. مەن ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىراپ سەل جىددىيلەشتىم. ئۆزۈمنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، تېزلا

مەكتەپ ئالدىغا چىقتىم.

ئەتراپقا گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلماقتا ئىدى. ئاسماننىڭ كۈن پېتىش تەرىپى ئۆچۈش ئالدىدىكى ئاخىرقى قىزغۇچ شەپەق بىلەن سۈس تاۋلىنىپ تۇراتتى. شەپەقنىڭ چەت ـ چۆرىسى سارغۇچ ھەم قارامتۇل بۇلۇتلار بىلەن تۇتىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۇلتۇزلار تېخى جىلۋىسىنى نامايان قىلمىغان، ھىلال ئايمۇ ئۆز قەسرىسىدىن جابدۇنۇپ چىقمىغانىدى. پەقەت غۇر ـ غۇر شاماللا ئاكاتسىيە ۋە تېرەك يوپۇرماقلىرىنى يەڭگىل شىلدىرلىتىپ، قاياقلاردىندۇ گۈل ھىدى ۋە بىلگىلى بولمايدىغان غەيرىي ئارىلاشما پۇراقلارنى ئەكىلىپ دىماغقا ئۇراتتى.

مەن بىتاقەت بولۇپ ئۇنى كۈتتۈم. ۋۇجۇدۇم بولسا بىر ئىزگۇ ھېستىن شادلىنىپ، توختاۋسىز چايقىلاتتى. يۈرىكىم ئاشۇ شادلىقتىن، شۇنداقلا جىددىيلەشكەنلىكىمدىن سەل ئەنسىزلىك بىلەن سوقاتتى. ئۇنىڭ جەزمەن كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرسىمۇ، يەنە كەلمەي قېلىشىدىن قورقاتتىم. يولدا كېلىۋاتقان ھەربىر كىشىگە قىزىقىش، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە سىنچىلاپ نەزەر سالاتتىم. ئاخىرى ئۇ كەلدى.

ــ ساقلىتىپ قويدۇممۇ، ــ دېدى ئۇ ئەپۇ سورىغانىدەك خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تەبەسسۇم بىلەن چاقنايتتى. ئۇ، ياتسىرىدىغانىدەك كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ پىچىرلىدى، ــ ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ...

ــ ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدىم ھودۇقۇشنىمدىن سەل گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا، ــ ئۆزۈم بالدۇرراق چىققانىدىم، ــ مەن سەل تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ــ ئەمىسە، ماڭامدۇق؟...

— ئىم، — ئۇ يەرگە قاراپ بېشىنى يەڭگىل سىلكىدى.

بىز دەريا بويىغا قاراپ ئۈنسىز مېڭىشتۇق. ئالدىمىز تەرەپتىن لەم شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يول بويىدىكى سۆۋادان ۋە ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى شامالدا يېنىك سىلكىنىپ شىلدىرلايتتى. ھېلىلا كۆرۈنگەن ھىلال ئايمۇ يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدا گويا ۋىلىقلاپ كۆلگەندەك، خىيالىي تۇيغۇدىكى غۇۋالىق ئىچىدە جىلۋىلەنگەن نۇر ئەگمىسىدەك شۈنچىلىك سېھىرلىك ۋە جۇلالىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن تال - تال نۇرلىرى خۇددىي قەلب روجەكلىرىگە كىرمەكچى بولغاندەك ناھايىتىمۇ يورۇق ۋە يارقىن ئىدى. ئۇنىڭدىن تارىغان سۇس ئېقىش نۇر تورى بەئەينى بىر ئاق تۇماندەك ئۆز ئەتراپىنى قاپلاپ، يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلاشلىرىنى توسقانىدى. پەقەت، نېرىراقتىكى يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكەندەك ناھايىتىمۇ نۇرلۇق ۋە جۇلالىق چاراقلايتتى. يۈرىكىم بولسا كۆچلۈك بىر ئىزگۈ ھېستىن ھاياجان بىلەن سوقاتتى. مەن، بۇ كائىنات بېزەكلىرىگە مەستلەرچە تويماي قارىدىم.

— گەپ قىلمايسىزغۇ، — ئۇ خۇددى ئەيىبكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا سورىدى، — يا مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ...

— ياق، سىز سۆزلەڭ، مېنىڭ ئاڭلىغۇم بار، — مەن ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭغا مېھرىم بىلەن تىكىلدىم، — ھېس قىلىشىمچە قايسى كۈنىمۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىغان ئىدىڭىز.

— قىلسام گەپ تولا، — دېدى ئۇ يىراقلارغا قاراپ ئۇھ تارتىپ.

— ئاڭلايمەن، بىلەمسىز، بۇ ئىككى كۈندە ئەھۋالىڭىزنى

سۇرۇشتۇرۇپ ھەممىنى ئۇقتۇم، — ئۇ يالت قىلىپ ماڭا قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدىم، — ئازابلىرىم مېنى بەكلا ئېھتىياتچان قىلىپ قويۇپتۇ. شۇڭا مەن...

— ئەسلى، بۇنى سىزگە ئۆزۈم ئېيتماقچى ئىدىم. دەسلەپتە مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. كېيىن بولسا سىز كېتىپ قالدىڭىز...

دەريا تىنچ ئاقماقتا. ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئەمدى ئۇنىڭ دولقۇنسىز بېتىدە جىلۋە قىلماقتا ئىدى. دەريانىڭ يېيىلىپ ئاققان كەڭ بېتىنىڭ بىر تەرىپى ئاي نۇرىدا ئاقۇش جۇلالىنىپ، يەنە بىر تەرىپى ھەر خىل تېرەك ۋە سۆگەتلەرنىڭ سايىلىرى بىلەن خىرەلىشىپ غۇۋا كۆرۈنەتتى. مەن بىر تال سۆگەت شېخىنى ئېگىپ، جەينەكلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە قىزغا تىكىلدىم. ئۇ بىرپەس قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كۆزلىرىنى دەريادىن يۆتكىدى، ئېغىر تىندى.

— راست، سىز تېخى ھەممىنى بىلىپ كېتەلمىدىڭىز. ئەمدى شۇنداق ئاننىڭمۇ بار ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلماڭ. دەسلەپتە، مەنمۇ ئازراق ئاڭلاپ ئىشەنمىگەنىدىم. دادامنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ تۈزلا چۈشىنىپ، قازايى-قەدەر شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالغان بولسام بۇ ئىشلاردىنمۇ خالىي بولغان بولاتتىم. مەكتەپتىن چىقىپلا ئۇزاق ئۆتمەي گاڭگىراپ قالدىم. ئاڭلىغانلىرىممۇ يالغان ئەمەس ئىكەن. بۇنى كېيىنرەك بىلدىم. نېمە ئامال؟ ئانامنى تۈزىلىپ قالار دەپ ئىشەندىم. كۆرمەسكە سېلىپ يۈردۈم. بىر يېرىم يىل شۇنداق ئۆتتى. بىر نىكاھلىق بولغان ئاچام ئانام بىلەن كۈنلىرىنى ئۇ يەر-بۇ يەردە قاتراپ ئۆتكۈزىدۇ. كەچتە... ئىلاجىسىز ئاچچىقىمنى بېسىپ قوشنىلارنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىمەن. بەزىدە

www.uyghurkitap.com

كىنوغا بارىمەن. خېلى بىر ۋاقىت بولغاندا ئاندىن كىرىپ ياتىمەن...

قىز ئۇھ تارتىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك ئورمانلىققا قارىدى. ئۇنىڭدىن بىرنېمىنى ئىزدەۋاتقاندەك، سۈكۈت ئىچىدە قادىلىپ تۇردى. مەن، قىرغاقتا چوقچىيىپ تۇرغان تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىدىم. ئۇ بىرپەس ئاشۇنداق تۇرۇپ خورسىندى. يەردىن قۇرۇپ قالغان بىر تال چۇۋىقنى ئېلىپ، قارس قىلىپ سۇندۇردى. ئۇنى سۇغا تاشلىۋېتىپ، ئاقۇش سۇ يۈزىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. كېيىن مەيۈس ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئائىلىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى ماڭا يۈكلىنىپ قالغاچقا قايتا ئىمتىھان بېرىپ بېقىشقىمۇ تەييارلىق قىلالمىدىم. روھىي بېسىم ھالسىرىتىپ قويغاچقا، گاراڭدەك بولۇپ قېلىپ كۈن بويى يىغلاپلا يۈردۈم. ئۆزۈمگە ئىشەنچىمۇ قىلالمىدىم. شۇڭا ئىش ئىزدىدىم. لېكىن يۆلەنچۈكۈم بولمىغاچقا ئىشمۇ تاپالمىدىم. ئەگەر ئىش تېپىۋالساملا، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى ئىدىم. قىز بالىنىڭ سىرتقا چىقىپلا بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىقى قىيىن ئىكەن. قىز بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم، يىغلىدىم. بىتەلەيلىكىمدىن قاقشىدىم. ئۆز ئەمگىكىم ئارقىلىق بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىم يوققا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، بەختىمنى باشقا ياقتىن كۈتتۈم، ئۆزۈم كۆرمىگەن بىرسىنىڭ قولىدىن بەخت تەمە قىلدىم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنى دەردتىن خالاس قىلماقچى بولدۇم... — ئۇ، كېلىپ بىر تۇپ سۆگەتكە يۆلەندى. كۆزلىرىنى يۇمدى. مەن ئۇنىڭغا ئۈنسىز تىكىلدىم. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئايغا تىكىلدى. ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشتىن پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى، —

قىزلار ئاجىز ئىكەنمىز، دادام بار چاغدا ئوقۇۋاتقىنىمغا قارىماي تولا ئىشىك قاقىدىغان ئەلچىلەر ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى. مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرساق، بۇ ئائىلىگە كىممۇ ياخشى كۆزى بىلەن قارىسۇن؟ ئەمدى بىلدىمكى، دادامنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىپ ياردىن غۇلاپ چۈشۈپ قازا قىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەسكەن. شۇ كۈنى كەچتە، دادام يىراقتىن كېلىپ ئۆيگە كىرگىنىدە... ئاھ، بۇ ئاھانەتنى، بۇ خور-لۇقنى دادام قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن. ئۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپتۇ. بىراق تاقىۋېلىنغان ئىشىكنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچالماپتۇ. پۈتۈن ئەزايى تىترىگەن، كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا، ئادەمسىز قاراڭغۇ كوچىدا ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ. نېمىنى ئويلىغان بولغىيدى، غەۋغا قىلماپتۇ. ئىشىك ئالدىدا بىرھازاغىچە ئۈنسىز ھالدا، خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپتۇ. كېيىن، تۇيۇقسىز ماشىنىسىغا سەكرەپ چىقىپ ئوت ئالدۇرۇپتۇ. ئۇنى ئوقتەك تېز ھەيدەپ كېتىپ قاپتۇ... بىچارە دادام دەرد-ئەلەمدىن بىراقلا قۇتۇلغانىكەن. ئۇلار تۈزەلمىدى. كېيىن... كېيىن بولسا ئاچام دېگەن ئىپلاس مېنىمۇ بۇ ئىشقا...

ئۇ بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمىدى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ يەرگە قارىدى. مەن ئېغىر تىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىختىيارسىز، قولۇمدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تال چالمىنى كۈچ بىلەن سۇغا ئاتتىم. سۇ يۈزىدە كىچىك-كىچىك چەمبەرسىمان دولقۇنلار ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى يېنىك تەۋرەتتى. ئۇ كېلىپ قىرغاقتا ياندىش بىر ئۆيۈلتاش ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇزاققىچە ئۈنسىز ئولتۇرۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنى سىلكىۋېتىپ، خاپا ھالدا چىقىپ كەتتىم، نەگىمۇ باراتتىم؟ دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ يەنە قايتىپ كەلدىم. بۇنى كىمدىن كۆرىمەن، ئەقىلسىز ئاچامدىنمۇ؟ ئۇ تۇرىدا پەدىشەپ قالمىغانىدى. شۇڭا، بىلمەسكە سېلىپ يۈرگەن ئانامنى ئەمدى ئايىمىدىم. ئۇنى تىللىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىمىدىم. كۆڭلىرىم سىقىلىش ھەم قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئىلاج قىلماي يۈرۈۋەرسەم، ئەمدى بولمايدۇ... مەن... مەن قورقىمەن... — ئۇ، ياشتىن ھۆللەنگەن يۈزىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللاپ ئېسەدەپ يىغلىدى، — سىزنى... سىزنى دوستۇمدىن كۆپ ئاڭلىغان، شۇڭا سىزنى كۆڭلۈمگە پۈككەن. سىزنى ئەمدى تاپتىم. سىزگە ئىشەندىم. ھەممىنى... ھەممە ئۈمىدىمنى سىزگە باغلىغانىدىم. ماڭا ۋەدە بېرەلەمسىز؟ مېنى...

ئەمدى ئازراق قىياس قىلغانىمەن، چۈشەنگەنسەن جېنىم ئانا؟ ۋۇجۇدىدىن تېخى سەبىيلىكنىڭ ئىزنالىرى تۈگەل يوقالمىغان بىر قىز زار-زار يىغلاپ، ئانىسىدىن قاقشىماقتا، زارلانماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقتا. ئۇ، بولارنى قانچىلىك تەستە دەۋاتقاندۇ-ھە؟ ئاھ، قەدىرلىك ئانا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ساڭا قانداقمۇ دېيەلەيتتىم؟ پەقەت، خەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ھەممىنى يېزىۋاتىمەن. بۇنى ئوقۇغان چېغىڭدا قانچىلىك ئازابلىنارسەن جېنىم ئانا؟ قىزنىڭ قىسمەتلىرىگە ئېچىنىپ، جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ياش تۆككەن، ئۇنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلغان چاغلىرىڭدا، پەقەت يۈرىكىڭدىن چىقىرىپ مېنى ئەپۇ قىلىپ قويساڭلا كۇپايە. پەقەت مۇشۇلا مېنىڭ ئارمىنىم...

ئۇنىڭ دەيدىغانلىرى تۈگىگەنىدى. مەن ئازابلاندىم. ئازاب

ئچدە تۇرۇپ تۇرغان نەرسلەرنی ـــ ئنسان بولماقنڭ نەقەدەر تەسلكنی ئويلدم. باياتن بېری يۈركمنی تاتلاپ، قۇتراپ تۇرغان ئاچچق بر هېس گويا چقش يولی تاپقاندەك ئېتلپ چقتی. كۆزلرم ياشتن قاراڭغۇلاشتی. مەن ئۆزۈمنی زورغا تۇتۇۋېلپ، قوللرم بلەن ياشلرمنی سۈرتتۈم. بېشمنی كۆتۈرۈپ قزغا قاردم. ئۇ، ئۈنسز ياش تۆكۈپ، دەرياغا قاراپ تۇراتتی. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان سۆگەتنڭ تۆۋەنگە ساڭگلغان ئۇششاق تاللری ئۇنڭ بېشی ئۈستدە گويا ئۇنی سۆيمەكچی بولغاندەك شامالدا يەڭگل تەۋرنەتتی. ئۇنڭ تاتارغان يۈزلری ئاي نۇردا تېخمۇ ئاق، گويا هلال ئاي بلەن بەسلشۋاتقاندەك نۇرلۇق كۆرۈنەتتی. ئۇنڭ سۆگەت تاللری بلەن قوشۇلۇپ سۇغا چۈشكەن شولسی ئاجايپ كۆركەم، خۇددی قەدمي چۆچەكلەردكی خيالي نەرسلەردەك سرلق، چۈشتەك غۇۋا، سەلتەنەتلك كۆرۈنەتتی. توساتتن يۈركمنڭ قات-قېتدن ـــ ئاچچق هېسلارغا ئورالغان بر چوڭقۇرلۇقدن ئاستا-ئاستا ئۆرلەپ چقۋاتقان كۈچلۈك، تاتلق بر هېستن ۋۇجۇدۇم لەرزگە كەلدی، ئۆزۈمنی تۇتۇۋالالمدم. ئۇنڭ يېنغا بېرپ، ئككی مۈرسنی تۇتۇپ ئۆرۈدۈم. پۈتۈن مېهرم، مۇهەببتم بلەن ئۇنڭ ياشلق كۆزلرگە تكلدم. براق هاياجانلانغنمدن گەپ قلالماي، ئاران-ئاران بېشمنی لڭشتتم. ئۇ ماڭا ناهايتمۇ ئۇزاق تكلدی. كېين چاناقلری سەل كېڭيپ، لەۋلری تترددی. ئارقدنلا ياشلری تاراملاپ تۆكۈلدی. ئۇ ئچ-ئچدن قاپساپ كېلۋاتقان ئۇهلرنی باسالماي هاسراپ، هالسزلنپ ماڭا يۆلەندی. ئۇنی قويۇۋېتپ قاتتق يغلدی. كۆكسۈمگە بېشنی قويۇپ، دەردلرنڭ هەممسنی

www.uyghurkitap.com

بىراقلا چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغاندەك، ئۇزاققىچە مۇشۇنداق يىغ-لىدى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدىم. قىيىنىپ-قىيىنىپ پۇرۇدۇم. قول ياغلىقىم بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتۈم. ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بىلمەن، مەن بىلمەن. سىزدە... توي قىلغۇدەك شارائىت يوق. بىراق... ماڭا ئۇنداق توي كېرەك ئەمەس، كىيىم-كېچەك... كېرەك ئەمەس... ماڭا... مانا... مۇشۇنىڭ ئۆزى توي، مۇشۇنىڭ ئۆزى كاتتا تويلۇق، بايلىق. مەن... مەن...

كائىناتقا چېچىلغان ساناقسىز يۇلتۇزلار شوخلۇق بىلەن چىمىر-لايتتى. خۇددى يوپۇرماق ئۈستىگە قونۇۋالغاندەكلا، نازاكەت بىلەن تۇرغان ھىلال ئاي ئەركىلىگەندەك بىرتاتلىق كۈلەتتى. گۈل بەرگىلىرىنى سۆيۈپ قاچقان بەڭباش شامال يۈزلىرىمىزنى سىيپاپ ئۆتۈپ، دىماغ-لىرىمىزغا خۇش ھىدلارنى تولدۇراتتى. دەريا بويىدىكى ھاياتلىقتىن بېشارەت بەرگەندەك، پاقىلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ كوركىراشلىرى گاھ-گاھ ئاڭلىناتتى...

— قايتىپ كېتەيلى، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — بەلكىم تويىمىز بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىشار. ئانىڭىزمۇ جىم ئولتۇرماس. ھەر ھالدا ئويلىنىپ، تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. كېيىن بىزگە...

— تەييارلىقنى قىلغان، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل بەختىيارلىق، يەنە سەل جىددىيلىكمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قەۋەتلىك بىنالارغا قاراپ قويۇپ ئېيتتى، — ئۇنداق گەپلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. ئانامىمۇ ئەسكىلىك قىلىشى مۇمكىن. ئەمدى مەن پەرۋا قىلمايمەن.

ئارقامدىن سۆز ـ چۆچەك قىلغۇچىلار چىقسا، ئۇلارغا ھەممىنى ئېيتىمەن. مانا شۇ چاغدا، كىشىلەرمۇ بىزنى چۈشىنەر... ــ ئۇ سەل توختاپ، كۆزلىرىمگە يېقىملىق تىكىلىپ قارىدى، ــ سىز بار، ئەلۋەتتە چوقۇم بەختلىك ئائىلە قۇرىمىز. بۇنى ھەممىگە كۆرسىتىمىز...

گۈزەل پەرىنىڭ قارا چاچلىرىدەك تۈن ئاسمىنىنى، ئۇنىڭ بېزەكلىرىدەك جىلۋىلىك يۇلتۇزلارنى، ساھىبجامال ھىلال ئايىنى، يەنە ئەركە شوخ شامالنى ئەگەشتۈرۈپ قايتتۇق...

ــ كىرىپ كېتەي، ــ دېدى ئۇ ئۆز كوچىسى ئاغزىغا كېلىپ، بىراق ھەر ئىككىلىمىز قىمىرلىماي، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئۇنسىزلا تۇرۇشتۇق.

ــ كىرىپ كېتىڭ، ــ دېدىم ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ.

ئانا، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، خىزمەتداش ھەم دوستلىرىمنىڭ ياردىمى ۋە قاتنىشىشى بىلەن، ھېچبىر داغ ـ دۇغا، قائىدە ـ يوسۇنسىزلا تويىمىزنى ئۆتكۈزۈۋالدۇق. ئىككى دەردمەننىڭ يۈرىكى يېنىپ، بۇ كىچىككىنە ياتاق ئۆيىنى يورۇتۇۋەتتى، ئازادە قىلىۋەتتى. بىز گويا تۈندىن تاڭغا ئۇلاشتۇق. بەختلىك ئۆۋىمىزدىن شادلاندۇق. شۇ چاغدا... شۇ چاغدا سىنى ئەسلەپ...

سەندىن تولىمۇ رازىمەن، قەدىرلىك ئانا، ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىلمەن، سەبىيلىكىدىلا ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلغان ئاكا ـ ئاچىلىرىم زېدە قىلغان يۈرىكىڭ بىلەن مېنى پەپىلەپ، ئارزۇلاپ باقتىڭ، تەستە چوڭ قىلدىڭ. ئاتامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي چىداپ ئوقۇتتۇڭ. ئىلىم ئۆگەنسۇن، نېنى پۈتۈن بولسۇن، دېدىڭ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىمنى ئاڭلىغىنىڭدا، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولدۇڭ. ئارزۇيۇڭغا خىلاپ ھالدا، ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئۇنتۇپ، مەكتەپتە

ئۆزگە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ، خىزمەت تەقسىماتىمنى ئۆزگەرتىپ، باشقا يۇرتتا سېنى قاتناشتۇرماي توي قىلىۋالغىنىمدا، كۆڭۈل ئاغرىد-قىڭنى بېسىپ مېنى كەچۈردۈڭ. ئەمما... كېچە-كېچە ئۈنسىز ياش تۆككەنلىرىڭنى سەزگەن چاغلىرىمدا، يۈرەكلىرىم لەختە-لەختە بولدى جېنىم ئانا. لېكىن ماڭا سەن بەخت تىلىدىڭ. تېخى كۆرۈپمۇ باقمىغان كېلىنىڭگە ئاتاپ دۇئا قىلدىڭ... بىراق... ئانا، ئەينى ۋاقىتتا ئوغلۇڭ خاتا قەدەم باسقانىكەن. ئوغلۇڭنىڭ ساددا قەلبى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ يەنە باشقا تەرەپلىرىنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغانىكەن. ئۇنىڭ يارىماس قىلىقلىرىمۇ، خۇنۇك قەلبىمۇ ساپ ھەم يارقىن كۆرۈنگەن ئىكەن. كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭ ھەممە سەزگۈلىرى بىلەن ئوغلۇڭغا تەلپۈنگەن يۈرىكى مېنى تۇغۇپ ئۆستۈر-گەن قەدىردان ئانامنى—سېنى تونۇمىدى. بۇ... بۇ خورلۇق ئەمەسمۇ ئانا؟ بۇ خورلۇقنى ئوغلۇڭ قانداقمۇ كۆتۈرسۇن؟ ئانىغا بولغان مۇھەببەت ئالدىدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى نېمىدى، جېنىم ئانا؟!

پەردە بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ، سېنى يوقلاپ بارغىنىمدا ماڭا كۆپ كايىدىڭ، مېنىڭچە، ئۇ پەقەت مېنىلا بەختلىك قىلسا شۇ يېتەرلىكمىش.

ئوغلۇڭ بۇنىڭغا ئۇنىسۇنمۇ؟! ياشىنىپ قالغىنىڭدا خىزمىتىڭنى قىلىش، دەردىڭگە دەرمان بولۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەسمۇ، جېنىم ئانا؟! سېنىڭ كۆڭۈل-كۆكسۈڭ نېمىدېگەن كەڭ، خۇددى مۇشۇ بىپايان كائىناتتەكلا...

ئانا، دەم ئېلىش كۈنلىرىم توشۇپ، خوشلىشىش ئالدىدا ساڭا قىلغان ئىككىنچى ۋەدەم ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن شۇ چاغ چىرايىڭغا تىكىلىپ قارىيالماي، "ماقۇل ئانا، ئوغلۇڭ سېنى يەنە يەرگە قاراتـ-

مايدۇ، ئۆزۈڭگە يارىغان، خالىغان يەردىن لايىق تېپىپ، ماڭا خەۋەر قىلساڭلا، يېنىڭغا كېلىپ، ئالدىڭدا توي قىلىمەن. مەن بەك خىجىل» دېگەن ئىدىم. ئەمدىچۇ؟...

كەچمۇ كىرىپ قالدى. قەدىرلىك ئانا، خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي، چارچاپمۇ قالغانسەن. بىراق شۇ تاپتا كۈلۈپ تۇرغان مېھرىلىك، ئوچۇق چىرايىڭ ماڭا كۈچ بولماقتا. كېلىنىڭمۇ مېھرىڭگە تەشنا، ئۇمۇ گويا سېنى كۆرگەندەك كۈلۈمسىرىمەكتە. ئاھ، ئۇنىڭ كۈلكىسى نېمىدېگەن ئوماق، خۇددى ئانىسىغا ئەركىلىگەن بوۋاقتەك...

يات ئارىدا ئالدىڭغا بارىمىز ئانا، گۇناھكار ئوغلۇڭنى، دەردمەن كېلىنىڭنى قارشى ئالغىن. ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن قۇچاقلاپ سۆيگىن، بۇنى كۆرۈپ ئەل-يۇرت ساڭا بارىكاللا ئېيتسۇن. ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، ئۆز بۇرچىنى ئۇنۇتقان، ئانىلىق سۆيۈپتىنى يوقاتقان ئانىلار سەندىن ئانىلىقنىڭ ئەندىزىسىنى — ھەقىقىي ئانىنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ ئۆگەنسۇن. بالىمۇ، ئانىمۇ، پۈتكۈل جاھانمۇ شادلىق ھېسسىغا چۆمۈلسۇن...

بىزنى قارشى ئالامسەن، ئانا؟
يەنە بىر گۈزەل كېچە باشلانماقتا...
ئاھ، قۇتلۇق كېچە...

ئەنۋەر غوپۇر

# ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

## 1

مەن يېگانە قالدىم. مېنىڭ نە ئانام، نە ئايالىم، نە پەرزەنتىم... بىرەرمۇ سۆيۈملۈك ئادىمىم قالمىدى. يالغۇز ياشاۋاتقىنىمغا مانا بۈگۈن توپتوغرا 15 كۈن بولدى. مەن بۇ كۈنلەرنى چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا خىيالىي تۇيغۇلار ئىچىدە تەنها ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ مۇشۇ كۈنلەر ئىچىدە چەككەن ئازابلىرىمغا پۈتكۈل ھاياتىمدا تارتقان دەردلىرىممۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ!

خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. لېكىن خۇدا مېنى جازالىدى. جازالىغاندىمۇ قاتتىق جازالىدى. كۆيۈمچان ئانامنى، سۆيۈملۈك ئايالىمنى، ئۇماق پەرزەنتىمنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ كەتتى!

خوتۇنۇم سەرۋەدەك قامەتلىك، بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرىدىغان ساغۇچ چاچلىق، قويۇق ئۇزۇن كىرپىكلىك، شەھلا كۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ جىلۋىلىك تەبەسسۇملىرىنىڭ، نازلىق ئەركىلەشلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن.

ئۇ بۈنىڭدىن 15 كۈن ئىلگىرى يورۇق ئالەم بىلەن خوشلاشتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ گۈزەل، ئەخلاقلىق ۋە تولىمۇ مېھرىبان ئايال ئىدى. ئەمما ئۇ
كىچىكىدىلا يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن.
رەھمەتلىك ئانام ئۆلۈپ كېتىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا بۇ
لەنىتى كېسەل ئايالىمنىمۇ مەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىدى!

مەن ئانام بىلەن خوتۇنۇم لالەنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم،
سۆيەتتىم. ئانام كېلىنى لالەنى تولىمۇ ياقتۇراتتى. ئۇ دائىملا لالە
ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇنىڭ ئىشچانلىقى ۋە پاكىزلىقىنى ماختايتتى.
ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمەسلىكىمنى تاپىلايتتى. مەنمۇ ئۇنى
رەنجىتىشنى خالىمايتتىم. ئەپسۇسكى، ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ
سەكرات ئالدىدىكى چىرايى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە:

ئۇ كۈنى دوختۇر مېنىڭ كېسەلخانا كارىدورىدا ساقلاپ تۇرۇ-
شۇمنى ئېيتقانىدى. مەن كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا قانچىلىك ئۇزاق
ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. "قۇتقۇزۇشقا ئامال بولمىدى. كىرىپ
ئايالىڭىز بىلەن دىدارلىشىۋېلىڭ" دېگەن سۆز قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەنلا
گويا بىردىنلا ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ
كەتتىم. ئالدىمدا ئۇنىڭ قولىنى مۇرەمگە قويغان ھالدا كۆزلىرىگە
لىقىدە ياش ئالغان دوختۇر يەرگە قاراپ تۇراتتى. مەن دوخ-
تۇرنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتىم-دە، كېسەلخانىغا
بوراندەك ئېتىلىپ كىردىم. لالە كارىۋىتىدا ئاپئاق يوتقانغا پۈركىنىپ
ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق ئالايغان بولۇپ، چىرايى
خەسىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سول قولى يۈرىكىنى كۈچىسىز
مۇجۇيتتى، تىنىقى يېتىشمەي، ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ
كېسىلى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغانىدى.

مېنىڭ دوختۇرغا غەزىپىم كەلدى. بىرىپلا ئۇنىڭ ياقىسىنى سىق-

ماقچى بولدۇم. ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى بىرەر مىنۇت بۇرۇنراق كىرگۈزمەيدۇ؟ ئايالىمنىڭ چىرايىنى ئۇزاقراق كۆرۈۋېلىشىمغا، كۆپرەك سۆزلىشىۋېلىشىمغا، تەسەللى بېرىشىمگە يول قويمايدۇ؟! ئەمما ھازىر ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. بىر دەقىقە ۋاقتىمۇ قىممەتلىك ئىدى. لالە بەكمۇ ئازابلىنىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىگراشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇۋاتقان ماغدۇرسىز قولىنى تۇتتۇم، تۇتتۇمىيۇ، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ قوللىرى گويا مۇردىنىڭ قوللىرىدەك سوغۇق ئىدى. شۇ مىنۇتتا تىلىمغا بىر ئېغىزمۇ سۆز كەلمىدى. قەلبىمدە ئاچچىق بىر يىغا ئىسيان كۆتۈرەتتى.

لالە ئوڭ قولىنى كۆتۈرمەكچى بولغانىدى، لېكىن كۆتۈرەلمىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ـ دە، ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم. ئۇ تولىمۇ قىينىلىپ مەڭزىمدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋەتتى.

— ئەزىزىم... مېنى... مېنى كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ ناھايىتى تەستە، — بۇنى ئۇنىڭدىن كېيىن... ئوقۇپ... چىققىن. شۇندىلا... ھەممىنى... ھەممىنى چۈشىنىسەن.

ئۇ كۆكسىنى مۇجۇۋاتقان قولىنى مېنىڭ ياردىمىم بىلەن كۆتۈردى ـ دە، ياستۇقى ئاستىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. سۇندىيۇ، چىدىغۇسىز ئازاب بىلەن ئىڭىرىدى. مەن خاتىرىنى تونۇدۇم، بۇ ئۇنىڭ دائىملا مەندىن يوشۇرىدىغان كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرى ئىدى.

— مەن... — دېدى ئۇ نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆزلىرىنى ماڭا

تىكىپ، ـــ سىنى سۆيىمەن.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇنچىلىك بوش ئېيتىلدىكى، بەلكىم ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغان، ئاڭلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاھ خۇدا! ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا جان ئۈزگەندى!...

مېنىڭ كۆزلىرىم تامدىكى ئەينەككە تىكىلدى. ئەينەك يۈزىدە ئۈنسىز يىغلاۋاتقان بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. ئۇ مەن ئىدىم. ھەيرانمەن، مېنىڭ ساقاللىرىم ئۆسۈپ، چىرايىم جۇدەپ كەتكەندى. خۇددى ھاياتىدا كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن تەمبەل، لېكىن قېرى ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىمدىن قاڭشىرىم تېخىمۇ ئېگىزلەپ، كۆزلىرىم ئارقىسىغا تارتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئالامەتلەر مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن دەرد ـ ھەسرەتلەرنىڭ يالدامىسى ئىدى.

مېنىڭ تېرىلىرىم ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئايالىم ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى 15 كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە ماڭا 15 يىل ئۆتكەندەك بىلىنگەنىدى. 15 كۈن نېمىدېگەن ئۇزاق ۋاقىت ـ ھە!

توختا، ئۇ ماڭا بىرنەرسە بەرگەندەك، نېمىدۇ دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ؟ ھەم، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، خاتىرە دەپتەر، ھېلىقى كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر.

مەن كىتاب ئىشكاپىمنى ئاختۇرۇپ ھېلىقى كۈندىلىك خاتىرە دەپتەرنى تاپتىم. نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەنلا يەنە قانداقتۇر بىر بەختسىزلىك يۈز بېرىدىغاندەك، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

مەن كرېسلوغا ئولتۇردۇم ـ دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىم

بىلەن دەپتەرنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

## 2

20 ـ مارت، سەيشەنبە.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، سەن ئۈرۈمچىگە ئۈچ ئايلىق ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ كېسىلىم يەنە قوزغالدى. ئىدارەمدىكى خىزمەتداشلىرىم مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپتىمەن. ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىمغا قانچە كۈن بولغانلىقىنى ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايمەن. بىراق بۈگۈن خېلىلا ماغدۇرۇمغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم. مەن دوختۇرنىڭ بالىنىستىن چىقىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم. ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغاندى، دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك، مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدىغان، كۆزەيىنىكىنى دائىملا ئېگىز بۇرنىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن 50 ياشلار ئەتراپىدىكى سالاپەتلىك كىشى ئىدى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ، كۆزەيىنىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇستىدىن ئېلىپ، قول ياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ، ــ ئۆزىڭىزنى يەڭگىل سېزىۋاتامسىز؟

ــ ھەئە، ساقىيىپ كەتكەندەك تۇرىمەن، ــ دېدىم مەن، ــ چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟

دوختۇر ئاستا كېلىپ يېنىمدىكى كرېسلوغا ئولتۇردى. ئاندىن ماڭا بىرھازا قاراپ كەتتى. چىرايى ئاۋۋالقىدەك سۈرلۈك، غەمكىنىدى. مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ماڭا ئېيتىدىغان ئاللىقانداق

مۇھىم گېپى باردەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈمگە ئەندىشىلىك بىر خىل سېزىم سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ غەلىتە بىر خىل ئاھاڭدا، — سىز ھايات قېلىشنى خالامسىز؟

مەن ھەيران قالدىم، ئۇنىڭ گېپىنى پەقەتلا ئاڭقىرالمىدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدىم مەن قاتتىق چۆچۈپ، — كېسىلىم خەتەرلىكمۇ؟ ئوچۇقراق ئېيتىڭا، نېمە ئىش بولدى؟

— مۇنداق ئىش، — دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك ئېگىز بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ قويۇپ، — سىزنىڭ تۇغۇتىڭىزغا ئازلا ۋاقىت قاپتۇ، — نېمە ئۈچۈنكى ئۇ بۇ قېتىم تولىمۇ ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، مەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. بىراق ئۇ بۇنى سەزمىگەندەك، گويا ھەربىر ئېغىز سۆزنى ئېغىزىدا بىرھازا چايناپ ئاندىن چىقىرىۋاتقاندەك ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلىدى، — ناۋادا دەل شۇ پەيتتە كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالسا، ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماستىن كۆزلىرىمگە يەنە بىر قېتىم تىكىلدى، ئېھتىمال ئۇ سۆزلىرىنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىنى بىلمەكچى بولسا كېرەك، بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇڭا سىز بالىڭىزنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ياق! ياق! چىقىپ كېتىڭ، — مەن تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدىم، — كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! بۇ مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم، مەن بالامنى كۆرۈشنى خالايمەن! — مەن ئەسەبىيلىشىپ، چاچلىرىمنى يۇلۇپ ۋارقىراپ كەتتىم.

زاھىر، مۇبادا سەن مېنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتىمنى كۆرگەن

بولساڭ، كېسەلخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن بولار ئىدىڭ.
دوختۇر مېنىڭ كېسىلىمنىڭ قايتا قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، مېنى كارىۋاتقا چىڭ بېسىۋېلىپ، سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى:
ــ سانىيە! هاي سانىيە!
مەن ياق، دېگىنىمچە بېشىمنى توختىماستىن چايقايتتىم. كېسەلخانىغا بىر سېستىرا قىز كىرىپ كەلدى.
ــ تېز بولۇڭ! ــ دېدى دوختۇر، ــ تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇڭ، بۇ ئوبدانراق ئارام ئالمىسا بولمايدۇ!
ــ هەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەيمەن، ــ دەيتتىم مەن بوش ئاۋازدا، ــ بۇ زاهىرنىڭ بالىسى، مېنىڭ بالام، ئۇ چوقۇم ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. مەن ئۇنى چۈشۈرۈۋەتمەيمەن...
توختىماستىن سۆزلەيتتىم، ئەمما سۆزلىرىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمايتتىم. قاپاقلىرىم قوغۇشۇن قۇيغاندەك ئېغىر ئىدى. كۆزۈمنى قانچە قىلىپمۇ ئاچالمىدىم، كېيىن ئاستا ــ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.
مەن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا كەچ سائەت ئون بولغانىدى. كارىۋىتىمنىڭ لېۋىدە سېستىرا قىز سانىيە ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ساددا، ئاقكۆڭۈللۈكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن هېسىداشلىق، سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى:
ــ تاماق يەمسىز؟
مەن شۇندىلا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدىم.
ــ ئازراق بىرنەرسە يەي.

سانىيە سىرتقا چىقىپ كېتىشىپ بىرئازدىن كېيىن تاماق ئېلىپ كىردى.

— سىز ئېيتىپ بېقىڭا، — دېدىم مەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن سانىيەگە يېلىنغاندەك، — بالامنى چۈشۈرۈۋەتمىسەم زادى بولماسمۇ؟

— مېنىڭ سىزگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — دوختۇرلار سىزنىڭ كېسىلىڭىز ئۈستىدە ئىككى سائەت يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرىلەشتى. كېسىلىڭىز يەنە بىر قېتىم قوزغالسا ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدىكەن. ئۇلار تۇغۇتىڭىزدا كېسىلىڭىزنىڭ يەنە قوزغىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى، شۇڭا بالىڭىزنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىپ، ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن.

— ئۈمۈر بويى پەرزەنتسىز ئۆتۈپ كېتەمدىم؟

مەن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

— نېمە ئامال دەيسىز، — دېدى ئۇ قول ياغلىقىنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ، — بىرەر بالا بېقىۋالارسىز.

ئۇ ماڭا بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

كېسەلخانىدا يالغۇز قالدىم. تۆت ئەتراپىمدىكى ئاپئاق تاملارغا قارىغىنىمچە خىيالغا چۆمدۈم. ئاھ خۇدا! شۇنداق قىلىپ بالامنى ئالغۇزۇۋېتەمدىم؟ قانداق ئانا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇماق پەرزەنتىنى ھالاك قىلىدۇ؟ ياق! ھېچبىر ئانا ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئانا! ئانىنىڭ قەلبى ئاسماندەك كەڭ، ئۇپۇقتەك چەكسىز، ئۇنىڭ قەلبىگە ئانىلىق مېھرى - مۇھەببەت بەئەينى قۇياش نۇرد-

دەك سىڭىپ كەتكەن. شۇنداق ئىكەن، مەنمۇ بالام ئۈچۈن قۇربان بېرەلمەمدىم؟ پەرزەنتىمنى بارلىقىم بىلەن قوغداپ قالالمامدىم؟

زاھىر، مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى بىلەمسەن؟ ئەلۋەتتە بىلمەيسەن! مەن تۇنجى پەرزەنتىمنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنى، ئۇنى باغرىمغا بېسىشنى شۇنچىلىك خالىساممۇ، ئەمما ھايات ياشاشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. قانداقتۇر بىر خىل ئىستەك مېنى ياشاشقا ئۈندەيتتى. سېنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىڭ مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇراتتى، مەن ياشىشىم كېرەك.

زاھىر، ئىككىنچى قېتىم ئانامنى، سېنى ئويلىدىم. ئانام مېھرىبان، ئاقكۆڭۈل ئايال، ئۇ ماڭا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئانىلىق مېھرى-مۇھەببىتىنى بېغىشلىدى. مېنى ئۆزىدەك ئۇلۇغ ھىماتقا ئىگە قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئورۇندىماستىن ئۆلۈپ كەتسەم-ھە! ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بىر يىلدىن بېرى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان ئاشۇ سۆيۈملۈك ئانامغا كىم قارايدۇ؟ ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ بەلكىم سەن باشقا ئايالغا ئۆيلىنەرسەن، ئەمما سەن ياخشى كۆرمەيدىغان ئۇ ئايال ئانامغا قانچىلىك كۆيۈنەر؟ ئۇنى رەنجىتمەسمۇ؟ خارلىماسمۇ؟ ياق! ياق! مەن ھايات ياشىشىم كېرەك. ئۆزۈم ئۈچۈن، كېسەلچان ئانام ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم كېرەك. مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان يىللىق ئائىلە-مىزدە بەختلىك ياشىشىم كېرەك. مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن، ھەرگىز خالىمايمەن.

كېچىچە ئۇخلىماستىن ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدۇم.

## 3

21 ـ مارت، چارشەنبە.

ئەتىگەن سائەت 8 دە دوختۇر كىرىپ كەلدى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟ ــ دېدى ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا، ــ پىكىر ىمىزگە قوشۇلامسىز؟

مەن قوشۇلىمەن، دېگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ــ ھىم، ئۇنداقتا مۇنۇ جەدۋەلگە ئىمزا قويۇۋېتىڭ.

مەن ئىمزا قويدۇم. دوختۇر چىقىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن ئىككى سېستىرانى باشلاپ كىردى. سېستىرالاردىن بىرى ماڭا ئوكۇل ئۇردى.

ــ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئوپېراتسىيىنى باشلايمىز، ــ دېدى دوختۇر سېستىرالارغا قاراپ، ــ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىڭلار.

كۆپ ئۆتمەستىن پۈتۈن بەدىنىمنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. مېڭەمدىكى بارلىق چىگىش خىياللار بىردىنلا يوقالدى. پەقەت بالام توغرۇلۇقلا ئويلايتتىم. بىچارە بالام، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. سەن ئوغۇل تۇغۇلاتتىڭ، سەن داداڭدەك كېلىشكەن يىگىت بولاتتىڭ، مەن ساڭا ئۈۋۋال قىلدىم.

مەن ئويلىرىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، بىرقانچە ئادەمنىڭ مېنى نەلەرگىدۇ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تولىمۇ قىيىندا ھېس قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى پەقەتلا بىلەلمىدىم.

قەدىرلىكىم زاھىر.

www.uyghurkitap.com

مەن ئېسىمگە كەلگىنىمدە، ئاپئاق كېسەلخانا ئۆچېيدىكى ئىلگىرىكى كارىۋىتىمدا ياتقانلىقىمنى كۆردۈم. پۈتۈن بەدىنىم زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم. ئىختىيارسىز مۇنۇ سۆزلەرنى ئاستا پىچىرلىدىم:

— ئىست، مېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان پاقلىنىم!

## 4

*10* ـ ماي، پەيشەنبە.

زاھىر، بۈگۈن مەن دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. راستىنى ئېيتسام، ئانامدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، بەختكە يارىشا، ئانامغا قوشنىمىزنىڭ قىزى قاراۋېتىپتۇ. مەن ئانام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، قوشنىمىزنىڭ قىزىنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتىم. ئاناممۇ مەندىن بەك ئەنسىرىگەنىكەن، بىز بىرھازاغىچە مۇڭداشتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدىم. چۈشلۈك تاماقنى تەييارلاپ ئەمدىلا ئاشخانىدىن چىقىشىمغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. مەن ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە، خۇشاللىقىمدىن قىن ـ قىنىمغا پاتماي كەتتىم، ئالدىمدا سەن سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا تۇراتتىڭ. مەن قولۇڭدىن سومكىنى ئالدىم.

— لالە، ئۈچىڭلارنى بەكمۇ سېغىندىم، — سەن ئىشىكتىن كىرىپلا شۇنداق دېدىڭ ـ دە، مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يەنە قويۇپ قويدۇڭ. مەن سېنىڭ قايسى ئۈچىمىزنى دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىگەنىدىم، — ئانام سالامەتمۇ؟ تىنچ تۇردۇڭلارمۇ؟

سەن ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە مەن تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ تەييارلىدىم.

— ئاۋۋال تامىقىڭنى يەۋالغىن، بالام، ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەنـ سەن، — دېدى ئانام ساڭا، — قورسىقىڭمۇ تازا ئاچقاندۇ. ئىككى بىچارە دەردلىرىمىزنى كېيىن سۆزلەپ بېرىمىز. ئايالىڭنى زېرىكتۈرۈپ ئۈچ ئاي يالغۇز تاشلاپ قويغىنىڭ قاملاشمىدى، — ئانام ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە قارىۋالدىم.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەن سومكىدىن ئانامغا ۋە ماڭا ئەكەلگەن سوۋغىلارنى ئېلىپ بەردىڭ. ئاندىن تولىمۇ چىرايلىق بىرنەچچە قۇر بوۋاقلارنىڭ كىيىمىنى، ئايروپىلان، پويىز قاتارلىق ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدىڭ.

— ئال لالە، بۇلارنى تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ئوغلىمىزغا ئەكەلدىم.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، سېنىڭ كۆزلىرىڭگە تىكىلگىنىمچە قېتىپلا قالدىم. سېنىڭ قاپقارا كۆزلىرىڭدىن ئاجايىپ بىر ئاتىلىق مېھرى-مۇھەببەت، خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. چىرايىڭدا بەختىيارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى. مەن كۆزلىرىڭگە بىرھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم-دە، بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. سەن نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەستىن بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىڭ. ئورىمدىن تۇرتۇپ ئۆزۈڭگە قاراتتىڭ. ئەندىشە بىلەن ماڭا تىكىلدىڭ، مەن ساڭا قارىيالماستىن، يەرگە قارىۋالدىم.

— لالە، ساڭا نېمە بولدى؟ خۇشال بولماي يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟!

— مېنى كەچۈرگىن، زاھىر، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆزلىرىمنى پۇتۇمنىڭ ئۇچىدىن ئۈزەلمەي، — مەن بالىنى ئالغۇزۇۋەتتىم.

— نېمە؟ بالىنى ئالغۇزۇۋەتتىم؟ — سېنىڭ ئۇيچان كۆزلىرىڭنىڭ قىزىرىپ قانغا تولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. سەن توك سوقۇۋەتكەندەك ئورنىڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭ.

— ئىپلاس!

يۈزۈمگە چاڭ قىلىپ تەگكەن بىر تەستەك كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. سەن كۈچلۈك قوللىرىڭ بىلەن ياقامدىن كاپ قىلىپ سىقتىڭ-دە، مېنى قورچاقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتىڭ. شىرەگە ئۇسۇۋالغان بولسام كېرەك، بېشىم پىچاق تىققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئىسسىق قان بويۇنلىرىمنى بويلاپ مۈرەمگە ئېقىشقا باشلىدى.

— يوقال! كۆزۈمدىن يوقال! ماڭا سەندەك خوتۇننىڭ كېرىكى يوق! — سەن قوللىرىڭنى ماڭا شىلتىپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتىڭ. مەن شەپقەت تىلىگەندەك كۆزلىرىڭگە قارىدىم. بىراق كۆزلىرىڭدە شەپقەت ئەمەس، بەلكى چەكسىز غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، — ھۇ نومۇسسىز، تاش يۈرەك! ھازىرلا خېتىڭنى ئال!

ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ دەھشەتلىك چېقىلغان چاقماقتەك مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى. مەن ئالدىڭغا يىقىلىپ، پۇتلىرىڭنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ ساڭا يېلىندىم.

— ئانداق دېمە، ئاۋۋال مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا، زاھىر...

— ياق، ئاڭلىمايمەن! سېنىمۇ، چىرايىڭنىمۇ كۆرگۈم يوق! تېز

ئۆيدىن چىقىپ كەت، بولمىسا ئۆزۈم چىقىپ كېتىمەن!

— زاھىر، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن ئوغلۇم! مەن سەندىن خۇش بولۇپ كېتەي، ئايالىڭنى ئۇرغۇچى بولما، ئۇنىڭغا ئۇۋۋال قىلما بالام، پۇشايمان قىلىسەن! — كارىۋات ئۈستىدە زار-زار يىغلاۋاتقان ئانام توختىماي ۋارقىرايتتى، — ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىغان بولساڭ مەن بۇ دۇنيادا ياشمايمەن.

سەن ئانامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ، ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتىڭ.

زاھىر، خېتىڭنى ئال، ئۆيدىن چىقىپ كەت، دېگەن سۆزلىرىڭ يۈرىكىمگە گويا ئۆتكۈر شەمشەردەك سانجىلىپ، مېنى يەرگە تېخىمۇ بەك چاپلاشتۇرۇۋەتتى. ئانام ماڭا نېمىلەرنىدۇ دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. مەن خۇدۇمنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ئانام كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ئۈنسىز يىغلاپ يېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئانامغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ھۇجرامغا چىقىپ كەتتىم. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ يەنە يىغلىۋەتتىم. زاھىر، مەن نېمە ئۈچۈن ساڭا ئاۋۋال دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتمىغاندىمەن؟ بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئالدىدا نېمىشقا ساڭا تېلېفون بېرىپ مەسلىھەت سورىمىغاندىمەن؟ راستىنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ بۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن، پەقەت زاھىر مېنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ، مەندىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، پەرزەنتىمنى نابۇت قىلىپ، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلىسا مېنى ئەپۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەسلىدە

سەن مېنى ئەمەس بالاڭنى سۆيىدىكەنسەن ـ دە! ئىلگىرى سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، مەن ھامىلدار بولغاندىن كېيىن بالىنى ياخشى كۆرۈپسەن ـ دە! ئەلۋەتتە يۈرەك تولىمۇ كىچىك نەرسە، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مۇھەببەتنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ!

زاھىر! سېنىڭ "كۆزۈمدىن يوقال" دېگەن سۆزلىرىڭ گويا مېڭەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمايۋاتقاندەك، قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي جاراڭلاۋاتىدۇ. سەن بۇ سۆزلەرنىڭ ماڭا نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ سەن بۇنداق دېگۈچە مېنى توختىماي ئۇرساڭ، تەپسەڭ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويساڭ بولماسمىدى؟ مەن سېنىڭ بىر تەستەك سېلىپلا توختاپ قېلىشىڭنى ئەمەس، بەلكى توختىماستىن ئۇرۇشۇڭنى خالايتتىمكى، ھەرگىزمۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىڭنى خالىمايتتىم. سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، يۈرىكىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، سەن راستىنلا مەندىن ئاجرىشىپ كېتەمسەن؟ سەن مېنىڭ ئەپۇ قىلىنىشقا موھتاج ئىكەنلىكىمنى، سەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى، پەقەت سەن بىلەنلا بەختلىك بولىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ!؟ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەمراھىم داداممۇ ئۆلۈپ كېتىپ ئىگە ـ چاقىسىز قالغىنىمدا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز ــ سېنىڭ ئاناڭ، مېنىڭ ئۇستازىم مېنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەلگىنى ئېسىڭدىغۇ؟! ئۇ چاغدا مەن ئون ياشتا ئىدىم. سەن مەندىن پەقەت بىر ياشلا چوڭ ئىدىڭ. يېڭى كەلگەندە سەندىن تارتىنىدىم، سەندىن قورقتۇم، سېنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىرچاغدا مېنى يېتىم ئوغلاق، دەپ تىللىشىڭدىن، ئۇرۇشۇڭدىن ئەنسىرەيتتىم. كېيىن سېنىڭ يامان بالا ئەمەسلىكىڭنى، مېنى تىللىمايدىغانلىقىڭنى، ئۇرمايدىغانلىقىڭنى، قورقۇشۇم



www.uyghurkitap.com

ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. سەن مېنى ھەرگىزمۇ خاپا قىلمايتتىڭ، سەن مېنى سىڭلىم دەيتتىڭ، مەن سېنى ئاكا دەيتتىم. بىز مېھرى ـ مۇھەببەتكە تولغان بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇشقا باشلىدۇق. بىللە ئوينىدۇق. بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇق، ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. ئەڭ ئاۋۋال مەن سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمچە مەغرۇرلىنىپ يۈردۈم. سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزۈمنى چوڭ سۈپەت تۇتتۇۋالدىم. كېيىن سەنمۇ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىۋالدىڭ ـ دە، پەرۋاسىز، قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدىڭ، قوپاللىقىڭدىن ئاغرىنسام، سەن دەرھاللا مەندىن ئەپۇ سورايتتىڭ. شۇنداق چاغلاردا كۆزلىرىڭ ھەممىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. گەرچە سەن ماڭا قانچىلىك قوپاللىق قىلساڭ مەن شۇ قوپاللىقىڭدىن مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى، چىن قەلبىڭدىن سۆيىدىغانلىقىڭنى بىلىۋالاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنلا خۇشال بولاتتىم...شۇنداق قىلىپ بالىلىق دەۋرىمىزدە بىللە ياشىدۇق. سەبىي مۇھەببىتىمىز گۆدەك قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. بىز بىرقانچە يىلنى شۇ ھالەتتە بىر ئۆيدە ئۆتكۈزدۇق. پەقەت ئالىي مەكتەپكە بىرىپىلا ئىككىمىز تەڭلا بىر ـ بىرىمىزنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ قېلىشقانلىقىمىزنى ئىقرار قىلىشتۇق. ھاكاۋۇرلۇقىمىزنى ئەيىبلەشتۇق. شۇنداق قىلىپ، ياشلىق دەۋرىمىزدىمۇ بىللە بولدۇق. بىر ـ بىرىمىزنى بەك ياخشى كۆرگىنىمىز ئۈچۈن سۆيگۈمىزگە ئېتىقاد قىلدۇق، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ كەلدۇق...

ئەجەبا، توي قىلىپ بىر يىل ئۆتمەيلا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەنغۇ؟ مەن پۈتكۈل ھاياتىمدىن سەن بىلەن بىللە بولغان

ھايات مۇساپەمنى چىقىرىۋەتسەم، قەلبىم قۇپقۇرۇق، زېرىكىشلىك روھىي چۆللۈككە ئايلىنىپ قالماسمىدى؟!

سۆيۈملۈكۈم، مەن كىچىكىمدىلا سېنى جېنىمدەك ياخشى كۆرگەن، سۆيگۈمىزنى مۇقەددەس بىلىپ، ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلغان ئەمەسمىدىم؟ سەن مېنىڭ ئېرىم، شەپقەتچىم، يۆلەنچۈكۈم ئىدىڭغۇ؟ مانا ئەمدى مېنى ئىككىمىز كۆللەندۈرگەن جەننەتتىن — بەختلىك ئائىلىمىزدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدىسەن. ئېيتقىنا، مەن كېسەلچان ئانامنى، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمنى تاشلاپ نەگىمۇ كېتەلەيمەن؟

زاھىر، مەن راستىنلا بەختسىز ئىكەنمەن. مېنىڭ ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىمدىكى بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن شۇ ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى قويلىرىمىزنى ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى تاغ باغرىغا ئاپىرىپ باقاتتىم. ئۇ كۈنى ھاۋا شۇنداق ئوچۇق ئىدى. مەن دوستۇم ئاسىيە بىلەن قويلارنى تاغ باغرىغا ھەيدەپ باردىم. تاغ ئېتەكلىرى شۇنداق چىرايلىق ئىدى. قارىقات چېچەكلىرى ۋە ياۋا ئۆت ئۈزۈملىرىنىڭ قىزىل ۋە قارا مېۋىلىرى كۆن نۇرىدا مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، سەلكىن شامال مەززىلىك ئادىراسمان پۇراقلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. ئاسىيە بىلەن مەن قويلىرىمىزنى ئۆزۈنغا سوزۇلغان قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدىكى يۇلغۇنلۇققا قويۇۋېتىپ ئويناشقا باشلىدۇق. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ، بىز كۈن پاتقىنىنىمۇ سەزمەستىن ئويناۋېرىپتۇق. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئازلا قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇلىقىمىزغا بىرنەرسىنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئەتراپىمىزغا قارىدۇق. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە بىر بۆرە

ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ ئىككىمىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەڭ ئېچىلغان ئېغىزىدىكى قىپقىزىل ئۇزۇن تىلى پەسكە ساڭگىلىغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر يالتىراپ تۇراتتى. ئاسيە بۆرىنى كۆرۈپلا چىرقىراپ، كەنتكە قاراپ قاچتى، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، خۇددى پۇتلىرىم قۇمغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئارقامدا ئوتلاۋاتقان 30 ـ 40 چە قوي بۆرىنى كۆرۈپلا تاغ باغرىدىكى ئېقىنغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بۆرە ماڭا قاراپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇراتتى، ئۇ قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە، مەن ئاستىدا ئىدىم، ئارىلىقىمىزنى پەقەت سەللا ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئايرىپ تۇراتتى. قورققىنىمدىن كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. قېچىپ كېتىشكە ئامالسىز ئىدىم، پۇتلىرىمنى يۆتكەشكە پېتىنالمايتتىم، كۆزلىرىمنى مۆلدۈرلىتىپ بۆرىگە تىكىلگىنىمچە تۇردۇم. قويلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۆرە ۋەھىمىلىك ئاۋازدا هۇۋلىۋەتتى ـ دە، قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىن ماڭا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. كۆزلىرىمگە قۇملار تىقىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۆرىنىڭ بېشىم ئۈستىدىنلا سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەنلىككىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۇم. مەن بىرلا ۋارقىراپ هوشۇمدىن كەتتىم...

ئاسيە كەنتتىن رەھمەتلىك دادامنى باشلاپ ئەكىلىپتۇ. دادام مېنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. مەن شۇ ۋاقىتتا يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەنمەن.

نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيدىسىم؟! بىراق هازىر ئۆلسەممۇ كېچىكمەيمەنغۇ؟ بىردىنلا قورقۇنچلۇق بىر خىيال مېڭەمدىن كەچتى. مەن هازىر ئۆلۈۋالسامچۇ؟ هاياتىمدىكى بارلىق

بەختسىزلىكلىرىمگە، ئازابلىرىمغا خاتىمە بەرسەمچۇ؟ مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلىدىم، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۆلۈم دېگەن سۆز ئېسىمگە كېلىش بىلەنلا كۆز ئالدىمدا قاپقاراڭغۇ بىر گۆر پەيدا بولدى. مەن شۇ گۆر ئىچىگە كۆمۈلەتتىم!

زاھىر! مەن شۇ ھالەتتە ئۇزاققىچە ياتتىم. سەن تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتىڭ، تام سائىتى توختىماستىن چىكىلدايتتى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم ئاستا ـ ئاستا رېئاللىققا ئايلاندى. مەن ئەمدى راستىنلا سەن كېلىشتىن بۇرۇنراق ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەنلا پۇتكۈل بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. يۈرىكىم بىردىنلا شىددەت بىلەن ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئادەم ئۆلۈمنى ئۆزى خالىسا ئۆلۈم ھەرگىزمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنمەيدۇ، قورقۇنچسىز ئۆلۈم مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى ئۇيقۇدەك شېرىن ۋە لەززەتلىك تۇيۇلدۇ. مەن ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. ئىشكاپتىن بىر قۇتا دورىنى ئىزدەپ تېپىپ ئىستاكانغا سالدىم ـ دە، شىرە ئۈستىدىكى چايداندىن سۈت چاي قۇيدۇم. ئىستاكاننى قولۇمغا ئېلىپ لېۋىمگە تەگكۈزدۈم. مەن ئۇنى ئىچىۋەتسەملا بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئازابلىرىدىن بىر يوللا قۇتۇلاتتىم. بىردىنلا بىر ئىشنى چالا قىلىپ قويغانلىقىمنى يادىمغا ئېلىپ ھودۇقۇپ كەتتىم، مەن ئانامغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە بىر ئىستاكان سۈت چاي بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ مەن تاش يۈرەك چۈشتىن بېرى ئۇنى ئاچ قورساق تاشلاپ قويۇپتىمەن. ئۇ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرسا، ئۇنى ئاچ قورساق قالدۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولغىنىمنى قارا!

مەن ئانامنىڭ ئالدىدىكى بالىلىق بۇرچۇمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئادا قىلىۋېتىش ئۈچۈن يەنە بىر ئىستاكانغا سۈت چاي قۇيدۇم، ئىستاكاننى ئەمدىلا كۆتۈرۈپ مېڭىشىمغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

— ئاپلا، زاھىر كېلىپ قالدى، — دېدىم مەن، — نېمە ئۈچۈن ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنراق دورىنى ئىچىپ ئۆلۈۋالمىغاندىمەن. ھېلىغىچە ئۇ مېنىڭ جەسىتىمنىڭ يېنىدا زار-زار يىغلىغان، قىلمىشىغا پۇشايمان يېگەن بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن كېچىكتىممۇ، ياق، ئۆلۈم ۋاقتىم پەقەت بىرنەچچە مىنۇت، بىرنەچچە سائەت ئارقىغا سۈرۈلۈشى مۇمكىن، خالاس.

مەن ئانامغا ئېلىپ ماڭغان سۈت چاينى شىرەگە قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا يۈزلىرىنى قويۇق ساقال باسقان، 50 ياشلار-دىكى يوچۇن بىر كىشى قاراپ تۇراتتى.

— قىزىم، كاملىبايىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىزكىن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

مەن گاڭگىراپ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم. مېڭەم گويا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋاڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇرغان-لىقىمنى بىلمەيمەن، ئېسىمگە كەلسەم، ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپ-تىمەن، ناتونۇش كىشى ئاللىبۇرۇن كېتىپ قاپتۇ. مەن چەكسىز ئۇپۇققا نەزەر تاشلىدىم. بارلىق مەۋجۇداتلار گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. كۆپكۆك ئاسماندا ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار زەردەك جۇلالاپ تۇراتتى. ئەمما تەبىئەتنىڭ بۇنداق گۈزەللىكى مېنىڭ قەلبىمگە تەسەللى بېرەلمەيتتى، يۈرىكىم يەنىلا بىر خىل ئىسكەنجە ئىچىدە تېپىرلايتتى، مەن تەبىئەتكە ئاداققى قېتىم نەزەر

www.uyghurkitap.com

سالدىم. يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا كۈمۈش رەڭ سامانيولى يورۇلۇپ تۇراتتى، مەن ئىختىيارسىز هالدا:

— كۆردۈڭمۇ زاهىر، مەن ئەنە شۇ يولنى بويلاپ جەننەتكە بارالايمەن، — دەپ پىچىرلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئارقامغا قايتىپ، ئىستاكاندىكى سۈت چايىنى ئالدىم - دە، ئانامنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ماڭا بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا قېرىپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— ئانا، سۈتىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ.

ئانام كېسەل ئازابىدىن بارغانسېرى نۇرلىرى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— دەردلىرىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن قىزىم، — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، — چىرايىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇ، خاپا بولما، هەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئۈنچىقمىدىم.

— سۈتىڭىزنى تېزرەك ئىچىۋېلىڭ...

مەن ئۆزۈمنى قانچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشساممۇ، يۈرىكىم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە شىددەت بىلەن سوقۇپ، ئۈنسىز پەرياد كۆتۈرەتتى. بەدەنلىرىم هالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئىستاكاندىكى سۈتنى ئانامغا ئىچكۈزۈپ قويدۇم - دە، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە تىكىلدىم. ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، يول - يول قورۇق باسقان كەڭ پېشانىسىگە باللىق مېھرىم بىلەن سۆيدۈم. بىر تامچە يېشىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئېقىپ چۈشتى.

مەن ھوجرامغا قايتىپ كىردىم. مېڭەمدە يەنىلا ئۆلۈم ۋەھىمىسى كېزىپ يۈرەتتى. مەن شىرە ئۈستىدىكى بىر ئىستاكان سۈت چاينى قولۇمغا ئېلىپ، ئاستا پىچىرلىدىم: خەير، ئانا، مەن ھازىر سىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىز مېنى ئون يېشىمدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلدىڭىز. ماڭا ھېچكىم بېرەلمىگەن ئانىلىق مېھرى-مۇھەببەتنى بەردىڭىز. كۆپ جەبىر-جاپالىرىمنى تارتتىڭىز. سىزگە كۆپ رەھمەت. خەير، زاھىر. مەن سېنىڭ ھۆكۈمىڭنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتىمەن. ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيمەن.

مەن ئىستاكاندىكى چاينى بىرلا كۆتۈرۈپ، تامچىمۇ قالدۇرماي ئىچىۋەتتىم. بالىلىق دەۋرىمدىن تارتىپ ماڭا مېھرى-مۇھەببەت ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلاپ كەلگەن ئۆيىمىزگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىدىم-دە، كارىۋىتىمغا چىقىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ ياتتىم.

مەن ئۇخلاپلا قالسام مەڭگۈ ئويغانمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. لېكىن ھېچ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. ئۆلۈمنى كۈتە-كۈتە ئاخىرى پەرىشان بولۇشقا باشلىدىم. تام سائىتىنىڭ بىر خىل چىكىلداپ مېڭىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ، خىياللىرىمنىڭ خىرەلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئەمدى راستتىنلا ئۇيقۇم كەلگەنىدى. كۆزۈمنى ئاچماقچى بولۇپمۇ ئاچالمىدىم، ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. خىيالىمدا ئىككىلا ئىسىم يادلىنىپ تۇراتتى. ئانا، زاھىر... ئانا، زاھىر... بىراق ئېغىزىمدىن ئاۋاز چىقمايتتى، مەن ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتتىم!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارىيسى
www.uyghurkitap.com

## 5

11 ـ ماي، جۈمە.

زاھىر، مەن يەنە ئويغاندىم. كۆزلىرىمنى ئېچىپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. مەن ئۆلمىگەنىدىم. سەزگۈلىرىم نورمال ئىدى. ئۆيگە دېرىزىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، قەيەردىدۇ كاككۇك سايراۋېتىپتۇ. سۆيۈملۈكۈم زاھىر، بىلەمسەن، مەن ئۆلمەپتىمەن. مېنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سەن بىلەن ئانامنى يەنە كۆرەلەيدىغانلىقىمنى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىمنى، يەنە ياشىيالايدىغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە قەلبىمنى چەكسىز ھاياجان ۋە شادلىق ئىگىلىدى.

مەن يۈگۈرگىنىمچە ئانامنىڭ ھۇجرىسىغا چىقتىم. ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟ ئانام ئام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغانىدى. ئانام كېچىدىلا ساقىيىپ كەتتىمۇ نېمە؟ ئۇ بەدىنىنى مىدىرلىتالمايتتى ئەمەسمۇ؟ ئانامنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈزىگە قارىدىم، قارىدىمۇ، سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ كەتتىم. چۈنكى ئانام جان ئۈزگەنىكەن. ئۇنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى ئالايغان ھالدا قېتىپ قالغانىكەن.

ۋاي ئەقىلسىزلىكىم...ئەسلىدە يوچۇن كىشى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ كاملىبايىنىڭ ئۆيىنى سورىغان چاغدا مەن جىددىيلىشىپ كېتىپ، دورا سېلىنغان سۈت چاينى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئىكەنمەن!

مەن يولغا چىقىپ يۈگۈردۈم. جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم.

كۆزلىرىمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. خىيالىمدا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يۈگۈرەيتتىم...ئاھ خۇدا! ئانامغا مۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلغۇچە، مېنىلا جازالساڭچۇ؟ مېنى نېمىشقا ئاياپ قويغانسەن؟ مەن يۈگۈرۈۋېرىپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈردۈم. پەقەت ھەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا يۈگۈرۈشتىن توختىدىم. ھەيرانىمەن، مەن ساقچى ئىدارىسىگە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىدارەڭگە كەلگەنىدىم. مەن بىناغا قاراپ مىدىر-سىدىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن پۇتۇمنى بىر قەدەممۇ يۆتكىيەلمەيۋاتاتتىم. پېشانەمدىن يامغۇردەك تەر قۇيۇلاتتى.

مەن ئالقىنىم بىلەن تەرلىرىمنى سۈرتۈۋەتتىم-دە، بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ، بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن سېنىڭ ئىشخاناڭغا قاراپ چىقىشقا باشلىدىم. بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە گويا بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

قەدىرلىكىم زاھىر، مەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ سېنىڭ ئىشخاناڭغا كىردىم. سەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يېزىۋاتقان ئىكەنسەن. شىرە ئۈستىدىكى قەغەزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىڭ ئارانلا كۆرۈنەتتى. سەن ئاياغ تاۋۇشۇمنى ئاڭلاپ بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ، مېنىڭ بىنورمال قىياپىتىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىڭ.

— لالە، نېمە بولدى؟

— زاھىر، ئانام... ئانام... — دېدىم مەن قورقۇپ ۋە تىترەپ تۇرۇپ، — تېز ئۆيگە... ئانام... — مەن سۆزلىيەلمەي قالدىم.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ تۇراتتى. تىنىقىم يېتىشمەي ھاسىراپ كېتە-ۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە ئىشخانا-دىن چىقىپ كەتتىم. يولغا چىقىپلا يەنە يۈگۈردۈم. ئاخىرى ئۆيگە كەلدىم. سەن ئانامنى قۇچاقلاپ زار-زار يىغلاۋېتىپسەن.

— ئانام زەھەر ئىچىۋالغاندا سەن يوقمىدىڭ؟ — دېدىڭ سەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ھەممىگە ئۆزۈم ئەيىبلىك. ئانام مەندىن ئاغرىنىپ زەھەر ئىچىۋاپتۇ...

زاھىر، سېنىڭ شۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم. جىسمىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. مەن سېنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگە-نىدىم. مەن تېخى سېنى مېنىڭ زەھەرنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

ئەزىزىم زاھىر، سېنىڭ شۇ بىر جۈملە سۆزۈڭنى — مېنىڭ "گۇناھسىز"لىقىمغا ئىشەنگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى پەسكەشلەرچە قاتتىق تۇتۇۋالدىم. شۇ مىنۇتتا ئانامنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مەن قاتىل، دەۋەتمەستىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالىغىنىمغا تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— بار ئىدىم، — دېدىم مەن تەمتىرىمەي، ھەتتا قىلچە دۇدۇق-لىماستىن، — كەچتە ئانامغا سۈت چاي ئەكىرىپ بەرگەنىدىم، ئۇ سۇۋۇغاندا ئىچىمەن، دەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. كېيىن، مەن ھۇجرامغا...

— ئاھ خۇدا! قارا بىزنىڭ ئەخمەقلىقىمىزنى! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىنى ئاقتۇرۇپ باقمىغان بولغىيدۇق، — دېدىڭ سەن چەكسىز ئازاب ئىچىدە. شۇنداق قىلىپ، ئانامنى ئۆزىتىپ

قويدۇق. مەن بولسام ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئەڭ پەسكەش، ئەڭ نومۇسسىز قاتىلغا ئايلاندىم. ئەمما، ئەسلى ماھىيىتىمنى ئاشكارىلىماسلىق، گۇناھىم توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىنسانغا تىنماسلىق قارارىغا كېلىپ، بۇ سىرنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بەند قىلىۋەتتىم.

## 6

10 ـ ئىيۇل، دۈشەنبە.

قەدىرلىكىم زاھىر، ئانامنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل بولدى. ئىككى يىلدىن بېرى يەنىلا سەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ كەلدىم. سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتىڭ. سەن مېنىڭ ئاپاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىمنى بىلمەستىن مېنى قۇچاقلىدىڭ، سۆيدۈڭ. ماڭا بەخت، خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بەردىڭ. مەن نومۇسسىزلارچە، ۋىجدانسىزلارچە ساقلاپ قالغان ھاياتىمنى سېنىڭ شەپقىتىڭ بىلەن گۈللەندۈردۈم. مەن ئەنە شۇنداق پەسكەش تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى ئالىيجاناب، ساڭا كۆيۈنۈۋاتقان قىياپەتتە كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئاقكۆڭۈل قەلبىڭدىن يەنىلا ئورۇن ئالدىم.

مانا ئەمدى كېسىلىم يەنە قوزغالدى. ئاۋۋالقىدەكلا ئاپئاق كېسەلخانىدىكى كارىۋاتتا يېتىۋاتىمەن. ئىلگىرىكىگە سېنىڭ بالاڭ بىلەن ئاناڭنى ئۆزۈمنىڭ ئورنىغا ئەزرائىلغا قۇربانلىققا بېرىۋېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم، ئەمدى ماڭا نۆۋەت كەلدى. پات ئارىدا ئەزرائىل مېنىڭ بۇ ئىپلاس جېنىمنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قەدىرلىكىم زاھىر، مېنى كەچۈرگىن! مەن نېمىشقىمۇ بالىنى ئالغۇزۇۋەتمەيلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيدىم؟ بىلەمسەن، ئانامنى ئۆلتۈرىۋەتكىنىمدىن بېرى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۆلدۈم! كېچىلەردە، كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا ئاپپاق كېپەنىنى ئارتىۋالغان ئانام پۈتۈن بەدىنىدىن قان تامچىلاپ تۇرغان بىر بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا ئالدىمغا كېلىدۇ.

— بۇنى ساڭا ئالغاچ كەلدىم قىزىم، — دەيدۇ ئانام كېپەن ئىچىدىن بىر ئارغامچىنى ئېلىپ ماڭا تەڭلەپ، — ئالغىن بالام، بۇ ۋىجدان سىرتمىقى، سەن بۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىن. بالاڭ ئىككىمىزنىڭ سېنى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى، مە، بالام، بۇنى قولۇڭغا ئال، ئەمدى ئۆز ئورنۇڭنى تاپ...

ئانام سىرتماقنى كۆتۈرۈپ ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت ئوتىنى كۆرىمەن. مەن بۇ چۈشنى ھەر كۈنى كېچىدە كۆرۈپ تۇرىمەن. ھەرقانداق چاغدا كۆزۈمنى يۇمسamla ئانام يەنە شۇ قىياپەتتە بىلەن ئالدىمغا كېلىدۇ. ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كېتىمەن، جۆيلۈيمەن. ساراڭ بولۇپ قېلىشقا ئازلا قالدىم.

شۇنداق زاھىر، مەن ھەر كېچىسى بىر قېتىم ئۆلىمەن! ئىككى يىلدىن بېرى تالاي قېتىم ئۆلۈپ بولدۇم. مانا ئەمدى خۇدا راستىنلا جېنىمنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەزىزىم زاھىر، ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى چىرايىڭنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى. قەلبىڭنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئازاب ئىگىلىدى. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدە يىغلاۋاتقانلىقىڭنى، توختىماستىن ئېسەدەۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇردۇم. مەن سەندىنمۇ زىيادە ئازابلاندىم، بىراق مەن بۇ ئازاب-

لارنى تارتىشقا ھەقلىق ئىدىم. ئەمما سەن ناھەق ئازابلىنىۋاتاتتىڭ. ئېسىڭدىمۇ؟ بىر كۈنى سېنىڭ ئالدىڭغا تىزىلغان تاماقلارنىمۇ يېمەستىن، تاماكا چەككىنىڭچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتىم.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دېگەن ئىدىڭ سەن بارماقلىرىڭدا چاچلىرىمنى تاراپ تۇرۇپ، — ئانام بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. ئەمدى ئۇ ئىشنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى. ئۆتمۈشنى ئەسلىمەيلى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىڭنى ئاسرا، قارا، ئىچ ئاغرىقىدا بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسەن!

مەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتكەنىدىم. سەن نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل؟ سەن ئۆزۈڭگە ئەمەس، يەنە ماڭا تەسەللى بېرىۋاتىسەنغۇ؟ مەن سېنىڭ ئاشۇ تەسەللىلىرىڭگە لايىقمىدىم؟

سەن ئىچ ئاغرىقىدا — ھىجران ئازابىدا ئازابلىنىۋاتاتتىڭ. مەنچۇ؟ مەن ۋىجدانىمنىڭ جازا لاگېرىدا ئازابلىنىۋاتاتتىم. شۇ كۈنى مەن ساڭا ھەممە ئىشنى دەۋەتكىلى ئازلا قالغان ئىدىم.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن. مەن ئەسلىدە بۇ سىرلىرىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدىم. بىراق نومۇسسىز قىلمىشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم، بۇلارنى ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزىپ چىقتىم. بۇنى ئوقۇپ، سېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. لېكىن ئازابلانماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

جىنايەتكار ئايالىڭ لالە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 7

مەن قاچاندىن بېرى يىغلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئەمما لالەنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنى زور سەۋر-تاقەت بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئاستا-ئاستا بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۆي ئىچىنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغاندەك ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالدىم. ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرە دەپتەرنى يېپىشقىمۇ قۇربىم يەتمىدى. پۈتۈن بەدىنىم بوشاپ، ئاستا-ئاستا ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئاھ خۇدا، بۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنىمۇ نېمە؟ چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈپ كېلىۋاتقان ئايالىم لالەنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە مۇنداق خەتلەرنىڭ بارلىقىنى، ھاياتىنىڭ مېنى مۇنداق رەھىمسىزلارچە ئەخمەق قىلىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

مەن شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. كۆز يېشىم بىلەن نەملەنگەن خاتىرە دەپتەر قولۇمدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە ئاللىقاچان ئەس-ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم.

ماخمۇت مۇھەممەت

# گۈزەل قىرغاق

## 1

زامانلاردىن بېرى دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان بۇ دەريانىڭ ئېسمىنى ئاڭلىمىغان، يېنىغا بىر كېلىپ چىمەن قىرغىقىغا دەسسەپ، ئۇنى قانغۇچە تاماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلمىغان كىم بار؟ ھەر ئاخشىمى ئاشۇ تىنچىماس دەريانىڭ شاۋقۇنى ــ تەبىئەتنىڭ ئاخىرى چىقماس كۈيى سىزنىڭ ئۇيقۇ ئالمىغە راۋان بولۇشىڭىز ئۈچۈن مۇڭلۇق ئەللەي ئېيتىپ، ھارغان تەنلىرىڭىزگە ئارام بېرىدۇ.

نۇرسۇل بوۋاي بۇنىدىن ئاتمىش يەتتە يىل ئىلگىرى مۇشۇ دەريانىڭ بويىدا، ئەتراپى رۇس دېھقانلىرىنىڭكىدەك مەھكەم، چىرايلىق قاشالانغان چاققانىنە ھويلىدا تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ھاياتقا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم ئەنىسىز ئىشەلىشى دەل مۇشۇ دەريانىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى ئېقىنىنىڭ قەھرىلىك شارىلداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سۆزدىن ئاغزى بېسىقمايدىغان دۇمچەك كىندىك ئانىنىڭ يېڭى ئۇچۇرۇمنى دەسلەپكى رەت چۆمۈلدۈرگەن بىر ئاپتۇۋا يىلمان سۇيىمۇ دەل مۇشۇ خاسىيەتلىك دەريادىن ئېلىنغانىدى...

شۇندىن بېرى ئاتمىش يەتتە يىل ئۆتتى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. زامان يېڭىلاندى، ئادەملەرمۇ يېڭىلاندى. رۇسۇل سالچىمۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كەتتى. رۇسۇل سالچىنىڭ كۆچۈمگىنە مەھەللىسىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان قەدىردان قوشنىلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئورنىنى ۋارىسلارغا بوشىتىپ بېرىپ، سالچى قوشنىسى بىلەن مۇڭداشقىلى ھېلىقى سىرلىق، قورقۇنچلۇق دۇنياغا راۋان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پارۇم كۆزەتچىسى قىرغىزمۇ، كۆكتات تېرىغۇچى خەنزۇمۇ، ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان رۇسمۇ، مۇئەللىم تاتارمۇ بار ئىدى. رۇسۇل سالچىنىڭ ھېلىقى قاشالىق ھويلىسى ئاتمىش يەتتە يىل ئىچىدە نەچچە قېتىم تۇسىنى ئۆزگەرتتى. سوقما تاملىقمۇ، كېسەك تاملىقمۇ، چىتەن تاملىقمۇ بولدى، بىراق دەريا بويىدىكى ئاشۇ يېرىم موددىن سەل ئاشىدىغان زېمىنلا ئۆزگەرمىدى. ھازىر بۇ چىملان تۇپراق زېمىندا جاراڭلاپ تۇرغان پېشايۋانلىق خىش ئۆيلەر، چىرايلىق ئايلاندۇرۇلغان خىش تام، چاققانغىچە، نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان زەڭگەر سىرلىق قوش قانات، مىس ھالقىلىق دەرۋازا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇ ئازادە، پاكىز ھويلىدا ئىككى يىل ئىلگىرى دەم ئېلىشقا چىققان، يىلىغا ئون ئۈچ ئايلىق مائاش ئالىدىغان پېشقەدەم ھۆكۈمەت خادىمى نۇرسۇل بوۋاي ئۆزىنىڭ ياۋاش، بىراق سەل گالۋاڭراق مومىيى ۋە كەنجى ئوغلىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىرگە ياشايتتى. توغرا، ئېيتماققا ئاسان ئەمما مۇساپىسىنى باسماق مۇشكۇل بولغان ئاشۇ ئاتمىش يەتتە يىلدا بۇ قەدىردان دەريانىڭ بويىدىكى كۆچۈم مەھەللىدە زامانغا ئەگىشىپ نى ـ نى ئۆزگىرىشلەر بولدى. قىياپەتىمۇ، ئادەملەرمۇ يېڭىلاندى. لېكىن دەريالا — بۇ تىلسىماتتەك سىرلىق دەريالا ئاۋۋالقىدەك كۆۋەجەپ، سوغۇلماستىن

بىر خىلدا ئېقىپ تۇردى...

## 2

نۇرسۇل بوۋاي بۈگۈنمۇ كۆنىدىكىدەك بالدۇر ئويغىنىپ كەتتى. ئادەم قېرىغاندا ئۇيقۇدىن قالىدىكەن. ئۇمۇ بىر سەۋەب بولغىيدى، بىراق بوۋاينىڭ بۇ قېرىلىققا خاس ئادىتىگە بىر ئايدىن بېرى يەنە بىر يېڭى ئۆزگىرىش، غەلىتىلىك قوشۇلدى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكىدىنمۇ سەھەرچى بولۇپ كەتتى. تېخى تاڭنىڭ ئاخىرلىششىدىن خېلى ئىلگىرى ـــ باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭلا بېشىنى ماموق ياستۇقتىن يۇلۇپ ئالاتتى ـ دە، يېنىدا قوينىڭ قوزىسىدەك مۆلايىم تىنۇستە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان سەل كەم يىرىم ئەسىرلىك قەدىناسىنى ئويغىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كىيىملىرىنى ياش يىگىتتەك چاققانلىق بىلەن كىيىپ، كۆمۈش رەڭ تاماكا قۇتىسى بىلەن سەرەڭگىسىنى ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ، ساپما كەشىنى سىلىق شىپىلداتقىنىچە تالاغا چىقاتتى. كېچىچە ئۇنىڭ چۈشىدە ھەمراھ بولۇپ چىققان ئانا دەريانىڭ تىنچىماس ئاۋازى ئۇ ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، سۈرەن سېلىپ قۇلىقىغا ئۇرۇلاتتى. بوۋاي بولسا خۇددى ئاشۇ ئاۋازنى يەنىمۇ ئوچۇقراق ئاڭلىماقچى بولۇپ ئالدىرىغاندەك، سوقماق يول بىلەن دەريا بويىغا قاراپ كېتەتتى. قاپقاراڭغۇ بوشلۇق ئىچىدە ئۇ دەريانى، پەقەت دەريانىلا كۆڭلىدىكى بىر تەسەۋۋۇر كۆزى بىلەن ياققال كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنىداق، ھەتتا دەريانىڭ ھەربىر كىچىك قاينامىلىرىغىچە ئۇنىڭ كۆزىگە نامايان بولاتتى. نۇرسۇل بوۋاي ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭنى چىگىشلىشىپ كەتكەن يىپقا ئوخشاپ

قالغان خىياللارغا غەرق بولۇپ كۆتۈۋالاتتى. گۈزەل ۋە يېڭى بىر سەھەر نازاكەتلىك قول بىلەن كائىنات سەھنىسىدىن قارا مەخمەل پەردىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قىزغۇچ شايى پەردىنى ئاساتتى. ئەزىم دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى بوۋاينىڭ كۆزىگە ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ نۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ بوۋايىنى ئۆزىنىڭ سىرلىق، ئەمما يېقىملىق قۇچىقىغا چىللاپ ئۈنسىز، غايىبانە تىل بىلەن نېمىلەرگىدۇ ۋەدە بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا نۇرسۇل ئاتىنىڭ نېرىقى قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتكىسى، ئۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ناتونۇش، يېڭى چۆپ-گىياھلار، تاشلار ۋە ئىزلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى. شۇنداق چاغلاردا پەقەت يۈز مېترچىلا نېرىدىكى ئۇ قىرغاق مۇشۇ دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى ئەمەس بەلكى ھاياتنىڭ، قول يەتمەس ياشلىقىنىڭ... قىرغىقى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

نۇرسۇل بوۋاي ئاشۇ ئاجايىپ خىياللىرى، شۇ قىزغىن كەيپىياتى بىلەن بۈگۈنمۇ سەھەر مەلىكىسى ئالەمنى نازلىق سۆيگەنگە قەدەر بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، مۇھەررەمخان ھەققىدە نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى.

## 3

كەينى ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىن باشلىغىنىمىز تۈزۈك. ئۇ چاغدا ئون يەتتە ياشلىق، كېلىشكەن يىگىت نۇرسۇل بىر تەرەپتىن شەھەردىكى بىردىنبىر ئەرلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن "سانايىنەپىسە" دېيىلىدىغان مەھەللىۋى سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

ئۇ زامانلاردا خانىم ـ قىزلارنىڭ سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىگە قاتنىششى مۇشكۈل بىر ئىش بولۇپ، پەقەت ئايرىم ساندىكى جۈرئەتلىك، جەسۇر قىزلارلا ھەر خىل توسالغۇلارنى بۆسۈپ، دەردلەرنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ سەنئەت ئويۇشمىلىرىغا قاتنىشاتتى. نۇرسۇل سەھنىلەردە ئەل ـ يۇرتقا خىللا تونۇلۇپ يۈرگىنىدە ئۆمەككە مۇھەررەم ئىسىملىك، چىرايلىقلىقىدىنمۇ كۆرە يېقىملىق بىر ناخشىچى قىز قېتىلدى. قىز كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا نۇرسۇل بۆلەكچىلا بىر ئىنسان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى ناخشىنى ئىلگىرىكىدىن-مۇ يېقىملىق ئېيتاتتى. دۇتارنى بولسا پەقەت مۇڭلۇق ـ مۇڭلۇق پەردىلەرگىلا چالاتتى. قىزىقچىلىقى نەگىدۇ غايىب بولغانىدى.

مۇھەررەم بىلەن نۇرسۇل ئىككىسىنىڭ سىرلىق، شېرىن مۇھەب-بىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. قىز يىگىتكە، يىگىت قىزغا ئۇنىسىز، نازلىق، مەنىلىك بېقىشلار ئارقىلىقلا مەپتۇن، مەھلىيا بولۇپ قېلىش-قاندى. ئۆمەك ئىچىدە ئۇلار گويا ئاداۋىتى بار ئادەملەردەك بىر-بىرىدىن يىراقلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار پەقەت ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، ئۆزلىرى كېلىشىۋالغان ئاشۇ خىلۋەت جايدىلا ئۇچرىشاتتى. ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە دۇچ كەلتۈرۈپ قويغان سەنئەت ئۆمىكىگە، شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتتىكى ئۇق-تىدارلىرىغا رەھمەت ئېيتىشاتتى.

بىر يىلدىن كېيىن نۇرسۇل ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاقارتىش ئىشخانىسىغا كاتىپلىققا ئورۇنلاشتى. "سانايى-نەپىسە"گە ئوخشاش مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىمۇ مانا مۇشۇ ئورۇن باشقۇراتتى. نۇرسۇلنىڭ خىزمىتىگە ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك رۇسۇل سالچى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— سېغىزخاننىڭ ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىقتى دېگەن مۇشۇ. ياراتـ
قان ئىگىسىگە مىڭ قەتلە شۈكۈر! — دەيتتى ئۇ يېنىش-يېنىشلاپ.

هاياتتا قوشلاپ كەلگەن خۇشاللىق ئاز بولدۇ. نۇرسۇل مەدەنىيـيەت خادىمى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەستىن مۇھەررەم "سانايىنەپسە"گە قاتنىشىشتىن مەھرۇم بولدى. مۇھەررەمنىڭ يۇرت كېزىپ سودىگەرلىك قىلىدىغان ئاتىسى جەنۇب تەرەپتە ئىككى يىل تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەڭ دەسلەپتە مۇھەررەمنىڭ ئانىسىنى راسا دۇمباللىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ ئەل-جامائەت ئالدىدىكى "تاغدەك ئىناۋىتىنى تېرىقتەك قىلىپ، شەيتانغا شاگىرتلىققا كىرگەن، ھۆسنى بولغان بىلەن ئەقلى يوق" قىزىنى مەھكۇمخانىغا بەند قىلدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن مۇھەررەمنى ئۆزى زادىلا خالىمايدىغان شىراجى ئىسىملىك دۇكاندارغا ياتلىق قىلدى.

## 4

نۇرسۇل بوۋاي بۈگۈن دەريا بويىدىن كېلەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىدا تاماكا قالدۇقلىرى تېرىلىپ ياتاتتى. دەريا گويا بوۋاينىڭ كۆكۈل دەردلىرىنى بىلىدىغاندەك، ئۇنىڭغا ھەمىنەپەس بولۇشنى خالايدىغاندەك شارىلدايتتى. يۇقىرى تەرەپتىن ئارىلاپ گاھى يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇلغان ياش قارىغاي دەرىخى، گاھى قوچاق يەتمەس قىلىپ باغلانغان قېيىن شاخلىرى ئېقىپ كېلەتتى. شۇنداق، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ تىنىمسىز ئاققان دەرياغا ئوخشايدۇ. دەريا ۋە ھايات سېنىڭدىن ئىجازەت سوراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆز يولى بىلەن ئېقىۋېرىدۇ. مۆرتى كەلسە قارا كۈچ بىلەن دەريا سۈيىنى

www.uyghurkitap.com

توختىتىش، بۇراش مۇمكىن. بىراق ھايات ئېقىنىنى، ھايات دەرياسىنىڭ سۈيىنى بولسا ئېقىشتىن توختىتالمايسەن. نۇرسۇل بوۋاينىڭ ھايات دەرياسى ئاتمىش يەتتە يىل ئەنە شۇنداق ئېقىپ ئۆتتى. بۇ ئېقىندا بولسا خىلمۇخىل نەرسىلەرگاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ دېگەندەك ئېقىپ ئۆتتى. ئالەمگە كېلىپ كەتكەن مىليونلىغان ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇمۇ ھاياتتا كۆتكەنلىرىگە ئېرىشەلمىدى، ئېرىشكەنلىرىدىن بولسا رازى بولمىدى. بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل ئىلگىرى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن شىرەم تۇغقىنىنىڭ خەدىچە ئىسىملىك كەم سۆز، ئاش ـ تاماققا چېۋەر بىر قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيگە باش قويىدى. لېكىن نېمىشقىدۇ خەدىچەنىڭ يىلىم سۈركەلگەن بېشىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، مۇھەررەمنىڭ زىبا ھالىتىنى ئېسىگە ئالدى. قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىگە ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كېتىۋاتقان قىزنى بىر لەززەت تۇپەيلى ئەركىلىتىۋېتىپ "مۇھەررەم جېنىم!" دەپسالدى. غەلىتى ئىسىمنىڭ مەنىسىنى، بۇ ئۆمسە چاقىرىشنىڭ سەۋەبىنى خەدىچەنىڭ بىلگەن ـ بىلمىگەنلىكى نامەلۇم، بىراق ئۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەمەلدار ئوغلى ئاسىل تۇغۇلدى. ئەنە شۇ تەرىقىدە قىرىق بەش يىل ئۆتتى. كەم سۆز، ياۋاش خەدىچە ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بۇ ئۇزاق ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى نۇرسۇل ئاتا ئۆيىدىن، ئايالىدىن، توغرىسى ئۆزىنىڭ شۇ ھالىدىن بىزار بولۇش، سوۋۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. خەدىچىخان ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئوڭلۇقنە كۆلۈپ قارىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىيەلمەيتتى. بوۋاي غەلىتە مىجەزلىك ئىدى. قېرىلىق يېتىپ مۆكچەيگەن مەزگىللىرىدىمۇ تاماكا، ھاراقىنى ئايرىلماي ئۆتتى. مانا

ھازىرمۇ دەريانىڭ چىرايلىق قىلىپ سىلىنغان كۆۋرۈكى يېنىدىكى
بوتكا دۇكانلارنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى رۇمكا
قىقىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن بولسا ئايالىنىڭ نەسىھەتلىرىگە، نەۋرىلىرى-
نىڭ چۇۋۇلداپ تېزىغا يېپىشىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ئاشۇ توختىماي-
لا ئاقىدىغان دەريانىڭ بويىغا بېرىپ سائەتلەپ نېرىقى قىرغاققا
قاراپ ئولتۇرىدۇ. مانا، بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق ئولتۇرغىنىغا ئىككى
سائەتچە بولدى. دەريا گويا كەچ قالغان سەپەرچىدەك ئىتتىك
ئېقىپ ئۆتمەكتە. ئەتراپتىكى قوشنىلارمۇ ئالدىراش ھالدا ئۇيان ـ بۇ-
يان ئۆتۈشمەكتە. لېكىن بىرلا نۇرسۇل ئاتا ئالدىرىمايتتى. ئۇنىڭ
ئاتمىش يەتتە يىلى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتتى. ئەمدى ئالدىرايدىغان
ئىشى قالمىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ دەم ئېلىشقا چىقتى. بىر
ئۆمۈر ئىدارە خىزمىتىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى. مەدەنى-
يەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا ئەجىر سىڭدۈردى.
بۆلۈم باشلىقى بولدى. لېكىن ئۇ مەنسەپكە، يۇقىرى ئۆرلەشكە
قىزىقمىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بوۋاينىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئاشۇنداق
ئىشلارغا ئېپى بار چىقتى. باشقارما دەرىجىلىك كادىر بولسىمۇ،
يەنە دائىم ئۈستىگە چىقىشنى ئويلايدىغىنى يۈز ـ ئابروي تېپىش ئىدى. ئۇ شەھەر،
ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايوندىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى
دېگۈدەك تونۇيدۇ ياكى بولمىسا ئىسمىنى يادقا بىلىدۇ. يۇقىرىدىن
بىرەر ئەمەلدار بۇ شەھەرگە كېلىپ قالسىلا ئۇنى ئۆيىگە باشلايدۇ.
بوۋاي ـ موماينى ئارىلاپ كۆرگىلى كەلمىسە مەيلىكى ئەمما باشلىق-
لارنىڭ سوڭىدىن چىقمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا بىر تەڭگىلىك سارىم
ئالمىنى ئەكىلىشكە ئىچى ئاغرىيدۇكى، ھېلىقىدەك كاتتىلارغا قوي
سويىدۇ، كىملەرنى دوراپ قالدىكىنتاڭ بۇ بالا... نۇرسۇل بوۋاي

ئاشۇ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى تۇپەيلى ئەمەلدار ئوغلى بىلەن نەچچە قېتىم دېيىشتى، ھەتتا قىزىرىشىپمۇ قالدى. مانا ئۇنىڭ ئۆزى ئىككى يىل ئىلگىرى خىزمەتتىن ئايرىلغىنىدا مەدەنىيەت باشقارمىسىدىكى ئىشداشلىرى كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، بوۋاينى قىيالماستىن ئۇزىتىپ قويۇشتى. مەدەنىيەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيمۇ بەزمىگە ئىشتىراك قىلدى. بەزى ئايال خىزمەتداشلىرى ھەتتا ئۇنىڭغا تىلەك سۆزى قىلىۋېتىپ، كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق مەنسىپىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان، شائىرلىقتىن تاماسى بار ياش يىگىت، مۇيسىپىتكە ئاتاپ يازغان قەسىدىسىنى ئوقۇۋېتىپ خۇشاللىقىدىنمۇ ياكى ھەقىقىي قىيالماسلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر يىغلىۋەتتى. ياشىنىپ قالغان نۇرسۇل بوۋاي شۇ كۈنى بىرىنچى قېتىم ئاشكارا مەست بولدى. ھەتتا يىگىتلەرگە لايىق يېنىكلىك بىلەن "مەن خىزمەتتىن چېكىندىم، لېكىن مۇھەببەتتىن چېكىنمەيمەن!" دېدى. ئەتىسى بولسا ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان قۇشقاچتەك كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، ئاچچىق سوغۇق يەپ، ئاشۇ قەدىرلىك دەريانىڭ قىرغىقىدا ساق بىر كۈن ئولتۇردى.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى بورانلىق بىر كۈنى، دەريا بويىغا ئانچە يىراق بولمىغان "تاش ئوردا" دېگەن مەھەللىدە ياش-قۇرامى نۇرسۇل ئاتىدىن چوڭراق بىر مۇيسىپىت ۋاپات بولدى. نۇرسۇل ئاتا ھازا كۈنى مەرھۇمنىڭ باياشات، قەۋم-جەمەتلىك ھويلىسىدا قاتار قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ، ئايال ھازىدارلار يىغلىغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە خۇپىيانە تەلمۈردى. ئۇ يەردە مۇھەررەمخان ئىسىملىك بېشىغا ئاق ياغلىق چەككەن ھازىدار ئايال بار ئىدى.

ئۇرسۇل بوۋاي ئۆمۈر بويى "تاش ئوردا" مەھەللىسىنى ئالەمدىكى ئەڭ ئېسىل كوچا ھېسابلاپ كەلدى. ھەتتا پېنسىيە يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردىمۇ ئۇ "تاش ئوردا" مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ قالسا، يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ كېتەتتى. تالاي-تالاي قېتىم شىر كەيىپ ھالدا بازاردىن يانغىنىدا كۆڭلىنىڭ ئەمرىگە ئەل بولۇپ، شۇنچە يولنى ئارتۇق بېسىپ "تاش ئوردا" ئارقىلىق دەريا بويىدىكى كۆڭۈلسىز خانىسىگە قايتقانىدى. ئاللىقاچان مومايغا ئايلانغان ئاشۇ جاننى كوچا-كويلاردا، نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈنلەرگە بېرىپ قايتقان ئايالـلار توپى ئارىسىدا غىل-پال كۆرۈپ قالسا، ئاشۇ كېچىسى دەريا بويىدا تۈنەپ، ئۈزمەي تاماكا چېكىپ چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا خەدىچەخانىنىڭ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقى قالمايتتىيۇ، بىراق بۇ غەلىتى بوۋاي يەنىلا قىرنىق بەش يىللىق جورىسىنىڭ مېھرىنى قوبۇل قىلمايتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتتى.

5

"تاش ئوردا" مەھەللىسىدىكى ھېلىقى جىنازا چىققان ھويلىدا بىر ھەپتە ئىلگىرى مەرھۇمنىڭ يىل نەزىرى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھايات يەنە ئۆز قىنىغا چۈشۈپ، رەھمەتلىك سودىگەر شىراجىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى تىرىكچىلىكنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتىشتى. مۇھەررەم ئىسىملىك ھېلىقى ھازىدار بولسا، بېشىدىكى يارىشىملىق كەشمىر ياغلىقىنى پات-پات ئوڭشاپ، ياسىداق ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۈچىنچى قېتىم پەتىگە كېلىپ كەتكەن بىر كىشى

ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇراتتى.

ھايات يولىنىڭ ئەگرى-توقايلىقلىرى مۇھەررەمخاننىمۇ ئاز ئازابلىمىدى. ئۆز كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا خىيال سۈرگىنىدە ئۇنىڭ يادىغا ئەڭ دەسلەپ "سانايىنەپىسە" دېگەن بىر شېرىن ئاتالغۇ كېلەتتى. بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ ئەڭ كۆركەم كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان ئاشۇ بۇلبۇللار بېغى كىمنىڭمۇ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيسىز؟ بولۇپمۇ ئاشۇ قارچىغىنىڭكىدەك ئالمان كۆزلىرى بىلەن يۈرەكنى زېدە قىلىۋېتىدىغان ھېلىقى ناخشىچى يىگىت نۇرسۇلچۇ؟ مۇھەببەتلىشىش، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ مېڭىش دېگەنلەر جىنايەت ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ زامانلاردا ئىككى نوتا جان ئۈچۈن پىنھان ئۇۋا بولغان ھېلىقى ئالمىلىق باغدا تەمبەل، ھېسسىياتلىق يىگىتنىڭ جىگدە پۇراپ قالغان قىز كۆڭلىنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىپ مەھكەم قۇچاقلاپ، بېسىپ-بېسىپ سۆيگەنلىرىنى مۇھەررەم ئىسىملىك شۇ جان ئىگىسى ھازىر يىللارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا سوغۇلغان تېنىدە ئەمەس، مەڭگۈ بىر خىل تېپىچەكلەپ تۇرىدىغان يۈرىكىدە قىممەتلىك خاتىرە سۈپىتىدە ئۆز پېتى ساقلاپ كەلمەكتە.

كېيىن ھايات ئۆز خاھىشى بويىچە قىلغۇلۇقلىرىنى قىلدى. ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ، سودا بىلەن پۇلنىڭ گېپىدىن باشقىسىنى ئەخمەقلىق دەپ ھېسابلايدىغان شىراجى دېگەن ئەردىن تۆت ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى. ھايات مۇھەررەمخان ئۈچۈن بىر خىل كۆڭۈلسىز مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىپ كەلدى. شىراجى ھەر كۈنى ئاخشىمى پۇللىرىنى ساناپ، قاتلاپ قول ياغلىقىغا چىگىپ، نەلەرگىدۇ يوشۇرغاندىن كېيىن، مۇھەررەمخانغا قاراپ سىرلىق كۈلگىنىچە پىخىلداپ تۇرۇپ ئاۋال ئۆتۈكىنى، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىشقا

باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇھەررەمخاننىڭ تېنىگە بەزگەك ئادەمنىڭكىدەك تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى... ھازىر تۆت ئوغۇل سودىگەرلەر سورۇنلىرىنىڭ گۈلى، سودا بازىرىنىڭ سەردارلىرى بولۇپ قالدى. پەقەت قىزىلا ئانىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئېرىمۇ ئۆزى بىلەن كەسىپداش، بەكمۇ ئېسىل ئادەم. قىزىنىڭ بېشىغىمۇ ئانىنىڭ سەۋداسى كەلگەندى. يەنى ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىدىغان ئاتا-ئانىسى يوق مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شىراجىنىڭ قىزىنى يالاڭتۆش ئەپەندىگە ھەرگىز بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ جەزىبىلىك چىرايى بىلەن ئەرنى يىپسىز باغلىۋالغان مۇھەررەمخان جېدەلنىڭ ئارىسىغا جان تىكتى. شۇ چاغدا نېمىشقا شۇنداق قىلدى؟ يەنە كېلىپ ئۆزىمۇ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ، تازا ياقتۇرۇپ كەتمىگەن ئاشۇ يىگىتكە قىزىنى بېرىشكە رازى بولغانلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنى مۇكەررەم نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا بىلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئانىسىنى تۇنجى قېتىم قاتتىق رازىمەنلىك بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيدى. كۆزىگە ياش ئالدى. ھازىر ئۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى بەختلىك...

نۇرسۇل بوۋاي مەرھۇمنىڭ يىل نەزىرىدىن بىر ئاي ئىلگىرى كەلگىنىدە مۇھەررەمخاننىڭ مول نېمەتلىك داستىخىنىدا توپتوغرا ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ قالدى. مۇھەررەمخان شۇ كۈنى دەسلەپتە بوۋاينىڭ ئېيتقان سۆزىدىن چۆچۈپ، ھەتتا ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. كېيىن ھەر ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، شۈكلىشىپ كەتتى. تاكى بوۋاي قوزغالغىچە لام-جىم دېمىدى. نۇرسۇل بوۋاي كېلىپ كەتكەن ئاخشىمى بولسا ئۇ خىيال ئىسكەنجىسىدە تاڭنى ئاتقۇزدى.

بۈگۈن مۇھەررەمخان ئورنىدىن بۆلەكچىلا بىر كەيپىياتتا قوپتى. ئېسى ھېلىدىن ـ ھېلىغا بايىقى پەتىچىگە، ئۇنىڭ تۈزلا قىلىپ ئېيتقان پارىڭىغا، شۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى ئاجايىپ كۈنلەرگە كېتىپ قالاتتى. نۇرسۇل بوۋاي ئۇنىڭغا نەزىردىن كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ كەتكەنىدى. نەزىر كۈنى مۇھەررەمخان ئوزاۋاتقان ئەرلەرگە ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بىرنەچچە قېتىم قارىدى. نۇرسۇل بوۋاي ئۆز قەرەلىدە كېلىپ، مەرھۇمنىڭ نەزىر پولۇسىنى يېدى ھەم ئىخلاس بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ جايىغا جەننەت تىلەپ كېتىپ قالدى. مانا، بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى مۇھەررەمخاننىڭ يادىغا بوۋاينىڭ ھېلىقى "كېلىمەن" دېگەن گېپى چۈشۈپ قالسىلا، ئىچىدە پىچىرلاپ "سەتلەشمىسە بولاتتى!" دەيتتىيۇ، بىراق پات ـ پاتلا قوشقاناتلىق دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قالاتتى.

چۈشتىن كېيىن مۇھەررەمخان يەنە يالغۇز قېلىپ، بايىقى خىياللىرى بىلەن پېشايۋاندا ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرغاندا دەرۋازىدىن نۇرسۇل بوۋاي سالاپەتلىك مېڭىپ كىرىپ كەلدى...

## 6

نۇرسۇل بوۋاي بىر ھەپتىدىن بېرى تىلىنىڭ ئۇچىغا نەچچە قېتىم ئەكىلىپ، يەنە قايتۇرۇۋالغان گېپىنى بۈگۈن ئاخىر خەدىچىخانغا دەۋەتتى.

بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ خۇددى بىر يىل ئاغرىغاندەك جۈدەپ، ئورۇقلاپ كەتتى. ئاخىر بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆيىنىشىدىغان ئىش

www.uyghurkitap.com

ئەمەستە! بوۋاي مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى دەريانىڭ بويىدا ماكان تۇتماقچى بولغاندەك قىرغاقتىن كېلەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ سىرداش جايدا خىيال سۈرىدىغان، سىرلىق ئېقىنغا چېكىتتەك تىكىلىپ ئولتۇرىدىغان سائەتلىرى ئاۋۋالقىدىن ھەسسىلەپ ئاشتى. نۇرسۇل بوۋاي كۆزىنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان قاغدال كۆكاتلارنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنى سەل قىڭغىر چىشلەپ، كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە دەريا ئېقىنىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى... نۇرغۇنلىغان تەڭقۇرلىرى ئاخىرەتنىڭ كويىدا سەراسىمىگە چۈشۈپ يۈرسە، بۇ مويسىپىت بۆلەكچىلا بىر ھېسسىياتلارنىڭ، مۇددىئالارنىڭ بۆشۈكىگە بۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قېرىلىق ئەنسىزلىكى ئورۇن تاپالمىغان قەلبىدە قىرىق بەش يىل ئىلگىرى قوزغالغان ھېلىقى تۇيغۇلار ھامان ئوت بولۇپ ياناتتى. نۇرسۇل بوۋاي گۇۋاھ، ھەر يىلى بىر ياكى بىرنەچچە قىز مۇھەببەت دېگەن بۇ ئاجايىپ سېھىرلىك ئويۇننىڭ سەۋداسىدا يۈرەكنى ئەزگۈچى خەتلىرىنى قىرغاقتا قالدۇرۇپ، مۇشۇ ھەيۋەتلىك ئېقىنغا ئۆزلىرىنى تاشلايتتى. ئۇلاردىن پەقەت يىغا-زارە، ئارمان، پۇشايمان، تەنە، غەيۋەت...قېپقالاتتى. ئاتمىش يەتتە يىلدىن بېرى نۇرسۇل بوۋاي ئاشۇنداق بىتەلەي بۇلبۇللاردىن نەچچىنى كۆرگەندۇ؟ ئۆزى نەچچىنى دەريادىن سۈزۈپ چىقىپ، ئاتا-ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندۇ... بۈگۈن، دەل ئۆزىنىڭ ئاتمىش يەتتە يېشىدا بىر ئۆمۈرلۈك ھىجران لېرىكىسىنى يادلاپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ ۋىسالغا يېتەلمەي جاندىن كەچكەن بايقۇش دىلبەرلەرنىڭ ھالىغا يەتكەندەك بولدى...

نۇرسۇل بوۋاي ئاخىر خىياللىرىنى چورتىدە ئۈزۈپ، سىرلىق،

سېھىرلىك بىر تۇرتكىنىڭ كۈچى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى. كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈردى. يىللار داۋامىدا دەسسىلىپ، چىڭدىلىپ ھاسىل بولغان سوقماق يولدا گۈس-گۈس دەسسەپ، ئاشۇ قەدىناس ھويلىسىغا، خەدىچىخان پىسىرلاپ يۆرۈپ تۈگمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. خەدىچىخاننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا راست گېپىنى ئېيتتى:

— قىرىق بەش يىل ئۆي تۇتتۇق، — دېدى نۇرسۇل بوۋاي گەپىنى لەق يەردىن باشلاپ، — بۇ قىرىق بەش يىلدىن بېرى مەندىن بىرەر قېتىم تىل-ھاقارەت ئاڭلىدىڭمۇ، تاياق يېدىڭمۇ؟ ياق دەمسەن؟ ئەلۋەتتە. بىراق مەندىن بىرەر قېتىم كۆڭلۈك سۇ ئىچكۈدەك مۇھەببەتلىك پاراڭ ئاڭلىدىڭمۇ؟ يېشىڭنى ئېقىتما خەدىچە، راست گېپىڭنى قىل، ياق دېدىڭمۇ؟ بارىكاللا، تۆت بالىغا ئاتا-ئانا بولدۇق، تۆت ئارسلاندەك ئەزىمەت! ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىمىز ئۆي-ئوچاقلىق قىلدۇق، تۆتىسىلا كۆڭلى تارتقان، چۈشەنگەن قىزلىرىنى ئالدى. لېكىن مەنچۇ؟ ئۇلارنىڭ دادىسىچۇ؟ دەل سەن ئېيتقاندەك بىر ئۆمۈر خۇيلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ ئۆتتۈم. ئەمدى ساڭا شۇنى ئېيتاي: ئىككىمىزنىڭ قىرىق بەش يىللىق ھاياتىدىن نېمە ئىز قالدى؟ تۆت بالا! شۇنداقمۇ؟ شۇلا كۇپايىمۇ، ئىنسانىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت شۇلىمۇ؟ سېنىڭ يەنە پەرزەنت كۆرگۈڭ، بىر قىز تۇغقۇڭ بار ئىدى. لېكىن نېمىشقا تۇغمىدىڭ؟ مەن سەۋەبچى بولدۇم. كەنجى ئوغلۇڭ بۇ يىل نەچچىگە كىردى، توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچكە كىردى. ئەمدى ئۆزۈڭ ئويلا، ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن بېرى مەن سېنىڭ تىلىكىڭنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئورۇندىدىمۇ؟ ئىككىمىز ئەر-خوتۇنلۇق شەرتىنى بىر

قېتىم بولسىمۇ ئادا قىلدۇقمۇ؟ بېشىڭنى ئېغىتىۋالامسىنا؟ بارىكاللا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىلگىرى بىلىپ يەتمىگەن بولساڭ ئەمدى ئېيتىپ قوي، سېنى تۆت بالىغا ئانا قىلغان ئەر، رۇسۇل سالچىنىڭ ئوغلى نۇرسۇل ياراقسىز ئەر ئەمەستىم، لېكىن خالىمىدىم...

خەدىچىخان مۆكچىيىپ، مىشىلداپ، باغرى تاش ئەرنىڭ قىرىق بەش يىللىق بۇرۇقتۇمچىلىقىنىڭ پارتلىغىنىدىن يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىلىپ يۈرەتتى. قىرىق بەش يىلنىڭ ئالدىدا، توي ئالدىدىكى تۈنجى كۆرۈشۈشتىلا تەمبەل، كېلىشكەن يىگىت نۇرسۇل بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قارىغان هالدا، كەم سۆز قىز خەدىچەگە شۇنداق گەپلەرنى قىلغان، قىزنى يېنىۋېلىشقا قىستىغانىدى. لېكىن مۇهەررەمدەك قىزلار كۆيۈپ قالغان يىگىتكە خەدىچە نېمىشقىمۇ ئىگە بولۇشنى خالىمىسۇن!

— ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن بېرى ئىككىمىز بىر يوتقاننى يېپىنىپ، بىر ياستۇققا باش قويۇپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن ئەر - خوتۇنغا ئوخشىمىدۇق، بەلكىم مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى، مەيلىنى دەپ ساڭا ئۇۋال قىلغاندىمەن. شۇنداق بولسا كەچۈرگىن مېنىڭ ۋاپادار قەدىناسىم! بىز ئەمدى باشقا - باشقا تۇرايلى، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر - بىرىمىزگە يۆتلاشمايلى....

خەدىچىخان ئۆكسۈدى، ئېسەدىدى. لېكىن ئۇنىنى قاتتىقراق چىقارمىدى. قىرىق بەش يىلدىن بېرى تۈنجى قېتىم ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. ئۇ هەر تەرەپلىمە ئويلاپ، هازىرمۇ بوۋايدىن ئاغرىنغۇدەك مىسقالچە ئىللەتنى تاپالمىدى.

— ياشلارغا لايىق ئارزۇ - هەۋەسلەر بىلەن ئاۋارە بولماستىن، خەلقى - ئالەمنىڭ ئالدىدا سەتلەشمەستىن، چىن دۇنياغا سەپەر

قىلىشنىڭ تەييارلىقىدا بولسىلا بولامدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن، مەنمۇ نەق ئاشۇ تۆپەيلى مۇشۇنداق سەۋدالاردا سەكپارە بولۇۋاتىمەن. بىلەمسەن، ئادەم دۇنياغا بىرلا كېلىدۇ، قايتا تۇغۇلماق يوق، شۇڭلاشقا ئاشۇ ئۆمۈر بويى ئويلىغان، كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن ئارمىنىمغا يېتىۋېلىش، بىر كۈن بولسىمۇ ئازابلىق مۇرادىمنى ھەل بولغان سىياقتا كۆرۈۋېلىشنى خالايمەن. بۇنىڭغا مېنى يەتكۈزىدىغان سەۋەب ھازىر پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ سەن، خەدىچە، ماڭا قاراپ، يىغلىما، ياشلىرىڭنى سۈرتىۋېتىپ، كۆزۈمگە تىك قاراپ تۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلىغىنا! پەقەت سەن! ئىككىمىز ئۆمۈر بويى تۆگكەن تۆگۈچنىڭ بىر تال قىلىمۇ ماڭا كېرەك ئەمەس، مۇشۇ قورۇ-جاي، جىمى مال-بىسات، بانكىدىكى ئون يەتتە مىڭ سومنىڭ چېكى سېنىڭ. ئۆلۈشكۈن ئىدارىگە بېرىپ، باشلىقلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەلدىم. باشقا پاراڭنى ئەمەس، ئۆينىڭ پارىڭىنى... ۋالىي مەھكىمە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا ئاتاپ بىنا سېلىۋېدى، شۇنىڭدىن ماڭا بىر يۈرۈش ئۆي بېرىدىغان بولدى. ئاندىن قالسا، پېنسىيە پۇلۇمدىن ئايمۇئاي يۈز سومنى قولۇڭغا نەق بېرىپ تۇرىمەن.

خەدىچىخان يەنە ئىسەدىدى. ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قىزارغان كۆز چاناقلىرىنى بېسىپ سۈرتتى ۋە:

— قىرىق بەش يىل مابەينىدە... شۇ گېپىڭىزنى كۈتۈۋىدىم، ھېلىمۇ ئىنساپ قىلدىڭىز، تاقەت قىلدىڭىز، شىراجى بولسا كەتتى... سىزنىڭمۇ ئەمدى ماڭا كېرىكىڭىز يوق، مۇرادىڭىزغا يېتىڭ! لېكىن باللارغا نېمە دەيسىز؟ باللار نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

نۇرسۇل بوۋاي خەدىچىخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن دەس

تۇرۇپ كەتتى ۋە نېمىدۇ دەپ ۋارقىرىماقچى بولدىيۇ، سەل ئويلىنىپ بېقىپ بۇ نىيىتىدىن ياندى. يەنە ئايالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى.

— رەھمەت قەدىنىسىم، مەندىن رازى بول، باشقا ئىشلار ماڭا بىر تىيىن! — دېدى.

## 7

نۇرسۇل بوۋاي تىكەندەك جېنىنى ئېلىپ دەريا بويىدىكى قەدىناس مەھەللىسىدىن، ئۆيىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان ئوغۇللار نۇرسۇل بوۋايغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمىدى، پەقەت مەنسەپدار ئوغلىلا بىرنەچچە كۈنگىچە ۋايساپ يۈردى.

— نە ئار، نە نومۇس بۇ-ھە؟ يۈزۈمنى يەر قىلدىڭغۇ! ماشۇجى، ئا ۋالىيلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ تېخى كېلەر ھەپتىدە زەي تىڭجاڭ ئۈرۈمچىدىن كەلسە ئۆيىگە بىر چاقىرىپ تونۇشۇۋالاي دېگەنتىمغۇ؟...

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولىمۇ چىرايلىق ۋە كەڭتاشا قىلىپ سېلىنغان "دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ئولتۇراق بىناسى"نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە مۇھەررەمخان تولىمۇ تەڭقىسلىق ۋە مۇشكۈلچىلىكتە كەلدى. بەش پەرزەنتىنىڭ، بولۇپمۇ قارىغايدەك تۆت ئوغۇل ۋە بىر تالاي نەۋرىلەرنىڭ ئالدىدا ئەرگە تېگىش ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل بىر داۋان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، جىق گەپ-سۆز، تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ئىشلار ئۆز قىنىغا چۈشتى. نۇرسۇل



www.uyghurkitap.com

بوۋاي گەرچە ياشىنىپ قالغان ئادەم بولسىمۇ، ئۇلۇغ بىر كۆچمەنلىك تۇرتكىسىدە نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، نىكاھ رەسمىيىتىنى چىرايلىق ئادا قىلدى. مۇھەررەمخاننىڭ ئالدىغىمۇ ئۆرۈپ ـ ئادەتتىكە باپ ھالدا ئادەم ئەۋەتتى. ئىمام، مەزىن بىر ئاخشامدا كېلىپ نىكاھ ئوقۇدى. مۇھەررەمخانىمۇ بالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىككى ئوغلىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، قىرىق بەش يىل ئىلگىرىكى ۋەدىسىنى ئادا قىلدى. نىكاھ ئوقۇلغىنىغا بىر ھەپتە بولغاندىن كېيىن بىر ئاخشىمى نۇرسۇل بوۋاي قاتتىق تاياق يېدى. بۇ چاغدا ئۇ دەريا بويىدىكى قەدىردان مەھەللىسىگە بېرىپ قىرىق بەش يىللىق سابىق تەكىيدىشى ۋە ئوغۇل، كېلىن، نەۋرىلىرىنى يوقلاپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئول- تۇراق بىناغا كىرىش ئېغىزىدىكى خىلۋەت باغدا ئىككى كۆلەڭگە بوۋاينىڭ كەينى تەرىپىدىن يېقىنلاشتى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇنى ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇۋېتىپ نەگىدۇ غايىب بولۇشتى. نۇرسۇل بوۋاي سوغۇق، ئادەمسىز باغدا بىرەر سائەتچە ئېسىنى بىلمەي يېتىپ قالدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياخشى نىيەت- لىك بىرەيلەن ئۇنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇھەررەمخان ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. نۇرسۇل بوۋاي سەللىمازا ساقىيىپ، ماغدۇرىغا كەلدى. قىرىق بەش يىلدىن كېيىن مۇرادىغا يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار تا ئەزەلدىن ھايات، سۆيگۈ، قىسمەت ناخشىسىنى ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغۋار دەريانىڭ بويىغا، دەريا بويىدىكى ھېلىقى چىرايلىق مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. بوۋاي ئۇنى ئۆزى دائىم خىيال سۈرىدىغان يەرگە، چىغىر يول بىلەن تۇتىشىدىغان ھېلىقى قىرغاقتا باشلاپ كېلىپ، كەچكۈزنىڭ تىنچ، چىرايلىق ئېقىنىنى ۋە

ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ، كۆكۈمتۇل بولۇپ ياتقان نېرىقى قىرغاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قارىغىنا مۇھەررەم، بىزنىڭ بۇ ئانا دەريايىمىز نېمانچىۋالا يېقىملىق، نېمانچىۋالا چىرايلىق — ھە؟ قارىغىنا ئاۋۇ قىرغاقتا، خۇيمۇ سۆلەتلىك كۆرۈنىدۇ! سەن تېخى "سىز بىلەن بىز نېرىقى قىرغاققا يېتىپ قالغان ئادەملەر، سەت تۇرىدۇ" دېدىڭا ئۆتكەندە؟! ئاشۇ گەپنى بىر قىلدىڭ، ئىككىنچى قىلما جۇمۇ. دەريا بولىدىكەن، ئىككى قىرغاق بولىدۇ، ئىككىلىسى بىر — بىرىدىن چىرايلىق، بىر — بىرىدىن ئىسسىل، ئىككىلا قىرغاقتا گۈللەر ئېچىلىدۇ، بۇلبۇللار سايرايدۇ، سەن بىلەن بىز شۇنچە يىللار بېرىقى قىرغاقتا تۇردۇق، ياشىدۇق. ئەمدىزە، نېرىقى قىرغاققا يېتىپ، ئۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟ ئۇ يەردىمۇ ھايات بار، نى — نى مۇڭلۇق ناخشىلار بار. نېمىشقا دېسەڭ ئۇ قىرغاقمۇ، بۇ قىرغاقمۇ ھاياتلىقتا، مۇشۇ غەنىمەت، چىن دۇنياغا تەئەللۇق ئەمەسمۇ!...

مۇھەررەمخان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن بويى شۈركۈندىمۇ ئىشقىلىپ بوۋايغا يۆلەندى. قىرىق بەش يىل ئىلگىرى ھېلىقى ئاي نۇرىغا چۆمگەن خۇش پۇراقلىق باغدا چىرايلىق ئاتەش نەزەر ناخشىچى قىز مۇھەررەم كېلىشكەن، تەمبەل يىگىت نۇرسۇلغا ئاشۇنداق يۆلەنگەنىدى.

**ياسىن نىياز**

# سىزنى سۆيەتتىم

هويلىمىزدا بىر تۇل ئايال بار ئىدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئېغىزلىق دالان ئۆيدە ئولتۇراتتى. بىز بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ يىراقتا بولسىمۇ خىيالىمدا بىللە ياشايدىغان ئايالىم بار بولۇپ، بەختلىك بويتاق ئىدىم، بىراق ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بەختسىز بويتاق ئىدى.

مەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇ بار ئىكەن. بىز بىر-بىرىمىزدىن ياتسىراپ، گەپلەشمەي يۈردۇق، ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغۇسى بار ئىدىيۇ، يىراقتىكى ئايالىمنىڭ غايىبانە كۆزلىرىدىن قورقاتتى، بىچارە مېنىڭ ئائىلەمگە سوغۇقچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە كېرەك. مەنمۇ يېنىمدا يوق ئايالىمنىڭ كۈندەشلىكىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتىم. ئۇ مېنى كۆرسە يىراقتىنلا ئەندىككىنىچە تىمىسقىلاپ مېڭىپ كېلىپ، يېنىمدىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ دالان پەشتاقلىرىغا قەدەم باسقاندا، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالاتتىم. ئۇ ئىشىكنى بوشقىنە ياپقاندىن كېيىنلا ئۆيگە قايتىپ كىرەتتىم. ئۈستىگە كىتابلار تىزىلغان شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۈكچەيگىنىمچە يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتەتتىم. كۆپ ئۆتمەي

قوشنامنىڭ ئۆيىدىن قىڭغىراقنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەن قەلىمىمنى قويۇپ، تاماكىغا ئوت ياقاتتىم. قوشنامنىڭ چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشىغانىدى. كېيىن ئۇ بالىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غېرىب كۆلبىسىدىكى مىسكىن تۇرمۇشى باشلانىدى. ئۇ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىمەيتتى. خۇددى روھى تېنىدىن ئاجراپ كەتكەنىدەك ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق ھالەتتە ياشايتتى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتامدىغاندۇ يا؟ ئۇ مېنىڭمۇ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىمنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا جاپا تارتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئىچىنغان بولسا كېرەك، ئۇچرىشىپ قالساق بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا يىلىلىق چىراي ئىچىپ جاۋاب قايتۇراتتىم. بىزنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئاستا ـ ئاستا كۈلكىدىن سۆزگە ئۆتتى.

ئۇ ئەتىگەندە ئىشقا ماڭاتتى، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ـ چىققىنىنى بىلىپ تۇراتتىم. كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ خىزمەتكە ماڭاتتىم. كەچتە قايتىپ كېلىپلا ئۇنىڭ ئىشىكىگە كۆزۈم چۈشەتتى. ئەجەب بىر ئىشتە بۇ، مېنىڭ ئايالىم بار تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىشىكىگە قارايمەن؟

مېنىڭ ئىچىم پۇشتى. نېمىشقا توي قىلماي يۈرۈۋېرىدىغاندۇ بۇ خوتۇن؟ ئەرگە ئۆچ بولۇپ قالغانمىدۇ يا؟ ئۇنداقمىكىن دېسەم، ماڭا قاراپ كۈلىدۇ، گەپ قىلىدۇ!

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك يېنىك

چېكىلىپ، ئۆيگە قوشنام كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتىم. شىرە ئۈستىدىكى ئايالىمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، ئىچىمدە ئەپۇ سورىدىم: مەن ئۇنى چاقىرمىدىم، ئۆزىمۇ ھازىرلا چىقىپ كېتەر...

مەن قوشنامغا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، دېگەندەك قاراپ قويدۇم.

— بۇنى...كۆرۈپ باقسىڭىز، ھېكايىڭىزغا...خام ماتېرىيال چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ماڭا قېلىن بىر كونۋېرتنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇنى ئىنىستىتۇتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئەۋەتىپتىكەن.

— بۇ، سالام خەتمۇ؟ — دېدىم ئۇنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇ..تەسىرلىك بىر ھېكايە، — دېدى قوشنام خورسىنىپ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

"سالام رۇقىيە!

سىزگە يازىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتى كۆپ. گېپىمنى نەدىن باشلاشنى، قايسى سۆزلىرىمنى يېزىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن ئەمدى ھەممىنى يازىمەن. بۇرۇن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلىرىمنىڭ بىرىنى قويماي يازىمەن.

مەن سىزنى سۆيەتتىم، بىراق...مېنىڭ سۆيگۈم ئاشكارىلانماي قەلبىم چوڭقۇرلۇقىدا قالغانىدى. مەن مۇشۇ پېتىچە ئۆلۈپ كېتىشكە چىدىمىدىم. بۇ ئالەمدىنمۇ سىزگە يېتەلمىدىم، ئۇ ئالەمدە سىزنى ئۇچرىتالمىسام قانداق قىلىمەن؟ قەلبىمنى بىلىپ قېلىڭ، مېنىڭ سىزنى سۆيگىنىمگە، سىزگە كۆيگىنىمگە بەش يىل بولدى. مەن بۇ يىللارنى يەككە-يېگانىلىقتا ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۇم. مەن سىزنى

نېمىشقىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئەي يەر! مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ ئەي ئاسمان! مەن نېمىشقا رۇقىيەگە كۆيۈپ قالدىم؟ ئەي خۇدا! سەن نېمىشقا رۇقىيەنىڭ ئىشقىنى يۈرىكىمگە سالىسەن، بىراق، ماڭا نېمىشقا ئۇنى ئاشكارىلىغۇدەك جۈرئەت بەرمەيسەن؟ مەن قەلبىمدىنمۇ سورىدىم، قەلبىم بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن. يېقىندا ئىنىستىتۇتتىكى بىر دوستۇمدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. سىز — مەن سۆيگەن، ۋەسلىگە يېتەلمىگەن قىز — بىر بالا بىلەن تۇل قاپسىز. سىزدىن ۋازكەچكەن قانداق روھىي قارىغۇ ئەردۇ ئۇ؟ سىز ئەسلى مېنىڭ ئىدىڭىز. خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقاندى. بىراق مەن سىزنى قولۇمدىن چىقىرىۋەتتىم. جۈر-ئەتسىزلىكىم تۈپەيلى خۇدا سىزنى ئۇ ئەرگە چېتىپ، مېنى جازالىدى. مەن بۇ ئائىلە بەختسىزلىكىڭىزدىن بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇ دۇنيادا بىر قىزنىڭ مۇھەببىتى بىر يىگىتكىلا تالىق، خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈن، مېنى سىز ئۈچۈن ياراتقاندى. روھىمغا شۇنداق بېشارەت كەلدى: ئازابلىرىڭ ئەمدى يېتەر، سىرىڭنى قاچانغىچە ساقلايسەن، رۇقىيەگە خەت ياز! مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىل! ئۇ سېنىڭ. ئۇ سەن ئۈچۈنلا ئەردىن ئاجرىتىلدى. ئۇ ساڭا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ...

مۇشۇ تاپتا سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. بەش يىلدىن بۇيان يۈرىكىمدىكى ساقلاپ كەلگەن سىرلىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاۋاتىمەن. كۆزۈمدىن ياشلىرىم تامچىلاۋاتىدۇ. مەن سىزنى كۆرۈۋاتىمەن. خىيال-لىرىم سىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ئاشۇ يىللارغا قايتىپ كەتتى.

سىنتەبىرنىڭ مەلۇم بىركۈنى ئىدى. بىر ساۋاقداشىمىز بىزنى سىڭلىسىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئالتۇن كۈزنىڭ ساپ

ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغدا مەن بۇ سەپەرنىڭ ھاياتىمدىكى ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم.

قۇرغاق، توپىلاڭ سەھرا مەھەللىسى. جىن چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان خىرە نۇر ئىچىدىكى ئۆزۈملۈك ھويلا، ساۋاقداشلار قىزىقىش، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرغان دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا قىزغىن تانسا ئوينايتتى. مەن خىيال سۈرۈپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەنچە ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا" پېشايۋان سۇپىسىدا پەقەت سىزلا يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسىز. بۇ تەقدىرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟! مەن سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەك-لىكىنى ھېس قىلدىم. سىزمۇ شۇنى كۈتكەندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدىڭىز . بىز تانسا ئويناۋاتقانلارغا قېتىلىپ كەتتۇق. مەن تۇتقان قولىڭىزنىڭ، بېلىڭىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىز ھويلا ئوتتۇرىسى-دىكى ئۈجمە دەرەخلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتۇق. تويۇقسىز بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ، قورسىقىم يۇمشاق قورسىقىڭىزغا تىرىلىپ قالدى. مەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر لەززەتلىك سېزىمنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇندىن كېيىن مەن يەنە ئىختىيارسىز قورسىقىمنى تېنىڭىزگە تەگكۈزۈشكە تىرىشتىم. ئەمدى سىز ھېلىراق پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان رۇقىيە ئەمەس ئىدىڭىز. ئاشۇ بىر قېتىملىق سوقۇلۇشنىڭ مېنى بۇنچە ئۆزگەرتىۋەت-كەنلىكىگە ھەيران بولاتتىم. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا پېشايۋانغا قايتىپ كېلىشتۇق. مەن ھېلىراقتىكى لەززەتنىڭ مەستىچىلىكىدە ئۆزۈمنى پېشايۋانغا تاشلىدىم. تېنىم تۈۋرۈككە سوقۇلۇپ، تۈۋرۈكتىكى جىن

www.uyghurkitap.com

چىراغ سۇپىغا چۈشۈپ كەتتى. كىرسىن كىگىزگە يېيىلىپ باراتتى. مەن خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. جىن چىراغقا كىرسىن قۇيۇلۇپ، ئوت يېقىلىپ ئۆز جايىغا ئېلىپ قويۇلدى. مەن خىجىللىقتىن ئەقلى ـ ھوشۇمنى يوقۇتۇپ قويغاچقا، يەنە كىرسىن تۆكۈلگەن يەرگە ئولتۇرۇپتىمەن.

يەنە مۇزىكا چېلىنىپ، تانسا باشلاندى. بۇ نۆۋەت باشقا بىر قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. قولۇم ئۇ قىزنىڭ قولىدا، بېلىدە. كۆزۈم، خىيالىم باشقىلار بىلەن تانسا ئويناۋاتقان سىزدە ئىدى. خۇدا مېنى يەنە بىر قېتىم ئۇرغان ئىكەن. بىلسەم، ھازىرقى تانسىنى باشقىلارنىڭ كۈلكىسى ئىچىدە ئويناپتىمەن. باياتىن تۆكۈلگەن كىرسىن كىگىزدىكى توپا بىلەن قوشۇلۇپ، مېنىڭ مودا قوغلىشىپ كىيگەن داكىدەك ئاپئاق شىمىمنىڭ كەينىگە يۇقۇپ، ئارقامدا سەت، كۈلكىلىك داغ پەيدا قىلغانىكەن. شۇ چاغدا سىز چاقچاقانىلىق بىلەن قول ياغلىقىڭىزنى ماڭا سۇندىڭىز، بۇ ھېسداشلىق خىجىللىقتىن تىترەۋاتقان يۈرىكىمگە كۈچ بېغىشلىدى. سىزنىڭ ھىدىڭىز پۇراپ تۇرغان ياغلىقىڭىز بىلەن شىمىمدىكى داغنى سۈرتتۈم. ئۇ ياغلىق سىز ئۈچۈن نەچچە ئون تىيىنلىق ئاددىي بىرنەرسىدۇ، بىراق، ئۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان تۇنجى ھېسداشلىقىڭىزنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۆمرۈم ئارخىپىدا ساقلانغاندى. مەن ئۇنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەي، ئەتىۋارلىق بۇيۇمۇم سۈپىتىدە يېنىمدا ساقلىدىم.

شۇ ئاخشىمى سىزنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم. قەلبىمگە چۈشىنىكسىز بىر ھېس سىڭىپ كىرگەندى. مېنىڭ ئارامىم بۇزۇلغان بولۇپ، ئىختىيارسىز سېھىرلىك سىمايىڭىزنى سېغىناتتىم. بۈگۈن ئەجەب ئۇخلىيالمايمەن ـ ھە؟ بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟

تاڭ ئاتتى. سەھەردە ھويلىغا چىقىپ، مېنى تەشنا قىلغان
سېھىرلىك قامىتىڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇردۇم. سىز چىراي-
لىق تارىنىپ، پەرداز بىلەن يارقىن تۇستە چىقىپ كەلدىڭىز. مەن
سىزنى كۆردۈم، بىراق دەرھال يەرگە قارىۋالدىم. سىز شۇنچە
بىپەرۋا ئىدىڭىز. بۇ ئېتىبارسىز قاراشلىرىڭىزدىن يۈرىكىم ئېچىشىپ،
تىترەپ كەتتىم. قېنى ئەمدى ياغلىق بەرگەن چاغدىكى ھېسداشلىق؟
قېنى، ئۇخلاش ئالدىدىكى قىياس قاراشلار؟ مەن تاتىرىپ، چىڭقىلىپ
يۈگۈرگىنىمچە كىرىپ كەتتىم. ئاخشاملا شېرىن ھېسلارغا بۆلۈنۈپ
كۈلگەنىدىم، سەھەردە ئاچچىق ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتىمەن. پۇت-
قولۇمنى سوزۇپ ئوڭدىسىغا ياتتىم. بېشىم قىيسايغان، يۇمۇلغان
كۆزلىرىمدىن مەڭزىمنى بويلاپ ئىسسىق ياش تاماتتى. رۇقىيە
شۇنچە بىپەرۋا-ھە؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئاخشامقى ھېسلار بۈگۈن ئۆل-
گەنمىدۇ؟ ئۇ بىر دەملىك ھېس، شۇ چاغدىكى ھېسداشلىق، ئۇ مېنى
ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئاھ خۇدا...

چۈشتىن كېيىن شەھەرگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. مەن
ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتتىم. مېنى كۈلدۈرگەنمۇ،
كۆيلەتكەنمۇ سىز ئىدىڭىز، بۈگۈن سىز يەنىلا بىپەرۋا. سەھرادىكى
ئاشۇ قايناق كېچە، خەيرلىك سەھەردىكى ئۇنتۇلماس ئىشلار بىر-
دەملىك خۇشاللىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەس بولسا-ھە؟ سىز ئۇ ئىشلارنى
پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىپەرۋا ئىدىڭىز.

بىركۈنى كەچكى مۇزاكىرىدىن تارقىغان چاغ، ئوقۇتۇش بىناسى-
نىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتكەنىدى. مەن شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ،
سىز ئۈچۈن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىمدىكى ھېس-تۇيغۇلارنى مىسرالارغا
تىزىۋاتاتتىم، شېئىر — ئۇ قانداقمۇ قەلبىمنى تولۇق ئىپادىلەشكە

www.uyghurkitap.com

قادىر بولالىسۇن؟! خىرە-شىرە يورۇپ تۇرغان سىنىپتا سىزگە ئاشىق مەن بىچارىلا مىسكىن ھالەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغانىدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تىلەمچىدەك تەلمۈرۈپ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا كەلدىم. تېنىڭىز تەگكەن ئورۇندۇقتا مەنمۇ تېنىمنى تەگكۈزۈپ ئولتۇردۇم، يۈزىڭىز، چېچىڭىز تەگكەن پارتا يۈزىگە يۈزۈمنى ياقتىم، كۆكسىڭىز تەگكەن پارتا قىرىغا مەيدەمنى ياقتىم. پارتا-ئورۇندۇقلاردا سىزنىڭ ھىدىڭىز قالغان بولسا، مېنىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىمدىن تەشنا لېۋىمنىڭ ئىزى قالدى. ئېھ، بىچارە سۆيگۈ، بىچارە ئاشىق...ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئىدى، شۇ تاپتا ئالدىڭىزدا شۇنچە ئاجىز، ئەسەبىي ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كۆرسە، مېنى قايتىدىن تۇغارمىكىن؟ مېنىڭ بۇ كۆڭلەردىكى ئاچ قالغان روھىمنى بىلىۋاتامسىز؟ مەن بۇ چاغدا قەلبىمنى سىزگە ئاشكارىلاشقا ئاجىز ئىدىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. بىز سىنىپتا كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغاندۇق. سىز كۆرۈنمەيتتىڭىز، ئون مىنۇت... يىگىرمە مىنۇت...سىز يەنىلا يوق. رۇقىيە نەگە كەتكەندۇ؟ كۆرۈشىدىغان بىرەر يىگىتى بارمىدۇيا؟...كىردىڭىز! تەنتەنىلىك مۇراسىملارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مەلىكىدەك نۇر، جىلۋە ئىچىدە كىرىپ كەلدىڭىز. گۇمانىي خىياللاردىن پۈچىلىنىۋاتقان قەلبىمدىكى ئاچچىق ھېسلار بىردىنلا تارقاپ كەتتى. بىز تانسا ئوينىدۇق، كۈلۈشتۇق.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا ساۋاقداشلار تارقاپ كېتىشتى. شۇنداق بىر مۆجىزىكى، سىنىپتا ئىككى جۈپ ئوغۇل-قىز قالغاندۇق. شۇ چاغدا سىز نېمىنى ئويلىغانسىز، نېمىنى كۈتكەنسىز. سىزگە نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟

بىز يەنە تاڭسا ئۇيىندۇق. پۈتىمىزنىڭ تالغىنىنى سەزمەيتتۇق. مەن باشقۇرغۇسىز بىر تەلپۈنۈش تۇرتكىسىدە سىزگە ئىنتىلەتتىم. تېنىمنى تېنىڭىزگە تەگكۈزۈشكە ئۇرۇناتتىم. بىز ئىنسانلار ئاجايىپ ــ ھە؟ ئاللا بىزنى مۇشۇنداقمۇ يارىتامدۇ؟ مەن سىزگە نېمانچە باغلىنىپ كەتكەندىمەن؟ ئېھ، ئىنسان يۈرىكى...

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. كەچقۇرۇن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدىڭىز. مەن سىزنى تەكلىپ قىلغانىدىم. بۇ ئاخشام سىزگە نېمە دېمەكچى بولغىيدىم؟ مەن قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتىم، سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسى ئالدىڭىزدا مېنى كىچىكلىتىپ، يۇمران، ئاجىز ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان بوۋاقنى ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. نەزىرىمدە سىز غايەت زور گىگانت ئادەم بولۇپ كېتىۋاتاتتىڭىز. مەن ئۇززۇقىغا، سۆيگە قانمىغان پاكار، ئاۋارە، سارغايغان مايسا ئىدىم. سىز رەڭدار، پورەكلەپ ئېچىلغان نەپىس گۈل ئىدىڭىز. مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەستەك، سىزگە قاراش، گەپ قىلىش، تەلپۈنۈش، سۆيۈش ئۆزۈمنى چاغلىمىغانلىقتەك ھېس قىلىپ، يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن بۇ بىچارە سۆيگۈمنى سىزگە قانداقمۇ ئاشكارىلىيالايتتىم؟

مەن ھەمراھلىقىڭىز پەيدا قىلغان مەسخۇشلۇقتا قېشىڭىزغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن سىزگە ئىنتىلىپ، يۈزۈمنى ئېتىكىڭىزگە قويۇپتىمەن. قەلبىمدە پەقەت سىزنى قۇچاقلاش ئىستىكى...مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، تېنىڭىزنى پۇرىدىم. يۈزۈم يۇمشاق، سىلىق يۈزىڭىزگە سۈركەلدى. كۆزۈم يۇمۇلدى. ئاچ لېۋىم تۈنجى قېتىم سىزنىڭ لېۋىڭىزگە بېسىلدى. مەن پاختىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتىم. قىزىق قازانغا چۈشكەن قوي مېيىدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم. خىيالىمدا ئىككىمىزلا مەۋجۇت ئىدۇق...لېكىن مەن

www.uyghurkitap.com

تېخى سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، مەن بىلەن بۇ دۇنيالىق جۈپ بولۇش ھەققىدىكى رازىلىقىڭىزنى ئالمىغانىدىم. ياق! تىلىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە نەھاجەت! دىلىمىز سۆزلىدىغۇ؟ دىلىڭىز رازىلىق بەردىغۇ؟

شۇ ئاخشىمى سىز ياتاقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ: "8-يانۋار، بىر جۈپ قىزىل كېپىنەك قانات قېقىشتى..." دەپ يېزىپ قويدۇم.

مەن سېھىرلەنگەن ئىدىم. ئەتىسى سىزگە قاراپ ھەيران بولدۇم. مەن ئاشۇ تەننى قۇچاقلىدىم، پۇردىم، ئاشۇ لەۋنى سۆيدۈم-ھە؟ شۇندىن كېيىن مەن لېۋىمدىكى لەۋ ئىزىڭىزنى شۈمۈپ نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئاشۇنداق شېرىن چاغلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. ئەمدىچۇ؟ يەنە قاچان؟

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىز كۆرۈشۈشكە كېلىشكەنىدۇق. مەن ياتاق دېرىزىسىنىڭ كۆزەينىكىدىن سىرتقا قاراپ، قىزلار ياتاق بىناسىدىن چىقىشىڭىزنى كۈتەتتىم، كۈتتۈم......بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ئەمدى چوقۇم چىقىدۇ...ئۈچ سائەت ئۆتتى، مەن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، سىزنى ئىزدەپ ماڭدىم. ياتىقىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاق قۇلۇپلانمىغانىدى. بىراق، ئىچىدىن ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنى چاقىرىشقا نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەن ئۇنى سۆيىمەن. سۆيۈشنىڭ ئۆزى ھوقۇق! ئىشىكنى چەكتىم، ئىشىك قىيا ئېچىلدى. سىز مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ، دەرھال ئالدىمغا چىقتىڭىز. مەن ياتىقىڭىزدا كىم بارلىقىنى كۆرەلمىدىم، چىرايىڭىز سارغايغان، چاچلىرىڭىز چۇۋۇلغان، كۆزىڭىز خۇمارلىشىپ

كەتكەندى. مېنى ئىشىك ئالدىدىن تارتىپ؛
— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ - ھە؟ — دېدىڭىز.
مەن غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاقتا كىم باردۇ، دېگەن گۇمان بىلەن سۆزىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمىدىم. كۈندەشلىك ئوتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى.
سىز ياتاق ئىشىكىگە قايرىلىپ قاراپ قوياتتىڭىز. بۇ ھودۇقۇش-لىرىڭىز گۇمانلىرىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.
— بۈگۈن...ھە...مەن سىزگە كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.
مەن ھېچنېمىنى چۈشەنەلمەي قالدىم، ئۆزۈمنى ئاران تەستە بېسىپ:
— خوش، كېيىن... — دېيەلىدىم. مەن بېشىمنى سېلىپ ئاستا كېتىپ باراتتىم. ياتاقتىكى كىم بولغىيدى؟ رۇقىيە نېمىشقا ھودۇقۇپ كېتىدۇ؟ چىراييى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى خۇمار-لىشىپ كەتكەن - ھە؟
مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرەتتىم، سىزدىن ئىزاھات تەلەپ قىلىشنىمۇ بىئەپ بىلەتتىم. سىزمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەن-دەك يەنىلا بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز، شۇنداق كۈنلەردە قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى.
مەن بۇ كۈنلەرنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. بۇ كۈنلەردىكى سىزگە تەشنا قەلبىمنى سوردىمايلا قويۇڭ. تەتىل ۋاقتى توشتى. مەن ئۇزۇن قارا كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قۇياشنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئېسكىموسلاردەك، سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولاتتىم. مەن سىزگە نېمە سوۋغا قىلىش ئۇستىدە كۆپ ئويلىدىم. ئاخىرى ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇ ئاق كۆڭلۈمنىڭ،

پاك سۆيگۈمنىڭ، ئىشق ـ پىراق تەلپۈنۈشلىرىمدە تامغان سۈزۈك ياش تامچىلىرىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئەتىسى قاپقارا چاچلىرىڭىز يېپىپ تۇرغان سۈزۈك، سىلىق قۇلاقلىرىڭىزدا جۇلالىنىپ تۇرغان ھالقىنى كۆردۈم. خۇددى تېنىمنىڭ بىر پارىسى قۇلىقىڭىزغا ئېسىلىپ قالغاندەك بۇ خىل بىرىكىشتىن يۈرىكىم سۆيۈندى. نەچچە تال چاچ ھالقا سىپىغا چىرمىشىپ قالغان ئىدى. مەن بۇ چىرمىششتىن يۈرىكىڭىزگە چېتىلغان سۆيگۈ رىشتىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇ ھالقىلارنى چۆچۈردەك چىرايلىق قۇلاقلىرىڭىزدا كۆرەلمىگىنىمدە نە ھالغا قالاتتىم ـ ھە؟

بىركۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ كەينىدىكى بېلىق كۆلى بويىغا كەلدىم. مەجنۇن تاللارنىڭ شاخلىرى كۆل سۈيىگە چىلىشىپ تۇراتتى. تۆۋەن تەرەپتىكى قەدىمىي دەريا ياپپېشىل ئورمانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ئاقاتتى. مەن خاتىرە، كىتابلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ، كۆل سۈيىگە قادالغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. باھارنىڭ سالقىن شامىلى مېنى سىلاپ ئۆتۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى. مەن يەنە سىزنى ئويلىدىم، ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. سەھرادىكى ئاشۇ كېچىنى ئەسلەپ، يانچۇقۇمدىن ياغلىقىڭىزنى ئالدىم. ئۇنىڭدىن پۇرىقىڭىز تېخىچە كەتمىگەندەك ئىدى. مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىم ياغلىقىقا سىڭىپ باراتتى. سىز بۇ ياغلىقنى ئازابلىق كۈنلەردە ئىشلىتىشىم، سىزنى سېغىنغاندا پۇرىشىم ئۈچۈن بەرگەن ئىكەنسىز....

ـــ ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقامغا قارىسام، ئىككى گۆدەك بالا ماڭا

قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبى چوڭلارنىڭ يۈرىكىدىكى سىرلارنى بىلەمدۇ. مەن ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ ئالدىراپ - تېنەپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم، ئۇلارغا مېھرىم بىلەن قاراپ:

— ئانامنى سېغىنىپ قالدىم، — دېيەلىدىم.

— ئانىڭىز قەيەردە؟

— يىراق، بەك يىراقتا قالدى.

— ھە... ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەپتۇ - دە؟ — باللار ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، كۆل بويىدىكى تاللىق يولدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار تال نوتىلىرىنى سۇندۇرۇپ، بىر - بىرىنى ساۋىغانچە كولۇشۇپ چاقچاقلىشىپ باراتتى. قانداقمۇ بەختلىك باللار - ھە؟ ئادەم چوڭ بولمىغانمۇ تۈزۈككەن. ئۇلارنىڭ ھېلىراقتىكى سۆزلىرى قەلبىمدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى. ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟ ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەپتۇ - دە؟... مېنى ھايات ئۇردى. تارتىنچاقلىقىم سۆيگۈمنى ئۇرغاندى. مەن سۆيۈملۈك رۇقىيەنى، يوقىتىپ قويغان پەرىشتەمنى سېغىنىپ يىغلاۋاتاتتىم.

مەن سىز ئۈچۈن يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. مەن ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بۇ ئازابلاردىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، روھىي يۆلەنچۈك ئىزدىدىم، شۇ چاغدىلا خۇداغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلدىم، ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ مېنى رۇقىيەگە يەتكۈزىدۇ دەپ ئۈمىدلىنەتتىم.

بىر كۈنى مەكتەپ ئىچىدىكى ئالمىلىق باغقا كەلدىم. ئوقۇغۇچىلار سېمونت ئورۇندۇقلاردا كىتاب ئوقۇپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن

بىر چەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم ـ دە، قولۇمدىكى كىتابنى ئاچتىم. قانچە ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

ـــ كىتاب ئوقۇۋاتامسىز؟

ـــ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئارقامدا سىز تۇرۇپسىز. مەن بۇ قەدەم تەشرىپىڭىزدىن ھاياجانلىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ، قىزىرىپ تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ ھالىتىمىز شۇنچە غەيرىي ئىدى. مەن ئوغۇل بالىمەنيۇ، خۇددى تارتىنىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان نازۇك قىزغا ئوخشايتتىم. سىز قىز ئىدىڭىزيۇ، گويا مەغرۇر ـ غالىب، ئازادە ھالەتتە تۇرغان بىپەرۋا، ھۆكۈمران ئوغۇلغا ئوخشايتتىڭىز. سۆيگۈ شۇنداق ئىكەنكى، كىم ياخشى كۆرۈش ئوتىدا كۆيسە، ئاشۇ قۇل ئىكەن، زەنجىردىكەن، ئازابتىكەن، دوزاختىكەن...

سىز قېشىمدا ئولتۇرۇپ، بىردەم گەپ يورغىلاتقاندىن كېيىن:

ـــ ئاسىيە بىلەن يۈرسىڭىز بولمامدۇ؟ ئىككىڭلار بىر يۇرتلۇققۇ؟ ـــ دېدىڭىز. ئەي! سارالڭ پەرىزات، بۇ مېنىڭ كۆيۈشلىرىمگە بەرگەن جاۋابىڭمۇ؟ ئىشقىي ئوتىڭدا سەۋدايى بولۇپ قالغان روھىم ئۈچۈن دەۋا ئىزدەشلىرىڭمۇ؟ سەندىن جاۋاب ئالدىم. ئەمدى ئۆلدۈم. سۆيگۈ سىر پېتىچە يۈرىكىمدە قالدى.

ـــ ئەمدى، ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن، ـــ دېدىم ـ دە، يېنىڭىزدىن كېتىپ قالدىم. "ئەمدى" دېگىنىم نېمىسى؟ ئېسىت! تېنىم كېتىۋاتىدۇ، ھېچنېمىنى كۆرمەيتتىم. چامداۋاتىمەن. ياتاققا كىردىم. ھېچكىم يوق ئىدى. دېرىزىنى ئاچتىم. سەھرا خاتىرىسى ـــ ياغلىقنى تاشلىدىم، سىز ماڭا يازغان پارچە پۇرات قەغەزلەردىكى خەتلەرنىڭ بىرىنى... يەنە بىرىنى... يەنە بىرىنى تاشلىدىم.

ھەممىسى ئۆچۈپ ئاللىقاياقلارغا كەتتى. شۇنداق، ھەممىسى ئۆچۈپ كەتتى. ھەممىسى تۈگىدى.

ئەمدى خۇدادىنمۇ كۆڭلۈم قالدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنى ئاڭلاشقا، تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىشقا ۋاقتى يەتمىگەندى. خۇدامۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئوخشايدۇ. ئۇ جىمىكى بەندىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى بىلەتتىغۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ قەلبىمدىكى سىرىمنى بىلمىسە-ھە؟ مەن ئەمدى كىمگە يۆلىنىمەن؟ ماڭا كىم روھىي تىرەك بولىدۇ؟

بۈرۈن سىزگە تەلپۈنەتتىم. ئەمدىچۇ؟ سىزدىن قاچاتتىم. مەكتەپ تېزرەك پۈتسىكەن، قېشىڭىزدىن كەتسەمكەن دەپ تىلەيتتىم. بىراق، يەنىلا سىزنى قەلبىمدىن چىقىرىۋېتىشكە قادىر بولالمىدىم، سىزنى ئەيىبلەش، سىزدىن نەپرەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇشۇنداق؟ مەن ئاچچىق ئېڭراشلىرىمدا سىزگە يەنە بەخت تىلىدىم.

يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، بۈرۈنقى ئويلىرىمنىڭ شۇنچە بىمەنە، بىردەملىك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كۈنلەر شۇنچە ئاستا ئۆتەتتى. مەن ئۆگزىگە چىقىپ، كۈندە سىز تەرەپكە قارايتتىم. خىياللىرىمدا سىزنى كۆرەتتىم. سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەربىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۇ چاغدىكى ئىشلار تۈنۈگۈن بولغاندەك يادىمدا شۇنچە ئېنىق تۇراتتى.

بۈگۈن خاسىيەتلىك بىرىنچى سېنتەبىر، مەن ئىككى ئايدىن بۇيان زارىقىپ كۈتكىنىمگە يارىشا سىزنى كۆرەلىشىمگە ئىشىنەتتىم. تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، سىز ئۈچۈن يۈزۈمنى پاكىز يۇدۇم.

www.uyghurkitap.com

چاچلىرىمنى مايلاپ تارىدىم. ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىمنى كىيدىم. كارىدوردا سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن. مەن ھازىرلا سىزنى كۆرەتتىم. كۆپ ئۆتمەي پەشتاقتىن يېقىملىق مۇزىكا چىقىرىپ سىز چىقىپ كەلدىڭىز. سەھرانىڭ ياز ئاپتىپىدا يۈزىڭىز بىرئاز قارىداپ قالغانىدى. مەن سىزگە تەشنا ئىدىم. بىراق سىزنى كۆرۈپ، قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بۇ ئاۋاز يېقىنلاپ كېلەتتى. بۇ ئاۋاز يىراقلاپ باراتتى. بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. سىز قېشىمدىن ئۆتۈپ، سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتىڭىز. مەن بېشىمنى سىلىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا سالام قىلىشتىن خىجىل بولغانمىدۇ؟ ئۇ ئەجەب گەپ قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ! ئۇنىڭ قولىقىدا ھېلىقى ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقا كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ ئەمدى ئۇنى ئاسماس بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مېنىڭ ئاشۇ سوۋغىتىم تاشلىنىپ خورلانغانمىدۇ ياكى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغانمىدۇ؟ مەن نېمىشقىدۇ ئۆزۈمنىمۇ تاشلىنىپ كەتكەن بۇيۇمدەك ھېس قىلدىم.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى. مەن ھازىر پەقەت ساۋاقداشىڭىز، بۇ دۇنيادىكى بىر تونۇشىڭىز ئىدىم. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى — پاك، تۇنجى سۆيگۈسى شۇنچە ئېتىبارسىز قالسا — ھە؟ مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ، ناھايىتى قىممەتسىز يارىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن سىز ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۆلچىدىم. قەلبىمنىڭ قىممىتى بولمىسا، بۇنداق جىسمىمنىڭ بولۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بىركۈنى كەچكى مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. سىز ئولتۇرغان

تەرەپتىكى تام سىرتىدىن گۈپۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. كارىدوردا بىرەيلەن تامنى تېپىپ، سىزنى سىرتقا چاقىرىۋاتاتتى. بۇ نەقەدەر ئەسەبىي ھەرىكەت-ھە؟ مەن سىزگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. سىز قىمىرلاپ ئولتۇرالمايۋاتاتتىڭىز. تام سىرتىدىن يەنە تېپىك ئاۋازى ئاڭلاندى. سىز ئەتراپقا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىڭىز. نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، ئارقىڭىزدىن كارىدورغا چىقتىم. كارىدوردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. سىزنى بىر كىم بۇلاپ ئېلىپ قاچىدىغاندەك بىنادىن پەسكە چۈشتۈم. سىرتتا، ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە ئىككى ئادەم كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى پايلاپ ئەگەشتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى سىز ئىدىڭىز. يەنە بىرسى سىنىپىمىزدىكى مۇزەپپەر ئىدى. مەن ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇزەپپەر... مۇزەپپەر؟! ئۇ مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىنغۇ؟ ئۇ نېمىشقا ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ؟ ئادەمنىڭ نەپسى قانداقمۇ ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلسۇن؟ ئاھ! ئادەملەر، ئادەملەر...

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇزەپپەر سىزنى ياتىقىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئۈستىدىكى كۆزنەككە قەغەز چاپلانغانىدى. ئۆتكەندە مۇشۇ ياتاق دېرىزىسىگە قەغەز چاپلانغاندا نېمىدىندۇ گۇمان قىلغانىدىم. لېكىن بۇ تەييارلىقلارنىڭ سىز ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئايىغىمنى قولتۇقىمغا قىسىپ، ياتاق ئالدىغا كەلدىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. ئىشىكنى بىر تېپىپ بىلەن ئېچىپ كىرەيمۇ؟ كالتەك بىلەن مۇزەپپەرنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ پىراق، مەندە قېنى ئاشۇ ھوقۇق؟ مەن رۇقىيەنى ياخشى كۆرىمەن.

لېكىن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغانمىدىم؟ رۇقىيە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ ياتاققا كىرگەن. نىمىشقا؟ زادى نىمىشقا شۇنداق قىلدۇ؟ ئۇ مېنىڭ جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى مەندىن ئۈمىد ئۈزگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ قىزلىق جىسمى، رەسىدە بولغان قەلبى ئۈچۈن بىر ئوغۇل كېرەك. مەن ئۇنىڭ قىزلىق تەلەپلىرىگە جاۋاب بەرگۈدەك ئەركەك بولالمىدىم...

ياتاقتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى! مانا سېنىڭ سۆيگۈڭگە بېرىلگەن جاۋاب. مەن يارىلانغان، قانسىرىغان ئادەمدەك ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. سىلەرنى، كارىدورنى، دۇنيانى، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالغاندىم. ياتاقتا، كارىۋاتتا ئىككىيلەن لەززەتتىن مەست. كارىدوردا، سېمونت يەردە مەن ئازابتىن بىھوش! مەن ئۆلۈپ قالماپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپقا قارىسام، كارىدوردا، ياتاق ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ ياتىقىمغا كىردىم ۋە ئۆزۈمنى كارىۋىتىمغا تاشلىدىم. كارىۋات پەردىسىنى چۈشۈردۈم. يوتقان بىلەن يۈزۈمنى چۈمكىدىم. مەن بۇ دۇنيادىن بەزگەنىدىم، بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە رەۋىتىم قالمىغانىدى. يوتقاننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتىمەن. ھېچنېمىنى ئويلىيالمايمەن، ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇخلىدىممۇ، تۈنىدىممۇ، بىلمەيمەن. تاڭ ئاتتى. سىرتقا چىقىشتىن قورقاتتىم. دۇنيا مەن ئۈچۈن ۋەھىمىگە ئايلانغانىدى. ئاخشامقى ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. بىراق، يۈرىكىمنى قامالىغان ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قانداقمۇ ئىنكار قىلالاي؟

دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا چىقتىم. سىز ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك خاتىرجەم، بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز. سىزدىن يوشۇرۇپ

نېمە قىلاي. سىز تۇنجى قېتىم كۆزۈمگە چىرايلىق، ئەمما يىرگىنىشلىك كۆرۈندىڭىز. مەن، قەلبىمدىكى پاك ئوبرازىڭىز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. مەن نەپرەت بىلەن، پەسلەشتۈرۈلگەن رۇقىيە بىلەنلا ئۆزۈمنى بۇ دەھشەتلىك زەربىدىن ساقلاپ قالالايتتىم. مۇھەببەت مېنى كىچىكلەتكەن، ئاجىزلاتقانىدى. نەپرەت مېنى ئويغاتتى، ماڭا كۈچ بەردى، ئىنسانلىق قىممىتىمنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

مەن سىزگە خەت يازدىم: سىزگە بۇ رەزىللىكلەر مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. سىز قىزلىق تېنىڭىزنى، روھىڭىزنى قەدىرلىشىڭىز، پەرىشتىدەك پاك ياشىشىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق، قىزلىق تەلپۈنۈشلىرىڭىز ھەممىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئەتىكى كۈندە مۇشۇ رۇقىيە ھالال ئەرنىڭ ئالدىغا قانداق باردۇ؟ ئاشۇ ئەر ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلمىسە ـ ھە؟ شۇ چاغدا ھازىرقى ئىشلار قەلبىڭىزدە شېرىن سىر بولۇپ قالار. كەلگۈسىدە بالىڭىزنى سۆيىسىز. بالىڭىز كۆكسىڭىزنى شورايدۇ. لېكىن، سىزنىڭ لىۋىڭىز، كۆكسىڭىز بۇلغانغان. ئاشۇ گۆدەك بالىغمۇ ناپاكلىق سىڭىپ كەتمەسمۇ؟ رۇقىيە، سىز ئۆزىڭىز، ئېرىڭىز، بالىڭىز ئالدىدا نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدىڭىز ـ ھە؟ ئاشۇ ياۋايى ھالەتتە تام تېپىشلەر بىلەن سىزگە بېشارەت بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئەجەب بىلمىدىڭىز ـ ھە؟

ئەپسۇس، بۈگۈن نېمە بولدى؟ مۇزەپپەرنىڭ ۋەدىلىرى، شېرىن خىيالىڭىز پەقەت نەچچە بەتلىك ئاددىي تارىخ بولۇپ قالدى. بۇ سەھىيە بەكمۇ تېز يېزىلىپ بولدى. ئەمدى قېنى پاكلىق، قېنى گۈزەللىك، قېنى سۆيگۈ، قېنى قىزلىق غۇرۇر ـــ ئىپتىخار؟ بۇ

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىش سىز ئۈچۈن دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نورمال ئىشتەك، سىزدە نە ئېچىنىش، نە پۇشايمان ئىپادىلىرى كۆرۈلمىدى. كۆلكىڭىز ئازابلىرىڭىزنى تەكشى سىرلىۋەتكەندەك ئىدى. ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈلكە بولسىلا ئۇنى بەختلىك دېگىلى، كۆزىدىن ئاچچىق ياش تېمىپ تۇرسىلا بەختسىز دېگىلى بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانىمىز باشلاندى. مەن تەكرارلاش ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقتىم. روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى يېنىدىكى قەدىمىي دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ ساناتورىيىدە داۋالىنىدىغانلار قانداق ئادەملەردۇر، دېگەن قىزىقىش بىلەن تامغا ئېسىلدىم. بىراق، بوييۇم يەتمەي، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. ئادەملەر نېمە سەۋەبلەردىن ئەقلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندۇ؟ بۇ دۇنيا نەقەدەر قورقۇنچلۇق ــ ھە؟ ئاھ! ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي توپى... ئەتە مەنمۇ مۇشۇنداق ئېگىز تاملار ئىچىگە كىرىپ قالمىسام بولاتتىغۇ؟ مەن ساراڭ بولۇپ قالسام، سىزنىڭ دەردىڭىزدە بولارمەن. ماتېرىياللارغا قاراشقا رايىم بارماي، سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتىم. ئالدىمدا سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي ئۆستەڭ بار ئىدى. بىرچاغدا چوڭقۇر ئۆستەڭ ئىچىدىن يۇزىگە رومال سالغان بىر ئايال مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسى، تولغان، ئېگىز قامىتىگە مەھلىيا بولدۇم. بويى شۇنچە قاملاشقان، يۈزىچۇ؟ كۆزىچۇ؟ ئايال ئۇدۇلۇمغا كېلىپ، رومال تۆشۈكلىرىدىن ماڭا باقتى. كېكىردىكىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى. مەن ئايالنىڭ بۇ مەنىلىك ئىشارىتىدىن ھاياجانلىنىپ، يادىن ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشتۈم. ئايال رومالىنى قايرىپ قىيا باقتى. بۇ بەكمۇ چىرايلىق، خۇمارلىق كۆزلەر ئىدى.

مەن بۇ كۆز بېقىشتىن ئەقلى ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئايال رومالنى چۆشۈرۈۋېتىپ، كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆستەڭ ئىچىدىن يۈرۈپ كەتتىم. ياردىن ئېسىلىپ ئۆستەڭدىن چىقتۇق. ئېتىزلىق ئىچىدە كېتىپ بارىمىز. ئېھتىيات قىلىپ ئاستا ماڭغانلىقىمدىن ئايال خېلى ئۇزاپ كەتتى. ئۇ روماللىق بېشىنى قايرىپ ماڭا قاراپ قوياتتى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، پەقەت بىر سىرلىق ئىستەك تۈرتكىسىدە ئايالغا ئەگىشىپ باراتتىم. بىز مەھەللە سىرتىدىكى جىگدىلىككە يېتىپ كەلدۇق. ئايال رومالنى چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، جىگدىلىك ئاستىدىكى نەم قۇمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشلىرىدىن يوغان تولغان كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىپ تۇراتتى. بۇ سېھىرلىك ھالەتتىن تېنىم غۇژۇلداپ، ئايالنىڭ قېشىغا سىلجىدىم...

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى. رومالى بىلەن يۈزىنى قايتا چۈمكىدى. ئۇ رومال تۆشۈكلىرىدىن ماڭا قاراپ قويۇپ، خوشلىشىپ مەھەللىگە كېتىپ قالدى. مەنمۇ ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم.

ئۇ يەرگە بېرىش ۋاقتىمدا ئاشۇ رومallىق ئايالنىلا ئويلىغان ئىدىم. قايتىشىمدا سىزنى يادىمغا ئالدىم ۋە ھېلىراقتىكى ئىشلىرىم ئۈچۈن سىزدىن خىجىل بولدۇم. مەن سىز ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق مەن پۇشايمان قىلمىدىم. مەن سىزدىن ئۆچ ئالغانىدىم. مەن ھازىرغىچە پاكلىقىمنى قوغدىغانىدىم. بىراق، سىزچۇ؟ مەن ئەمدى كىم ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلايمەن؟ مېنىڭ بارلىقىم سىزنىڭ ئىدى. سىزنىڭ بارلىقىڭىز مېنىڭ ئىدى. سىز مۇزەپپەرنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى

بېغىشلىدىڭىز. مەنچۇ؟ ئاشۇ قېرى، بۇزۇق، ساختا، ئالتۇنۇش روماللىق خوتۇن ئۈچۈن ئانام بەرگەن پاكلىقىمنى بۇلغىدىم. مۇزەپپەر قېشىڭىزدىن باشقا بىر قىزنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. روماللىق ئايال ئاشۇ جىگدىلىكتىن پەس كۆڭلى ئۈچۈن يەنە بىر ئەركەك ئارزۇسىدا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمەسمەن. كۆرسەممۇ تونۇماسمەن. يىللار ئۆتۈپ، ئۇ ئايال مېنىڭ بىر ئەسلىمەمگىلا ئايلىنىپ قالار. سىز قايتىدىن پاك، ئېپپەتلىك قىز قىياپىتىگە كىرىۋالسىز. يىگىتلەر يەنىلا سىزگە تەلپۈنىدۇ. سىزگە ئىگە بولۇش كويىدا چاپىدۇ. سىز ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر يىگىتكە مەنسۇپ بولىسىز. بىراق، ئۇ ئەر گۇمان ئىچىدە سىزگە ئىشىنىدۇ. ئىشىنىش نىقابىدا سىزگە خىيانەت قىلىدۇ. مەنچۇ؟ كەلگۈسىدە قايسى قىز مېنى ناپاك ئىكەن دېيەلەيدۇ؟ مېنىڭ تېنىمدىن ئۇنىڭغا دەستەك تاپالامدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئىشىنىدۇ ھەم ئىشەنمەيدۇ. مەنمۇ ئاشۇ جۈپتۈمنىڭ تېنىدىن، روھىدىن كەلگۈسى ئۈچۈن قىلىنغان خىيانەتنى ئىزدەيمەن. يىللار ئۆتۈپ سىز ئۇ ئەرگە ئىشەنمەيدىغان بولىسىز. مەن بۇ ئايالدىن سوۋۇيمەن، يىرگىنىمەن. ھايات مۇشۇنداق بولسا ــ ھە؟ مەن سىزنى كەچۈردۈم. پەقەت خۇداغا نارازىلىقىم كەلدى. ئۇ نېمىشقا ئادەمنى مۇشۇنداق يارىتىدىغاندۇ؟

مەن ساناتورىيە يېنىدىكى قەدىمىي دۆڭلۈككە قايتىپ كەلدىم. يېنىمدىكى ئېگىز تاملار ئىچىدە روھىي كېسەللەر. ئۇنىڭ سىرتىدا مەن. مەن ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. مەنمۇ ئۇلاردەك روھىي كېسەل بولۇپ قالدىممۇ ــ نېمە؟

ئەمدى بىزنىڭ بىللە ياشايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىمىز قالغانىدى. تاڭ ئاتسىلا بىز مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتەتتۇق. بىز تەتۈر

قارىشىپ، بىر يىل گەپلەشمەي يۈردۇق. ئىسست، ھارام ئۆتتۈپ كەتكەن بىر يىل. مەن ئايرىلىش كۈنلىرىمىز يېقىنلاپ قالغان كۈنلەردە سىز بىلەن يارىشىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

كەچتە ياتاقتا بىز خوشلىشىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇرغاندۇق. بۇ كېچە قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتسۇن. بۇ ئۇنتۇلماس كېچە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق پەيت بولدى. بۇ سىزدىن ئەبەدىي جۇدا بولۇش كېچىسى ئىدى. مېنىڭ سۆيگەن قىزىمدىن ئەتىلا ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن سىزگە تەلمۈرۈپ قارايتتىم. تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن بۇ بىر يىلدا سىز ماڭا نەپرەتلەنگەنسىزمۇ؟ ئىچ ئاغرىتقانسىزمۇ؟ مېنى خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەنسىزمۇ؟ مەن سىزگە خۇپىيانە قارىۋالاتتىم. سىز مەن تەرەپكە قارىغان ھامان سىزگە تىكىلگەن كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچاتتىم. مەن سىزگە ئاشىق، مەستانە ئىدىم، بىراق، غۇرۇرۇم سىزگە گەپ قىلىشىمغا يول قويمايتتى.

بىرچاغدا سىز ماڭا بىر رومكا قىزىل ھاراقنى سۇندىڭىز. مەن گەپ قىلماستىن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى سىزگە قايتۇردۇم. سىز ئىتتىككىلا ئىچىۋەتتىڭىز. مېنىڭ لېۋىم تەگكەن رومكىغا سىزنىڭمۇ لېۋىڭىز تەگدى. ئاغزىم تەگكەن شاراب تېنىڭىزگە، تومۇرلىرىڭىزغا سىڭىپ كەتتى. ئاشۇ يېرىم رومكا شارابنىڭ قەلبىڭىزنى سېھرلەپ، سىزنى ماڭا مايىل قىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم.

ساۋاقداشلار شوخ، قىزغىن كەيپىياتتا تانسا ئويناۋاتاتتى. مەن ھېچبىر قىز بىلەن، ھەتتا سىز بىلەنمۇ ئويناشماي، غەمكىن ئولتۇراتتىم. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئايرىلىش پەيتلىرى

يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. شەرق ئاسمىنى سۇزۇلۇپ باراتتى. مەن يەنىلا سىزگە گەپ قىلماي، تانىسغا تەكلىپ قىلماي ئولتۇراتتىم. قەلبىمدە ئىككى خىل ھېس ئېلىشاتتى: تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رۇقىيەنى تانسىغا تەكلىپ قىل! يارىشىپ قال! ھەرگىز ئالدىغا بارما. سەن دېگەن ئوغۇل بالا... ھەممە ئۆز جۈپتى بىلەن خۇشال ئىدى. پەقەت مەن، سىزلا مىدىرلىماستىن ئازابلىنىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا سىز يەنە ئالدىمغا كېلىپ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىڭىز. مەن ئىككى يىل ئايرىلىپ قالغان سۆيۈملۈك قولنى، بەلنى قايتا تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ھېچبىر گەپ تاپالماي:

— ھېلىقى خەتنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز. ئۇنى يېزىپ كېيىن پۇشايمان قىلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، — دېيەلىدىم. مۇشۇ سورۇندا، باشقىلار ئالدىدا، چىراغ نۇرى ئاستىدا كۆزىڭىزدىن ئاچچىق ياش ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىڭىزنى بويلاپ ئاقتى. سىز يېشىڭىزنى قىلچە يوشۇرماي، كۆزلىرىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ:

— ئالتە بەت، قانچە ئاچچىق سۆزلەر-ھە؟ ئۇ خەتنى ساقلاۋاتىمەن. بىراق، سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. كەلگۈسىدە باللىرىمغا كۆرسىتىمەن. ئۇلارغا ئانىسىنىڭ بىر ساۋاقدىشى تەرىپىدىن قانداق ھاقارەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن، — دېدىڭىز. بۇ سۆزلىرىڭىزدىن يۈرىكىم يىغىنە سانجىغاندەك ئاغرىپ، بېشىم پىرقىراپ، يىقىلىپ چۈشكىلى ئاز قالدىم. مەن سىزگە قارىماستىن:

— خالىسىڭىز، تويۋەنگە چۈشۈپ پاراڭلاشساق، — دېدىم. مەن ئاخىرقى بۇ ئازابلىق مىنۇتلاردا سىز بىلەن بىللە مېڭىش، پاراڭلىشىش بەختىگە ئېرىشەلىدىم. ماڭا ئەگىشىپ پەشتاقتىن

چۈشتىڭىز. بىز ئەجەب مەڭگۈ مۇشۇنداق مېڭىش مەقسىتىمىزگە يېتەلمىسەك ـ ھە؟

ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرۇشتۇق. مەن سىزگە يالۋۇردۇم. بىراق، خەتنى قايتۇرۇپ ئالالمىدىم. ئاھ! ئازاب... سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز قەلبىمدە قالدى. مېنىڭ ئاشۇ نەپرەتنامەم قولىڭىزدا قالدى.

ـــ خاتىرە ئۈچۈن بىر پارچە رەسىمىڭىزنى ماڭا ھەدىيە قىلىشقا بولامدۇ؟ ـــ دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

سىز بېرىشكە قوشۇلدىڭىز، لېكىن، مېنىڭ رەسىمىمنى سورىمىدىڭىز. ئۆزۈمنىڭ قىممىتى بولمىغان تۇرسا، جانسىز ئوبرازىمنىڭ سىز ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

ياتاقتا قالغان ساۋاقداشلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، كۈنچىقىشقا ئاز قاپتۇ. ئەمدى بېكەتكە، بىزنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېلىپ كېتىدىغان ئاشۇ بېكەتكە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز بېكەتتە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

ئاپتوبۇس كۆزەينەكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، قاتار ـ قاتار ئاپتوبۇسلار ئارىسىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن سىزنى ئىزدەيتتىم. بىرچاغدا سىز كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، مەن چۈشكەن ئاپتوبۇس يېنىغا كەلدىڭىز. مەن سىز سۇنغان قاتلاقلىق قەغەزنى ئالدىم. مەن كۆزلىرىڭىزگە غەمكىن تىكىلىپ:

ـــ خوش، خەت يېزىڭ. ئۇنتۇشۇپ كەتمەيلى، ـــ دېدىم. ئىككى تامچە ياش چىرايلىق كۆزىڭىزدىن سىرغىپ چۈشتى:

ـــ خوش، ئامان بولۇڭ. خۇداغا ئامانەت...

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. سىز دوستلىرىڭىز بىلەن ماشىنا كۆتۈش زالىدىن كىرىپ ئۆتۈپ، بېكەت ئالدىدىكى يولغا چىقتىڭىز. مەن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ قول پۇلاڭلاتتىم. سىز قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ، غەمكىن قالدىڭىز، بىز راستىنلا ئايرىلغانىدۇق.

مەن سىز بەرگەن قاتلاقلىق قەغەزنى ئاچتىم. بىر پارچە سۈرەت، گۈزەل پەرىزاتنىڭ يېقىملىق ئوبرازى...رەسىم ئورالغان قەغەزنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ كەتتىم. بىر بەت ئەمەس، بىرەر جۈملە تەسەللى، ئۇزىتىش سۆزىمۇ يوق. ئەي تاش يۈرەك پەرىشتە! سىز مېنى نېمە قىلماقچى؟ مېنى خاراب قىلدىڭىز رۇقىيە...مەن بېكەت ئالدىدىكى يولدا قالغان ھالىتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. ئاشۇ شەھەردىن، سىزدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتىم. كۆز يېشىم توختىماستىن قۇيۇلاتتى. مېنى ئادەم قىلغان، ھاياتنى چۈشەندۈرگەن، سۆيۈملۈك رۇقىيەنى قوينىغا ئالغان ئانا شەھەر ئارقامدا قالغانىدى. مەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كەينىمگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىمدىن تەسىرلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمىگە مۇنچە يىغلايسىز؟

مەن گەپ قىلماستىن رەسىمىڭىزنى ئۇ ئايالغا بەردىم. ئۇ رەسىمىڭىزگە بىرھازا غىچە قارىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تىندى:

— ئايرىلىپ كەتسە ھەقىقەتەن يىغلىغۇدەك قىز ئىكەن. سىز نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمەيسىز؟

ئايالنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم. ئاپتوبۇس توختىماستىن كېتىپ

باراتتى. مەن سىزنى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمىدىم ـ ھە؟

تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. قەلبىمدە بۇ رەھىمسىز قىسمەتكە قارشى ئىسيان داۋالغۇيتتى: ئەي تەقدىر، ئالدىڭدا باش ئەگمەيمەن. سېنى بويسۇندۇرىمەن. رۇقىيەگە يەتمەي قويمايمەن!

سىزنىڭ جىسمىمىز ئايرىلغان بىلەن روھىمىز يەنە بىللە ئىدى. سۆيگۈمىز يۈرىكىمگە ھەمراھ ئىدى. ئاي، يىللار ئۆتۈپ، سىز مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يەنىلا ئاشۇ مۇھەببەت بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلىسىز. قانچە يىللار ئۆتسۇن، مەن سىزگە ئېرىشىشەملا مەيلى ئىدى. ئادەمنىڭ ھاياتى بەكمۇ قىسقا ـ ھە؟ مەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرۈمدە ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن گۈزەل پەرىشتەمگە نېمىشقا يېتەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەن؟

مەن يەنە بىرەر قىزنى ياخشى كۆرەلمىدىم. قەلبىمدىكى مۇھەببىتىڭىز ھەممە قىزلارنى چەتكە قاقتى. مەن سۆيگۈڭىز بىلەن خىيالىي دۇنيايىمدا تەنھا ياشايتتىم. ھېچكىم بىلەن دوستلاشمايتتىم ۋە دۈشمەنلەشمەيتتىم. ئادەملەرنىڭ مېنى ياخشى دەپ ماختاشلىرى، يامان دەپ ئۆچ كۆرۈشلىرى بىلەن كارىم يوق ئىدى. ئۇنداق باھالارنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە پايدىسى؟ مەن قەلبىم ئىستەكلىرى ئۈچۈن ياشىسام، ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلمىساملا بولدى ئەمەسمۇ؟

سىزدىن ئايرىلىپ ياشىغان كۈنلىرىمدە سىز دائىم خىياللىرىمدا ھەمراھ ئىدىڭىز. پەقەت چۈشلىرىمدە ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆرەلەيتتىم. مەن بۇگۈنگىچە نېمىشقا مۇھەببەت ئىزھار قىلماي ئۆتۈۋەردىم؟ ھېچ بولمىغاندا مەكتەپ پۈتتۈرۈش ھارپىسىدىكى خوشلىشىش، كۆڭۈل

ئېچىش كېچىلىكىدە نېمىشقا قەلبىڭىزگە سوئال بەلگىسى سىزىپ قويال-مىدىم؟ مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشارمەن؟! ئېھ ئازاب بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر! ئاشۇ مۇزەپپەر سۆيگەن قىزىمنى تارتىۋالدى-ھە؟ ئاشۇ مۇزەپپەر رۇقىيەنىڭ پاكلىقىنى بۇلغاپ، ئەقىدەمنى بەربات قىلىۋەتتى-ھە؟ ئادەملەر نېمىشقا ئاشۇنداق؟ مەن سىزنى سۆيىمەن. بىراق، مېنىڭ بۇ ئۆلمەس سۆيۈشلىرىمگە پەرۋاسىز قارايسىز بۇ دۇنيادىكى ئاشىقلاردا نېمە گۇناھ؟ سىزدىن ئاغرىنىپ نېمە قىلاي؟ سىز مۇزەپپەرگە كۆڭلىڭىزنى بەرگەندىكىن سىزنى ئەيىبلەشكە نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەندە ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكۈش-تىن باشقا نېمە چارە بار؟

سىزگە نەچچە قېتىم خەت يازماقچى بولدۇم. قەلبىمدىكى ھۆكۈم-ران ئوبرازىڭىز ھامان قولۇمنى تۇتۇۋالاتتى. كۈنلەر ئۆتكەن بول-سىمۇ سىزدىن قەلبىمگە تەسەللى بەرگۈدەك بىرەر پارچە خەت تاپ-شۇرۇۋالالمىدىم. سىز ئەمدى مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتىڭىز.

خەت كەلدى، سىزدىن ئەمەس، بىر دوستۇمدىن كەلدى. ئۇ مېنىڭ سىز ئۈچۈن ئۆرتىنىۋاتقان دەردمەن يۈرىكىمنى چۈشىنەتتى. ئۇ بۇ خېتىنىڭ يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ سانچىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، بۇ خېتى ئارقىلىق بۈگۈنگىچە يېنىۋاتقان ئۈمىد شامىمنى ئۆچۈرۈپ، مېنى غۇۋا دۇنيانىڭ ھەسرەتلىرىدىن تارتىۋال-ماقچىمىدىكىن... شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن ئۇ دوستۇمدىن رەنجىگۈم كېلىدۇ، سىز ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى بولۇپسىز.

مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانە ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىم. بۇ دەھشەتلىك قىسمەت جىسمىمنى ئەگدى، ئىنتىقمنى بوغدى، روھىمنى

تۇنجۇقتۇردى. ئەمدى دۇنيادىكى ھەممە قىز مەن ئۈچۈن ئوخشاش. قېنى قىزلار؟ سەت ياكى چىرايلىق بولسىمۇ مەيلى. ئېگىز، پاكار بولسىمۇ بەرىبىر، سېمىز ياكى ئورۇق بولسىمۇ پەرقى يوق. مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

مەن سىزگە يېتەلمىگىنىم بىلەن ماڭا ئېرىشىش كويىدا يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. مەن قەلبىمگە خائىنلىق قىلىپ، بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىم. ئۇ ئاق كۆڭۈل، پاك قىز مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلسە- ھە؟ بۇ رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمىسىغا ھەيرانمەن. تونۇگۈن سىزگە ئاشىق بولۇپ، قان-ياش تۆككەنىدىم. ئاشۇ ياشلا تاش يۈرىكىڭىزنى ئېرىتەلمىگەنىدى. بۈگۈن بىر قىز مەن ئۈچۈن كۆيۈپ كۆل بولۇۋاتاتتى. مېنىڭ سۆيگۈم سىزنى قىلچە تەسىرلەندۈرەلمىگىنىدەك، ئۇ قىزنىڭ سارغىيىپ، قاقشال بولۇشلىرى مەندە ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا سېزىمنى ئويغىتالمىدى. مەن ھازىر ياخشى كۆرگۈچى ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بىپەرۋالىقنى چۈشەندىم. ئۇ قىز يىغلاپ باقسۇن. مەنمۇ يىغلىغانغۇ؟ بۇ دۇنيادا ماڭا ئوخشاش يىگىتلەر قىزلارنىڭ پىراقىدا ياش تۆكۈۋەرمەي، ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزلارمۇ يىگىتلەرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ باقسۇن. لېكىن ئۇ قىزدا نېمە گۇناھ؟ سىزگە كۈچۈم يەتمەي، ئۇ قىزدىن ئۆچۈمنى ئالسام، ئۇنىڭ يېشى بىلەن سىز پەيدا قىلغان قەلبىمدىكى مۇھەببەت يارىلىرىمنى داۋالىسام بولامدۇ؟ مەن ئەمدى ئۇ قىزغا ئادالەتسىزلىك قىلماي، مۇھەببىتىمنى قەدىرلەي. ئۇ قىز سىز ۋەيران قىلغان ماڭا ئوخشاپ قالمىسۇن.

مەن قولۇمنى ئۇ قىزغا سۇنۇشقا، تېنىمنى ئۇ قىزغا سۆركىلىشكە،

www.uyghurkitap.com

قەلبىمنى ئۇ قىزغا ئىنتىلىشكە مەجبۇرلىدىم. جىسمىم شۇنداق قىلدى. بىچارە قىز، ئۇنىڭ تېنى ئورۇقلاپ سۆڭەككە ئايلانغان، چىرايى سارغايغان. تىنىقىدىن كېسەللىك ھىدى كېلەتتى. ئۇ باغرىمغا چىڭ يېپىشىپ تېپتىنچ ياتاتتى. قۇچىقىمدا ئۇ قىز، خىيالىمدا سىز. ئۇ قىز بۇنى بىلسە ـ ھە؟ ئۇ قانداق قىلار؟ مېنى سۆيمىگەندىكىن يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىزچۇ؟ مەن سىزگە ئېرىشەلمىسەم ياكى باشقا بىر قىزنى سۆيەلمىسەم. مېنى ئەجەب قىيىندىڭىزغۇ رۇقىيە؟

ئۇ قىزنىڭ جىسمى بىلەن ياشىغىنىمدىن كۆرە سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ياشىغىنىم شېرىن ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ يۈرىكىنى ئالداپ نېمە قىلاي. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇ بۇ بەختسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئوخشاش شور پېشانە، دەردمەن بولۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ جىسمىنى ئالداشتىن روھىنى ئالداش ئازابلىقكەن.

شۇنداق قىلىپ، مەن يەنە بۇ دۇنيادا تەنھا قالدىم. بۇ يالغۇزلۇق سىزنىڭ ھىجرىڭىزدىنلا باشلانغانىدى.

بەزى كۈنلىرى كەچتە تانسىغا باراتتىم. نۇرغۇن قوللار تەكرار ـ تەكرار تۇتۇپ كەتكەن قول، بەلنى مەنمۇ تۇتۇپ مەيدانغا چۈشەتتىم. كۆزۈم كۆرگەنلا قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلاتتىم. يەنە ئاشۇ قول، يەنە ئاشۇ بەل. ئۇلار بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمەي، مۇزىكا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ دەسسەيتتىم. مەن بىلەن تانسا ئويناۋاتقانلار مەندە ھېچبىر سېزىم ئويغىتالمايتتى.

يېقىندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەت نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، مېنى سەۋدايىلىق ھالىدىن قوتۇلدۇردى. ئۆتكەندە سىزنى توي قىلىدىغان بولدى، دەپ شوم خەۋەر يەتكۈزگەن دوستۇم بۇ نۆۋەت سىزنى بىر بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى، دەپ

خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر قەلبىمدە يېڭى بىر ئارزۇنى ئويغاتتى. مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق تەنھالىقتا بويتاق ياشاۋېرىمەن؟ مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان سىزنى ياخشى كۆرۈش ئوتىدا تارتقان ئازابلىرىمنى، سىزنى داۋاملىق سۆيۈۋاتقانلىقىمنى سىزگە ئىزھار قىلالماقچى بولدۇم. سىز مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئاشكارىلىيالمايۋاتقان پىنھان سۆيگۈمنى بىلىپ قېلىڭ. سىزنى ماڭا ئوخشاش سۆيىدىغان بىر ئادەم بۇ دۇنيادا يوق. بۇ ئىشقنى خۇدا دىلىمغا سالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ سۆيگۈم ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ماڭا بۇ سۆيگۈ تېنىمگە، روھىمغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك، بۇ سۆيگۈدىن ئايرىلسام تېنىم مەزمۇنسىز شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ دۇنيادا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە شۇنچە باغلىنىپ كېتىدىكەن ــ ھە؟

رۇقىيە، ئەمدى مېنى بىلگەنسىز؟ مەن سىزگە ئاشىق ئىدىم. سىز مېنىڭ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يەنە بىپەرۋا ھالەتتە قاراپ تۇرارسىزمۇ؟ مېنىڭ سۆيگۈم يەنە ئېتىبارسىز، قوبۇلسىز قالارمۇ؟ مەن سىزنى سۆيگەندەك، سىزمۇ مېنى سۆيمىسىڭىز مەن ئۇچۇن قانچە ئازاب ــ ھە؟

ئاھ، خۇدا! رۇقىيەنىڭ يۈرىكىگە مېنىڭ ئىشقىمنى سالغان بولساڭ ئىدى، بۇ دۇنيا مەن ئۇچۇن جەننەتكە ئايلىناتتى.

مېنىڭ قەلبىمگە جاۋاب بېرىڭ. سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، رازىلىق بەرسىڭىز، پات ئارىدا قېشىڭىزغا يېتىپ بارىمەن. مۇبادا مېنىڭ بۇ تەكلىپىم رەت قىلىنسا، سىزنى يەنە كۆتىدىغانلىقىمنى، سىزنى ئۆلگۈچە سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىڭ.

سىزنى سۆيۈپ:

مۇرات“

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىبىسى

ئەتىسى كەچتە قوشنام رۇقىيەنى ئۆيگە چاقىردىم. ئۇ يەنە شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قورۇنۇپقىنە ئولتۇرۇۋالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەن ئاستا قىمىرلاپ، كېكىردىكىمنى قىرىپ قويۇپ:

ــ مۇراتنىڭ خېتىنى كېچىچە ئوقۇپ چىقتىم. سىز ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ ــ دېدىم.

رۇقىيە مەن سۇنغان خېتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن جىمجىتلىقتا ئۇنىڭ ھاياجاندىن قاتتىق ئاھ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، مۇراتنىڭ خېتى بۇ ئايالنى چوڭقۇر ئويغا سالغاندەك قىلاتتى.

ــ سىز ئىنستىتۇتتىكى چېغىڭىزدا مۇراتنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭىزمۇ؟

ــ بىلەتتىم.

ــ سىزچۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەمتىڭىز؟

ــ مەندە ئۇنىڭغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىلا بار ئىدى.

ــ كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە بوشاشماس، ئەسەبىي سۆيۈشلىرى سىزنى تەسىرلەندۈرەلمىدىمۇ؟ سىزدە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئويغىتالمىدىمۇ؟

رۇقىيە يەرگە باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا قىزىرىپ، ئىششىغان كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ:

ــ ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى مېنى ئېرىتەمەي قالاتتىمۇ؟ بىراق، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ئالالمىدىم، ــ دېدى.

مەن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم. بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇرادىغا يېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، بەكمۇ سۆيۈندۈم.

— سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى؟

— ئۇ بەك كېچىكتى. مەن توي قىلىپ، بىر ئەردىن ئاجراشتىم. بىر بالامۇ بار. ھازىر مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.

— سىز ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ ئۆتۈشىنى خالامسىز؟

— يىللار ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، مېنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

— مۇرات سىزنى ئۇنتۇيالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆرۈشىدە بىر ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭچە ئۇنى يەنە نائۈمىد قالدۇرمىغىنىڭىز ياخشى. مۇبادا سىز ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىسىز.

رۇقىيە بىرھازاغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاستا قىمىرلاپ بېشىنى ئۆرە قىلدى:

— ئۇ بالامنى خارلاپ قويماسمۇ؟

— بالا ئۇنى كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئۇنىڭ بۇ ئازابىنى بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەتتا بالىڭىزنى ئۆز بالىسىدەك ئاسرىشى مۇمكىن.

— سىزنىڭچە، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بولارمۇ؟

— بولىدۇ، تازا ياخشى بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز مۇراتنى بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرغان، ئۇنى بەختلىك قىلغان بولاتتىڭىز.

رۇقىيە ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان بەخت نۇرلىرى يۈرىكىمنى يىلىتىپ ئۆتتى. ئۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ:

— مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىۋېتەي، — دېدى.

رۇقىيە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىر-

دىم. مېنىڭ بۇ قوشنام يالغۇز ئەمەس ئىكەن. ئۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان يىگىتى بار ئىكەن. ئۇ يىگىتنىڭ ئاشۇنداق مەجنۇنانە سۆيۈشكە نائىل بولغان بۇ ئايالنى كىممۇ بەختسىز دېيەلىسۇن!



## پەرھات تۇرسۇن

# ھالاكەت

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم...

ئۇلارنى ئويلىغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سىرلىق بىر قورقۇنچ بىلەن جۇغۇلداپ كېتىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق بىر ئادەمگە يامانلىق قىلىپ باققان ئەمەس ئىدىم، ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرۈم ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن ئۆتتى. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ھەممە ئادەم مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇمغا ھەيران قالاتتى. ئويۇن-تاماشىلار ماڭا بەكمۇ ئەھمىيەتسىز تۇيۇلغاچقا، ئاممىۋى سورۇنلارغا يېقىن يولىمايتتىم. باشقىلارنىڭ پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمايتتىم. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ سىرىنى ئېيتمايتتى. ھېچ كىشىمۇ مەندىن تۇرمۇشتىكى بىرەر ئىشىغا مەسلىھەت سورىمايتتى. ھېچكىم مېنى ئىزدىمەيتتى. مەنمۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. ھېچقانداق بىر ئاغىنەممۇ، ھېچقانداق بىر رەقىبىممۇ يوق ئىدى... ئاھ، مەن ئەنە شۇنداق بىر ئادەم ئىدىم، كىممۇ مېنى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئويلىسۇن. مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم دېسەممۇ بەلكىم ھېچكىم ئىشەنمەس، لېكىن مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم...

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار غىچىرلايتتى. ئاستا قەدەم تاشلاپ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جايدىن ئۆتۈپ كەتتىم. يەرنى چۈمكەپ تۇرغان بىپايان ئاپئاق قار كۆزنى چاقنىتىپ، ئاجايىپ گۈزەل جۇلا-

www.uyghurkitap.com

لىنىپ تۇراتتى. كۆپكۆك ئاسمان گويا بوۋاقلارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدەك شۇنچە تىنىق، شۇنچە يېقىملىق ئىدى. قۇياش ئوماق كۈلۈپ، يېللىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. مۇشۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق مەنزىرىلەرگە قاراپ كىمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا قاتىللىق، ئۆلۈم، ۋەھشىيلىك دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟ لېكىن بۇ يەردە راستىنلا قاتىللىق ۋە ئۆلۈم يۈز بەرگەنىدى.

بەلكىم ئۆلۈش ئەڭ دەھشەتلىك ئازابتۇر، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ مەندەك ئازاب تارتمىدى. ئۇ بەلكىم مېنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىمنى — مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ ھاياتىم بولغان گۈزەل، نازۇك بەدەننى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقىنىدا مېنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ، ھەسرەت بىلەن قان قۇسقۇدەك بولۇپ، جالاقلاپ تىترىگەن، يۈرىكىم ئەلەم ئوتىدا پاراسلاپ كۆيۈپ، ئاھ، دەپ ئىڭرىغان چېغىمدىكىدەك ئازاب تارتمىغاندۇ! ھېچقانداق ئادەم مەن شۇ چاغدا ئازابلانغانچىلىك ئازابلانمىغاندۇ! دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ كۆلپەتلىك، ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق، ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئازاب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

مەن شۇ چاغدا خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. يېنىمدا پىچاق بار ئىدى. ھەتتا بىرنەچچە قەدەم چامدىساملا دالان ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان گۆش پارچىلايدىغان پالتا قولۇمغا چىقاتتى. شۇ چاغدا مەن نېمىشقا ئۇ ئەبلەخنى چاناپ-چاناپ قىيما قىلىۋەتمىدىم؟! مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىۋېتەلمىدىم؟! قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن سوتلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتىن قورقتۇممۇ؟

شۇنچە دەھشەتلىك ئازابلارغا قانداق چىدىغانلىقىمغا، نېمىشقا ئاشۇ ھالنى كۆرۈپ، ئاھ، دەپ چىرقىراپلا جان بەرمىگىنىمگە ھەيرانمەن. ئاھ، مۇدھىش تەقدىر، ئاشۇ كۈنى نېمىشقا ماڭا ئاشۇ

ھالنى كۆرسەتتىڭ؟!

مەن بۇ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بىرھازا ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاستا ئېسىمنى يىغىپ كەينىمگە ياندىم. قاتتىق چىشلىگەنلىكىمدىن لەۋلىرىم قاناپ كېتىپتۇ. مەن دەلدەڭشىگىنىمچە ئۇدۇل بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ، ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچتىم. ھاراقنى پەقەت مەستلىك ئارقىلىقلا مۇشۇ رېئاللىقنىڭ يۈرىكىمگە سانجىلىپ تۇرغان ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ياكى بولمىسا قار ئۈستىدە يېتىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىش ئۈچۈنلا ئىچكەن ئىدىم. لېكىن بەختكە قارشى مېنى كوچىدا ياتقان يېرىمدىن باشقىلار ئۆيگە ئەپكېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭا بۇنداق مېھرىبانلىقنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلسۇن!...

ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئايالىم كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە جىمجىتقىنا ئولتۇرغاچقا مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى سەزمىدى. جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل ئېچىلغان بولۇپ مارجاندەك تەكشى، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ بىر كۈن بۇرۇنلا باشقا بىر ئەر بىلەن سۆيۈشكەن بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەنگۈم كەلسۇن؟! ئاھ،ئەنە ئاشۇ قىپقىزىل لەۋلەرنى، مەڭگۈ ماڭا تەۋە بولغان، ماڭا ھاياتتا بىردىنبىر لەززەت ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ لەۋلەرنى تۈنۈگۈنلا باشقا بىرەيلەن شورىغانىدى، ئۇ ئاشۇ لەۋلەرنى شورىدىم دەپ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قېنىنى شورىغانىدى. ئاچ قالغان چىل بۆرە پاقلانىغا ئۆزىنى ئاتقانىغا ئوخشاش، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە، ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيگەنىدى. ئۇلار يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدى. كىم بىلىدۇ؟...

www.uyghurkitap.com

مەن كېيىنىپ، ناشتىمۇ قىلماي ئىشخانىغا چىقىپ كەتتىم.

ئايالىم بىلەن توي قىلغىنىمغا ئالتە ئايدىن ئاشقانىدى. مۇشۇ يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ ماڭا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان بەختنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ بېرەلمىدى. ئويلاپ باقسام ئۇ ماڭا ۋېناس* ھەيكىلىدەك سوغۇق ۋە سىرلىق بىر خىل گۈزەللىكتىن باشقا ھېچ نەرسە تەقدىم قىلمىغانىكەن. بۇ گۈزەللىك تولىمۇ جىمجىت ۋە جانسىز بولۇپ، ھېلىلا مېنىڭ روھىمدىن ئاجراپ يوقۇلۇپ كېتىدىغاندەك ۋەھىملىك ئىدى. بۇ مەن ئارزۇ قىلغان بەختنىڭ مىڭدىن بىرىمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق مەن شۈكۈر قىلدىم. ھەر قېتىم ئۇنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن شۇنچە ئەركىلىتىپ سۆيسەممۇ، ئۇ ئاستىلا لەۋلىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالاتتى...شۇنداق بولسىمۇ شۇنچە كەڭرى ئالەمدە، شۇنچە سانسىز ئادەملەر ئىچىدە پەقەت بىرلا ئۇ ماڭا خۇشاللىق، بەخت ۋە ھايات لەززىتى ئاتا قىلالايتتى.

ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان سانسىزلىغان يىگىتلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدىم. لېكىن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم؛ چۈنكى ئۇ ئەمدى مېنىڭ ئىدى. توي قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەنىدە ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭ-تاڭ قالغانىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە — ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئالىي مەكتەپتە ۋە ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدا ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ مەن ئىشلەۋاتقان مۇشۇ ئىنستىتۇتقا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەنىدى، بىز بىر فاكۇلتېتتا ئىشلەيتتۇق. تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن

---

* ۋېناس — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى.

پۈتۈن فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېچىلغان يېغىن مەيدانىدا ئۇچراشقانىدىم.

شۇ كۈنى چوڭ ئىشخانىدا ھەممە ئوقۇغۇچىلار جەم بولغانىدى، شىرەلەر تام ياقىلىتىپ ئىككى رەت تىزىپ قويۇلغانىدى. مېنىڭ يېغىن بىلەن ئانچە ئېيىم كېلىشمىگەچكە ئۇدۇل كەلگەنلا بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇم. قارىسام، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىكەن. شۇڭا ئالدىمغا نۇز قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشكە پېتىنالماي يەرگە قارىۋالدىم. ئاندىن ئاياللارنىڭ پايپاق تارتىلغان پاقالچاقلىرىغا بىر-بىرلەپ، ئاستا نەزەر سېلىپ چىقتىم. بىرسىنىڭ پاقالچاقلىرى سېمىز، بىرسىنىڭ ئورۇق، بىرسىنىڭ تومپاي، بىرسىنىڭ مايماقراق...ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پاقالچاقلىرىغا بىرەر شەھۋانىي نەزەر بىلەن قارىمىدىم، كۆز ئالدىمدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەقسەتسىزلا تاماشا قىلغۇم كېلىپ قالغانىدى. نەزىرىم بىر پاقالچاققا كېلىپ توختىدى، تولغان بۇ پاقالچاقلاردا ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاجايىپ بىر گۈزەللىك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلگەن بۇ پۇتلار گويا ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ گۈلدەك بىر قاراشتىلا باشقا پاقالچاقلاردىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ تار يوپكىلىرى يېپىۋالالمىغان، مەرمەردەك سۈپسۈزۈك، تەرىپلەپ بولغۇسىز گۈزەل يوتىلىرىغا چۈشتى.

يېشىم 24 لەرگە بېرىپ قالغانىدى. گەرچە ئاياللار توغرىسىدا بەزى شەھۋانىي ئىنتىلىشلەردە بولۇپ باققان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەملىك ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى. مەن ئاياللارنىڭ

بەدىنىنىڭ بۇنداق گۈزەل ۋە ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق يوتىلىرى قارىغان ئادەمنىڭ جىسمىنى بىسىپ بولغۇسىز ئەسەبىي بىر ئىستەك بىلەن ئاجايىپ شىرىن غىدىقلايتتى. گويا ئاشۇ ئىنچىكە كۆك تومۇرلارنىڭ بىر ئۇچى ئىمىشقىدۇ يۈرىكىمگە چېتىلىپ، يۈرىكىمنىڭ قانلىرىنى شوراپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ئازابلىق ھېسسىياتقا چۆمدۈم. ئۇ گويا مېنىڭ نەزەر سالغىنىمنى كۆرۈپ قالغاندەك ئالماشتۇرۇۋالغان پۇتلىرىنى چۇشىۇرۇپ، يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى قولى بىلەن تارتىپ يوتىسىنى يېپىۋالدى. يۈزلىرىمگە ئىسسىق قان تېپىپ چىقتى. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم.

يۇملاقلىراق كەلگەن سۇپسۇزۇك يۈزلەر، قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان لەۋلەر، چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلەرگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر، كەڭ قاپاقلار ئۈستىدىكى ئىنچىكە قەلەم قاشلار، يەلكىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن قۇندۇزدەك قاپقارا بۇدۇر چاچلار...ئاھ، خۇدا! بۇلار نېمىدېگەن گۈزەل! مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۆزۈمنۇ بىلمەستىن ئۇنىڭغا سەۋدايىلەرچە تىكىلىپ قاپتىمەن. ۋۇجۇدۇمغا قان بىلەن تەڭ سىڭىپ كەتكەن تارتىنچاقلىقىم قەيەرگە كەتتىكىنە؟! مىسلىسىز جەلپ قىلىش كۈچى ئالدىدا ۋۇجۇدۇم سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاستاغىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ نېمىشقا تەبەسسۇم قىلغانلىقىنىمۇ سىزىۋالالماپتىمەن. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى يورۇقلۇققا تەشنا بولۇپ تۇرغان زۇلمەتلىك كامىرغا ئالقانچىلىك تۆشۈكتىن بۆسۈپ كىرگەن قۇياش نۇرىدەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر

تەكتىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يىراق-يىراقلاردىن تەلمۈرۈپ قارايدىغان بولدۇم. ئۇ دائىم چىرايلىق مودا كىيىملەرنى كىيىپ توزدەك ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا يۈرىكىم ئىختىيارسىز قاتتىق دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدۇم ھودۇقۇش ئىچىدە لەرزىگە كېلىپ كېتەتتى. گەرچە يىغىن بىلەن خۇشۇم يوق بولسىمۇ، فاكۇلتېت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ئېچىلىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. يىغىن ئېچىلىدىغان كۈنى دائىم ئىشخانىغا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋالاتتىم. يىغىندا نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىۋاتقانلىقى زادىلا خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. پەقەت ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن ئوغرىلىقچە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن يىغىن ۋاقتىنىڭ قانداق تېز توشۇپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالاتتىم. ئىككى يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا نېمىشقىدۇ ھېچقانداق بىرەر باھانە-سەۋەب تېپىلمايتتى. شۇڭا ھاياتىم مەن ئۈچۈن بەكمۇ ئەھمىيەتسىز تۇيۇلاتتى. ئۆزۈمنىڭ گومۇشلۇقۇمنى، تارتىنچاقلىقىمنى راسا قاغايتتىم.

كېيىنچە، ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدىم. ئەركىن تولىمۇ شوخ يىگىت ئىدى. گىتار، تەمبۇر چالالايتتى، ناخشا ئېيتالايتتى، ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى. ئەركىن مەن بىلەن بىر كافېدرادا ئىشلەيتتى. ھەممە قىزلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششقا، چاقچاقلىششقا ئامراق ئىدى. ئۇ دائىم چاقچاق بىلەن مېنىڭ گومۇشلۇقۇمنى مەسخىرە قىلىپ چىشىمغا تېگەتتى!

— ھەي گومۇش! بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ تۇرە ئورنۇڭ-

دىن، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ! شىرەدىن باش كۆتۈرمەي كەچ-
كىچە بىرنەرسە يازىسەن، قانداق چىدايسەن؟ يا بىرەر قۇزغا چاق-
چاق قىلىشنى بىلمەيسەن، بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇيا؟

ئادەملەر ئىچىدە پاراڭلاشتىم دېسەم ئەڭ كۆپ پاراڭلىشىدىغان
ئادىمىم پەقەت ئەركىن ئىدى، چۈنكى مەن تونۇيدىغان كىشىلەر
ئىچىدە پەقەت ئۇلا دائىم مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇم ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ
مېنى سۆز قىلىشقا ئۈندەيتتى.

دىلبەر مېنىڭ نەزىرىمدە گويا كۆكتىكى ئاي ئىدى. مەن بولسام
قانتى بوغۇچلانغان ئاجىز بىر قۇشقا ئوخشايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ
مىسلىسىز گۈزەللىكى بىلەن كۆكتە جەۋلان قىلاتتى. ئۇنىڭ گۈزەللى-
كىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭغا
ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئىقرار قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتىم.

بىركۈنى ئەركىن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئەس-
لىدىكىدىن خېلى دەرىجىدە جۇدەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ساقال-
لىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، كىيىملىرىمۇ رەتسىز، كىر ئىدى.
كىيىنىشكە ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ بۇ
ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ چاقچاق-
لىرىمۇ جىمىپ كەتكەنىدى. ياتىقىدىن بەزىدە كىشىنىڭ يۈرىكىنى
ئەزگۈدەك دەردلىك ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ھە، كېلە، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ ماڭا قاراپ ئاستاغىنا كۈلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا
تولىمۇ مىسكىن، ھەسرەتلىك تۇيۇلدى.

ئادەمنىڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىسى بەلكىم پەقەت
يىغلا بولمىسا كېرەك. ئەگەر ھەسرەتنى يىغا بىلەن ئىپادىلىگىلى

بولمىسا، كۆلكە ئارقىلىق — ئۇنىڭ ھازىرقى مۇشۇ كۆلكىسىدەك ئاجا-يىپ ئېچىنىشلىق كۆلكە ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەش مۇمكىن.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابلىق كۆلكىسىنى، دەردلىك كۆزلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇ كۈلۈۋاتاتتى...ئازاب بىلەن كۈلكىدىن ئىبارەت بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان بۇنداق ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ چىرايىدا ئىپا-دىلىنىپ چىقىشىنى كۆرۈش تولىمۇ تەس بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يۈزى-نىڭ ھەممە يېرى كۈلۈۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق بىر ھەسرەت ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بىردىنلا شۇنداق دېدى:

— ھەي گومۇش!...قاچانغىچە بويتاقلىقنىڭ ئازابىنى تارتىسەن؟ سېنىڭ تويۇڭنى ئوينايمىز دەپ كۆزىمىز تۆت بولۇپ كەتتى. تويۇڭنى گىتتار بىلەن، ناخشا بىلەن ئۆزۈملا قىزىتىۋېتەتتىم. لېكىن سەن بىرەر قىزغىمۇ ئېغىز ئاچمىدىڭغۇ دەيمەن.

نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. خۇددى ئۇس-سۇزلۇقتىن ئازابلىنىۋاتقان ئادەمدەك بوغدىسىكى مىدىرلاپ، سۆزى ئۈزۈلۈپ قالغىلى تاس قالاتتى، لەۋلىرى سۇس تىترەيتتى.

ئۇنىڭ سۆزى ئۇچۇن بەلكىم سەل خاپا بولۇشۇم ياكى خىجىل بولۇشۇم كېرەك ئىدى، بىراق مەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ نېمە قىلىشىمنى، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. گويا ئۇ مەن بىلمەيدىغان باشقا بىر تىلدا سۆزلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىلچە ئاڭقىرالمىدىم.

— گەپ قىل دەيمەن، — دېدى ئۇ يەنە تىترەك ئاۋاز بىلەن دولامىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىمۇ سۇس تىترەۋاتاتتى، —

دىلبەر...بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟

يۈرىكىم شىددەت بىلەن گۈپۈلدەپ كەتتى. گويا پۈتۈن جىسمىمە دىكى قان ئۇيۇپ قالغاندەك ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. دىلبەرگە يوشۇرۇن كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشۈم مەن ئۈچۈن پەقەت مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قېلىشقىلا مۇناسىپ ئىدى. مەن ئۇنى دائىم ئەركىن بىلەن بىللە كىنوخانىغا ياكى باغچىلارغا كېتىپ بارغان هالدا كۆرەتتىم. بۇ چاغلاردا يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى تولىمۇ قەدىرسىز ۋە بىچارە هېس قىلاتتىم. شۇڭا بۇ مەخپىيەتلىكىمنى گويا پاك ۋە سادىق قىز ئۆز ئىپپىتىنى جان تىكىپ قوغدىغاندەك قوغ-داپ كەلگەنىدىم.

— هەي، گەپ قىل، — ئۇ دولامدىن سىلكىشلىدى، — دىلبەرگە كۆڭلۈڭ بارمۇ-يوق؟! ئەگەر بولسا...دەر...هال...تويغا...تەييار-لىق قىل...

بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەس ئىدى، بۇنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مېنى توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. كېيىن ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى. ئەمما لەۋلىرى ئەسەبىيلەرچە تىترەپ، هېچبىر ئاۋۇش چىق-ماي قالدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەست ئادەمدەك دەل-دەڭشىگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

— ئەر...كىن!

ۋارقىرىغان ئاۋازىم تاماكا ئىسى بىلەن تولغان ياتاق هاۋاسىنىڭ بوشلۇقىدا لەيلەپ قالدى. يۈرىكىم چەكسىز هاياجان ئىچىدە تېپىر-لايتتى. هەي ئىست! دۆتلۈكىمنى، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىرىۋەتتىم، نېمىشقا دىلبەر قوشۇلسىلا جان دەپ ماقۇل بولىدىغانلىقىمنى ئېيتمىدىم؟ ئىست، نېمىشقا ساراڭلاردەك

ئولتۇرۇپ قالدىم؟ ھېچ بولمىغاندا، ئېمىشقا ئۇنداق دەيسەن دەپمۇ سوراپ قويمىغىنىمنى!

ئاشۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. يۈرىكىم كۆيۈۋاتاتتى، لېكىن ئاغرىمايتتى. ئەتىيازنىڭ قىزىق ئاپتىپىدا ياتقان ئادەمدەك راھەتلىنىپ، بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. دىلبەرنىڭ كۆز ئالدىمدىكى كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل غايىبانە سىماسىنى قۇچاقلايتتىم. ئىسسىپ كېتىپ يوتقاننى ئېچىۋەتتىم. ئاخىرى ئورنىمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىمۇ ئېچىۋەتتىم. دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرگەن سوغۇق شامالمۇ يۈرىكىمنى سەگىتەلمىدى. تاڭ ئاتقىچە تورۇسقا قاراپ ياتتىم.

ئەتىسى بىر سىنىپقا دەرسىم بار ئىدى، ماتېرىياللىرىمنى قولتۇقىمغا قىسىپ ئاستا كېتىۋاتاتتىم. دىلبەرنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتكىنىدىن ھودۇقۇپ بىر نەرسىگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى سېزىپ، يانغا بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق قايرىلغۇدەك يول يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم دۈپۈلدىگىلى تۇردى. پۈتلىرىم تىترەپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قىلىۋاتاتتىم. ئارىلىقىمىز ئون مېتىرچە قالغاندا ئۇ دەرھال توختاپ، گويا مەندىن قاچقاندەك شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى.

ئۇھ، دەپ ئېغىر بىر تىنىدىم. يېنىمدىن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئاۋازىمنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى.

كەچتە ئەركىن يەنە ياتىقىمغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆتكەنكى

www.uyghurkitap.com

كۆڭدىكىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ سىرلىق ئىدى. ئۇ ماڭا: "ئىنچىچە بىرەر ئىش قىلمىدىڭمۇ؟ دەرھال دىلبەرگە ئېغىز ئاچ" دەپ جېكىلىدى.

بىرنەچچە كۈنگىچە گويا ياتلا بىر دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك خىياللار ئىچىدە تەمتىرەپ يۈردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان تۇرسام، قانداقمۇ "مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن" دېگەن سۆزنى ئېيتالايمەن؟...مەن شۇندىلا بۇ سۆزنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس ۋە قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كىشى ھاياتىنى كۆلدۈرەلەيدىغان ۋە خاراب قىلىۋېتەلەيدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتىم. ئاھ، ئەجەب شېرىن، ئەجەب رەھىمسىز جۈملە ــ ھە؟! بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدە تېپىرلاپ مېنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە قىيناپتى ۋە ئاجايىپ شېرىن غىدىقلايتتى. پۈتكۈل ھاياتىم ئاشۇ سۆزگىلا باغلىنىپ قالغاندى. يول ماڭغاندىمۇ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئاستا پىچىرلايتتىم: "ئاھ! دىلبەر، مەن سىزنى سۆيىمەن!"

شۇ كۈنلەردە تېپىرلاپ بىر يەردە تۇرالمايدىغان بولۇپ كەتتىم. كۆزلىرىم كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇنىلا ئاختۇراتتى. ئۇنىڭ سىماسى پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندى. بۇ ھال مېنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قالسام...ياق!...بۇنى ئويلاشمۇ قورقۇنچلۇق...

ئاخىر دىلبەرگە خەت يازماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا يازغان خەتكە گىيوتى، تولستوي، زىۋگ قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ پوۋېست، رومان، ھېكايىلىرىدىكى يۈرىكىمگە نەقىش بولۇپ كەتكەن ئاجايىپ گۈزەل لىرىك جۈملىلەرنى، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەڭ

لىيە سۆزلەرنى كىرگۈزۈشكە تىرىشتىم. خەتنى بىرەر ئادەمنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقىۋېلىپ يازدىم. يازغانلىرىم ئۆزۈمگە پەقەتلا يارىمايۋاتاتتى. بۇ خېتىم ئۇنىڭغا بىر يۈرەكنىڭ چىن مۇھەببىتىنىڭ ساداسى ئەمەس بەلكى بىر پارچە ئاددىي خەت بولۇپ تۇيۇلماسمۇ؟! بۇ خەت مېنىڭ ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرمۇ؟

شىرەنىڭ ئاستى پۈرلەپ تاشلانغان قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئاھ، قەلب دېگەن ئەسلىدە ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىكەن-دە!

ئاخىرى مىڭ تەستە بىر پارچە خەتنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم. يەنە ئۆزۈمگە يارىماي قېلىپ تاشلىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن قايتا ئوقۇپ باقمايلا چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم.

بىر-ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. گويا بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك تىت-تىت بولۇپ يۈردۈم. بىراق خەتنى ئۇنىڭغا بېرىشكە زادى جۈرئەت قىلالمىدىم. خەت يانچۇقۇمدا بىر پارچە چوغدەك يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ساقلىنىۋەردى. ئەركىنگە ئەھۋالىمنى ئېيتماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپمۇ كىرىشكە پېتىنالماي قايتىپ كەلدىم. ئاخىرقى بىر قېتىم بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغىلا ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ قالدى.

— ھە، كىرە، سەنمۇ بىرەر ئادەمنى ئىزدەپ كېلىدىكەنسەن-ھە! ياتاققا كىر.

— ياق، بولدى... مەن... دىل... دىلبەر... — ھودۇققىنىمدىن

www.uyghurkitap.com

كۆيكەچلەپ، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم. قولۇمنى بىرنەچچە قېتىم يانچۇقۇمغا سوزۇپ باقتىم، لېكىن خەتنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ئەركىننىڭ جۇدەپ، سارغىيىپ كەتكەن چىرايىدا بىر خىل ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. ئارقىدىنلا بۇ ئىپادە ئېچىنىشلىق، غەلىتە كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەردى. ئاندىن ئۇ ئاچچىق ئارىلاش، قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر خىل تەلەپپۇزدا:

— ھوي!...قارىغىنا، ئىسىت سېنىڭ ئوغۇل بالا بولۇپ قالغىنىڭنى، بىرەر قىزغا گەپ قىلساڭ سېنى يەۋېتەمتى؟ نېمانچە قورقۇنچاقسەن؟ ئېغىز ئاچالمىساڭ خەت يېزىپ ماڭا بەر، تاپشۇرۇپ بېرەي! — دېدى.

بىرنەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمنى مىدىرلاتتىم. بىراق ئاۋازىم چىقماي قالدى. ئاخىرى قىپقىزىل قان تېمىپ تۇرغان يۈرىكىمنى كۆكرىكىمدىن سۇغۇرۇپ ئالغاندەك، خەتنى تىترەپ تۇرۇپ يانچۇقۇمدىن ئالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا بېرىپلا كەينىمگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەتتىم.

ئەتىسى دىلبەرنى قورقۇنچ، ئىنتىزارلىق بىلەن ئىزدىدىم. ئەتىگەندە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام، ئۇ ئىشخانىسىدا كۆرۈنمىدى. ئەركىنمۇ شۇ كۈنى خىزمەتكە كەلمىدى. ئاڭلىسام كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ.

كەچتە ئەركىننى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغا باردىم. بالىنىستقا كىرىشىمگىلا ئەركىننىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرغان دىلبەرگە كۆزۈم چۈشتى. كۆچلۈك رەشك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا

تۇرۇپلا قالدىم. ئەركىنگە ئاسما ئوكۇل سېلىنغان بولۇپ، دىلبەر ئۇنىڭغا قوشۇق بىلەن تاماق ئىچكۈزۈۋاتاتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەننىمدىن ئەركىندىن ئەھۋال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. دىلبەر گويا ئۇۋۇچىنى كۆرگەن كېيىك بالىسىدەك چۆچۈپ ماڭا لاپپىدە قارىدى، سالام ئورنىدا سۈس كۈلۈمسىرىدى ـ دە، قولىدىكى قاچىنى دېرىزىگە قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئىسىمگە كېلىپ ئەركىندىن ئەھۋال سورىدىم. ھەرقانچە چانىدۇرماي دېسەممۇ ئاۋازىم يەنىلا ئاجايىپ قوپال ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا چىقتى.

ــ ھېچ ئىش يوق. دوختۇرلار كېسىلىڭىز ئانچە ئېغىر ئەمەس، دەيدۇ، ــ دېدى ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئېچىنىشلىق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

باياتىنقى ئەھۋالنى ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم "ئەركىن بىلەن دىلبەرنىڭ ئارىسىدا خىزمەتداشلىقتىن باشقا مۇناسىۋەت يوق" دەپ ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم. بىراق گۇمان رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرىكىمگە ھۇجۇم قىلىۋېرىپ، ئەركىننىڭ قەلبىمدىكى ئەسلى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە ئىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتتۈپ كەتتى. دىلبەر خېتىمگە جاۋاب بەرمىدى. ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى قەلبىمدىكى ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمنى تاتىلاپ مېنى ئازابلاشقا باشلىدى. ئاخىرى خېتىمنى ئەركىننىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

ئىنتىزارلىق ئىچىدە بىر ئاينى ئۆتكۈزدۈم. بىركۈنى كەچتە ئىشخانىدىن ياتاققا كېتىۋېتىپ دىلبەرنى كۆرۈپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى. ھودۇققىنىمدىن قاچىدىغان يەر تاپالماي

قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ھودۇقۇش، ئەندىكىش ۋە تارتىنىش ئىلكىدە تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ سوغۇق ۋە مىسكىن قاراشلىرى تومۇر- لىرىمدىكى قانلىرىمنى مۇزلىتىۋەتتى. تەكلىپىمنىڭ رەت قىلىنغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولدى.

ئۇ سەل ئىككىلەنگەن قىياپەتتە بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى-دە، قەدىمىنى ئاستاغىنا يۆتكەپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.

مەن ھودۇقۇپ، تەنتىرەپ كەتتىم. شۇڭا ئۇنى كۆرمىسىگەن قىيا- پەتكە كىرىۋېلىپ ياندىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— ئەخ...مەت!...

گويا ھەسرەتلىك يىغىغا ئوخشايدىغان تىترەك ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ماڭا ئاجايىپ غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، ئورنىمدا ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۇنىڭ ھايات-ماماتلىقىمنى بەلگىلەيدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالدىم. گويا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قېلىپ، بەدىنىمدىكى بارلىق قانلار ئۇيۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— مەڭ... — ئۇ قولۇمغا قاتلانغان كىچىككىنە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ بارا-بارا يىراق- لاشتى. قوللىرىم گويا ھېلىلا پارتلاپ مېنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بومبىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك تىترەيتتى. شۇنچە زور، شۇنچە چەكسىز بولغان مۇھەببىتىمگە بېرىلگەن جاۋاب پەقەت ئالقانچىلىكلا بىر پارچە قەغەز...

ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ يۈزلىرىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن توسقىنىچە كېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، يىغلاۋاتامدۇيا؟!

مەن بىرھازا غىچە قەغەزنى ئېچىپ قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالـ
مىدىم، ئالقانچىلىكلا قەغەزگە يېزىلـغان جاۋابـتىن نېـمىنى كۈتۈش
مۇمكىن؟
بۇ خەت گويا يېزىپ قويۇلغىنىغا بىرەر يىل بولغاندەك پۈرلىشـىپ
كەتكەنىدى. خەتنى ئاستا ئېچىپ ئوقۇدۇم: "دەرھال بىزنىڭ ئۆيـگە
ئەلچى ئەۋەتىپ، بىر ئاي ئىـچىـدە توي تەيـيارلـىقىنى پۈتكۈزۈڭ،
بولمىسا كېچىكىسىز!"
ئۇنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭقىرالـماي
قالدىم. بۇ سۆز گويا "مەن سىنى سۆيمەيمەن!" دېگەن قورقۇنچلۇق
سۆزدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىسمىنى يىغىپ خەتكە
يەنە بىر كۆز يۈگۈرتتۈم ــ دە، شادلىقتىن تېرەمگە سىغمايلا قالـدىم.
ياتاققا بارغۇچە سەكرەپ، تاقلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، باشقىلار كۆرۈپ
قالسا خىجىل بولۇپ قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى خـىيالىـمغـىمۇ كەلتۈرۈپ
قويماي ئاۋازىمـنى قويۇپ بېرىـپ ناخـشا ئېيتـىـپ كېتىپـتىـمەن.
لېكىن... ئەمدى ھېس قىلدىمـكى، ئۇ مېـنىڭ تەكلىپـىمگە قىلچىمۇ
قوشۇلمىغانىكەن. چۈنكى مېنىڭ ئۇنىڭـدىن تەلەپ قىـلغـىنىم سۆيگۈ
ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن "مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟" دەپ سورىغانىدىم.
ھەرگىزمۇ "مەن بىلەن توي قىلامسىز؟" دەپ سورىمىغانىدىم... ئاھ!
ھاياتىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ
قارىغان ھالـىتـىنى بىر كـۆرگەن بولـسام ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش
ئەمەس، ئۇنى بىرنى سۆيەلمەي ئۆلۈپ كەتـسـەمـىمۇ رازى ئىدىـم...
ياش قىز ــ يىگىتـلەر مۇھەببـەتلەشـكەنـدە ھەربىر كۈنـىنى شېـرىن
سۆيۈشلەر لەززىتىدىن مەست بولغان ھالدا يېقىملىق پىچىرلىشىشـلار
ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىغاندۇ. بىراق، دىلبەر ماڭـا پەقەت ئالـقانچىلىكلا

قەغەز ئۈستىدىكى بىر قۇر ئەگرى - بۈگرى ئىنچىكە سىياھ يۇقۇندىلىرى بىلەنلا جاۋاب بەردى. تويدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ قەلبىمنىڭ. ھاياتىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك، بىرەر مىنۇت بىر يەردە ئولتۇرۇپ، كۆز قاراشلىرىمىزنى ئورتاقلىشىپ، قەلبىمىزنى ئىزھار قىلىشىپ پاراڭلىشىپ باقايلى دېمىدى. ماڭا پەقەت توي تەييارلىقى توغرىسىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدىلا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى، خالاس.

توي بولۇشتىن بىر ھەپتە ئاۋۋال ئەركىننىڭ بېيجىڭغا كېلىشىنى داۋالاتقىلى ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم.

— كەچۈر دوستۇم، — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — تويۇڭغا قاتنىشالمايدىغان بولدۇم. ساڭا بەخت تىلەيمەن. دىلبەرنى... ئوبدان... ئاسرىغىن! سېنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن!...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كېيىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. قولۇمنى سىقتى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىنمۇ گويا يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك سېزىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا ئۆتكەنكى چاغلاردىكىدەك ھەسرەتلىك كۈلكە نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ يىغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەسرەتلىك كۈلكىسى كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك بولدۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى قانداقتۇر سىرلىق بىر خىل ھېسسىياتنى ئاجايىپ زور كۈچ سەرپ قىلىپ يوشۇرۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ دىلبەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىمغا ياردەم

بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ رازى ئىدىم. بىراق نېمىشقىدۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ ئىپادىلەر قارا بۇلۇتتەك كۆڭلۈمگە كۆلەڭگە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. "...ھەي، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... ئۇنداق بولسا ئۇ نېمىشقا بىزنىڭ تېز-رەك توي قىلىشىمىزغا تىلەكداشلىق قىلىپ كېتىدۇ؟" دەپ ئۆزۈمنى بىھۇدە گۇمانلىرىم ئۈچۈن ئەيىبلەپ، ئاشۇ خىياللارنى قەلبىمدىن نېرى قىلاتتىم.

— كېسىلىڭ خېلىلا ئېغىرمۇ؟

— ياق... — ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىراپلا تۇرغاندەك سېزىلدى. لەۋلىرى خۇددى يىغلاشقا تەييار تۇرغان كىچىك بالىنىڭدەك ئۈمچىيىپ كەتتى. بۇ ھالەت شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، دەقىقە ئىچىدىلا يەنە كۈلكىگە ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ كەتتى.

— ھەي... بالدۇرمۇ ئەمەس... كېيىنمۇ ئەمەس، دەل توي ۋاقتىدا كەتمەكچى بولغىنىڭنى قارا، سەن بولمىساڭ، مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دېدىم مەن. مېنىڭ ئاۋازىممۇ نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش تىترەپ چىقتى.

ئاخىر تويىمۇ بولدى. بەختتىن مەست ئىدى. گاھىدا بۇ ئىشلارنىڭ ئۆڭۈمدا بولۇۋاتقىنىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. توي كېچىسى ئېسىل بېزەلگەن ئازادە ئۆيدە دىلبەر بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. قارىسام، ئۇ يۈزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ، يىغىدىن ئۇنىڭ مۈرىسى توختاۋسىز تىترەيتتى. ھەيرانلىق بىلەن بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. يۈرىكىم بوغۇزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. بىردەم نېمە

قىلىشمىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ گويا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىغا قول سوزغاندەك ناھايىتى ئاۋايلاپ، ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ يۈزىدىن ئالدىمىۋ، مىسلىسىز بىر ھىجرانىنىڭ بىشارىتىنى كۆرگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم ئوتقا چۈشكەندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى.

— دىل... دىل... بەر... نى... نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ يىلىنىش بىلەن سورىدىم. دۇدۇقلاپ كەتكەنلىكىمدىن ئاۋازىم ئېنىق چىقماي قالدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئاستاغىنا گويا ئىڭىرىغاندەك پىچىرلىدى:

— ھېچ... نېمە...

مەن ئۇنى ھودۇقۇپ، تارتىنىپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ھاسىراپ تۇرۇپ قۇچاقلاپ سۆيدۈم. ئۇ چۆچۈپ، مىسكىن شەھلا كۆزلىرىنى گويا تىنىك، چوڭقۇر ھاڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالغان ئادەمدەك ئاستىلا يۇمۇۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئىختىيارىمغا تاپشۇردى. بىراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا توي كېچىسىگە خاس قىزغىنلىق، جۇشقۇن ھېسسىيات يوق ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىمغا تاپشۇرغىنى دىلبەر ئەمەس، بەلكى دىلبەرنىڭ خالىغانچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېنىلا ئىدى. بۇ تەن خۇددى يۈرىكى سوقۇپ تۇرغان، جېنى بار جەسەت ئىدى.

مەن دىلبەرنى ئۆمرۈمدىكى ئەڭ يېقىن دىلكىشىم، سىردىشىم دەپ ھېسابلايتتىم. يىگىرمە تۆت يىلدىن بۇيان كۆڭلۈمدە يىغىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن سۆزلىگەن چاغلاردا ئۇ ئاڭلاۋاتامدۇ، ئاڭلىمايۋاتامدۇ بىلىپ بولمايتتى. ئۇ دائىم كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىمجىتلا ئولتۇ-

راتتى. مەن سۆزلىگەندە گېپىمگە ئارىلىشىپ ياكى قىزىقسىنىپ بولسىمۇ بەزى ئىشلارنى سوراپ قويمايتتى. ئۇ پەقەت بىرەر كىتابنىڭ تەرجىمىسى، بۈگۈن دەرس ئۆتكۈچە ئۇچرىغان بىرەر مەسىلە، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار، بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋېلىش، كەچتە قانداق تاماق ئېتىش... توغرۇلۇقلا سۆزلەپ قوياتتى... مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان شۇنچە يېقىنچىلىقلىرىم گويا جانسىز تاشقا قىلىنغان سەجدىدەك ئېتىبارسىز قالاتتى.

كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر مېنى قارا باستى. ئاشۇ كۈنى بېشىم سەل چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتاتتى. شۇڭا رۇخسەت سوراپ ئۆيگە قايتتىم. ئەركىنىنىڭ بىرەر-ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنى ئاشۇ هالدا كۆرەرمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئۇلار ئۆيدە بىرەرسى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئىشىكنى يېپىپمۇ قويماي، شۇنچە بىمالال هالدا... بولدىلا، بۇ گەپنى تىلغا ئېلىپ يۈرىكىمنى پۇچۇلاشنى خالىمايمەن.

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

يەر يۈزى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەلگەنىدى. كۆپكۆك سۈزۈك ئاسماندا قۇياش كۈلۈپ تۇراتتى. توپ-توپ قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. دۇنيا تېخى تونۇگۈنلا يۈز بەرگەن ۋەھشىي قاتىللىقتىن قىلچە خەۋەرسىزدەك شۇنچە جۇشقۇن، شۇنچە گۈزەل ئىدى.

ئاياغلىرىم ئاستىدا قېلىن قار نارازى بولغاندەك ئاچچىق غىچىرلايتتى. مەن خۇدۇمنى يوقاتقان هالدا ئەركىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم. نەگە بېرىشىمنى، نەدە تۇرۇشىمنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئەتىگەن ئۆيدىن چىققان پېتى، خىزمەتكىمۇ
بارمىدىم. سەھەردە دىلبەر ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا كۈندۈ-
كىدەك ئالدىمغا بىر قاچا ئىسسىق ئاش ئېلىپ كېلىۋىدى، ئاشنى بىر
ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتىم. بۇ مېنىڭ دىلبەرگە قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ
چوڭ قوپاللىقىم ئىدى. بۇ قوپاللىق ھەرگىزمۇ ئايالىمغا بولغان
نەپرەتتىن ئەمەس. مەن ئۇنى يەنىلا ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن.
پەقەت ھاياتقا بولغان نەپرىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا شۇنداق
قىلدىم. چۈنكى ئاش مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇزارتىدۇ... دىلبەر كۆزلى-
رىنى يوغان ئاچقىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، چىرايى
ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن ئاستا ئېڭىشىپ يەردىكى
قاچىنى ئالدى. مەن پەلتويۇمنى يېپىنچاقلاپ ئۈن-تىنسىز چىقىپ
كەتتىم، نېمىشقا تاماق يەيمەن؟ نېمىشقا خىزمەت قىلىمەن؟ نېمىشقا
ياشايمەن؟!! ئازاب، دەرد تارتىش ئۈچۈنما؟

سەھەردە ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمچە گويا ئەرۋاھلاردەك ئايلى-
نىپ يۈردۈم. كۆز ئالدىمدا پەقەتلا تۈنۈگۈنكى قاباھەتلىك چۈشكە
ئوخشاش دەھشەتلىك مەنزىرە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. لەۋلىرىمدە
توختىماي شۇۋىرلايتتىم: مەن قاتىل... ئۇنى... بىر تىرىك
ئادەمنى... ئۆلتۈرۈۋەتتىم...

— ھەي، قارا، ئاۋۇ ئادەم نېمە دەۋاتىدۇ؟

— ساراڭ ئوخشايدۇ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتىدۇ!

— ھا... ھا... ھا...

بىرنەچچە ئۆسمۈر ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن
گويا كۆرۈنمەس بىر ئۆتكۈر پىچاق بويۇنۇمغا تىرىلىپ تۇرغاندەك
چۆچۈپ تۇراتتىم. ئەركىنىنىڭ ھېلىقى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىچە-

نىشلىق كۈلكىلىرىنى قورقۇنچ بىلەن ئەسكە ئالاتتىم.

لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىم ھەممە قىساسىمنى ئېلىپ بولغىنىم ئەمەس. لەنەت ـ نەپرىتىمنى زەھەر قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈۋېتەلمىدىم. ئۇ بولسا مېنىڭ يۈرىكىمدە مەڭگۈ ـ لۈك يارا قالدۇرۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېنىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆلدى!

شۇ كۈنى مېنىڭ دەرسىم يوق ئىدى. ئىشخانىدا ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ سائەت ئون ئىككىگىچە شىرەدىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇردۇم. نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، قوللىرىم تېلىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتاتتى. بەلكىم ئالدىغا ئېچىپ قويۇلغان خەنزۇچە ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىۋاتقان بولسام كېرەك. يازغانلىرىم توغرىمۇ، خاتامۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلغىنىممۇ يوق. قولۇم قەلەمنى تۇتالماس دەرىجىدە تېلىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىممۇ قادىلىپ قاتتىق ئاغرىيتتى. ھېچكىممۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ "ئەخمەت، نېمە بولدۇڭ" دەپ سوراپ قويمىدى. ھەتتا دىلبەرمۇ "مۇشۇ چاغقىچە نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ" دەپ ئىزدەپ كەلمىدى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يالغۇز، غېرىب ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم... سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئىشخانىغا ئەركىن كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئېگىز، ئورۇقراق بەستى ئالدىمدىكى شىرەگە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇ قولىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى شىرە ئۈستىگە جاڭگىدە قويۇپ بىردىنلا بويىنۇمغا گىرە سالدى:

— ئەخمەت!... دوستۇم...

ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەيىت كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى يۇقىرى تارتىلىپ، قاپىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. پېشانىسىگە يېپىلىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، كۆزلىرى ئۈستىدە قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلدى. تومۇرلىرىمدىكى ھەربىر تامچە قان غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تەپتىدە قايناپ، شىددەت بىلەن نامايىش قىلىشقا باشلىدى، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھۇ، ئىپلاس قاراقچى! ھۇ، غالجىر ئىت! سەن مېنىڭ ئائىلەمنى تارتىۋېلىپ مېنى ۋەيران قىلدىڭ!...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغانلىقىنى، نېمە دېگەنلىكىمنى ئاڭقىرالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ئۇ ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىپ پىچىرلايتتى. ئاخىرى ئۇ قۇۋۇزىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى-دە، قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ شىرە ئاستىغا ئۆلۈكتەك يىقىلدى.

ئىشخانىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. شۇندىلا چىشلىرىمنىڭ بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى، مېڭەمنىڭ ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ، لوقۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئەركىننىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئاشۇ ئەشەددىي رەقىبىمنى يۇدۇپ، يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەنمۇ ئەمدى؟ مەن ئۇنىڭغا بىردەم نەپرەت بىلەن قاراپ تۇردۇم-دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ سوغۇق شامال ۋىژىلداپ كىرىشكە باشلىغانىدى. نېمىشقىدۇر بىردىنلا يەنە كەينىمگە ياندىم.

كېچچە ئۇ بۇ يەردە توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. "ئۆلۈم" دېگەن سۆزنى ئويلاپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن ئىلاجسىز ئېڭىشىپ ئۇنى يۆلىدىم. ئۇنى يۆلەپ مۇشۇ ئۆلۈم مەيدانىغا قاراپ ئاياغ باستىم.

سىرتتا چەكسىز قاراڭغۇلۇق دۇنيانى قارا كېپەندەك ئوراپ تۇراتتى، ئاچچىق شامال ئادەمنى نەشتەردەك چاقاتتى، قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. قەلبىمنى ئاچچىق بىر ئەلەم چۇلغىۋالغانىدى. مېنى شۇ قەدەر ئاياغ ئاستى قىلغان ئەبلەخنى يۆلەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆز-ئۆزۈمدىن قاتتىق سەسكەندىم. كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئايالىمنى قوچاقلاپ سۆيۈۋاتقان قىياپىتى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆچمەنلىك ئوتى قايتىدىن لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلىكىنى قويۇۋېتىپ، يول بويىدىكى تەكشى قىرقىلغان پاكار ئارچىلار تەرەپكە كەتتىم. مېڭەم لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. يۈرىكىم مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

مەن قولۇمنى ئادەم قېنى بىلەن بۇلغاشنى خالىمىدىم. ئۇ مېھرى-مۇھەببەت، ئۆچمەنلىك، رەھىمدىللىك، ۋەھشىيلىك دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان جانسىز، ھېسسىياتسىز تەبىئەتنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۇنى تاشلاپ قويدۇم. ئۇ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا قار ئۈستىدە يېتىپ قالدى. ئىككى كۈن ئاۋۋاللا، ئەگەر ئۇنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلسە مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم ئۆز جېنىمدىن كېچىشكىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇنى ئۆزۈم ئۆلتۈردۈم. بۇنى ھېچ كىشى ئۇقمايدۇ...

ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدىم. شۇنىڭدىن بېرى تەلۋىلەردەك چۆرگىلەپ يۈردۈم. توختىماي مېڭىۋەرگەنلىكىم ئۈچۈن بەك

www.uyghurkitap.com

ھېرىپ كەتكەن ئىدىم. ئىككى پۇتۇم چىقىشۋەتكەندەك ئاغرىيتتى. تاپىنىم ئاستىدىكى قار غىرىسلايتتى.

مەن ئاستا بېرىپ، يول بويىدىكى ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ھايال ئۆتمەيلا قۇلىقىم تۈۋىدە:

— ئەخمەت! — دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن ئۇنى ئاۋازىدىنلا تونۇدۇم. ئۇ مېنىڭ خىزمەتدىشىم ئىدى.

مەن قاراپمۇ قويماي ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ قولىنى دولامغا بوشلا قويدى. گويا بەدىنىمگە ئەرۋاھنىڭ قولى تەگكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم. بىراق ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم.

— ھەي... بۇ شۇنداق جاھان ئىكەن... ئاشۇ ئەركىننى كىممۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغان. ئىست بىچارە! كېسەلنىڭ ئازابىغا چىدىماي ھاراق ئىچىپ ئاخىرى توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ... ئۇ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بوپتىكەن... ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ — ھە!

بېشىمنى بۇراپ يېنىمغا قارىدىم. خىزمەتدىشىم ئېغىر تىنىغىنىچە غەمكىن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا مېنىڭ كۆزلىرىم غەلىتە كۆرۈنگەن بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قاراپلا چۆچۈگەن ھالدا سورىدى:

— ئەخمەت، نېمە بولدىڭىز؟!

مەن گەپ قىلماي باشقا ياققا قارىۋالدىم.

— بۈگۈن ئىشخانىغا بارمىدىڭىز، مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ. سىزگە بىر تەھرىر بۆلۈمىدىن خەت كەلگەنىكەن. ئۆتكىچە بېرىپ قوياي، دەپ ئالغاچ كەلدىم.

ئۇ بىر پارچە خەتنى ماڭا سۇندى. خەتنى ئالمىدىم. بىر ئېغىز

سۆزمۇ قىلمىدىم. ئۇ سەل خىجىل بولۇپ خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈۋاتقان ئادەمدەك: "ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس! ھېچقانداق خەت كېرەك ئەمەس! ھاياتمۇ كېرەك ئەمەس!" دەپ خەتنى غەزەپ بىلەن يىرتىپ تاشلىدىم. شۇ تاپتا نەزىرىمدە، ھايات ماڭا بەكمۇ ئېغىر يۈك بولۇپ تۇيۇلىۋاتاتتى. بىراق ئۇنى تاشلىۋېتىش تېخىمۇ تەس ئىدى.

مېڭەم گادىرماچ خىياللاردىن قوچۇلۇپ كەتكەنىدى. ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق خىيال سۈرەتتىم. لېكىن ئويلاپ بىر باشقا چىقالمايتتىم. ئويلىغانسېرى خىيالىم چىگىشلىشىپ كېتەتتى.

ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدە ئايالىم ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، لەۋلىرى سۈس تىترىدى، ھاپىلا-شاپىلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدىم. ئاھ تىپتىنىق، سۈپسۈزۈك، مۆلدۈرلەپ تۇرغان بولاقتەك شەھلا كۆزلەر!... ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. ئاھ، ئاشۇ كۆزلەر راستىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىمىدۇ؟! ئاھ، خۇدا، ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق گۈزەل شەھلا كۆزلەرنى ئاتا قىلغانسەن؟ بىرەر پەرىشتىنىڭ كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئالماشتۇرىۋەتتىڭمۇ يا؟!

ئۇ چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى ۋە ئورنىدىن قوپۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردىنلا نەزىرىم شىرەدىكى كونۋېرتلارغا چۈشتى.

بىر قاراپلا ئەركىننىڭ پوچۇركىسىنى تونۇۋالدىم، ئاشۇ خەتلەر گويا ئەركىننىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدەك تۇيۇلۇپ مېنى

www.uyghurkitap.com

قاتتىق سوۋۇر باستى. تېنىم شۈركەندى. ماڭىمۇ ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى پارچە خەت كەلگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئايالىمغا ئايرىم خەت يازىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئايالىمغا يىگىرمە نەچچە پارچە خەت كەپتۇ. مەن كونۋېرتلارغا قارىدىم، ھەممىسىدىكى خەتلەر بىر-بىرىدىن قىلىن ئىدى. ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە ئايان بولدى. مەن خەتتىن بىرنى ئېلىپ ئوقۇدۇم:

"سىڭلىم دىلبەر، ياق، سۆيۈملۈك دىلبەر! مەن سىزنى شۇنداق دەپ ئاتاي، چۈنكى سىز مەن ئۈچۈن سىڭلىمغا ئوخشاش مېھرىبان، ئەزىز، سۆيۈملۈك!..."

خەت ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. دېمەك ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى "سۆيۈملۈك دىلبەر" دەپ ئاتاۋاتاتتى. خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم:

"مېنىڭ دىلبىرىم، ياخشىمۇ سىز؟

يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئاھ، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ لەختە-لەختە قان بولماسلىقى، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى بىر-نەچچە ئېيىنى خۇشال-خۇرام ۋە ئارمانسىز ھالدا خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىشىم ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇنداق خەتلەرنى يازماڭ. بىلەمسىز؟ خەتلىرىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. سىزنىڭ ياشلىغىرلاپ تۇرغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىڭىز ھامان كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى يەتكۈچە قىينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق خەت يازماڭ، مەن راستىنلا چىدىيالمايمەن!

دىلبەر، رەھىمسىز ئەجەل مۇدھىش قارا قولىنى سوزۇپ ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىراق مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بەختسىز ھېس قىلغىنىم يوق. مەن يەنىلا بەختلىك. چۈنكى مەن ئۆزۈم ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسەمگە — سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم. شۇڭا ئۆلسەممۇ

ئارمىنىم يوق. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بەختىڭىز ــ مېنىڭ بەختىم. شۇنداق بولغاچقىلا مەن سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى چىن ۋە پاك مۇھەببەت دېيەلەيمەن!

ھېلىمۇ مەن داۋاملىق سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەۋاتىمەن. مەن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن. ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگىچىمۇ ئۆيلەنمىگىنى بىلەن، ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان ئادەم ئىكەن. بىراق ئاتا-ئانىڭىز بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا سىزگە چىشىنى بىلەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن سىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن بىرمۇنچە كىشىلەر كېچىلىرى يولۇمنى توسۇپ مېنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا سىزنىڭ ئاشۇنداقلارنىڭ ئىپلاس قوللىرىغا چۈشۈپ، ئاياغ ئاستى بولۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئەخمەت بىلەن تېزرەك توي قىلىشقا ئالدىراتتىم. سىلەرنىڭ خۇشال-خۇرام توي قىلىشىڭلارنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا كۆرۈۋېلىش مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى.

دىلبەر، مۇھەببەت پەقەت جىنسىي ھەۋەس، توي قىلىش ئۈچۈنلىما؟! ياق! بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بەدەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەقەززاسى ئەمەس، بەلكى ئىككى روھنىڭ، ئىككى قەلبنىڭ تەقەززاسى ئۈستىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن. شۇڭا ئۇ ماددا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاچكۆز شەھۋانىي ئىنتىلىشتىن گۈزەل ۋە يۈكسەك! شۇڭا مەن بىزنىڭ توي قىلالماسلىقىمىزنى چوڭ بەختسىزلىك دەپ ھېسابلاپ كەتمەيمەن. سىز پاك مۇھەببىتىڭىز بىلەن مېنىڭ ھاياتىمنى نۇرلاندۇردىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن. مەن پەقەت مۇشۇنىلا ھەقىقىي ۋىسال دەپ ھېسابلايمەن.

يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كۆز يۇمۇشۇم مۇمكىن. ئاھ، بىرنەچچە ئاي، بۇ بىرنەچچە ئاي سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتسىز ئۆتكەن نەچچە ئون

www.uyghurkitap.com

يىلدىنمۇ ئەلا ۋە مەنىلىك! مېنىڭ بۇ بىرنەچچە ئايدا ئېرىشىدىغانلىرىمغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يۈز يىل ياشاپمۇ ئېرىشەلمەي ئالەمدىن ئۆتۈشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى مۇرادىمغا يەتكۈچە ياشىغاندەك ھېس قىلىمەن.

دىلبەر، بىلەمسىز، ئەخمەت تولىمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىت. ئۇ چوقۇم سىزنى مەندەكلا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەڭگۈ سۆيەلەيدۇ ۋە سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدۇ. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن. ھايات يولىدا ھەمراھسىز قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن مەن سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. ئۇ سىزگە چوقۇم مەڭگۈلۈك سادىق ھەمراھ بولالايدۇ، سىزنى بەختلىك قىلالايدۇ. بەلكىم كېيىنچە سىزمۇ ئۇنى چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈپ قالارسىز. مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى كۆيۈنۈشىڭىزنى، ماڭا سادىق بولغاندەك سادىق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاھ، دىلبەر...! ۋەھشىي كېسەل مېنى ئۆلۈمگە قاراپ سۆرىمەكتە. رەھىمسىز ئەجەل ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سىزدىن يەنە بىر ئۆتۈنۈپ قالاي، يۇرتۇمغا قايتىپ سىز بىلەن كۆرۈشكەندە مەن سىزنى چوقۇم كۆزلىرىڭىزدە خۇشال كۈلكە چاقناپ تۇرغان ھالدا كۆرەي. كۆزۈم يۇمۇلۇش ئالدىدىمۇ مەن سىزگە ۋە ئەخمەتكە ئاستا پىچىرلاپ بەخت تىلەي. باشقىلار مېنى بىرەر مۇقەددەس ئايەتنى يادلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالسۇن!

سىزنى مەڭگۈ سۆيۈپ:

ئەركىن.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، بېيجىڭ.»

خەتنى ئوقۇپ قاتتىق چۆچۈپ، گويا قىش كۈنى ئۆندەرەپ ئۆيدىن چىقىپ، مۇزلۇق سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ كەتتىم.

مۇقاۋىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن قېلىن بىر خاتىرە دەپتەر شىرەدە تۇراتتى. ئۈستىگە قەلەممۇ قويۇپ قويۇلغانىدى. خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر بېتىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

"5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى.

بۈگۈن مېنىڭ تويۇم... تويىنىڭ بۇنداق ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام... ئەرلەرگە... ئۇنچە تەلپۈنمىگەن، قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ مۇشۇ كۈننى زارىقىپ كۈتمىگەن بولار ئىدىم. بۇ توي ئەمەس، ماتەم.

ئاھ، ئۆزى خالىمايدىغان بىر كىشىگە سۇنئىي تەبەسسۇملارنى ئاتا قىلىش، سۇنئىي ھالدا مۇھەببەت ياساپ چىقىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ ـ ھە!

شۇ تاپ كۆز ياشلىرىم خاتىرە بەتلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئارقامغا قارىمىساممۇ ئەخمەتنىڭ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي جىمجىتقىنا قاراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ھەددىدىن ئارتۇق تارتىنچاق، بىچارە كۆزلىرىنىڭ مەندىن ـــ ئوت دېڭىزىدىن سۇ تەلەپ قىلغاندەك ـــ مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇمەن. ئۇنىڭ مېنى ئەركىنىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرۈپلا مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەركىن بىلەن ئىككىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتتۇم... كېيىنچە بۇنى... بەلكىم بىز قېرىغاندا، ياق... ئاسان ھاياجانلانمايدىغان بولۇپ قالغاندا... مەنمۇ بۇ ئازابلارنى ئۇنۇتقاندا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەرمەن...

ئەخمەت ياۋاش، ساددا يىگىت ئىكەن. ئەركىننىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭغا سادىق بولۇشۇم كېرەك."

كۆزۈم ئىككى كۈن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر يېزىلغان بەتلەرگە چۈشتى:

www.uyghurkitap.com

"...ئۇنى كۆرۈپ، قۇچىقىغا قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى ئاتقانلىقىمنى سېزەلمەي قالدىم. يىللىق ۋە قاغجىرىغان، تەشنا لەۋلىرىمىز بىر ـ بىرىگە جۈپلەشكەندىلا بىردىنلا مېڭەمنى دەھشەتلىك بىر خىيال چۇلغىۋالدى. چۆچۈپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇندۇم. ئاھ، مەن... مەن ئېرى بار ئايال تۇرۇپ... ئاھ، بۇ قىلغانلىرىم قانداق شەرمەندىچىلىك؟! بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراشقا تىرىشتىم. ئۆزۈمنى قانچە ئۇنىڭدىن تارتىشقا ئۇرۇنغانسېرى لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تېخىمۇ چاپلىشىپ، مەڭگۈ ئاجرالماس بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنىم تىترەيتتى. مېنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، مەن ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان ئەخمەتنىڭ مۆڭلۈك، ساددا، بىچارە كۆزلىرىنى ئىزدەپ ئەتراپقا چەكچىيىپ قارايتتىم. ئەركىننىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولاتتىم، بىراق گويا بەدىنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك ماڭا قىلچە بويسۇنماستىن ئەركىنگە تېخىمۇ چاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەخمەتنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي مېنى قىينايتتى.

ئەركىن گويا كۆزى ئېتىكلىك ھالدا چوڭقۇر ھاڭنىڭ تۈۋىگە كىلىپ قالغان ئادەم كۆزىنى ئېچىپ بىردىنلا كەينىگە شوخشىغاندەك مېنى قويۇۋېتىپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، لەۋلىرى تىترەپ، يۈزلىرى لىپىلداپ تارتىشىپ كەتتى.

— دىلبەر... بىز... ئاھ... بۇ نېمە ئىش؟!... بۇنداق قىلساق ئەخمەتكە قانداق يۈز كېلىمىز؟!... قاراڭ، ئىشىكمۇ ئوچۇق تۇرسا... — دېدى ئۇ ئەتراپقا چۆچۈپ قاراپ.

— ئەركىن، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ تېنىملا ئەخمەتكە مەنسۇپ، بىراق بۇ ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىق بولمايدۇ. بۇ... بۇ ئىش تەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز... بۇ مېنىڭ روھىمنىڭ سىرتقى بەدىنىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى... بۇ روھنىڭ سۆيۈشى. مېنىڭ روھىمغا پەقەت سىزلا ئىگە... ھازىرمۇ مەن لەۋلىرىم ئارقىلىق سىزگە لەۋلىرىمنى ئەمەس، تەشنا

روھىنى تەقدىم قىلدىم...

گېلىمغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى...“

خاتىرىنى ئۈستەلگە قويدۇم... ئەركىنگە بولغان ئۆچمەنلىكىمنى ساقلاپ قالالمىدىم. مەن ئەركىننى ئۆلدى دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ھەقىقىي ئۆلگۈچى مەن ئىكەنمەن. مېنىڭ ئۆلۈشۈم پەقەت مۇشۇ خاتىرە دەپتەر بىلەن خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا باشلانغان ئەمەس، بەلكى مەن تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا ھالاك بولغانىكەنمەن. دىلبەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ قەلبىمگە ھەقىقىي ھايات ئاتا قىلدى دەپ ھېس قىلىپتىمەن. مەن ھەقىقىي مەنىلىك ھاياتنى ئۇنىڭ قەلبىدىن، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىزدىگەنىدىم. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمەپتىمەن. ئۇنىڭ قەلبىدە مەن ئۈچۈن مۇتلەق ئورۇن يوق ئىكەن. مانا، بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ھالاكەت ئىدى. مەن ئۇنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىپتىمەن.

مەن يۈگۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردىم ــ دە، دىلبەرنى چىڭ قۇچاقلىدىم. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا تىكىلدى. لەۋلىرىم قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك ئاۋازىم ئۈزۈلۈپ ــ ئۈزۈلۈپ چىقتى:

ــ دىلبەر!... جېنىم دىلبەر! ئەركىن ئۆلمىدى. ئۇ سېنىڭ قەلبىڭدە ياشاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ مەندىن بەختلىك. بىراق مەنچۇ؟! مەن تىرىك تۇرۇپمۇ ھېچ كىشىنىڭ قەلبىدە ياشىيالمىدىم. ئاھ، كىممۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ؟! كىممۇ مېنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان، قەلبى يالقۇنلۇق سۆيگۈ ۋە ئىنتىلىشلەر بىلەن

تولغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىدۇ؟!... مەن ساڭا شۇنچە ئاشىق، بىراق ساڭا زادى نېمە ئاتا قىلالىدىم؟! دىلبەر، ئەخمەت ئۆلدى. سەن ئۇنى ئۆلدى دەپ ھېسابلا، مەن ئەركىن بولاي، مەن سېنى ئەركىنلىكنىڭ ئورنىدا ئەركىندەك ھەقىقىي پاك مۇھەببەت بىلەن مەڭگۈ سۆيەي!

قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ئەتراپقا گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلماقتا. قاتىللىقىم خەلقى ـ ئالەمگە ئاشكارا بولۇشتىن ئاۋۋال ئەركىنىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قانغۇچە يىغلىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن... يېغىۋاتقان قارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈۋاتقاندەك كۆكسۈمدە مۇزدەك بىر سوغۇقلۇق، بىر زۇلمەت ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا.



مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

**قۇتلۇق كېچە** (تاللانغان ھېكايىلەر)
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
روزىمەھەممەت جۇمە نەشرگە تەييارلىدى
نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە تارقاتقۇچى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1992 - يىل 4 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1992 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 4.40 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

（京）新登字154号

吉祥之夜（优秀短篇小说选）
（维吾尔文）
《塔里木》杂志编辑部选编
民族出版社出版发行 各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：12 3/4
1992年4月第1版
1992年4月北京第1次印刷
印数：0001—5,000册
ISBN 7—105—01468—7/I·314
民 文（维 53） 定 价：4.40元

مۇقاۋىسىنى ليۇ جيافېڭ ئىشلىگەن
ھۆسن خەتنى ياسىن مۇھەممەت يازغان

ISBN 7—105—01468—7/I・314

民 文 （维 53） 定价：4.40元